# ئۆزبېكىستان ئىسلام ئالىمى ئابدۇۋەلى قارى دەرسلىرىدىن تاللانمىلار

2-نەشرى

بسم الله الرحمن الرحيم

مۇندەرىجە

ئەللامە ئابدۇۋەلى قارى (ئابدۇۋەلى مىرزايىۋ ) نىڭ قىسقىچە تارىخى........................................................................... 6

ئابدۇۋەلى قارى دەرسلىرى ........................................ 17

ئابدۇۋەلى قارى تەپسىرلىرى......................................... 18

ئابدۇۋەلى قارى ھەدىس شەرھىلىرى............................ 19

1. دەرس ئىخلاس ھەققىدە........................................... 21

سوئال:بەزى ئەمەللەردە بەندىگە ئېتىبار بىرىش مومكىنمۇ ياكى ئەمەسمۇ ؟ مەسىلەن : ئىمام نامازغا تۇرۇپ رۇكۇغا بارغاندا ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ كىشىلەرنىڭ بىرىنجى ياكى ئىككىنجى رەكەتكە يىتىۋېلىشى ئۈچۈن رۇكۇدا ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بەزى ئىبادەت ئۈستىدە باشقىلارغا ياردەم بىرىش ئۈچۈن ئادەملەرگە ئېتىبار بىرىش رىيا بولامدۇ

ئىخلاسقا زىتمۇ؟ دىگەن سوئال بۇلۇشى مومكىن. ........... 36

مۆمىن كىشى ئائىلىسىنىڭ قانداق بۇلۇشى بىلەن كۆزى خۇرسەن بولىدۇ ؟ ...................................................... 38

شۇنىڭ ئۇچۇن ھەم بىز **الله سبحانه** وتعالا تەرپىدىن نىمە بىلەن مۇكاپاتقا سازاۋەر بولىمىز ؟ ................................. 41

ئىمان نىمە؟.............................................................. 44

2. دەرس........................................................... 48

**الله** ئۇچۇن ياخشى كۆرۇش ۋە **الله** ئۇچۇن يامان كۆرۇش.. 48

مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىكى ھەققى نىمە؟..................... 69

3. دەرس ئىمان ھەققىدە................................................ 90

4ـ دەرس تەقۇرئان كەرىم ۋە رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ سۈننىتى ھەققىدە ئىزدىنىش........................................ 136

5ـ سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى....................... 180

6ـ دەرس راستچىللىق................................................ 231

7ـ دەرس ئىسلامى ئەخلاقلار ........................................ 268

8ـ دەرس الله يامان كۆرگەن بەندىلەر .......................... 307

9ـ دەرس الله ياخشى كۆرگەن بەندىلەر......................... 334

جاھىلىيەت يوللىرىغا قايسى كىرىدۇ؟ ........................... 337

10ـ تەۋبە قىلغۇچىلار ھەققىدە ...................................... 393

11ـ رەسۇللاھقا ئەگىشىش ھەققىدە ................................ 430

12ـ تەقۋادارلىق ھەققىدە................................................ 471

.13تەقۋانىڭ ماھىيتى ھەققىدە....................................... 531

ئىبادەت قىلىش دىگەن نىمە؟...................................... 591

شىرىك نىمە؟............................................................ 592

ئىمان نىمە؟.............................................................. 614

.17گۇناھى كەبىرلەر توغرىسىدا ..................................... 632

سۇرالغان سۇئاللارغا جاۋاپ: ....................................... 663

.18ئىلىم توغرىسىدا ....................................................... 669

19. .نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشلەر توغرىسىدا................ 723

20ـ تەۋھىد ھەققىدە................................................... 793

# ئەللامە ئابدۇۋەلى قارى (ئابدۇۋەلى مىرزايېۋ ) نىڭ قىسقىچە تارىخى



ئابدۇۋەلى مىرزايېۋ 1950-يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن 20-ئەسىردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ دادىسى ئىشچى ئانىسى ئائىلە ئايالى ئىدى .

دىن ۋە دىندارلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى
2ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ ئۆزگەرتمىگەن سوۋېت ھۆكۈمىتى
ئۇ زامانلاردا  بارلىق دىندارلارنى ئۆلتۈرۈش، سۈرگەن قىلىش ۋە
تۈرمىلەرگە قاماش بىلەن بىرگە ئەرەپ ئېلىپبەسى يېزىقىدىكى
بارلىق كىتاپلارنى چەكلەپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى پەقەت يېغىپ
ساقلىغۇچىلار ۋە ئىخلاسمەنلەرنىڭ قولىدىن ئىنتايىن تەس
تېپىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى .
ئەقلىلىق ۋە زىرەك ئۆسۈپ يېتىلگەن ئابدۇۋەلى مىرزايوۋ 7
يېشىدا مەكتەپكە كىرىپ تېزلا ساۋاد چىقىرىدۇ. تەلەپچان
خاراكتېرى ئۇنىڭ كىتاپخۇمار ۋە تىرىشچان بولۇپ يېتىلىشىگە
سەۋەپ بولىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن باشلاپ،
خوشنىسىنىڭ ئوغلى رەھمىتۇللاھ رەسۇلوۋ بىلەن بىرلىكتە
ساۋاقداش ۋە دوست بولۇشۇپ دەرستىن سىرت چاغلىرىنى
غەنىمەت بىلىپ مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى بارلىق كىتاپلارنى
بەس-بەس بىلەن ئوقۇپ تۈگىتىدۇ ۋە شەھەردىكى مەركىزى
كۇتۇپخانىنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ. بىر

كونى كىتاپ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان ئەرەپ ئىلىپبە يېزىقىدىكى بىر ۋاراق قەغەز ئۇلارنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئالتۇن مىدالغا ئېرىشكەن بۇ يىگىتلەر، ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېت كىرمەي ئەكسىچە ئەنجان شەھرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەرغۇلان شەھرىدە ئىچىلىپ ئوقۇش باشلىغان تۇنجى مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ .

ئۇستازى ھاكىمجان قارىيىدىن سەرپ، نەھۋىي، فىقھي، بالاغەت ۋە تەپسىر قاتارلىق دىنى ئىلىملەرنى بىر باشتىن ئۆگىنىپ، بىر باشتىن ئۆگىتىش ئارقىلىق تەكرارلاپ، 4ـ5 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇستازىغا ياردەملىشىپ 10 قاتار ئوقۇغۇچى يېتىشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنلا قۇرئان يادلاشقا كىرىشىپ 9 ئايدا قارىيلىقنى تاماملايدۇ. كېيىن دوستى رەھمىتۇللاھ رەسۇلۇۋ بىلەن بىرلىكتە ئەرەبىستانغا زىيارەتكە بېرىپ، مەككىدە بىر مەزگىل قالىدۇ. بۇ يەردىمۇ ھىندىستاني تەخەللۇسى بىلەن

مەشھۇر بولغان موللا مۇھەممەدتىن ئىلىم ئالىدۇ. كېيىن ۋەتەن-خەلقىنىڭ ھىدايىتىگە ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن، ئانا يۇرتى ئەنجانغا قايتىپ ئۆيەردە بىر مەدرىس ئاچىدۇ.

كوممۇنىزىم ئاسارىتىدىن جاق تويغان ۋە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ رەزىللىكىدىن زېرىككەن ياشلار ئابدۇۋەلى قارىنىڭ دەرسلىرىگە قىزىقىپ قالىدۇ ۋە توپ-توپ بولۇپ قاتنىشىشقا باشلايدۇ. قىسقا مۇددەتتە نەچچە مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەللامە ئابدۇۋەلى قاريي تەربىيلەپ چىققان بۇ ياشلار كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام گۈللىنىش ھەركىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئايلىنىدۇ .

-1987يىلى ئەنجان شەھرىدىن 35 كېلومېتىر يىراقلىقتىكى يازباياۋان چۆللىكىدە ئەللامە ئابدۇۋەلى قارىينىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە سەپدىشى بولغان رەھمىتۇللاھ رەسۇلۇۋ ك گ ب تەرىپىدىن پىلانلانغان بىر قاتناش ۋەقەسىدە قەستكە ئۇچراپ، بۇ يېڭى دەۋىر ئىسلام ئويغۇنۇش ھەركىتىنىڭ تۇنجى قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. قىرىندىشىنىڭ قايغۇسى ۋە ئىستىخبارات

ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلمىغان ئابدۇۋەلى قارىي ئۆز يولىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە ئىسلامىي دەۋەت يولىدا قىز-ئاياللارنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئايالى شەرىفە مىرزايېۋنىڭ مەسئۇللىقىدا مەخسۇس خانىم-قىزلار مەدرىسىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ( بۇ رەھمەتلىك ئايال ئۇستاز 2007-يىلى رامىزان ئېيىدا ئۆمرە قىلماق ئۈچۈن ئوغلى ۋە نەۋرىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدىن مەككىگە بارغۇچە قاتناش ھادىسىسىدە ۋاپات بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن. ئامىن.)

ئەللامە ئابدۇۋەلى قارىنىڭ شەخسىي ئىگىلىكى بىلەن بارلىق چىقىملىرى قامدىلىپ كېلىۋاتقان خانىم-قىزلار مەدرىسىسى ناھايىتى تېزلا دىققەت قوزغايدۇ. چۈنكى 60-70 يىلدىن بېرى كوممۇنىزىم ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر دىيارغا نىسبەتەن قىز-ئاياللارنىڭ ياغلىق ئارتىشى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان يېڭىلىق ئىدى .

داۋاملىق كېڭىيىپ، تەسىر دائىرىسىنىڭ چەكلىنىش باسقۇچىغا

بېرىپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان سوۋېت ھۆكۈمىتى 1983-يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىيەتلىك ئىدارىسى بولغان ك گ ب بىلەن ئەندىجان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بىرلىشىپ، ئەللامە ئابدۇۋەلى قارىي بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇ جەرياندا 8 كۈن تۈتۈپ تۇرۇپ تەكشۈرلىدۇ. داڭلىق جاسۇسلۇق ۋە ئىدئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئىزتىمائى ۋە سىياسى قىلتاقلىرى بىلەن پەردىلەنگەن سۇئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەققانى يولىنىڭ يوللۇقلىغىنى جاكارلايدۇ. بارلىق سوراقچىلارنى بىردەك مات قىلغاندىن كېيىن، خەلىق ئاممىسىنىڭ غەزىپىگە قىلىشتىن ئەنسىرىگەن نوپۇزلۇق بىرسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئۆي ۋە مەدرىس ئورۇنلىرىنىڭ داۋاملىق نازارەت قىلىنىشى توختاپ قالمايدۇ. ئەللامە ئابدۇۋەلى قارىيمۇ قەتئى بوشاشماستىن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ھەتتا ئۆمرىنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىنى ئۆزى ئىشەنگەن ئېتىقادىنىڭ دەۋەت يولىغا سەرىپ قىلماققا بەل باغلايدۇ. ئەتراپىتىكى بارلىق قېرىنداشلىرى بىلەن

ئىتتىپاقلىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلامى گۈللىنىشىنىڭ يېڭى پەللىسىنى ياراتماق ئۈچۈن تىرىشىدۇ .

ئىسلامنىڭ دۇنياۋى ئويغۇنۇش دەۋرىگە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن سوۋېت كوممۇنىست ھاكىمىيىتى كۆپلىگەن خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى ئۇتماق ئۈچۈن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ بارلىق خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئەركىنلىكىگە ئالاقىدار بىر يۈرۈش بەلگۈلىمىلەرنى چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئىمكان ۋە شەرت ـ شارائىتلارنىڭ ئاكتىپ پايدىلانغۇچىلىرى ۋە ئاۋاز قوشقۇچىلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە ئابدۇۋەلى قارىي بىر كىشىلىك رولنى جارىي قىلدۇرۇپ، 1885 ـ يىللىرى ياسالغان ئەنجاندىكى (تەخمىنەن 4مىڭ كۇۋادىرات مېتىر چوڭلۇقتىكى) سوۋېت ھۆكۈمىتى دەۋرىدىن باشلاپ ئىسكىلات قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلىم بۇلاقلىرىنىڭ بىرى ھىساپلىنىدىغان بۆيۈك جامىي مەدرىسە مەسجىدىنىڭ قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش قۇرۇلۇشىغا خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىدۇ

جامىي ئېچىلىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا ئابدۇۋەلى قارىي خەلق تەرىپىدىن تاللىنىپ بۇ مەسجىدنىڭ ئىمام خاتىپلىقىغا سايلىنىدۇ .

كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ دىنسىز تۈزۈملىرىدىن زېرىككەن ئىنسانلار بۇ قىتىمقى بىرلەشمە ھەركەتتىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ جانلىنىشقا باشلىغان جامىي مەدرىسە مەسجىدىدە بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ ۋە ئابدۇۋەلى قارىينىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن ھىدايەتلىنىپ، ئىسلامىي چۈشەنچىلىرىنى تولۇقلايدۇ. ئەقلى ۋە قەلبى ساغلام بولغان سانساناقسىز كىشىلەر ئىسلامنى چۈشۈنىشكە ۋە ئىمانغا ئىنتىلىشكە باشلايدۇ-دە، تۈيۈقسىز ئۆزگۈرۈش پەيدا قىلغۇاتقان يۇرت خەۋىرى يىراقلارغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ .

ئەللامە ئابدۇۋەلى قارىي تەۋسىيەسى بىلەن مەسجىد ھويلىسىدا ئېچىلغان ئاممىۋى دەۋەت دەرسلىكىگە ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستانغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەردىنمۇ، روسىيە پېدراتسىيۇنىغا تەۋە يىراق كاپكاز

قىشلاقلىرىدىنمۇ ۋە ھەتتا تاتارىستان تۇپراقلىرىدىن تارتىپ ئۇكرائىنىيەگىچە بولغان رايونلاردىن ئىخلاسمەن كېلىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە كەلگەن ئامما ئىچىدىن 200 ئارتۇق ياشلارغا پەن بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈپ مەخسۇس دەرس بېرىدۇ. ئابدۇۋەلى قارىينىڭ دەرسگە قاتناشقانلارنىڭ سانى 2000دىن 10000غا قەدەر بولۇپ ئۇلارنىڭ 70% ياشلاردىن تەركىپلەنگەن ئىدى . يۇرت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۇنياغا كەلگەن ئىسلام ھەركەتلىرىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان مەشھۇر ئالىم ـ ئۆلىما ۋە دەۋەتچىلەرگە مەكتۇپ يوللاپ، دۇنياۋى قىرىنداشلىق تورى شەكىللەندۈرۈشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى ئاكتىپلىق بىلەن باسقان ئابدۇۋەلى قارىي، ئەبۇل ھەسەن نەدەۋى، مۇھەممەد قۇتۇپ، ئابدۇلئەزىز بىنباز، مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن، ئەبۇ بەكىر جەۋائىرى، ئابدۇلمەجىد زىندانىي مۇھەيسىنىي، سەئىد قەھتانىي قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۆلىمالار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار خىزمەتلىرىنى ئاڭلىغان سەئۇدى پادىشاھى فاھد ئالىمغا چوڭ بىر كۇتۇپخانا ھەدىيە قىلىدۇ .

خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان ئەللامە ئابدۇۋەلى قارىي تاجىكىستاندا سۈركىلىش پەيدا قىلىشۋاتقان ۋە ھەر قاچان يۈز بېرىش ئېھتىمالى چوڭ بولىشۋاتقان سۈننىي ۋە شىيئەلەر ئارىسىدىكى مەزھەپ توقۇنۇشىنىڭ چوڭقۇرىيۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تاجىكىستان مۇخالىپەتچىلىرىگە مەكتۇپ يوللايدۇ. ئالىمنىڭ بۇ خىل ھەركەتلىرىدىن راھەتسىزلىنىشۋاتقان ۋە بۇ خىل توقۇنۇشلاردىن پايدا ئېلىش ئۈمۈدىدە بولىشۋاتقان ھۆكۈمەت ئابدۇۋەلىي قارىيغا ۋە جامىي ئەھلىگە قارشى تۈرلۈك ئىسكەنجىلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى باستۇرۇشقا باشلايدۇ. 1992 ـ يىلى بۇ خىل بېسىم ۋە تەھدىدلەر بارغانسىرى يۇقۇرى پەللىگە چىقىدۇ .

ئالاھىدە ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان پىلانلىق تازىلاش ھەركەتلىرىدە جامىينىڭ ياڭراتقۇ ۋە مىكرافۇنلىرى مۇسادىرە قىلىنىپلا قالماي، بارلىق ھوجۇرىلىرى پېچەتلەندى. بۇ خىل تەھدىت ۋە نازارەتلەرنىڭ تەكرارلىنىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان روھى بېسىم مەسجىد جامائىتىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان

بولسىمۇ، بۇرۇنقىدەك ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدىغان باسقۇچقا كىرىپ قالىدۇ. ھالبۇكى ئابدۇۋەلىي قارىنىڭ باشلىغان ئىلمىي ۋە دىنىي مائارىپىنىڭ تەرەققىتىنى تىزگىنلەش تېخى ئاياغلاشمىغان ئىدى .

ئەللامە ئابدۇۋەلى قارىينى ج خ ئىدارىسىگە كەلتۈرۈلۈپ سوراق قىلىشنىڭ ئەكسى تەسىرىنى ھېس قىلغان سوۋىت ھۆكۈمىتى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى يەنى ك گ ب نىڭ چاپارمەنلىرى جامىيغا كېلىپ يوشۇرۇن سۆھبەت ئېلىپ باردۇ. سۆھبەتتە رەسمىي ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىتلەرگە دۇچ كەلگەن ئابدۇۋەلى قارىي ئەقىدە-ئېتىقاد يولىدىكى مەيدانىنى قەتئىي ئۆزگەرتمەسلىك قارارىنى جاكارلايدۇ.

-1995يىلى 29-ئاۋغۇست مۇسكۇۋادا ئۆتكۈزىلىدىغان خەلىقئارالىق بىر يىغىنغا قاتنىشىش مەخسىدىدە يولغا چىققان ئابدۇۋەلى قارىي تاشكەنت ئايرىپورتىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەخپىي تۇتۇلىدۇ ۋە شۇكۈندىن ئېتىبارەن ھېچبىر يەردە ئىزدىرىكى بولمىدى. ئۇنىڭ ئازراقلا خەۋىرىنى بىلگەن ۋە

ئاڭلىغانلار سۈرۈشتە قىلغانلار تاھازىرغىچە يوشۇرۇن قەستكە ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ. ياۋلار ئۇنى تۇتۇۋالغان بىلەن ئۇنىڭ دەرسلىرىدىن قالدۇرۇلغان ئۈن-سىن لىنتىلىرى ھەرخىل يوللار بىلەن خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالماقتا. ئۇ گەرچە غەربىي يۇرتلاردا ياشىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى شەرىق يۇرتلىرىدىن تارتىپ دۇنيانىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى تۈرك قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ياڭرىتىلماقتا. ئۇنىڭ ئاۋازى غەربىي يۇرتلاردا چەكلىمىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ باشقا يەرلەردە قولدىن-قولغا ئۆتۈپ قارشى ئېلىنماقتا .

ئاللاھ ئۇستاز ئابدۇۋەلى قارىيدەك ئالىملىرىمىزنى بىز مۇسۇلمان بەندىلىرىدىن ئايرىمىسۇن. ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلى-بەيتىگە سانسىز ئەجىر ۋە نېئمەتلەر ئاتا قىلسۇن. ئۇستازنىڭ روھى جەننەتلەردە يايرىسۇن. ئامىن!!!!!!

ئابدۇۋەلى قارى دەرسلىرى

بۇ دەرسلەر داڭلىق ئۆزبېك ئۆلىما ئابدۇۋەلى مىرزائېۋ (Abduwali Mirzaev)تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىدا بېرىلگەن. ئەمما ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن ھەم چۈشىنىشلىك. كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق.

ئابدۇۋەلى قارى دەرسلىرىنى چۈشۈرۋالماقچى بولسىڭىز بۇ يەردىن چۈشۈرۈڭ:

http://www.yulghun.com/islam/ders.html

ئابدۇۋەلى قارى تەپسىرلىرى

بۇ تەفسىرلەر داڭلىق ئۆزبېك ئۆلىما ئابدۇۋەلى مىرزائېۋ (Abduwali Mirzaev)ئەپەندى تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىدا قىلىنغان. ئەمما ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن ھەم چۈشىنىشلىك.

كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق. ئاللاھ بۇ كىشىگە

رەھمەت قىلسۇن

ئابدۇۋەلى قارىنىڭ قۇرئان كەرىم تەپسىرلىرىنى

چۈشۈرىۋالماقچى بولسىڭىز بۇ يەردىن چۈشۈرۈڭ:

http://www.yulghun.com/islam/tafsir.html

ئابدۇۋەلى قارى ھەدىس شەرھىلىرى

بۇ ھەدىس شەرھىلىرى ئۆزبېك ئۆلىما ئابدۇۋەلى مىرزائېۋ (Abduwali Mirzaev)تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىدا بېرىلگەن. ئەمما ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن ھەم چۈشىنىشلىك. كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق. ئاللاھ بۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن.

ئابدۇۋەلى قارىنىڭ ھەدىس شەرھىلىرىنى چۈشۈرىۋالماقچى بولسىڭىز بۇ يەردىن چۈشۈرۈڭ:

http://www.yulghun.com/islam/hadith.html

قىنى ئەمىسە قىرىنداشىم سىزنىڭ ئىسلامنى چۈشۈنۈش يولىڭىز قولاي بولدى، ھەممە گەپ سىزدە قالدى، سىز تىرىشسىڭىزلا اللەنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسىگە ئايلىنالايسىز.. مۇسۇلمان بولماقچى بولسىڭىز ئىسلامنى چۈشۈنۈپ، ئەمەل قىلىپ ھەقىقى مۇسۇلمان بولۇڭ، مۇناپىق بولۇپ قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭ..

الله بۇ دەرىسنى سۆزلىگەن، لىنتىغا ئېلىپ تارقاتقان، يېزىقچىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا جاپا چەككەن ۋە كىتاپچە قىلىپ تارقاتقان بارلىق مۇسۇلمان قىرىنداشلارغا.. قىيامەتكىچە ساۋابىنى ھەسسىلەپ بەرسۇن. الله بارلىق مۇسۇلمانلارنى ھەقتىن ئازدۇرمىسۇن..امىين

## 1 .دەرس ئىخلاس ھەققىدە

دەرسىمىزنىڭ بىرىنجى مەۋزۇسىنى ئىخلاس مەۋزۇسى قىلىپ تاللىماقچىمەن ،چۈنكى ھەربىر ئەمەل ئاشكارىسىدە قانداق كاتتا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر كۆرۈنىشىدە قانچىلىك تىرىشچانلىق بولۇشىغا قارىماستىن ئۇنىڭ تېگىدە (ئۇ ئەمەلدە)ئىخلاس بولمىسا بۇئەمەل بىكار ئەمەلدۇر .ئەمما كۆرۈنىشى كىچىك ئەمەل بولۇشىغا قارىماستىن ئۇنىڭ تېگىدە (ئۇئەمەلدە) ئىخلاس بولسا بۇئەمەل **الله سبحانه** وتعالانىڭ ھوزورىدىكى مەقبۇل (قوبۇل بولىدىغان)ئەمەلدۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بىز ياخشى چۈشەنمەكلىكىمىز كېرەككى ئىسلام دىنىدىكى موھىم ئاساسلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھەربىر قىلىۋاتقان ئەمەللەردە(ئىبادەتلەردە) **الله** قا ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىش شەرتتۇر.ئىخلاسقا زىت بولغان نەرسىلەردىن پۈتۈنلەي ئىھتىيات قىلىش شەرتتۇر.شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بەزى ئالىملار:

وددت أنه لو كان من الفقهاء من ليس له شغل إلا أن يعلم الناس مقاصدهم في أعمالهم، ويقعد في تدريس أعمال النيات ليس إلا؛ فإنه ما أتي على كثير من الناس إلا من تضييع ذلك

(مەن دىنغا ئالىم بولغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئادەملەرگە قىلۋاتقان ئەمەللىرىدە نىيىتى مەقسەت قىلىدىغانىنى ئۆگىتىدىغان ئالىملار بولۇشىنى خالايتىم، ۋە نىيەت ئەمەللىرى ھەققىدە كىشىلەرگە دەرس بېرىدىغان مەخسۇس كىشىلەر بولۇشىنى خالايتىم .چۈنكى ئادەملەرگە كەلگەن ھەممە مۇسىبەت شۇئىخلاس سۈپىتىنى يوقاتقانلىقتىن پەيدا بولغان)

دىگەن ئىكەن. قەلب ئەمىلى : ئىخلاس قەلب ئەمىلى ئىنسان ئۇنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. لېكىن بۇ **الله سبحانه** وتعالا بىلەن بەندە ئوتتۇرسىدىكى سىردۇر. ئەمەلنىڭ ئاشكارىسىنى بىز كۆرىشىمىز مومكىن .ئەمما بىز ئىخلاسنى كۆرەلمەيمىز. قەلب

ئەمەلنىڭ موھىملىقى شۇدەرىجىدەكى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئىماننى تەرىپلەپ ئېيتقانكى:

إقرار باللسان واعتقاد بالجنان وعمل بالأركان

ئىمان دىگەن نىمە؟ ئىمان تىل بىلەن ئىقرار قىلىش بۇ ئاشكارا بولىدۇ قەلب بىلەن ئېتقات قىلىش بۇ كۆرۈنمەيدۇ. شەرىئەت ئەركانلىرىگە ئەمەل قىلىش ، بۇھەم كۆرۈنىدۇ. قەلب بىلەن ئېتقات قىلىش مانا بۇ ئىخلاسدۇر . قەلبدە ئىخلاس تېپىلسا مۆمىن بولىدۇ. قەلبدە ئىخلاس تېپىلمىسا مۇناپىق بولىدۇ. شۇقەلبتىكى ئىخلاس تېپىلماسلىقى بىلەن دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولىدۇ. تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ شەرىئەت ئەركانلىرىغا ئەمەل قىلسا قەلبدە ئىخلاس تېپىلمىسا مۇناپىق ھالەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدە ياشاپ مۇسۇلمانلار قاتارىدا يۈرىۋېرىدۇ. شۇقەلبتىكى ئىخلاس تېپىلماسلىقى بىلەن مۇناپىق بولىدۇ، تېپىلىشى بىلەن مۆمىنى كامىلغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز

ئىخلاس سۈپىتىگە ھەربىر ئۇرۇندا ئېتبار بىرىشىمىز كېرەك. **الله** **سبحانه** وتعالا بىزلەرگە دىنىنى پەقەت **الله** **سبحانه** وتعالا نىڭ ئۆزىگەخالىس قىلىشقا بۇيرىدى.

﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى **الله** قا خالىس قىلغان ھەق دىنغا ئېتقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) **الله** قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾.

دىنىنىڭ مەناسى ئىبادەتنى پەقەت **الله** **سبحانه** وتعالا نىڭ ئۆزىگە خالىس قىلىشدۇر. دىنىنىڭ مەناسى بۇنىڭدىن باشقا ئەمەس. بىز ئىخلاسنى يەنىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن مەسىلەن: دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئەمەللەرنىڭ بىرى شەرئەت ئىلمىنى تەلەپ قىلىشتۇر. شۇنىڭ قارشىسىدا پەس ئەمەللەردىن بىرى ئەمەلنىڭ بىكار بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسە ئىت بېقىش، كىم ئىت باقسا ئەمىلى بىكار بولىدۇ دېگەن سۆزلەربار (ھەۋەس يەنى مەناسىز ئىتنى باقسا) ئوۋ ئوۋلاش، ھويلىنى قارتىش، يادا باقتۇرۇش ئۈچۈن ئىت باققۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا. ئىت تەككەن قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇپ سەككىزىنچىسىدە تۇپراق بىلەن يۇيۇش كېرەك. شۇندىلا قاچا پاك بولىدۇ.

شەرىئەت ئىلمىنى ئۆگىنىش ئەڭ كاتتا مۇكاپات ئالىدىغان ئەمەلدۇر، ئەگەر شۇشەرىئەت ئىلمىنى ئۆگىنىشتە ئىنساندا ئىخلاس تېپىلمىسا شۇنىڭ بىلەن **الله سبحانه** وتعالا نىڭ رازىلىقى تەلەپ قىلىنمىسا ئەڭ كاتتا ئازابقا سازاۋەر بولىدۇ. ئىتنى ئۇسسۇز ھالەتتە تېپىپ ئۇنى ئىخلاس بىلەن ھالاك بولۇشىدىن ساقلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولسا **الله** سۇبھانەھۇ ۋە تەئەلا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ. بىز ئىخلاسنىڭ قانچىلىك موھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىس مۇبارەكلىرىنى كەلتۈرمەكچىمەن. ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان:

مَنْ تَعَلَمَ عِلْمًا مِمّا يُبْتَغَى بِهِ وَجْهُ الله عَزَ وَجَلّ لاَ يَتَعَلَمُهُ إِلاّ لِيُصِيبَ بِهِ عَرَضًا مِنَ الدُنْيَا لَمْ يَجِدْ عَرْفَ الْجَنّةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ». يَعْنِى رِيحَهَا

«كىمكى **الله** سۇبھانەھۇۋەتەئەلانىڭ رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلمىنى دۇنيانى مەخسەت قىلىپ (يەنى بەزى

دۇنيا ئىلىملەرى باركى بۇنىڭ بىلەن دۇنيالىق كەسپىنى توغرىلىۋالىمەن دىگەن ئەمەس ) ئۆگەنسە مەخسىدى پەقەت ئاخىرەت ئىلمىنى دۇنيا تېپىش ئۈچۈن بولىدىغان بولسا جەننەتنىڭ بويىنى تاپالمايدۇ»

جەننەتنىڭ ھىدى 500يىللىق مۇساپىدىن كېلىپ تۇرىدۇ.

مىنھەجۇسسۇننەدە مانا بۇ ھەدىس شەرىفنى كەلتۈرگەنلەركى ھەممىمىزگە مەلۇم :

فهذه سقت الكلب بإيمان خالص كان في قلبها فغفر لها وإلا فليس كل ما بغى سقت كلبا يغفر لها

شەرئەتتە زىنا قاتتىق گۇناھ بۇگۇناھ مەلۇم بولسا تۆت كىشى گۇۋاھلىق بەرسە تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. مانا مۇشۇنداق گۇناھنى ئۆتكۈزگەن ئايال ناھايىتى ئۇسسۇز ئىتنى كۆرۈپ ئايىقىدا سۇئېلىپ ئىتنى سۇغارغان. شۇ ئىتنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى

قاندۇرۇش بىلەن (لېكىن شۇ خالىس ئىمان بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈن) گۇناھى كەچۈرۈلگەن. ئەگەر خالىس ئىمان قەلبدە بولمىسا ئىتنى سۇغارغان ھەربىر كىشى بەلكى ئىنساننى سۇغارغان ھەربىر ئىنساننىڭ گۇناھى كەچۈرۈلمەيدۇ. بىز ئىخلاسنىڭ ئەمەللەردىن قانچىلىك موھىملىقىنى بىلدۈرمەكچىمىز.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ سوئال ـ سوراق قىلىنىدىغان كىشى، شەھىت بولغان كىشىدۇر. ئۇ الله نىڭ دەرگاھىغا كەلتۈرلۈپ، الله ئۇنىڭغا دۇنيادا بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇمۇ ئەسلەيدۇ الله **سبحانه** وتعالا:

«ئۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نىملەرنى قىلدىڭ؟» دەيدۇ.

ئۇ كىشى: سېنىڭ يولۇڭدا كۆرەش قىلىپ شەھىت بولدۇم ـ

دەيدۇ.

الله **سبحانه** وتعالا ئۇكىشىگە «سەن يالغان ئېيتتىڭ، سەن باتۇر ئاتىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلدىڭ ۋە ئاتالدىڭ»دەيدۇ. ئاندىن ئۇ الله نىڭ بۇيرۇقى بۇيىچە يۈزى بىلەن دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، قۇرئان ئوقۇغان كىشىنى كەلتۈرۈلىدۇ. الله ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ، الله **سبحانه** وتعالا «بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟»دەيدۇ ئۇ ‹ئىلىم ئۆگەندىم ۋەئۆگەتتىم ،سىنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم›دەيدۇ.

الله **سبحانه** وتعالا «يالغان ئېيتتىڭ سەن بولساڭ باشقىلار مېنى ئالىم دىسۇن دەپ ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارى دىسۇن دەپ ئوقۇدۇڭ، شۇنداق دېيىلدىڭ»دەيدۇ ئاندىن ئۇ الله نىڭ بۇيرۇقى بۇيىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئاندىن الله تۇرلۇك مال مۇلۇكلەرنى بېرىپ دۆلەتمەن قىلغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ، الله ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى ئەسلىتىدۇ ئۇمۇ ئېتراپ قىلىدۇ.

الله « بۇنېمەتلەرگە شۇكۇر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟» دەيدۇ.

ئۇ كىشى<مەن سىنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن سەن پۇل سەرىپ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىكى يوللارنىڭ ھەممىسگە پۇل- مال سەرىپ قىلدىم>دەيدۇ.

[بۇرادەرلەر بىدئەتكە سەرىپ قىلغان ئەمەس،كۇفۇرغا سەرىپ قىلغان ئەمەس، شىرىككە سەرىپ قىلغان ئەمەس، پەقەت الله بۇيرىغان جايلارغا سەرىپ قىلغان. ئەمما شۇنى سىخى دىيىلىشى ئۈچۈن سەرىپ قىلغان بىز الله يولىدا سەرىپ قىلالمايۋاتىمىز]

الله «يالغان ئېيتتىڭ. سەن بولساڭ كىشىلەر مىنى سىخىكەن دىسۇن دەپ پۇل-مال سەرىپ قىلدىڭ شۇنداق

دېيىلدى» دەيدۇ.

ئاندىن ئۇ **الله** نىڭ بۇيرۇقى بۇيىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مانا بۇ ھەدىستىن ئۆزىمىزگە خۇلاس چىقىرىپ ئالىمىزكى ئىخلاس بولمىغان ئەمەل ھەر قانچە كۆرۈنۈشى كاتتا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ قۇرۇق (ساۋابى يوق) ئەمەلدۇر. دېمەك ھەر بىرمۇئمىن كىشى ئۆزىنىڭ قىلۋاتقان ئەمىلىنىڭ كۆرىنىشىگە ئېتبار بەرگەندىن كۆرە توغرا كۆرىنىشىگە ئېتبار بېرىمىز . نېمە توغرىسىدا؟ كىتابى سۈننەتكە مۇۋاپىق بولوشىدا. شۇئىشنى **الله** بۇيرىغانمۇ يوق. بۇنىڭغا ئېتبار بېرىشىمىز شەرتتۇر. لېكىن خۇددى شۇنىڭغا ئېتبار بەرگەندىن كۆرە كۆپراق ئىخلاس يەنى **الله** نىڭ رىزاسىنىڭ ئۆزىنى مەقسەت قىلىشقا ئېتبار بېرىشىمىز كېرەك.

بەزى ئۆلىمالار ئىخلاس نېمە؟ دىگەن سوئالغا تەئرىف (چۈشەندۈرگەن) بەرگەنكى.

إفراد الحق سبحانه بالقصد في الطاعة

الله قا ئىتائەت قىلغاندا (بويسۇنغاندا) پەقەت الله نىڭ ئۆزىنى مەقسەت قىلىش) دېگەن.

بەزى ئۆلىمالار:

**تصفية القلب عن ملاحظة المخلوقين**

( ئىخلاس قەلبنى مەخلۇقلارنىڭ مۇلاھىزىسىدىن تازلاش) دېگەن ئىكەن.

پالانچى نىمە دەيدۇ، دېگەن نەرسىلەردىن پۈتۈنلەي قەلبنى پاكلاپ ئونىڭغا ئۇرۇن بەرمەسلىك كېرەك . بەزىلەر ئىخلاسمەن كىشى كىم ؟ دېگەن سوئالغا : ( باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە

نىسبەتەن ھۆرمەت تامامەن چىقىپ كەتكەن بولسا ھەم ئېتبارغا ئالمايدۇ. مانا بۇ  ھەقىقى مۇخلىس ئادەم) دىگەن ئىكەنلەر.

نېمىگە؟ ئۆزى بىلەن **الله**  نىڭ ئوتتۇرسىنى تۈزىتىشكە شۇقەدەر ئاۋارە بولغانكى قەلبىنى پۈتۈنلەي **الله**  بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرسىنى تۈزىتىشكە ئېتبار بەرگەن. ئادەملەرنىڭ ئۆز ئەملىدىن كىچىككىنە بولغىنىنى ھەم كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. مانا بۇ ئىخلاسدۇر. بىز ئىخلاسنى بىلىشىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەكسى بولغان بەزى ئەمەللەرنى بىلسەك تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

بىرىنجى ئىخلاسقا زىت بولغان نەرسە رىيادۇر. رىيا ئادەملەرنىڭ كۆرىشى مەقسىتىدە، ئادەملەر ماختىسۇن دەپ قىلغان ئىبادىتىنى كۆرستىشدۇر.

تەئزىيم (ھۆرمەتلىنىش) ماختىنىش، مايىل قىلىش ، چوڭ كۆرىنىش مانا مۇشۇلارنى مەقسەت قىلىدۇ. مانا بۇ رىيادۇر.

شۇنىڭدىن ساقلىنىش ئىخلاسدۇر. ئىخلاسنىڭ يەنەبىر ئەكسى سۇمئە ئادەملەر ئاڭلىسۇن دەپ قىلىش. مانابۇ سۇمئەدۇر .بۇنىڭ لوغىتى ئۆزبېك تىلىدا ئىستىمال قىلىنمايدۇ.

ئەبۇھامىدىل غەززالى رەھىمەھۇللاھدىن ھىكايە قىلىنىدۇكى: ماڭا شۇ خەۋەريەتتىكى كىمكى الله ئۈچۈن 40كۈن ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ ئەمەل (ئىبادەت) قىلسا ئۇنىڭ قەلبىدىن تىلىغا ھېكمەت ئېقىپ چىقىدۇ، گەپ قىلغان سۆزلىرى ھېكمەت بۇلۇپ قالىدۇ دىگەن سۆز يەتتى، مەن40كۈن قاتتىق ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىپ يۈردۈم لېكىن بۇنەرسە ماڭا ھاسىل بولمىدى. ئاندىن بۇئىشنى بەزى دىننى ئالىملارغا ئېيتتىمكى« مەن مۇشۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىغانىدىم 40كۈن شۇ نەرسىگە تىرىشتىم ئەمما ھېكمەت قەلبىمدىن تىلىمگە چىقمىدى» دىگەندە ئېيتقانىكەنلەركى «سەن ھېكمەتنىڭ چىقىشى ئۈچۈن ھەركەت قىلدىڭ، الله ئۈچۈن ھەركەت قىلمىدىڭ» دىگەنىكەن. شۇنچىلىك ئىخلاس بولۇشى كېرەك. بەزى كىشىلەردىن

ئىخلاسنى ھاسىل قىلىش توغرىسىدا سورالغاندا مۇنداق دېگەنىكەن ( بىرىنجى كۆرۈنمەيدىغان ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش، كۆپ قىلىش بىلەن بىرگە ناھايىتى مەخپى قىلىش مەسىلەن: كېچىدە (كىشىلەر ئۇخلاپ ياتقانلىرىدا ) ئىبادەت بىلەن بىدار بۇلۇش كىم پالانچى كىچىلىك ئىبادەتتە بىدار دىسە ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىپ بىدار بولماسلىق . كېچىدە بىدار بۇلۇپ ئىبادەت قىلغانلىقىڭىزنى بىلدۈرمەسلىككە ھەركەت قىلىش ۋە مەخپى سەدىقىلەر بېرىش ھىچكىم بىلمەيدىغان مەخپى سەدىقىلەرنى قىلىش يالغۇز ۋاقىتلەردە الله دىن قورقۇپ يىغلاشتۇر. مانا بۇنەرسە بىلەن كىشىدە ئىخلاس پەيدا بولىدۇ.

ئۆمەرفارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقان ئىكەنكى «كىشىنىڭ نىيتى ھەقتە خالىس بولسا ئۆزىنىڭ زىيىنغا بولسا ھەم ھەقتە خالىس بولۇپ ئىش قىلسا الله **سبحانه** وتعالا ئۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرسىغا كۇپايە قىلىدۇ. بۇئادەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرسىدىكى كىلىشەلمىگەن ئىشلارنى ئۆزى ئوڭلاپ قويىدۇ) .

ئادەملەر بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشقا ھەركەت قىلماق بۇرادەر. بۇقىيىن نەرسە ئادەملەرگە ئەگەر 100يىل ئۆمۈر بېرىلسە، بىركۈن كەم 100يىل خوشال قىلىپ ئاخىرقى بىركۈنىدە كۆڭلىنى ئاالمىسىڭىز شۇ كۈنى سىزدىن خاپابولىدۇ. ئەگەر ئادەملەر بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئوتتۇرسىنى تۈزەتمەكچى بولسىڭىز **الله سبحانه** وتعالا غا نىيتىڭىزنى خالىس قىلىشىڭىز كېرەك. ئۆزىڭىزنىڭ زىينىڭىزغا بولسا ھەم **الله سبحانه** وتعالا سىز بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرسىدا كۆپايە قىلىدۇ.ئەمما ئۆزىڭىزدە يوق سۈپەت بىلەن ئادەملەرگە كۆرۈنسىڭىز ئۆزىڭىزنى كېچە بىدار بولىدىغان كىشىگە ئوخشىتىپ ئۆزىڭىزنى رىياكارلىق بىلەن كۆرسەتسىڭىز **الله سبحانه** وتعالا سىزنى ئەيىبلەيدۇ

سوئال:بەزى ئەمەللەردە بەندىگە ئېتىبار بىرىش مومكىنمۇ ياكى ئەمەسمۇ ؟ مەسىلەن : ئىمام نامازغا تۇرۇپ رۇكۇغا بارغاندا ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ كىشىلەرنىڭ بىرىنجى ياكى ئىككىنجى رەكەتكە يىتىۋېلىشى ئۈچۈن رۇكۇدا ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بەزى ئىبادەت ئۈستىدە باشقىلارغا ياردەم بىرىش ئۈچۈن ئادەملەرگە ئېتىبار بىرىش رىيا بولامدۇ ئىخلاسقا زىتمۇ؟ دىگەن سوئال بۇلۇشى مومكىن.

مەسىلەن بەزى ئەمەللەرىمىز باركى بۇ ئەمەللىرىمىزدە باشقا بۇرادەرلەر ھەم ئىبادەتتە ياخشى بۇلۇشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ شۇنىڭغا ئېتىبار بىرىشكە مۇھتاج بولىمىز بۇ رىيامۇ؟ ئىخلاسگە زىتمۇ يوق ؟

ج:ـ بىز ئېيتىمىزكى ياق دەيمىز. بۇنىڭغا دەلىل ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

«مەن نامازغا تۇرغاندا نامازنى ئۇزارتىشنى ئويلايمەن. لېكىن كىيىن كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىمەن (مەۋزۇ سىرتىغا چىقساق مانابۇ ھەدىس ئايالارنىڭ بەش ۋاق نامازغا كىلىپ تۇرغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. ئۇ بالا نامازدا ئەمەس ئەگەر ئىسلامى ھالەت بولىدىغان بولسا نامازغا كېلىدىغان ئايالارنىڭ شۇ گۆدەك باللىرىنىڭ تۇرىدىغان جايى بولىدۇ) نامازنى ئۇزۇن ئۇقماقچى بولغان نىيتىمنى بۇزىمەندە ئانىسىنىڭ جاپاسىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن نامازنى يەڭگىل ئۇقۇيمەن» دىگەن.

يەنە بىر ھەدىس ئەمرلىككە ھەرىس بولماڭلار قىيامەت كۈن نادامەت بولىدۇ . لېكىن قۇرئان كەرىمدە:

«ئۇلار <ئى پەرۋەردىگارىمىز ! بىزگە ئايالىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلار نىڭ نەمۇنىسى

،ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن> دەيدۇ.

مۆمىن كىشى ئائىلىسىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كۆزى خۇرسەن بولىدۇ ؟

ج: **الله** نىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن خۇرسەن بولىدۇ. **الله** ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى ماختاپ تەقۋادارلارغا پېشۋا بولۇشنى **الله سبحانه** وتعالا دىن سورايدۇ دەپ ماختىدى. پاسىقلارغا پېشۋا بولسىڭىز قىيامەتتە سىز ئۇلارنىڭ پېشۋاسى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن جاۋاپ بېرىسىز ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقدىن توسمىسىڭىز.

ئەگەر ئەتراپىڭىزغا توپلاشقان كىشىلەر مۇتتەقى بولىدىغان بولسا قىيامەت كۈنى ھەممە سىزگە دۈشمەن بولغاندا ھەتتا ئاتا ـ ئانىلار ھەم سىزگە ساۋاب بېرەلمىگەن ۋاقىتتا سىزگە دوست بولىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە «بۇكۈندە دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت(خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلار(ئۇنداق ئەمەستۇر).»

شۇڭا مۇتتەقىلەرگە پېشۋا بولۇشنى سوراش ئىخلاسقا زىت ئەمەس. مانا بۇ ھەدىس شەرىپلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئۆزىمىزگە خۇلاسە چىقىرىۋالىمىزكى ھىچقاچان ئەمەل قوبۇل بولمايدۇ، پەقەت ئىخلاس سۈپىتى بولغاندىلا ئاندىن قوبۇل بولىدۇ . **الله سبحانه** وتعالا ئىككى خىل سۈپەتكە ئېگە بولغان ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىدۇ .بىرىنجىسى ئىخلاسدۇر ئىككىنجىسى كىتابى سۈننەتكە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

دېمەك ئىبادەت **الله** نىڭ ئۆزىگىلا بولىشى كېرەك ھەمدە **الله** بۇيرىغان شەكىلدە بولۇش كېرەك. بۇ ھەقتە **الله سبحانه** وتعالا مۇنداق دەيدۇ:

«ياخشى سۆز الله نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ ،ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ»

بىز شۇنىڭدىن ئۆزىمىزگە خۇلاسە چىقىرۋېلىشىمىز كېرەككى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسى بۇنىڭغا دەلالەت قىلىدۇ:«جەننەتكە ھېچكىم ئەملى بىلەن كىرەلمەيدۇ. (يەنى جەننەتتە بىرىلىدىغان مۇكاپاتقا لايىق ئەمەلنى قىلالمايدۇ ) شۇندىلا ئەسھابلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراشتىلەركى سىزنىڭ ئەملىڭىز ھەم جەننەتكە ئېلىپ كىرىشكە يېتەرلىك بولامدۇ دەپ سوراشقاندا رەسۇلۇللاھ مىنىڭ ئەملىم ھەم جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ، لېكىن الله ئۆزىنىڭ رەھمىتى بىلەن ئورىغاندا الله نىڭ پەزلى بىلەن كىرىمەن دىگەن »

چۈنكى الله ئىلاھلىق سۈپەتتە بەندە قۇللۇق سۈپەتتەدۇر. قۇل خوجىسىنىڭ بۇيرىغىنى قىلىدۇ ئۇنىڭدىن مۇكاپات ئېلىش

ئۇچۇن قىلمايدۇ. دۇنيانىڭ قۇللىرى مانا مۇشۇنداق، بۇرادەرلەر! قۇل خوجىسىنىڭ بۇيرىغىنى مۇكاپات ئۇمۇت قىلماستىن بۇيرۇقنى بىجىرىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە ھەم پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. خوجام بۇيرىدى قىلدىم دەيدۇ. مۇكاپاتنى تەلەپمۇ قىلمايدۇ .

دېمەك ئىنسان ھەم **الله سبحانه** وتعالا نىڭ قۇلى. **الله** ئۇنىڭ ھەقىقى خوجىسى **الله** تەرىپىدىن بولغان بۇيرۇقنى ئۆز ئەينى قىلىش كېرەك . ئەمدى **الله سبحانه** وتعالا نىڭ ئۇنى جەننەت بىلە مۇكاپاتلىشى رەھمىتى ۋەپەزلى بىلەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەملى **الله سبحانه** وتعالا تەرىپىدىن بىرىلىدىغان جەننەتكە لايىق بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن ھەم بىز **الله سبحانه** وتعالا تەرىپىدىن نىمە بىلەن مۇكاپاتقا سازاۋەر بولىمىز ؟

ج:ئىخلاس بىلەن بۇرادەرلەر مانا بۇ ئىخلاس پۈتۈن ئەمەللەرنىڭ ئاساسى دىنىنىڭ نىگىزى ۋە مېغىزىدۇر. ئەگەر ئىخلاس سۈپىتى تېپىلمىسا بۇ قىلىنىۋاتقان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ ئۆزىدە قالىدۇ. بۇرادەرلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى بىرىنجى دەرسىمىزنى دىنىمىزنىڭ مېغىزى بولغان ئىخلاستىن باشلىدۇقكى ئەگەر بىز مانا مۇشۇ توغرا يولنى دەرسىمىزنىڭ قۇرلۇشىغا توغرا قۇيىۋالساق يەنى ھەربىر ئەمىلىمىزنى شۇئىخلاس ئاساسىغا قىلغاندىلا ئاندىن بىزنىڭ ئەمىلىمىز الله تەرىپىدىن قۇبۇل بولىدىغان مەيدانغا چىقىدۇ. بولمىسا بىزنىڭ كېچىسى تۇرۇپ ئىبادەت قىلغانلىرىمىز الله رازىلقى ئۈچۈن بولمىسا قىلىپ يۈرگەن ياخشىلىقلىرىمىز الله رىزالىقى ئۈچۈن بولمىسا ئىخلاس بىلەن بىر قېتىم ئاددى ئەمەل قىلغان ئادەم بىزدىن ئەبزەل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندە ئۆزىنىڭ ھەربىر قىلغان ھەركىتىنى الله سبحانه وتعالا نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىش كېرەك.

تابىئىنلاردىن بىر كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىدىن 70كىشىنى كۆردۈمكى بۇلارنىڭ بارابىرىدە بىرەر كىشىنى تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان كاتتا ساھابىلەر ئىدى. ئۇلار مۇناپىقلىقتىن قورقۇپ كېچە ـ كۈندۈز ئىچى بىلەن تېشىنى بىرخىل قىلىشقا ھەركەت قىلىشار ئىدى.

كۆپ دەرسلىرىمىزدە بايان قىلغانىمىز، ھۇزەيفەتۇبنۇل يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىرلىرى دەپ ياد قىلىنار ئىدى . بۇ كىشىگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىرلىرىنى ئىبيتار ئىكەن. بۇ كىشىدە الله بەرگەن بىر قابىلىيەت باركەنكى ھىچكىمگە بۇسۆزنى ئېيتماسكەن. بەزى ساھابىلەر سورىشاركەنكى ھەتتا ھۇزەيفەتۇبنۇل يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جىنازىگە بارمىسا بەزى ساھابىلەر شۇكىشىگە قارىشىپ قالاركەن بۇكىشى ئۆزرىسىز بارمىغان بولسا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇناپىق ئىكەنلىكىنى

ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن بارماسكەن. ئۆمەرئىبنى خەتتاب كۆپراق شۇھەقتە ئويلاركەن ھەتتا شۇزات ھەم نىفاقتىن قورقاركەنلەركى ئەي ھۇزەيفە الله قا قەسەم ئىچىپ سورايمەنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى مۇناپىقلاردىن سانىغانمۇ يوق ؟مىنى ئايىماستىن ئېيتقىن دىگەندە ياق دىگەنىكەن شۇجاۋابنى بەرگەنىكەن. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىخلاس سۈپىتىنى يوقىتىش بىلەن مۇناپىق سىپىگە كىرىدۇ .

ئىمان نىمە؟

ئىمان تىل بىلەن ئىقرار قىلىش قەلب بىلەن ئېتقات قىلىش ۋە ئىسلامنىڭ ئەركانلىرىغا ئەمەل قىلىش بۇ ئۈچىدۇر. مۇناپىقتا تىل بىلەن ئىقرار قىلىش تېپىلىدۇ ۋە ئەركانلارغا ئەمەل قىلىش تېپىلىدۇ بىزنىڭ قاتارىمىزدە يۈرۈپ نامازئۇقۇپ يۈرىۋېرىدۇ ھەتتاكى جاسوسلۇق قىلىپ مائاش ئېلىپ پەرزەنت تەربىيلەۋاتقان جاسوس ھەم سىپىگىزدە ناماز ئۇقۇپ يۈرىۋېرىدۇ.

تىلىدا لا اله الا الله دەپ يۈرىۋېرىدۇ. ئەگەر تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ قەلبتە ئېتقات قىلىپ ئەركانلارغا بويسۇنغان كىشى بىلەن تىلدا ئىقرار قىلىپ ئەركانلارغا ئەمەل قىلغان ئەمما قەلبتىكى ئېتقات تېپىلمىغان كىشىنىڭ مۇكاپاتى ئوخشاش بولىدىغان بولسا ئەڭ كاتتا مۇناپىق بىلەن ئەڭ كاتتا ئىخلاسمەن ئادەمنىڭ مۇكاپاتى ئوخشاش بولغان بولىدۇ دېمەك شۇ ئىخلاس سۈپىتى تېپىلمىغانلىقى ئوتتوردىكى قەلب بىلەن ئېتقات قىلىش تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ دوزاخنىڭ ئەڭ پەسكى قىسمىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرادەرلەر بىز ئىخلاس سۈپىتىنى پەيدا قىلىشقا ھەركەت قىلماسكەنمىز بىزنىڭ ئەمىلىمىز ھەممىسى بىكار بولىدۇ. ئايەت كەرىمەنىڭ مەنىسى شۇكى ۋەللاھۇئەئلەم بىز پەقەت تىلىمىز بىلەن ئىقرار قىلىشكە بۇيرۇلغان ئەمەسمىز ياكى كۆرىنىشدە ئەمەل قىلىپ قۇيۇشقا بۇيرۇلغان ئەمەسمىز.

« ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى **الله** قا خالىس قىلغان ھەق دىنغا ئېتقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) **الله** قىلا ئىبادەت قىلىشقا

بۇيرۇلدى.(سۇرە بەييىنە5ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

دىننى پەقەت **الله** قا خالىس قىلىپ ئىخلاس سۈپىتى بىلەن ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز. ئەگەر بىز بۇ سۈپەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمىسەك **الله سبحانه** وتعالا نىڭ ئالدىغا بېرىپ تەلەپ قىلىدىغان مۇكاپات يوق بۇرادەرلەر. نېمىگە ؟ ئادەملەر ئۈچۈن بولسا ئادەملەر سىنى ماختىغان دەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا خېرىدارىڭىز بەك كۆپىيىپ كەتكەن ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنى بىر تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ. خېرىدارىڭىز ئازلاپ كەتكەن ۋاقىتتا ئەلھەمدۇلىللاھكى شۇۋاقىتتا ھەم ماڭا ئىخلاس نىسىپ بولدى، دەپ ئېتىقاد قىلماقلىقىمىز كېرەك.

**الله** بىزلەرگە ئىخلاس نېئمىتىنى نىسىپ قىلسۇن دەرسىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقانىسىپ قىلسۇن. ئەگەر بىزشۇسۈپەتنى ئۆزىمىزدە بەرپاقىلساق باشقا نەرسىلەر بىزگە زىيان قىلمايدۇ . **الله سبحانه** وتعالا بىزلەرنىڭ ئەمەللىرىمىزگە مۇھتاج ئەمەس بىز قۇللىقىمىزنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن

ئىخلاسنى كۆرستىشكە بۇيرۇلغانمىز. مانا مۇشۇ بۇيرۇلغان نەرسىنى كۆرستەلىسەك الله تەرىپىدىن بولغان مۇكاپاتقا ئېرىشىمىز. [الله نىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى قىممەتدۇر ئۇئەرزان ئەمەس الله نىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى جەننەتدۇر]

بۇ جەننەت پەقەت ئىخلاس سۈپىتىگە ئېگە بولغان كىشىلەرنىڭكىدۇر . ئەگەر ئەھلى جەننەتنىڭ زىكرىنى كۆرسىڭىز مىنىڭ ئەمىلىم قەيەردە ئەھلى جەننەتنىڭ ئەملى قەيەردەپ ئويلايسىز ئەھلى دوزاخنىڭ ئەمىلىنى كۆرسىڭىز مەن بۇنچىلىك رەسۋا بولمىدىمغۇ دەيسىز دېمەك مۆمىن كىشى دائىم الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇپ رەھمىتىدىن ئۈمۈت قىلىپ ياشىشى كېرەك.

## 2.دەرىس

## الله ئۇچۇن ياخشى كۆرۈش ۋە الله ئۇچۇن يامان كۆرۈش

بىرىنچى دەرسىمىزدە بىز ـ الله ئىخلاس تىپىلماسلىقتىن ساقلىسۇن ـ

« ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان ھەق دىنغا

ئېتقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز)**الله** قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى.

(سۇرە بەييىنە5_ئايەتنىڭ بىر قىسمى)»

يەنى ئىنسانلار ئاساسى ھاياتتىن مەقسەت بولغان ۋە **الله** تەرەپتىن بۇيرۇلغان **الله** **سبحانه** وتعالا غا ئىبادەتنى خالىس قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلىگۈچى ئىخلاس ھەققىدە دەرس بەرگەن بولدۇق.

دەرسىمىزنىڭ بىرىنجىسىنى ئىخلاس ئاساسى بىلەن باشلىشىمىز چۈنكى ئەسلى ئىنسان ئۆزى **الله** نىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ياكى رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ياكى **الله** قا ئىبادەت قىلىپ باشقا نەرسىلەرگە ھەم ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس. توغرا **الله** نىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىش، **الله** نىڭ رىزىق بەرگۈچى زات ئىكەنلىكىنى بىلىش بۇ ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن، لېكىن ئاساسى بۇيرۇلغان نەرسە يېگانە **الله** نىڭ ئۆزىگە ئىبادەتنى خالىس قىلىشقا بۇيرۇلغان. بۇ

ئىخلاسنىڭ مەناسى، بىز تەۋسىيە قىلىمىزكى بىرىنچى دەرسىمىزگە هازىر بولمىغان كىشلەر بىزنىڭ كېيىنكى دەرسلىرىمىزنى قىسمەن چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى بىز ئىخلاسنى ئىلگىرىكى هالەتتىكىدەك تەكرارلىمايمىز ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى **الله** ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش .

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئېيتتىلەركى:

**أَوْثَقُ عُرَى الإِيمَانِ الْحُبّ فِي الله وَالْبُغْضُ فِي الله**

الله ئىمان ئاساسلىرىنىڭ ئەڭ مۇستەھكىمى **الله** ِ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە **الله** ئۈچۈن يامان كۆرۈشتۇر. (سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى)

كىشى هاياتىدا الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ **الله** ئۈچۈن يامان كۆرمىسە ئىمانىنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامى جەمىيەتلىرىنى **الله** تەرىپىدىن بۇيرۇلغان شۇ جەمىيەتنى قۇرۇشتا ئەۋۋەلقى ئىپلانلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە جەمىيەتلىرى ئىچىدە **الله** ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە **الله** ئۈچۈن يامان كۆرۈش ئاساسىنى ھەممىسىدىن ھەم ئالدىنقىسى **الله** ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ئەقىدىسىنى، ئىمانىنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلدى. **الله** ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش بىلەن جەمئەت ئاجرالدى، يەنى **الله** ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشنىڭ مەناسى نىمە ئىدى؟. **الله** ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ئەقىدە ئاساسىدا بىرلىشىشتۇر.

بۇ ئىمانىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىدى. شۇباسقۇچ بىلەن كىشىلەر بۆلۈنەر ئىدى، ھەمىشە ئىسلامى جەمئەت، پاك جەمئەت، **الله** ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن كىشىلەردىن تەركىب تاپقان جەمىيەت بولمىسا **الله** نىڭ مەدىتى ئۇ جەمئەتتە بولمايدۇ. **الله** نىڭ ئىتبارىدا بۇجەمئەت بولمايدۇ.

دېمەك بۇنداق جەمئەتتە ئورمان قانۇنى ھۆكۈم سۈرىدۇكى كۈچلۈكلەر ئاجىزلەرنى يەپ كېتىدۇ. خۇددى يىرتقۇچلارنىڭ كۈچلۈكى ئاجىزلىرىنى يەپ تۈگەتكەندەك.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسھابلىرىنىڭ ئوتتۇرىدىكى مۇھەببەتنى قۇرۇشتا بۇ مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولۇشنى مىجەزى مەسىلە دېمىدى. يەنى بۇ ئىمان مەسىلىسى دېدى. ئېيتىلەركى:

وَالَذِى نَفْسِى بِيَدِهِ لاَ تَدْخُلُوا الْجَنّةَ حَتّى تُؤْمِنُوا وَلاَ تُؤْمِنُوا حَتّى تَحَابّوا أَوَلاَ أَدُلّكُمْ عَلَى شَىْءٍ إِذَا فَعَلْتُمُوهُ تَحَابَبْتُمْ؟ أَفْشُوا السّلاَمَ بَيْنَكُمْ

( جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى جەننەتكە ئىمان كەلتۈرمىگىچە كىرەلمەيسلەر، (يەنى جەننەتكە ئىمان سۈيتىگە ئېگە بولمىغان كىشىنىڭ كىرىشىگە يول يوق. پەقەت ئىمانلىق كىشى كىرىدۇ. ) الله يولىدا دوستلاشمىغىچە سىلەردە ئىمان پەيدا

بولمايدۇ .(ئىمانغا قەيت قىلدىلەر ) مەن سىلەرنى قىلساڭلار ئۆزئارا دوستلاشتۇرىدىغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟) دېدىلەر ۋە جاۋابىنى ئېيتتىكى ئاراڭلاردا سالامنى ئۇمۇملاشتۇرۇڭلار) دېدىلەر يەنى بۇ پەقەت سالام بېرىشنىڭ ئۆزى ئەمەس مۆمىنلەر ئۇچراشقان ۋاقىتتا كۆرۈشۈپ سالام قىلىپ بۇرادىرىگە الله نىڭ تېچلىقى بولۇشنى ۋەرەھمىتى بولۇشنى ۋەبەركىتى بولۇشنى ئىلان قىلىش شۇنىڭ بىلەن ھەم ئۇنىڭ تەرىپىدىن ھەم بۇجاۋابىنىڭ بولۇشى ئوتتۇرىدا قەلبتىكى ئاداۋەتلەرنىڭ يوقلىقىغا دالالەت قىلغۇچى كەلىمە بىلەن ئوتتۇرىدا مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. مۇھەببەت پەيدا بولغاندىن كېيىن ئىمان پەيدا بولىدۇ. ئىمان پەيدا بولغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ. الله **سبحانه** وتعالا بۇ مۇھەببەتنى نىمە ئاساسىدا بولۇشنى ۋە بۇ دوستلىششى الله تەرىپىدىن نېئمەت ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ دوستلىشش دېگەن نەرسە ئەقىدە ئاساسىدا بولغاندىلا نېئمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ الله **سبحانه** وتعالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە مۆمىنلەرگە:

« **الله** مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەريۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتىڭ لېكىن **الله** (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن)ئۇلارنى ئىناق قىلدى.»

دېدىلەر. ھەقىقەتتە توغرا ئەگەر ئىنسان ئۆزىدىكى مالنىڭ ھەممىسىنى سەرىپ قىلىپ يۈرۈپ بىرلەشتۈرىمەن دىسە بىرلەشمىگەنلىكىنى بىز ئازغىنا قىسقا ھاياتىمىزدا كۆرىمىز . كىشىلەرگە ياردەم بېرىش ئەلبەتتە مۇھەببەتكە (دوستلۇققا) سەۋەب بولىدۇ. لېكىن مۇھەببەتنىڭ (دوستلۇقنىڭ) مەركىزى بولالمايدۇ. بىرجايدا ياشاش، بىرمىللەت بولۇش ياكى موھتاج بولغان نەرسىلەرنى بىرىش، **الله سبحانه** وتعالا تەرپىدىن نېمەت بولغان مۇھەببەتكە سەۋەب بولالمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە **الله** خىتاب

قىلدىكى بۇنى دىن دۈشمەنلىرى ھەم ئاڭلىقۋالسۇنكى دىن دۈشمەنلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدىغا يىغىلغان مال دۇنيا بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە قاراتقان دېگەن. ئەگەر مال-دۇنيا بىلەن ئۆزىگە قارىتىپ دوست بولۇشقاندا بۇ ئىسلامى ھۆكۈمەتتىن ئىلگىرکى ھۆكۈمەت باشقا مىللەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزخەلقىگە بەرمەستىن پۇل مال سەرىپ قىلدى . لېكىن ئۇلار كېيىن دۈشمەن بولۇپ قالدى. مانا بۇ نەرسە مال-دۆلەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرسىدا كامىل مۇھەببەت (دوستلۇق) ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى كۆزىمىز بىلەن ھەم كۆرىمىز.

مانا قۇرئان كەرىمدىكى « الله مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەريۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ لېكىن الله (ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن)ئۇلارنى ئىناق قىلدى.»

ئەقىدە ئىنسانلارنى بىرلەشتۈرگەندە ئۇنى ھېچكىم ئاجرىتالمايدىغان بىر باغلىنىشقا ئايلىنىدۇ. الله سبحانه وتعالا بۇ نېئمەتنى كۆپ تىلغا ئالدى:

«الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆزۋاقتىدا سىلەر ئۆز-ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار. الله دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى. الله نىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار.»

مانا بۇ الله نىڭ نېئمىتى بۇرادەرلەر، ئەگەر بىرلىشىش ھاسىل بولمىسا بۇ ئىقتىسادى بايلىق بولمىغانلىقتىن ئەمەس. قۇرەيشنىڭ كاتتا بايلىقى بار ئىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدا بىرلىشىش ھاسىل بولمىدى. ئىقتىسادى تەرەپتىن قۇرەيش ناھايىتى كاتتا بايلىققا ئېگە ئىدى. لېكىن الله سبحانه وتعالا بۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىنى ھەم الله نىڭ ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۇلارنىڭ الله نىڭ نېئمىتى بىلەن ئاكا-ئۇكا،دوستتا ئايلانغانلىقنى زىكرى قىلدى. ھەقىقى الله

يولىدىكى دوستلۇق ئىنساننىڭ دۇنيادىكىلا مەنپەتى بولمايدۇ، بەلكى ئاخىرەتتە يەنى ھېچكىم مەنپەت بېرەلمەيدىغان ۋاقىتتا الله **سبحانه** وتعالا نىڭ ھۇزۇرىدا ئىنساننىڭ ئاتا-ئانىسى ئاكا-ئۇكىللىرى قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمەي تۇرغان ۋاقىتتا بۇ **الله** يولىدا دوست بولغانلار بىر-بىرىگە ياردەم بېرىدۇ.

**الله** قۇرئان كەرىمدە «بۇ كۈندە دوستلار بىر-بىرىگەدۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (**الله** ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەس)»

دېمەك دۇنيادا كەسىپ قىلىش ۋە باشقا ۋاستىلەر بىلەن بولغان دوستلۇق دۇنيانىڭ ئاخىرىغىچە بارمايدۇ. بۇنەرسە ھەركىمنىڭ ھايات تەجرىبىسىدىن ئۆتىدۇ. لېكىن **الله** يولىدا بولغان دوستلۇق دۇنيانىڭ ئۆزىدىن ئاخىرەتتىكى ئەبەدى سائادەت كۈنىگىچە بولىدۇ. قىيامەتنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك سائەتلىرىدە ھەم بۇ دوستلۇق بولىدۇ. مانا دۇنيادىكى دوستلۇقنى مىسالغا

ئالساق ھەم باشقا ئاددى مۇسىبەت چۈشكەندە تارقىلىپ كېتىپ قالىدۇ. ئاخىرەتتىكى مۇسىبەت شۇنداق قاتتىق مۇسىبەتكى شۇ مۇسىبەت چۈشۈپ تۇرغاندا ھەم **الله** يولىدا دوست بولغان ئادەملەر ھېلى دۇنيادىكى قىيىنچىلىق ئەمەس، ئاخىرەتتىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىرچىلىقتا ھەم بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ. بۇنەرسە ئىسلام بىزگە تەلىم بەرگەن **الله** يولىدا دوست بۇلۇش بۇ دوستلۇق ئوتتۇرسىدىكى بەزى مەنەلارنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز.

بىرىنجى باراۋەرلىك. بۇدوستلۇقنىڭ مەيدانىدا جاھىلىيەت ئەسەبىيلىكى بولمايدۇ، نەسەبكە باغلانمايدۇ، بايلىق مەرتىبىگە باغلانمايدۇ، جىنس رەڭ بۇلار ھەممىسگە باغلانمايدۇ، **الله سبحانه** وتعالا نىڭ ئۆزىنىڭ بەرگەن ئۆلچىمىگە باغلىنىدۇكى **الله** قۇرئان كەرىمدە:

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىزھەقىقەتەن بىر ئەر ،بىر ئايالدىن،

(ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىرئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق

ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق

قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ

دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر(يەنى كىشىلەرنىڭ

بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋالىق

بىلەن بولىدۇ)»

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىلەركى:

« ئى ئادەملەر رەببىڭلار بىر، ھەممىنىڭ ئاتىسى بىر،

ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن (غەيرى ئەرەبدىن) ئارتۇقلىقى يوق. پەقەت

بىر ئاق تەنلىك قارتەنلىكتىن ئارتۇق ئەمەس. ھەممىڭلار

ئادەمگە مەنسۇپ سىلەر، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان

ئاراڭلاردىكى الله نىڭ ھوزۇرىدا ھۆرمەتلىكىڭلار تەقۋاراقىڭلار».

باراۋەرلىك _ پەزىلەتتە ھەم باراۋەرلىك ۋە ئاقىۋەتتە ھەم

(بىرەرياخشى ياكى يامان ئەمەلنىڭ نەتىجىسىدە) باراۋەرلىك. ئىسلام ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى بايغا باشقىچە، كەمبەغەلگە باشقىچە، ئابرويلۇققا باشقىچە، ئابرويسىزگە باشقىچە قىلمايدۇ. ئىسلامى ئەنئەنەلەردە ھەم باراۋەر يەنى نامازدا بايلار ئالدىنقى سەپكە ئۆتسۇن دېگەن گەپ يوق. ھەجدە ھەم ھەممە باراۋەر. باي ـ كەمبەغەل ھاكىم ـ پۇخرالار ئاق تەنلىك قارتەنلىك ئوتتۇرىسىدا باراۋەر قارايدۇ . خۇددى نەتىجىلەردە ھەم باراۋەر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىلەركى« ئەگەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلسا قولىنى

كېسمەن» دېدىلەر.

مانا بۇنەتىجىدىكى باراۋەرلىك. چۈنكى بۇ باغلىنىۋاتقان نەرسە الله يولىدا باغلىغۇچى نەرسە الله يولىدىكى ئەقىدە دۇر.

ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىرىبنى جەرراھ بەدىر غازاتىدە دادىسى ئىمان كەلتۈرمەستىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەپكە قارشى مۇشرىكلار سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان ئىدى. جەڭدە ئامىرىبنى جەرراھ دادىسىنىڭ بېشىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى بەدىر غازاتىدە مۇشرىك ئىدى، ئىمان كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇ مۇشرىكلەر تەرەپتىن يەكمۇ يەك ئېلىشقىلى چىققان ۋاقىتتا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهي مەن چىقمەن دېدىلەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى پايدىلاندۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزشەھىت بولۇپ كەتسىڭىز مەسلىھەتىڭىزدىن مەھرۇم بولۇپ قالىمىز دېدىلەر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا فىدىيەنى ھەممىسىدىن ئوخشاش ئېلىنىشى مەسلىھەت بولغاندىن كېيىن ،بۇنىڭدىن فىدىيەنى كۆپراق ئېلىڭلار، بۇ پۇل-مالى كۆپ كىشى دېدىلەر. بۇيەردىكى باغلاپ تۇرغان نەرسە ئەقىدە ئىدى. ئەقىدە ئۈزۈلۈش بىلەن باشقا

ھەممە ئالاقە ئۈزۈلدى. ئەبۇزەررىلغىفارى ـ دەسلەپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشى ـ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھاقارەت قىلىپ سۆككىنى يوق، بىر ئەمىلىيەتتىكى سۆزنى ئېيتتىلەر بۇ ئەمىلىيەتتىكى سۆز راست ئىدى، لېكىن ھاقارەتكە سەۋەب بولاتتى. (ئەي قارا ئايالنىڭ ئوغلى دېدىلەر بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقىقەتتە قارا ئىدى،قارا ئايالنىڭ ئوغلى ئىدى.) شۇندىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىلەركى:

«مەن ئېلىپ كەلگەن يولدا ئاق ئايالنىڭ ئوغلى قارا ئايالنىڭ ئوغلىدىن ئەبزەل ئەمەس (ئۆلچەم خاتا ئۆلچەندى)» دېدىلەر.

بۇ ئۆلچەملەرنىڭ كېرەكسىز ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئەبۇزەررىلغفارى شۇ ۋاقتتا مەن دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان دېمىدى ياكى مەن ئۇلۇغزادىمەن دېمىدى. ئەنە ئەبۇزەررىلغفارى بۇ سۆزدىن

تەسىرلىنىپ يۈزىنى تۇپراققا قويىدىدە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ( تۇرغىن يۈزۈمنى ئاياقىڭ بىلەن باسقىن) دېدى. (بەزى رىۋايەتلاردە قەسەم ئىچتىلەركى ئەگەر بىلال يۈزۈمنى باسمىسە بېشىمنى كۆتۈرمەيمەن. دېدى) بىلال رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئايىقى بىلەن بېسىشكە مەجبۇر بولدى.

ئىسلام ـ ئىسلامغا دەسلەپ كىرگەن كىشىنىڭ ياكى ئاق تەنلىك ئەبزەل بولىدۇ دەيدىغان بۇنداق يولنى ئېلىپ كەلمىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمانغا ئالدىنقى ھەدىستە ئۆتكەندەك مۇھەببەتنى (دوستلۇقنى) شەرت قىلدى، يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغا((بۇرادىرىگە) ياخشى كۆرمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ.» دېدىلەر.

دېمەك الله يولىدىكى بۇرادىرىگە ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئىمانلىق بولىدۇ. ھەتتا الله يولىدىكى دوستلارنى قىيامەت كۈنىدىكى دەھشەتلىك ئىسسىقتىنا ئۆزىدىن چىققان تەر قۇلىقىغىچە غەرق قىلىدىغان ۋاقىتتا (قىيامەت كۈنى الله نىڭ سايىسىدە بولىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرى الله يولىدا دوستلاشقۇچى) الله نىڭ سايىسىدە بولىدۇ. سايە كىمنىڭ سايىسى الله نىڭ سايىسى ئۇئاددى سايە ئەمەس. بۇرادەرلەر! الله يولىدا دوستلاشقانلارغا ۋەدەقىلدى. الله سبحانە وتعالا ئۆزىنىڭ يولىدا دوست بولغانلارغا ھېچكىمگە قىلمىغان ۋەدىنى ۋەدەقىلدى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

« الله سبحانە وتعالا نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە شۇنداق بەندىلەر

بارکى ئۇلارغا پەيغەمبەر ۋە شەھىتلەرمۇ ھەۋەس قىلىدۇ).
ساھابىلار :(ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قانداق كىشىلەر؟
ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنى خالايمىز ) دېدى. پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام: (ئۇلار بىرسىنى دوست تۇتقاندا مال ـ دۇنياسىنى
كۆزلىمەستىن، نەسەب سۈرۈشتە قىلماستىن الله سبحانه وتعالا
نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دوستلىشىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار
نۇرلۇق تەختلەرنىڭ ئۈستىدە يۈزلىرى نۇرلانغان ھالدا تۇرىدۇ.
كىشىلەر قورققان چاغدا ئۇلاردا قورقۇنچ بولمايدۇ . كىشىلەر
نادامەت چېكىپ پۇشايمان يېگەن ۋە كۆڭۈللىرى يېرىم بولغان
چاغدا ئۇلار بۇئىشلاردىن خالىي بولىدۇ) دېدى. ئاندىن بۇ
ئايەتنى ئوقۇدى «راستىنلا الله نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە
الله نىڭ ئازابىدىن)قورقۇش ، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ
قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. »

ھەدىس قۇددىسىيدا شۇ مەزمۇن باركى الله سبحانه وتعالا بەزى
پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلىپ:

«دۇنيانى دوست تۇتماي بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا راھەت ياشىدىڭ، (دۇنيانى دوست تۇتماسلىق بۇرادەرلەر ئىنساننىڭ ئۆزىگە راھەت) بۇھەم ئۆزۈڭگە بولدى.

(ئىبادەتلىرىمىزنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق ناماز ئۇقۇشىمىز بىز ئىستىمال قىلغان نەرسىلەرنىڭ تىنىمىزگە زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ھەممە ئىبادەتلەرنى سۈرۈشتۈرسەك ئۆزىمىز ئۈچۈن مەنپەتتۇر. دۇنيانى دوست تۇتۇپ يۈرگەن ئادەملەر ياخشى بىلىدۇ. دۇنيانى دوست تۇتۇپ يۈرۈپ پۈتۈنلەي غەمدە قالىدۇ. دۇنيانى الله نىڭ بۇيرۇقىنى بىجىرەلمەستىن تېپىپ بېرىپ پەرزەنتلىرىدىن ھەم ياخشىلىق كۆرمەيدۇ. دۇنيانى دوست تۇتماسلىق راھەت) باشقا ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسى ھەم ئۆزەڭگە بولدى، مەن ئۈچۈن نىمە ئەمەل قىلدىڭ؟ مىنىڭ ھەققىمنى ئادا قىلدىڭمۇ؟ »دەيدۇ شۇندىلا بەندە سورايدۇكى <ساڭا بولغان ئەمەل ۋە ھەق نىمە

ئىدى؟

الله سبحانه وتعالا ئېيتتىكى« مېنىڭ دوستۇمنى دوست تۇتۇش دۇشمىنىمنى دۇشمەن تۇتۇش» دېدى . مانا بۇ مەن ئۈچۈن بولغان ئەمەل مېنىڭ سىنىڭدىكى ھەققىم» دېدىلەر.

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر گۇرۇھ كىشىلەر باركى ئۇلارنىڭ مەرتىبىسىنى پەيغەمبەرلەر ھەم شەھىتلەر ھەم ئارزۇ قىلىشىدۇ. دىگەنىدە ساھابىلەر بۇنەرسىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىڭ دەپ سورىغاندا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار الله يولىدا دوستلاشقانلار الله يولىدا توپلىشىپ ئولتۇرغانلار، الله يولىدا بىر بىرىنى زىيارەت قىلغانلار دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىشنى ئۈچ نەرسىگە باغلىدى. ئۈچ نەرسە باركى كىمدە بۇ ئۈچ نەرسە تېپىلسا ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى

تېتىيدۇ.»

ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمدە ئۈچ تۈرلۈك نەرسە تېپىلسا ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ. **الله** ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق سۆيۈش، بىرەر بەندىنى دوست تۇتسا، ئۇنى پەقەت **الله** ئۈچۈن دوست تۇتۇش، **الله** **سبحانه** وتعالا نىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كۇفرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، قايتا كۇفرىغا قايتىشنى ئىرىك پېتى ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ بەكرەك يامان كۆرۈش»

شۇنداق بولغاندىلا ئىمان ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ. بولمىسا ھەم ئالدىدا تۇرغان ھەسەلنى ئۆمرىدە تېتىپ باقماستىن قاراپ تۇرۇپ بۇنى ناھايىتى شىرىن دەپ ئاڭلىغانمەن. دېگەن ئادەمدەك

ئۆمرى ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەربىر نەرسىنىڭ لەززىتى بار، ئىماننىڭ لەززىتى مانا مۇشۇ ئۈچ سۈپەتكە ئېگە بولغان كىشىگە نىسىپ بولىدۇ ، بۇرادەرلىك ھەقلىرى ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ .

بىرىنجىسى ئۇمۇمى ھەقلەر.

،ئىككىنجىسى خۇسۇسى ھەقلەر

ئۇمۇمى ھەقلەر: بىر كىشى ئەگەر **الله** رەببىم دەپ، ئىسلام مىنىڭ دىنىم دەپ، قۇرئان مىنىڭ ئىمامىم، مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ يېتەكچى پەيغەمبىرىم دەپ تەن ئالغان بولسا بىز شۇ كىشىلەرگە ئۇمۇمى ھەقلەرنى ئۆتەشكە مەجبۇرمىز ، ئەگەر ئۆتىمىسەك مۇسۇلمان بۇرادەرلەرنىڭ ھەققىنى ئۆتىمىگەن بولىمىز.

مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىكى ھەققى نېمە؟

مانا بۇھەدىس بۇنىڭغاجاۋاب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانىدا ئالتە تۈرلۈك ھەققى بولىدۇ.

ئۇچراشساڭ سالام بەرگىن!

چاقىرغان يەرگە بارغىن!( شەرئەتكە مۇۋاپىق زىياپەتكە چاقىرمىسا)

ئەگەر سەندىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا، نەسىھەت قىلىپ قويغىن!

چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇ لىللاھ ( جىمى ھەمدۇسانا **الله** قا خاستۇر) دېسە يەرھەمۇ كەللاھ (**الله** ساڭارەھمەت قىلسۇن)دەپ جاۋاب قايتۇرغىن!

كېسەل بولۇپ قالسا يوقلىغىن!

ئۆلۈپ كەتسە جىنازىسىگە ئەگەشكىن! دېگەن.(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

خۇسۇسى ھەقلەر: يېقىنراق بۇرادەرلىرىمىزنىڭ بىزدە خۇسۇسى

ھەققى بولىدۇ. بۇ ھەقلەر سۆزلەپ ئۆتكەن ھەقلەردىن يۇقۇرىراقتۇر. بىر كىشى بىر كىشىنى **الله** يولىدا ياخشى كۆرگەن بولسا ئۇنىڭغا بۇھەقلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ئۆزىنىڭ مەنپەتىدىن شۇ بۇرادىرىنىڭ مەنپەتىنى ئارتۇق كۆرۈشتۇر. مانا بۇ بۇرادەرلىك خۇسۇسى ھەقلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدۇر. بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ساھابىللىرىگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشلەرگە نىسىپ بولغان نىئمەتتۇر.

**الله سبحانه** وتعالا ساھابىلارنى ماختاپ:

« ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق(مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ "(مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ كالامىدا ياد قىلدى.

بۇھەق يەنى باشقىلارنىڭ مەنپەتىنى كۆزلەش ھەققىدە بىز ساھابىلەرنىڭ قانچىلىك باشقىلارنىڭ مەنپەتىنى كۆزلىگەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن بەزىبىر تارىخى ھۆججەتلەرگە مۇراجىئەت قىلساق شۇندىلا بىلەلەيمىز.

يەرمۇك غازىتىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرى ئىچىدە بەزىللىرى يارىدار بولدى. ئۇلارغا سۇ ئىچىرىپ قويۇش ئۈچۈن بىر كىشى ئۇلارنى ئايلاندى. يارىلانغانلار ئىچىدە ئەڭ كاتتا قوماندانلاردىن ئىكرىمەتۇبنۇ ئەبى جەھىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ سۇ ئىچكۈزمەكچى بولدى شۇۋاقىتتا ئىكرىمەتۇبنۇ ئەبى جەھىل سۇھەيل ئىبنى ئەمرىنىڭ جاراھەتلىنىپ سۇغا قاراپ ياتقىنىنى كۆردى. ئىكرىمەتۇبنۇ ئەبى جەھىل سۇھەيلگە سۇنى ئاپىرىشقا ئىشارەت قىلدى. سۇھەيلنىڭ ئالدىغا سۇغارغۇچى سۇنى ئېلىپ باردى. سۇھەيل شۇۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يېنىدىكى جاراھەتلىنىپ ياتقان ھارىس ئىبنى ھىشامگە ئىشارە قىلدى. (سۇنى ئېلىپ بېرىڭ دېيىشكە مادارى قالمىغان سائەتتە ئىشارە قىلىپ كۆرسەتتى.) ھارىس ئىبنى ھىشامنىڭ ئالدىغا سۇ كەلگىچە ھارىس ئىبنى ھىشام جان تەسلىم قىلدى ، ئۇنىدىن كېيىن سۇھەيلنىڭ ئالدىغا قايتۇرۇپ كەلگەندە سۇھەيل ھەم جان تەسلىم قىلدى. ئىكرىمەتۇبنۇ ئەبى جەھىلنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇكىشى جان تەسلىم قىلىپ

بولغانىدى ، ئۇچىلىسى شەھىت بولغانىدى. شەھىت بولىۋاتقان ئۇلۇغ سائەتتە ھەم قىيامەتكىچە بولغان ﷲ يولىدىكى بۇرادەرلىكنى دەۋا قىلغانلاغا نەمۇنە كۆرسىتىپ كەتتى.

مانا بۇ قۇرئان كەرىمدە ئەبەدى تىلاۋەت قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان نېمەت ئىدى يەنى ئۆزلىرىنىڭ زىيىنغا ئىش قىلىشىدۇ. گەرچە ئۆزلىرى موھتاج بولسا ھەم. شۇ سائەتتە سۈدىن باشقا نەرسىگە موھتاج ئەمەس ئىدى. دەرسىمىزدە بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەن. ھازىر ھەممىمىزنىڭ قەلبىمىزدە ﷲ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشكە بولغان مۇھەببەت قوزغالدى دەپ بىلىمەن.

دېمەك بۇ مەرتىۋە ئەڭ كاتتا مەرتىۋە بۇ ﷲ تەرىپىدىن ناھايىتى كاتتا نېمەت. بۇ ھەر بىر كىشىگە نىسىپ بولمايدىكەن، ﷲ يولىدا مۇھەببەتلىششتە ھەممە ئادەمدە قىزغىنلىق شەۋق پەيدا بولدى دېسەم خاتا بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ مۇكاپاتلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭسىز ئىنساندا ئىمان سۈپىتى كامىل بولمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەم. بۇنى چۈشىنىشتە بىرىنجى تەرەپتىن ﷲ ئۈچۈن سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېسە

ئىككىنجى تەرەپتىن ھەم سىزنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن دېگەن سۆز بولىشى كېرەكمۇ يوق؟ ئىككىنجى تەرەپتىن ئېيتىلسا بۇنىڭ شەرتلىرى بارمۇ؟ ياكى شۇ سۆز بىلەن پەيغەمبەرلەر شەھىتلەر ھەۋەس قىلىدىغان مەرتىۋىگە يېتىمىزمۇ؟ بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدىكى بەزى ساھابىلەرنىڭ ئوتتورىدا بولغان ۋەقەلىكنى مىسال قىلىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن الله يولىدا دوست بولۇشنىڭ مەناسى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۆزەڭلەرگە ھاۋالە!

بىر كىشى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېيتتىكى مەن سىز بىلەن الله يولىدا بۇرادەر بولماقچى دېدى . ئەبۇھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئېيتتىكى« بۇرادەرلىك ھەققىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن »دېدى ئۇ كىشى «ماڭا بۇرادەرلىك ھەققىنى بىلدۈرۈڭ» دېدى. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئېيتتىكى« مەن بىلەن الله يولىدا بۇرادەر بولۇشۇڭ ئۈچۈن

سېنىڭ مال ـ دۇنيارىڭدا ساڭا قارىغاندا مېنىڭ كۆپرەك ھەققىم بولىدۇ». دېدى ئۇ كىشى ئېيتتىكى «مەن تېخى بۇ مەنزىلگە (ئورۇنغا)چىقماپتىمەن »دېدى ، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئېيتتىكى «شۇ مەنزىلگە چىققاندا مىنىڭ ئالدىمغا دوستلاشقىلى كەلگىن» دېدى.

ئەبۇسۇلايمانەددارانى ﷲ يولىدىكى دوستلىرى ھەققىدە شۇنداق ئېيتقانىكەن:

« مېنىڭ شۇنداق دوستلىرىم باركى مەن يېمەكلىكنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىمەن ئاندىن ئۇنىڭغا يىگۈزىمەندە ئۇنىڭ لەززىتىنى تامىقىمدا تاپىمەن. ئۇنىڭ لەززەتلەنگىنى كۆرۈپ مەن لەززەتلىنىمەن» . دىگەنىكەن.

مەسرۇق ـ بۇكىشى كاتتا كىشلەردىن ـ بۇكىشى كۆپ مىقداردا قەرز بولۇپ قالغان ئىكەنلەر ھەيسەمە ئىسىملىك كىشى بىلەن ﷲ يولىدا بۇرادەر ئىكەنلەر ئۇكىشىنىڭ ھەم قەرزى باركەن. مەسرۇق ئۆزىنىڭ كۆپ مىقداردا قەرزى بار تۇرۇقلۇق

ھەيسەمەنىڭ قەرزدارلىكىنى بىلىپ تۇيىدۇرماستىن تۆلەپ قويغانىكەن. ھەيسەمە ھەم مەسرۇقنىڭ كۆپ مىقداردا قەرزى باردەپ ئۆزىنىڭ قەرزىنى قۇيۇپ تۇرۇپ مەسرۇقنىڭ قەرزىنى بىلدۈرمەستىن تۆلەپ قويغانىكەن. كېيىن ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بارغاندا ھەيسەمە قەرزدار بولغان ئادەم ھەيسەمەگە( قەرزىنى مەسرۇق قايتۇرۇپ قويغانىدىغۇ )دىگەنىكەن، مەسرۇق قەرزدار بولغان ئادەم مەسرۇققا ( سىزنىڭ قەرزىڭىزنى ھەيسەمە قايتۇرۇپ بولغان) دىگەنىكەن. ھەسەن بەسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقانىكەن. بىزگە ئائىلىمىزدىن ، ئاياللىرىمىزدىن، باللىرىمىزدىن، بۇرادەرلىرىمىز بىزگە سۆيۈملۈكراق دىگەنىكەن. چۈنكى بىزنىڭ ئەھلىمىز بىزنى دۇنيا بىلەن ياد قىلىدۇ. سىز ئەھلىڭىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەھلىڭىزگە رىزىقلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ھالەتتە كۆرىنىسىز. پەرزەنتىڭىز كىچىك بولسا تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان كىشى دەپ تونۇيدۇ. ياكى سىزنى كىيىم ئېلىپ بىرىدىغان كىشى دەپ ياد قىلىدۇ. ئەمما

بۇرادەرلىرىمىز بىزنى ئاخىرەت بىلەن بىزنى يادقىلىدۇ. بۇ بۇرادىرىم ئاخىرەتتە ماڭا ئەسقاتىدۇ دەيدۇ. الله يولىدا دوست بولۇش بىلەن باغلانغانلىقى ئۈچۈن مانا بۇتەرەپتىن بىزنى ياد قىلىدۇ دىگەنىكەن .

بىز [ئەمەللەرنىڭ ئەبزىلى الله يولىدا ياخشى كۆرۈش] دېگەن ھەدىسنى ئەگەر بىزگە الله يولىدا مۇھەببەتلىشىش نىسىب بولسا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەبزىلى ئىكەنلىكىنى شۇندىلا بىلىمىز. بۇرادەرلەر، الله يولىدىكى بۇرادەرلىك مۇھەببىتىدە ھايات كەچۈرگەن كىشلەردىن زەينۇلئابىدىن مەسجىتكە چىققانىدا بىركىشى (ئەيىبلەپ) سۆككەنىكەن، خىزمەتكارلار ئۇكىشىنى ئۇرماقچى بولغىنىدا زەينۇلئابىدىن قۇلۇڭلارنى تارتىڭلار، دەپ تۇسۇپ ئۇكىشگە قاراپ سەن ئېيتقاندىن بەكراق يامان ئادەممەن، ھازىر سەن مېنى مۇنداق-مۇنداق دەپ سۆكتىڭ لېكىن مېنىڭ سەن ئېيتقاندىن باشقا ھەم ئەيىبلىرىم بار، ئەگەر سېنىڭ مېنىڭ ئەيىبلىرىمنى بىلىشكە ھاجىتىڭ بولسا ئېيتىپ

بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىلىۋالىسەن. دىگەندە ئۇكىشى خىجالەت بولۇپ هايا قىلغانىكەن. زەينۇلئابىدىن ئۇكىشىگە 1000تەڭگە بەرگەنىكەن. ئۇكىشى كېتىۋېتىپ ئىتقانىكەنكى بۇ يىگىت رەسۇلۇللاھنىڭ ئەۋلادىكەن دىگەنىكەن يەنى ھەقىقەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پېئىللىرىنى (قىلغانلىرىنى) قىلدىلەر. لەيسۇبنۇ سەئىد كىيىنكى تابىئىنلەردىن (ۋەللاھۇئەئلەم) ئۇكىشىنىڭ يىللىق كىرىمى 70 مىڭ دىناردى ئېشىپ كېتەركەن [بىر دىنار بۇيەرنىڭ پۇلىغا (ۋەللاھۇئەئلەم) 10مىڭ يۈەنگە توغرا كېلىدۇ] شۇنىڭ ھەممىنى سەدىقە قىلاركەن ، ھەتتا دىيىلگەنكى شۇنداق مال دۇنيا تاپقان كىشىگە زاكات ۋاجىپ بولمىغانىكەن، يەنى ماللىرى توپلانماي سەدىقە قىلىنغاچقا. ئۇ كىشى مازار دېگەن جايدا بىر ئۆينى سېتىۋالغانىكەن. ئۇكىشىنىڭ ۋەكالەتچىسى ئۆينى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بارغىنىدا يىتىم كىچىك باللار تۇرغىنى كۆرگەنىكەن ئۇيىتىملەر ۋەكالەتچىگە < الله نى ۋاستە قىلىپ ئېيتىمىزكى بىز يىتىم كىچىك باللارمىز بىزنىڭ چىقىدىغان جايىمىز يوق بۇ

ئۆيىنى ۋاقتىنچە بىزگە قويۇپ كەتسىگىز<دېيىشتى. لەيسۇبنۇ سەئد كە بۇخەۋەر يېتىپ كەلگەندە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆي سىلەرگە ھەم سىلەرگە ھەركۈنى يېتەرلىك نەرسە بېرىپ تۇرىدۇ دىگەنىكەن.

الله يولىدا بۇرادەر بولۇش ئۈچۈن ھۆرمەت قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ كاتتا زاتقا بېرىلىشى شەرت ئەمەس بۇرادەرلەر بۇيەردە يېتىم كىچىك باللارغا بېرىلدى . ئۇلار بۇ ئۆيىنىڭ بېرىلىشىنى بىلمەيدۇ نېمە ئۈچۈن بەردى بۇنى بىلمەيدۇ. پەقەت ئىلگىرى بۇيەردە تۇرغىنىنى بىلىدۇ خالاس. الله ئۈچۈن بىر ئادەم بىر نەرسە بەرمەكچى بولغىنىدا بەرگەن نەرسىسى سۆزلىنىپ تۇردىغان ياكى شۆھرەتكە ئېرىشتۈرىدىغان جايلار بولۇشى شەرت ئەمەس.

ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك ئەڭ كاتتا مۇھەددىس ئىماملەردىن بۇكىشى كۆپ سەدىقە قىلغۇچى بولۇپ بۇكىشىنىڭ سەدىقاتلىرى يىلدا 100مىڭ دىناردىن ئېشىپ كېتەركەن بۇكىشى

ھەمراھلىرىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ ئۆزى ئارقىغا يېنىپ شۇ قۇشنى قايەرگە تاشلىدىكىن چەتكە تاشلىدىمۇ يوق (يەنى يولدىكى مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىدىغان نەرسىنى چەتكە ئېلىۋېتىش بۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ) شۇنى راستىنلا چەتكە تاشلىدىمۇ يوق دەپ شۇنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن

ئارقىدا قالدى قارىسا شۇ ئەخلەت بار جايدا ئىكەن. بىر قىز يېقىنراق بىر ئۆيدىن چىقىپ شۇ ئۆلگەن قۇشنى ئالدى. شۇندىلا ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك(الله رازى بولسۇن) ئۇ قىزدىن سورىدىكى نېمە ئۈچۈن بۇ ئۆلگەن قۇشنى ئالدىڭ دېدى. ئۇقىز ئېيتتىكى ئۆزى ۋە ئۇكىسىنىڭ كەمبەغەللىكى بۇ قۇشنىڭ گۆشىنى يېيىشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇۋاقىتتا ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك ھەجگە كېتىپ بارغان كىشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈكلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ھەم ۋەكىللەرگە قانچە دىنار بار دەپ سورىدى. 1000 دىنار خىراجىتىمىز بار دېدى. ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك1000 دىناردىن 20دىنارنى ساناپ

ئېلىپ قالغىن قايتىشقا يېتىدۇ، قالغىنىنى بۇلارغا بەرگىن. بۇيىلقى ھەججىمىزدىن بۇ ئەبزەل دەپ قايتىپ ھەج قىلمىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ دەۋرىدە قۇرغاقچىلىق بولدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شامدىن 1000 تۆگىلىك كارۋان كېلىۋاتقانىدى بۇنىڭدا تۇرلۇك تائام ۋە كىيىملەر بار ئىدى. كارۋاننىڭ كېلىشىگە سودىگەرلەر چىققانىدى. خېرىدارلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ماڭا قانچە پايدا بېرىسلەر دېدى. ئۇلار 5\100 (يۈزدىن بەش)بېرىمىز دېدى. يەنى يۈزكويلۇق نەرسىگە 5كوي پايدا بېرىمىز دېدى. بۇكاتتا پايدا ئىدى. مەن كۆپراق پايدا بېرىدىغاننى تېپىپ قالدىم سىلەرگە ساتمايمەن دېدى. ئۇلار بىز سودىگەرلەر ئارىسىدا5\100 دىن كۆپراق پايدا بېرىدىغان سودىگەرنى كۆرمىدۇق دېيىشتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن بىر دەرھەمگە 700 ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېرىدىغاننى تاپتىم دېدى ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

«الله نىڭ يولىدا پۇل مېلىنى سەرىپ قىلغانلارنىڭ (سەرىپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ)يەتتە باشاق چىقارغان، ھەرباشىقىدا يۈز دان تۇتقان بىردانغا ئوخشايدۇ. الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. الله نىڭ مەرھەمىتى(چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر(الله مال سەرىپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر).»

مەن مانا مۇشۇنداق بېرىدىغان زاتنى تاپتىم دېدى. ئەي سودىگەرلەر جامائىتى سىزلەرنى گۇۋاھ قىلىپ ئېيتىمەنكى كارۋان ۋە كارۋاندىكى ئۇن، ياغ ۋەكىيىم ھەممىسىنى مەدىنىنىڭ كەمبەغەللىرىگە بەردىم دېدى.

ھاكىم مۇستەدرەكتە رىۋايەت قىلىپ كەلتۈرىدۇكى: «مۇئاۋىيەتۇبنۇئەبى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 80مىڭ دەرھەمنى ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھاغا ئەۋەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ

ئەنھا شۇ كۈندە روزا تۇتقان بولۇپ كىيىملىرى ھەم ناچار ئىدى. لېكىن شۇ مالنى شۇ سائەتتە كەمبەغەل مىسكىنلەرگە تەقسىم قىلىپ ئەۋەتىپ بىرەر تەڭگە ئېلىپ قالمىغانىكەن. خىزمەتچىسى ئېيتقانىكەنكى ئەگەر بىرتەڭگە ئېلىپ قالغان بولسىڭىز ئىفتارگە گۆش سېتىۋېلىپ ئىفتارگە تەييارلىق قىلارئىدىم. دىگەندە ئىسىمگە سالغىنىڭدە قىلار ئىدىم دېدى.»

يەنى ئۆزى موھتاج ھالەتتە تۇرۇپ كەمبەغەل مىسكىنلەرنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنتۇش دەرىجىسگە يەتكەن. بىز ئىمان لەززىتىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى تېتىپ چىققىنىمىزدەك، ساھابىلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر(تابىئىنلار)ئىمان لەززىتىنى تېتىغان . ۋە بۇلەززەتكە ئوخشاش لەززەتنى ھىچ يەردە كۆرمىگەن ئىمان لەززىتىنى تېتىغاندىن كېيىن باشقا لەززەتنى ئەستىن چىقارغان . باشقا نەرسىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە لەززەت دىيىلىدىغان مەنانى ئىپادىلىمەيدىغان بولۇپ قالغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم الله سۇبھانەھۇۋەتەئەلا ئۇلارغا مەدەت بەرگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بىزلەردە.

ئۇنداق نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن الله ھەق سۇبھانە ھۇۋەتەئەلا بىزلەرگە مەدەت بەرمىدى ۋە بەرمەيدۇ ھەم، شۇنى بىلىپ قويىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەم ئەمەل قىلىدىغان كىشى بارلىقىا كەلگەندىلا الله سۇبھانەھۇۋەتەئەلا مانا بۇ نېئمەتىنى بىزلەرگە بېرىدۇ. بۇرادەرلەر بۇدەرسىمىزنى (تەسىرلىنىش) ئۈچۈن بولىۋاتقان سۆز دەپ تىڭشىماسلىقىڭلارنى دوست تۇتىمەن . تەسىرلىنىپ لەززەتلىنىدىغان نەرسە بولۇپ قالمىسۇن . بىز بۇ ھەدىسنى يەنە تەكرار ئوقۇيمىز:

رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن : « جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى جەننەتكە ئىمان كەلتۈرمىگىچە كىرەلمەيسىلەر،(يەنى جەننەتكە ئىمان سۈپىتىگە ئىگە بولمىغان كىشىنىڭ كىرىشىگە يول يوق پەقەت ئىمانلىق كىشى كىرىدۇ) الله يولىدا دوستلاشمىغىچە سىلەردە ئىمان پەيدا بولمايدۇ .(ئىمانگە قەيت قىلدىلەر ) مەن سىلەرنى

قىلساڭلار ئۆزئارا دوستلاشتۇرىدىغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ دېدىلەر ۋە جاۋابىنى ئېيتتىكى ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار» دېدىلەر.

يەنى قەلبىدە بۇرادىرى ئۈچۈن مۇشۇ سالامنىڭ مەنالىرى چىن قەلبىدىن ئۇمۇد قىلىنىشى بىلەن ئاراڭلادا مۇھەببەت ھاسىل بولىدۇ. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ھەممىمىزگە الله يولىدا ياخشى كۆرۈش بىلەن بىرگە الله يولىدا يامان كۆرۈشنى ھەم نىسىب قىلسۇن. قاچانكى الله يولىدا بىراۋنى يامان كۆرمىسىڭىز الله يولىدىكى مۇھەببەت ھاسىل بولمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمان ئاساسلىرىنىڭ ئەڭ مۇستەھكىمى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە الله ئۈچۈن يامان كۆرۈشتۇر»

مانا ساھابىلەرنىڭ قانچىلىك الله يولىدا رەسۇلۇللاھنى ياخشى

كۆرۈشتىلەر ، سۆزۈمنى ئاخىرقى مىسال بىلەن تۈگىتىمەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ساھابە كىراملەرنىڭ ئۇلۇغىدىن، ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي مۇنافىقلارنىڭ كاتتىسى ،ئوغۇل ئۇلۇغ ساھابە، ئاتا ئەڭ كاتتا مۇناپىق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولى زاھىرغا(سىرتىغا)قاراپ كۇپايىلىنىش ئىدى. زاھىرغا قاراپ مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئەگەر مەدىنىگە قايتساق ئەزىز خارنى چىقىرىدۇ دېدى. ئەزىز دەپ ئۆزىنى ئېيتتى خار دەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئېيتتى. بۇخەۋەر ئوغلى ئابدۇللاھقا يېتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقىرتىپ دادىڭىز مۇشۇنداق دەپتۇ دېگەندە ، دادام توغرا ئېيتىپتۇ . سىز ئەزىزسىز دادام خاردۇر دېدى. ئەزىز خارنى چىقىرىدۇ دېدى. ۋە شەمشىرىنى چىقاردىدە مەدىنىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇردى. دادىسى كەلگەن ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن

ئىزىن (رۇخسەت) كەلمىگىچە كىرمەيسەن دېدى، سەن خارىسەن رەسۇلۇللاھ ئەزىز دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي داد پەرياد قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدىدە مەدىنىدە مەندىن بەكراق ئاتىسىغا ياخشىلىق قىلالايدىغان ئادەم يوق دېدى. ئاتىسىغا بويسۇنىدىغان مەندىن ياخشى پەرزەنت يوق دېدى. يەنى بىرەر سەۋەبتىن يامان كۆرمىگەنتىم ياخشىلىقىم توختىماي بولاتتى دېدى. لېكىن ئەگەر **الله** ۋە رەسۇل رازى بولسا مەن ھازىر ئۆلتۈرىمەن دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياق داداڭغا ياخشىلىق قىل دېدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ دادىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ شىكايەت قىلدىلەركى مېنىڭ ئوغلۇم مەدىنىگە كىرىشىمگە يول بەرمىدى دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇخسەت قىلىپ كىرگۈزۈۋېتىڭلار دەپ ئادەم ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى كەلگەندە ئەمدى كىرگىن دېدى. **الله** يولىدا ياخشى كۆرۈش **الله** يولىدا يامان كۆرۈش ساھابىلەرنى

شۇنداق كاتتا مەرتىبىگە ئېلىپ چىقالىغان بىز الله يولىدا ياخشى كۆرىمەن دېگەن ئادەمگە يەنە سۆزىمىزنى تەكرار ئېيتىمىزكى شەرتلەردىن بىرى بولغان مال ـ دۆلىتىگە قارشى تەرەپنىڭ ھەقدارراق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويدۇق. خۇسۇسەن مۇشۇ دەۋردە شۇ شەرتنى ئۆتىگەن كىشىنىڭ قولىدىن ھەممە ياخشىلىق كېلىدۇ دەپ ئېيتساق خاتا قىلمايمىز. لېكىن مال دۇنياسىنىڭ ھەممىنى مانا بۇرادەر مال ـ دۆلىتىمنىڭ ھەممىسى دەپ كۆرسىتىشتىن كۆرە مىنىڭ پىكرىمچە ھازىرقى دەۋردە يۈرىكىنى كېسىپ كۆرسىتىش ئاسان بولسا كېرەك (ۋەللاھۇ ئەئلەم)

شۇنىڭ ئۈچۈن الله يولىدا دوستلىشىمەن دېگەن كىشىلەر بۇشەرتنى ھەم ئويلاپ قۇيۇشسۇن. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ھەممىمىزگە الله يولىدا مۇھەببەتلىششنى ۋە الله يولىدا يامان كۆرۈشنى نىسىپ قىلسۇن . قىيامەتتە بۇنۇردىن بولغان تەختتە ئولتۇرۇش ، يۈزلەرنىڭ تولۇن ئايدەك بولۇشى ئادەملەر قورقۇپ

تۇرغاندا قۇرقماي ئۇلتۇرۇش، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس بۇرادەرلەر. پەيغەمبەرلەر ، شەھىتلەر ھەۋەس قىلىدىغان ئۇرۇندا ئۇلتۇرۇشقا ھەقىقەتتە الله يولىدا دوستلاشقانلار ئەرزىيدۇ. ئەگەر كىشىگە بۇ نېئمەت نىسىپ بولسا باشقا نېئمەتلەرنىڭ يوقۇلىشى زىيان قىلمايدۇ . ئۇنىڭغا ئەگەر باشقا نېئمەتلەر نىسىپ بولۇپ بۇ نېئمەت نىسىپ بولمىسا ئۇكىشى ئانچە كۆپ نېئمىتىم بار دەپ پەخىرلەنمىسىمۇ بولىدۇ. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ھەممىمىزگە شۇ نېئمەتنى مەھرۇم قىلمىسۇن. مانا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك زات ئىككىدىن ئىككىدىن ئاكا ـ ئۇكا(قېرىنداش) بولۇڭلار، مەن الله يولىدا ياخشى كۆرگەن بۇرادىرىم ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ دەپ قۇلىدىن تۇتۇپ مۇنبەردىن چۈشۈپ كەتتى . يەنە تەكرار ئېيتىمەن بۇدەرسىمىز ئالدىنقى دەرسىمىزگە باغلىنىدۇ. ئىخلاس ۋە مۇھەببەت (دوستلۇق) مانا بۇنىڭدىن كېيىن بىز دەرسلىرىمىزنىڭ مەۋزولىرىنى ئېنىق چۈشىنىۋالىمىز. چۈنكى بىز بۇدەرسنى تەكرار سۆزلىمەيمىز .

## 3.دەرس ئىمان ھەققىدە

السلام عليكم ورحمة االله وبركاته

بىرىنجى دەرسىمىز ئىخلاس، ئىككىنجى دەرسىمىز **(الْحب فِى الله وَالْبُغْضُ فِى الله)**الله يولىدا ياخشى كۆرۈش بولغانىدى ئۈچىنجى دەرسىمىز الله خالىسا ئىمان دەرسى بولىدۇ. نىمە ئۈچۈن دەرسىمىزنىڭ ئەۋۋىلى ئىمان دەرسى بولىدۇ؟ چۈنكى **الله**

**سبحانه** وتعالا **رسول الله صلى الله عليه و سلم** گە خىتاب قىلىپ:

{( قُلْ مَا يَعْبَأُ بِكُمْ ربي لَوْلا دُعَاؤُكُمْ فَقَدْ كذَبْتُمْ فَسَوْفَ يَكُونُ لِزَامًا) (77)

‹ئەي **محمدعليه السلام**، كىشىلەرگە ئېيتىڭ ، ئەگەر ئىمانىڭلار بولمىسا رەببىم سىلەرنى قەتئىي ئېتىبارغا ئالمايدۇ. «(ئى كافىرلار! پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدىڭلار،(ئاخىرەتتە سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولىسىلەر › »

دېمەك بىز بەندىلەر **الله سبحانه** وتعالا نىڭ ئېتىبارىغا ئىمان سەۋەبلىك كىرىمىز، ئەگەر بۇ ئىمان بولمايدىغان-نەئۇزۇبىللاھ (اللەدىن پاناھ تىلەيمىز) - بولسا **الله** نىڭ ئېتىبارىدىن چىقىمىز، ئەگەر ئىنسانىنىڭ ئېتىبارى دۇنياۋى زىننەت ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن بولسا مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا خۇسۇسەن كۇفۇر دىيارىدا كاپىرلارنىڭ بۇنەرسىدە ئۈستۈن ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر، لېكىن **الله سبحانه** وتعالا جانابى رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇكىشىنىڭ

ئەتراپلىرىدىكى يىغىلغان ساھابىلەرگە ۋە پۈتۈنلەي قىيامەتكىچە بۇكىشىنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغان ئىمانلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن مەدىنىدىكى مۇناپىقلار ۋە ئەتراپتىكى باشقا كاپىر ھۆكۈمدارلار ھەممە ساھادە بەلەن ئىدى. تەييارلىقى بەلەن ئىدى. دۇنياۋى جەھەتتە بەلەن ئىدى، ھەربىر ساھەدە بېلەن ئىدى . لېكىن الله سبحانه وتعالا رەسۇل س ئە ۋ نىڭ ساھابىللىرىگە

**{ وَلاَ تَهِنُوا وَلاَ تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُؤْمِنِينَ}**

(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار،شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار .ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلىك قازىنىسلەر}

ئىمان سۈپىتىگە ئېگە بولغان جامائەگە **الله سبحانه** وتعالا ئالدىدىكى ھەربىر ساھەدە ئىماندىن باشقا ساھەدە بەلەن بولغان كاپىرلارنىڭ قارشىسىدا ئىماندىن باشقا ساھەدە تۆۋەن

بولغان جامائەگە خىتاب قىلىپ:

(سىلەر ئالى بولغان ھالىتىڭلاردا سۈسلىق قىلماڭلار، غەمكىن بولماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار) دېدى.

دېمەك ئىنسانىنىڭ ئىمان سۈپىتىگە ئىگە بولىشى ئالدىدىكى باشقا ھەممە كىشىلەردىن ئالى ئىكەنلىكىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دەرسىمىزنى ئىماندىن باشلايمىز. دەرسىمىزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئىماندىن باشلايمىزكى بۇ مەۋزۇ ناھايەتتە مۆتىبەر مەۋزۇ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب **رضي الله عنه** رىۋايەت قىلىدۇكى بۇ ئىمان مەسىلىسىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا مۇقەررەپ پەرىشتىلەردىن بولغان جىبرىل **عليه السلام** ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ بىۋاستە ئۆگەتتى . بۇ مەۋزو ناھايىتى زۆرۈر مەۋزودۇر.

ئۆمەرئىبنى خەتتاب رضي **الله** عنه رىۋايەت قىلىدۇكى:

{ عن عمر أن جبريل جاء فسأل النبي صلى الله عليه و سلم عن الإيمان فقال : " أَنْ تُؤْمِنَ بِالله وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشرهِ}

جىبرىل **عليه السلام** پەيغەمبەر**عليه السلام** دىن ئىمان ھەققىدە سوئال سورىدى. پەيغەمبەر**عليه السلام** مۇنداق دېدى : «**الله** قا ۋە **الله** نىڭ بارلىق پەرىشتىللىرىگە ۋە بارلىق كىتابلىرىغا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشىڭ ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىقنىڭ **الله** نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش» دېدى.

يەنى **الله سبحانه وتعالا** ئىمان ھەققىدە كىشىنىڭ بىلىشى شۇقەدەر زۆرۆر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تامامى ئىنسانىيەتكە ئىبەرتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى ئېلىپ كەلگەن كىشىنى ئىمان ھەققىدە سوراتتى. رسولۇللاھ بۇنىڭغا جاۋاب بەردى شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بىز دەرسىمىزنى ئىماندىن باشلايمىز.

دەرسىمىزنى ئىماندىن باشلىشىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى رەسۇلۇللاھ س ئە ۋ ساھابىلارغا تەربىيە قىلىشتا ئەۋۋەل ئىمان بىلەن تەربىيە قىلدى. ۋە بۇ ئىمانغا نۇسرەتنى(ياردەمنى) ۋەدەقىلدى. ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئەمەس **الله سبحانه** وتعالا تەرىپىدىن:

( حقا عَلَيْنَا نُنجِ الْمُؤْمِنِينَ )

**الله سبحانه** وتعالا: (بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەق مۆمىنلەرگە نىجات بېرىش)دېدى.

إنا لَنَنصُرُ رُسُلَنَا الَذِينَ آمَنُوا

(شەك شۈبھىسىزكى بىزپەيغەمبىرىمىزگە ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىمىز)

**الله سبحانه** وتعالا ئىمان سۈيىتىگە ئېگە كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەتفە (باغلىدى) قىلدى. بۇنىڭدىن ھەم ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم بولغان نەرسە **الله سبحانه** وتعالا مۆمىنلەرنى ئالداۋاتقان مۇناپىقلارنى:

( يُخَادِعُونَ الله والّذِينَ آمَنُوا)

(ئۇلار**الله** نى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ)

دەپ **الله** ئۆزىنىڭ لەبزى جالالىگە ئەتفە قىلدى. ئەگەر ئىمان سۈيىتىگە ئىگە بولساق مۇناپىقلار، كاپىرلار، مۇشرىكلار مۇتلەق ئالدىيالمايدىغانلىقىنى **الله** نىڭ «**معيةِ** »(ھەمرالىقى)ئىمان بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى مانا بۇ ئايەتتىن بىلسەك بولىدۇ.شۇنىڭ ئۇچۇن ھەم دەرسىمىزنى ئىماندىن باشلايمىز، يەنە دەرسىمىزنى ئىماندىن باشلىشىمىز ھازىر ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك رسول الله صلى الله عليه و سلم ساھابىلارنى ئىمان بىلەن

تەربىيلىدى. بۇھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ئىمام تەبرانى ئۆزلىرىنىڭ «ئەۋسەت» كىتابىدا سەھىھ سەنەد بىلەن كەلتۈرگەن بىر ئەسەرنى كەلتۈرىمىز. «چۈنكى بىز ئىماننى ئۆگەنمىسەك قۇرئاننى پۈتۈنلەي خەتمە قىلىشىمىز، قۇرئاننى ئۇقۇغانلىرىمىز بىزگە پايدا بەرمەيدۇ. بىزنىڭ هاياتىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئېيتتىكى مەلۇم بىر هاياتىمنىڭ دەۋرىدە ياشىدىم، رسول **الله صلى الله عليه و سلم** نىڭ هۇزۇرىدا بىزنىڭ بىرىمىزگە قۇرئان ئۆگىتىلىشتىن ئىلگىرى ئىمان ئۆگىتىلەتتى، سۈرە **محمد صلى** ﷲ **عليه و سلم** گە ئىماننى ئۆگىنىپ بولغىنىمىزدىن كېيىن نازىل بولاتتى. بۇ سۈرىدە هالال قىلىنغان نەرسە نېمە؟هارام قىلىنغان نەرسە نېمە؟دەرهال ئۆگىنەتتۇق. قەيەردە توختىشىمىز كېرەك ،قەيەردە مېڭىشىمىز كېرەك، مانا بۇنەرسىنى قۇرئان بىزگە تەلىم بېرەتتى. چۈنكى بىز ئىماننى ئۆگەنگەن ئىدۇق. ئەمدى شۇنداق كىشىلەرنى كۆردۈمكى

ئۇلارنىڭ بىرىغا ئىماندىن ئىلگىرى قۇرئان ئۆگىتىلدى. سۈرە فاتىھەدىن ئاخىرقى سۈرىگىچە ئوقۇدى. قۇرئان نېمىگە بۇيرىدى؟نېمىدىن قايتۇردى؟ بىلمىگەن ھالەتتە قۇرئاننى تامام تۈگەتتى. قەيەردە توختاش كېرەك؟ بۇنى بىلمىدى. خۇددى قۇرئاننى **نعوذبالله** (اللەدىن پاناھ تىلەيمىز) ناچار خورمىنىڭ ياخشىسىنى يەپ ناچىرىنى تاشلىۋاتقاندەك قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى تاشلىۋەتتى دېدىلەر.

دېمەك بىزنىڭ ئىماننى ئۆگىنىشىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ تەربىيەلىرىگە مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن دەرسىمىزنى ئىماندىن باشلايمىز. يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئىماندىن باشلايمىزكى قۇرئان دىلىدا نىفاق (مۇناپىقلىق) كېسىلى، شىرىك كېسىلى، كۇفرى كېسىلى بولغان ئادەمگە ھىدايەت بولالمايدۇ. ئىمان سۈپىتى بولغان كىشىلا قۇرئاندىن پايدىلىنالايدۇ. (اللە ساقلىسۇن)

**(قُلْ هُوَللذِينَ آمَنُوا هُدًى وَشِفَاءٌ والَذِينَ لا يُؤْمِنُونَ فِي آذَانِهِمْ وَقْرٌ وَهُوَ عَلَيْهِمْ عَمًى)**

[ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك- شۈبھەگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر. (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر) قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ )]

مانا بۇھەقتە بىز ئىماننى قىسقىچە چۈشەنمەكچى بولساق **الله سبحانه** وتعالا نى رەببىم دەپ (يەنى رەببىم پەرۋىش قىلغۇچى **الله سبحانه** وتعالا دەپ تەن ئېلىپ،ھەقىقىي ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق دەپ )تەن ئالسا،ئىسلامنى دىنىم دەپ (يەنى يولۇم) تەن ئالسا ۋە **محمد صلى الله عليه و سلم** ئەلچى دەپ رازى بولۇپ مۇشۇنى ئىختىيار قىلغان ئادەم ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ.

جىبرىيل **عليه السلام** پەيغەمبەر **عليه السلام** دىن ئىمان ھەققىدە سوئال سورىدى. سورىغان سوئالىغا **محمد س ئە ۋ :**

{ الإيمان  أَنْ تُؤْمِنَ بِالله وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشرِهِ }

دەپ جاۋاب بەردى. **الله سبحانه** وتعالا غا بولغان ئىمان مەناسى نىمە؟ **الله سبحانه** وتعالا غا بولغان ئىمان مەناسىنىڭ بەزى بىر قىسىملىرىغا توختىلىپ ئۆتىمىز.

**الله سبحانه** وتعالا يېگانە ھەق مەئبۇد ، ئىبادەتكە پەقەت **الله سبحانه** وتعالا لايىق، باشقانەرسىلەر ئىبادەت قىلىنىشقا يارىمايدۇ، دەپ تەن ئېلىش **الله سبحانه** وتعالا غا بولغان ئىمانىنىڭ مەنالىرىدىن بىرىدۇر. مەككىدىكى ۋەباشقا جايلاردىكى مۇشرىكلار بىلەن پەيغەمبەر ئوتتۇرسىدىكى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۈممەتلىرى ئوتتۇرسىدىكى كېلىشەلمەسلىك: پەيغەمبەرلەر ‹**الله سبحانه** وتعالا يېگانە مەئبۇد› دىدى. مۇشرىكلار **الله سبحانه** وتعالا دىن باشقا مەئبۇدنى ھەم ئىسپات

قىلىشتى، مانا بۇ ساھەدە زىددىيەت بولدى. پەيغەمبەلەر (ياراتقۇچى **الله** )دىسە، مۇشرىكلار **الله** ياراتقۇچى ئەمەس دېگەن ساھەدە بولمىدى. مۇشرىكلار **الله** نى ياراتقۇچى دەپ تەن ئالاتتى. مۆئمىنلەر ئەلبەتتە **الله** سبحانه وتعالا نى ياراتقۇچى دەپ تەن ئالىدۇ. مۇشرىكلار **الله** **سبحانه** وتعالا نى كائىناتنى ۋە ئىنسانلارنى پەرۋىش قىلىپ تۇرىدۇ، دەپ تەن ئالىدۇ. ئەلبەتتە مۆئمىنلەر **الله** **سبحانه** وتعالا نى پەرۋىش قىلغۇچى دەپ تەن ئالىدۇ. مۆئمىنلەر **الله** نى رىزىق بېرىدۇ، دەپ تەن ئالغىنىدەك، مۇشرىكلار ھەم بۇسۇپەتنى تەن ئالىدۇ، مۇشرىكلار (**الله** ئۆلتۈرىدۇ، **الله** تىرىلدۈرىدۇ)دىيىشىدۇ، ئەمما مۆئمىنلەر بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرسىنى ئاجرىتىپ تۇرغان نەرسە:ـ مۆئمىنلەر يېگانە مەئبۇدقا سېغىنىدۇ. باشقا نەرسىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئەمما مۇشرىكلار بولسا يېگانە مەئبۇدقا باشقا باتىل مەئبۇدلىرىنى قوشۇپ سېغىنىدۇ. مانابۇ نەرسە پەيغەمبەرلەر بىلەن قەۋملەر ئوتتۇرسىدىكى زىددىيەت. كىلىشەلمەسلىك مۇشۇ ساھەدە بولدى. بۇرادەرلەر، ئەگەر بىركىشى **الله** **سبحانه** وتعالا

غا ئىبادەت قىلىپ باشقا نەرسىدىن ۋازكەچمىسە يەنى خاھ پەرىشتە، خاھ جىن،خاھ بىر پەيغەمبەر، خاھ بىر ئەۋلىيا،خاھ بىر قەبرە،خاھ دەرەخ،خاھ تاش،ئاي،ئاپتاپ بىرەر بىرنەرسىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلسا ياكى **الله** بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق نەرسلەر نى ۋاستە قىلسا بۇ كىشى مۇشرىك بولىدۇ. **الله سبحانه** وتعالا بۇنى كەچۈرمەيدۇ. **الله** قا ئىمان كەلتۈرىشىڭىز دېگەن مەنا شۇنى قىسقىچە ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلساق:

أستعيذ ب‌الله

( وَمَا أُمِرُوا إِلاَّ لِيَعْبُدُوا الله مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء)

ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى **الله** قاخالىس قىلغان،ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا(يالغۇز) **الله** غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى}}

(وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالإِنسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُونِ)

(جىنلارنى،ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم)} .

(فَادْعُوا الله مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ)

(دىنىڭلارنى(شېرىكتىن ۋەرىيادىن)ساپ قىلغان ھالدا**الله** غا ئىبادەت قىلىڭلار ،كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ)

( فَاعْبُدِ الله مُخْلِصًا لَّهُ الدِّينَ (2) أَلا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ )

(دىنىڭنى شېرىكتىن(ۋەرىيادىن)ساپ قىلغىنىڭ ھالدا **الله** غا ئىبادەت قىلغىن، بىلىڭلاركى (شىرىكتىن ۋەرىيادىن) ساپ دىن **الله** غا خاستۇر.)

بۇئايەتلەر ھەممىسى شۇنى بىلدۈرىدۇكى يەككە **الله** قائىبادەت قىلىش **الله** قا ئىمان كەلتۈرىشنىڭ مەناسىدۇر.

( فإن حق الله على العباد أن يعبدوه ولا يشركوا به شيئا)

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز محمد س ئە ۋ ئېيتتىكى:

« شۈبھىسىزكى **الله** نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى، بەندىلەر **الله** قا ھىچ بىرنەرسىنى شىرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىدۇر.»

مانا بۇ **الله** **سبحانه وتعالا** غا بولغان ئىمان مەناسىنىڭ بەزى قىسمىدۇر. (2)

وَمَلاَئِكَتِهِ.

مۇسۇلمان كىشى **الله** نىڭ پەرىشتىللىرى بار دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. **الله سبحانه** وتعالا بۇ پەرىشتىلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقان ۋە **الله سبحانه** وتعالا بۇ پەرىشتىلەرنى:

(عباد مكرم)

ھۆرمەتلىك بەندىلەر..

دەپ سۈپەتلىگەن. **الله** قا بىرەر سۆزنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشمايدۇ، **الله** نىڭ بۇيرىقىنى قىلىشىدۇ. **الله سبحانه** وتعالا بۇپەرىشتىلەرنى. بىر نەچچە خىل ياراتقانلىقىغا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە ھەدىس مۇبارەك ئىشارە قىلىدۇ. بەزىللىرى ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشى، بەزىللىرى جەننەت پاسبانلىرى (كۈزەتچىللىرى)، دوزاخ پاسبانلىرى، بەزىللىرى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ساقلايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. **الله سبحانه** وتعالا

بەزىلىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئالدى، جىبرىل ۋە مىكائىل بۇ ئۇلۇغ پەرىشتىلەر ھەممىزگە مەلۇم . مالىك بۇ دوزاخ پاسبانى (كۆزەتچى) بولغان پەرىشتىنىڭ نامى مالىك ئىكەنلىكىنى قۇرئاندا الله سبحانه وتعالا ياد قىلدى. مۇسۇلمان كىشى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتەناملىرى تىلغا ئېلىنغان پەرىشتىلەرنى تەستىق قىلىدۇ. ۋە بۇ پەرىشتىلەرنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس بايان قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. بۇ مۇئمىن كىشىنىڭ الله نىڭ پەرىشتىللىرىگە ئىمان كەلتۈرىش مەناسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ھەدىس شەرىفتە:

( خُلِقَتِ الْمَلاَئِكَةُ مِنْ نُورٍ وَخُلِقَ الْجَانّ مِنْ مَارِجٍ مِنْ نَارٍ وَخُلِقَ آدَمُ مِمَا وُصِفَ لَكُمْ)

(پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان، جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلغان، ۋە ئادەم عليه السلام ئۆزۈڭلارغا مەلۇم بولغان تۇپراقتىن يارىتىلغان)

دېگەن ھەدىس شەرىف بار. بۇنى مۇئمىن كىشى تەستىق قىلىدۇ.(3)

وَكُتُبِهِ

الله نىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرىمىز. يەنى الله سبحانه وتعالا ئىنسانىيەت تارىخىدا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، ۋە بۇ پەيغەمبەرلەرگە بەزى كىتابلارنى چۈشۈردى، بەزىللىرىنى ئۆزىنىڭ قۇرئانىدا ياد قىلدى. تەۋرات، ئىنجىل زەبۇر، قۇرئان ئاخىرقىسى ۋە بۇكىتابلارنىڭ ئەبزىلى ۋە ئىلگىر كىتابلارنىڭ ھۆكمىنى مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان) قىلغۇچى مۇقەددەس كىتاب دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. يوقىرىدىكى ئېيتىلغان كىتابلارنى الله سبحانه وتعالا ئىنسانىيەتكە ھىدايەت، رەھمەت، ۋە ھەربىر نەرسىنىڭ بايانى قىلىپ ۋە ھاياتنىڭ ھۆكمى قىلىپ چۈشۈرگەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. ۋە ئۆتكەن كىتابلارنىڭ ھەققىدە تەۋرات، ئىنجىلدىن بىرەر كەلىمىنى كەلتۈرسە (الله

تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئىمان كەلتۈردۇق) دەيدۇ . باشقا سۆزنى ئېيتمايدۇ. تەۋرات،ئىنجىلدىن بىرەر كەلىمىنى كەلتۈرسە ياكى يالغان دېمەيدۇ ياكى راست دېمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئۆتكەن كىتابلار ھەممىسى ئەھلى كىتابلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن. قەيەر ئۆزگەرتىلگەنلىكى بىزگە نامەلۇم. ئەگەرناتوغرا جايدا تەستىقلاپ قويساق بۇ ھەم خاتا بولىدۇ. توغرا جايدا يالغان دەپ قويساق بۇخاتا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز **الله سبحانه** وتعالا تەرىپىدىن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرىمىز دەيمىز. قۇرئان كەرىم ھەممە ئۆتكەن كىتابلارنى مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) قىلغان دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. قۇرئان كەرىم ھەققىدە يەنە توختىلىپ ئۆتىمىزكى، قۇرئان كەرىم ئاخىرقى پەيغەمبەر **محمد صلى الله عليه و سلم** گە نازىل قىلىندى. قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن چۈشۈرۈلدى، قۇرئان كەرىمنى ھاياتنىڭ ھۆكمى قىلىپ چۈشۈردى. **الله سبحانه** وتعالا قۇرئان كەرىمنى كىم مەھكەم تۇتۇپ ماڭسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ

سائادىتىگە(بەختكە) ئېرىشىدۇ دېدى،كىم قۇرئاننى ئارقىغا تاشلىسا دۇنيادىكى بەختسىزلىك، ۋە ئاخىرەتتىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن بەختسىزلىككە لايىق بولىدۇ. مانا بۇخەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىز تەستىق قىلىمىز. قىيامەت كۈنىگە بولغان ئىمان **الله سبحانه** وتعالا (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىسىلەر)دەپ ۋە تىرىلگەندىن كېيىن ھېساب بېرىش، قىيامەتتە ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخقا بۆلىنىش ۋە قىيامەت ھەققىدە **الله سبحانه** وتعالا نىڭ قۇرئانىدا ۋە م**سبحانه** وتعالا نىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە بولغان خەبەرنى تەستىق قىلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنكى قەبرە ئىمتىھانى،قەبرە ئازابى ۋە قەبرىدىكى نېئمەت ۋە قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان دەھشەت ۋە قاتتىقلىقلار، سىرات، مىزان، ھېساب، جازا ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا كىتابلارنى(ياخشى - يامان ئەمەللىرى يېزىلغان كىتاب) بەزىلەر ئوڭ قولىدا ۋە بەزىلەر ئارقا ياكى سول تەرەپتىن ئېلىشنى مۇئمىن كىشى تەستىق قىلىدۇ. مۇئمىن كىشى **الله** ۋە رەسۇلى تەرەپتىن كەلگەن قۇرئان ۋە ھەدىسنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەقلىنى بۇ قۇرئان ۋە

ھەدىسكە ھاكىم قىلمايدۇ. مۇئتەزىلە تائىفەسى ئەقلىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ خاتا قىلىپ ئاداشتى، ئۇلار قايسى بىرنەرسە ئەقلىگە توغرا كەلمەسلىكى بىلەن ئىنكار قىلدى. مىسال قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا ئۇلار مىزاننى ئىنكار قىلىشتى. مىزان تارازا ئۆلچەش ئەسۋابى. بۇنى ئىنكار قىلىشتى ،چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەۋرىدە ئىككى پەللىسى بار تارازىنى كۆرۈشۈپ بۇ ئەمەللەر بىر ماددى بىرنەرسىمىكەن، پەللىگە قۇيۇپ تارتىلىدىغان دەپ ئەقلىلىرىگە بۇ مىزان توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مىزاننى ئىنكار قىلىشتى. بىز الله **سبحانه** وتعالا نىڭ مىزان ئۆلچەم ئەسۋابىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز. ئەمما بۇنى تەستىق قىلىمىز. بىر ئادەمنىڭ ئەقلىگە بىر نەرسە توغرا كەلمەسلىكى بىلەن مۇتلەق ئەقلىگە توغرا كەلمەيدۇ، دېيىش ناھايىتى چوڭ خاتالىقدۇر، بەلكى ئۆز ئەينى ئەقلسىزلىك. چۈنكى بىر ئىنسان ئەگەر بىر نەرسە ئەقلىگە توغرا كەلمىسە، ئۇ كىشى مېنىڭ ئەقلىمگە توغرا كەلمىدى دېيىشى كېرەك . ‹ئەقلىگە توغرا كەلمەيدۇ، دېگەن گەپنىڭ مەناسى ئالەمدىكى› پۈتۈن ئەقىل

ماگا توپلانغاندا، بۇ ئەقىلگە توغرا كەلمەيدى› دېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. دەۋرلەرئۆتىشى بىلەن مىزان ـ ئۆلچەم ئەسۋابى: قانىنىڭ بېسىمىنى ئۆلچەش، هاۋا بېسىمىنى ئۆلچەش، بۇ بىر پەللىگە موهتاج بولمىدى. بىز ئېتىقاد قىلىمىزكى **الله سبحانه** وتعالا هەربىر نەرسىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب يارىتىدۇ. بۇ ئەهۋالىمىزغا قاراگىغۇ، قانداق ئەهۋالدا ئىكەنلىكىنى بىز بىلمەيمىز. لېكىن **الله** سبحانه وتعالا ئۆلچەم ئەسۋابىنى ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى كۆرستىش ئۈچۈن يارىتىدۇكى ئۇنىڭ قانداق ئەهۋالدا ئىكەنلىكى بىزگە قاراگىغۇ شۇ مىزاننى بىز تەستىق قىلىمىز ئەقىل كەلگۈسى دەۋردە توغرا هەل قىلىدىغان بولساق قۇرئان ۋە هەدىسكە ئۇناپ (قوشۇلۇپ)قالىدۇ.

بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ

قەدەرگە ئىمان كەلتۈرىمىز. يەنى **الله سبحانه** وتعالا هەربىر نەرسىنى مىقدار بىلەن ياراتتى **الله سبحانه** وتعالا ياخشىلىقنى

ۋە يامانلىقنى ياراتتى . قەدەرگە ئىمان كەلتۈرىمىز ،قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە بۇيرۇلغان نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرىمىز ۋە قىلىشقا بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى قىلىمىز.

مىسال قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا شۇ ئولتۇرىشىمىزنى مىسال قىلساق، ئېھتىياق بولۇشقا بۇيرىدى. لېكىن **الله** بىزلەرنىڭ ئېھتىياق بولماسلىقىمىزنى بىلىپ تۇرسا ھەم ئېھتىياق بولۇشقا بۇيرىدى. بىز **الله سبحانه** وتعالا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان نەرسىگە ئىمان كەلتۈرىمىز، ۋەشۇنىڭ بىلەن ئېھتىياق بولۇشقا بۇيرىدى دەپ بۇنەرسىنى بىجىرىشكە ھەرىكەت قىلىمىز. ھەربىر نەرسىنى بىز شۇنداق چۈشىنىشىمىز كېرەك، يەنى بەزى نەرسىلەرگە **الله سبحانه** وتعالا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. بەزى نەرسىلەرنى بېجىرىشكە بۇيرىدى. ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان نەرسە بىلەن بىجىرىشكە بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئارلاشتۇرۇۋېلىشىمىزدىن بىزدە بەزى نەرسىلەرگە خاتاچۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز **الله سبحانه** وتعالا ئىمان

كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرىمىز ۋە بىجىرىشكە بۇيرۇغان نەرسىلەرنى بىجىرىمىز. **الله سبحانه** وتعالا پەرزەنتىمىزنى ئىلىم ئۆقۇشقا رىغبەتلەندۈرىشىمىزنى بۇيرىدى. ئەگەرچە **الله سبحانه** وتعالا پەرزەنتىمىزنىڭ ئىلىم ئۆقۇشقا ئۇنىماسلىقىنى بىلسە ھەم ناماز ئۇقۇشقا تەرغىب قىلىشقا بۇيرىدى. ئەگەرچە شۇ پەرزەنتىنىڭ ناماز ئۇقىماسلىقى مۇقەررەر بولسا ھەم.ھىدايەت **الله سبحانه** وتعالا نىڭ ئۆزىگە خاس لېكىن **الله سبحانه** وتعالا بىزنى بۇيرۇشقا ،دەۋەتنى يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى. ئەگەر ھىدايەت ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىدا بولغىنىدا ھەممە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنى توغرا يولغا كىرگۈزۋالغان بولاتتى.

( إِنَّكَ لا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ الله يَهْدِي مَن يَشَاء)

(شۈبھىسىزكى سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن **الله** ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ)

قاچانكى ئىنساننىڭ قەلبىدە ھىدايەتكە بولغان قىزىقىش بولماسىكەن **الله سبحانه** وتعالا ئۇنى ھىدايەت قىلماسلىقنى خالايدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسان بولۇشىنى خالىدى، يەنى ئىنسان ھىدايەتنى ۋە زالالەتنى ئۆز ئىختىيارى ،مېھنىتى بىلەن قوبۇل قىلىپ ئېلىشىنى **الله سبحانه** وتعالا ا خالىغان. ئىنساننىڭ بىر باسما خانىدىن چىققان بىر كىتاب بولۇشىنى خالىمىدى.

( وَلَوْ شَاء لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ)

(مۇبادا **الله** خالىسا ئىدى سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا سالغان بولاتتى)

ئەگەر **الله** خالىغىنىدا ھەممەيلەننى بىرخىل باسمىخانىدىن چىققان كىتابتەك قىلىپ ھىدايەتلىك قىلىپ ياراتقان بولاتتى. لېكىن ئىنساننىڭ ئىنسان بولۇشىنى خالىدى. ئىنساننى ئىختىيار

سۆيگىنى بىلەن ھۆرمەتلىك قىلدى. ئىختىيار سۆيگىنى ئىنساننىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغان يالغۇز سۆيگىنىدۇر. بۇ سۆيگەننى ھېچقايسى بىر مەۋجۇداتقا بەرمىدى. لېكىن ئىنسانغا بەردى.

( وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ )

(شەك شۈبھىسىزكى بىزئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق.)

مانا مۇشۇ (ئىختىيار ) بىلەن ھەقىقىي ھۆرمەتلىك بولۇش دېگەن: ئىنسان بىرنەرسىنى خالىسا قىلالايدىغان بولۇش، خالىمىسا قىلماسلىقى ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن ئەمدى ئەڭ ھۆرمەتلىكلىكىگە سەۋەب بولغان ئىختىيار بىلەن (بەدبەخ) بولۇش ناھايىتى چوڭ شەرمەندىلىكتۇر. ئىمان مەسىلىلىرى ئىچىدە شۇنى تەكرار قىلمىزكى مۇئمىنلەر بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق: مۇئمىنلەر پەقەت ﷲ قا ئىبادەت قىلىپ باشقا نەرسىدىن ۋاز كېچىدۇ.مۇشرىكلارنىڭ

بەزىللىرى **الله** قا ئىبادەت قىلماي پەقەت **الله** دىن باشقىغا ئىبادەت قىلسا، بەزىللىرى **الله** قا ھەم ئىبادەت قىلىپ باشقا نەرسىگە ھەم ئىبادەت قىلىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ بەزى تۈرلىرى **الله** بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا باشقا نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىدۇ. يەنى يىگانە **الله** قا ئىبادەت قىلىشتا ئوتتۇردا ۋاستە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشرىك بولدى.مانا بۇ ناھايىتى كۆپ ئادەملەر شىرىككە چۈشۈپ قالىدىغان شەكىلدۇر. كىشىلەر ئالدىنىدىغان شەكىل شۇدۇر.

**الله سبحانه** وتعالا ئۇلۇغ، مەن ئاجىزمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئۇلۇغ زاتقا مەندەك ئاجىز كىشى، ئۇلۇغراق بىر پەرىشتىنى ياكى ئۇلۇغراق بىر كىشىنى، ياكى كۆزىگە ئۇلۇغ دەپ كۆرۈنگەن تاغنى، ياكى ئاپتاپنى ياكى دەرەخنى، يا بىرتاشنى ۋاستە قىلىشى. بۇ ناھايەتتە شىرىكنىڭ ئەينى ئۆزى بولىدۇ. **الله سبحانه** وتعالا مۇشرىكلارنىڭ باھانىللىرىنى بايان قىلغاندا:

(مَا نَعْبُدُهُمْ إِلاَّ لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللهِ زُلْفَى)

(بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنىشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى **الله** غا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر)

نېمەئۈچۈن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىۋاتىسىلەر؟دېگەندە: ئۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرى ياسىۋالغان بۇتلىرىنى رىزىق بېرىدۇ دېيىشمەستى. پايدا زىيان يەتكۈزىدۇ دېيىشمەستى، ئۇلار ياخشى بىلەتتى. لېكىن بىز بىلەن **الله** ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولىدىغان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىشەتتى. ۋەد، سۇۋائ ، يەغۇس، يەئۇق، نەسر، بۇلار ھەممىسى نوھ **عليه السلام**نىڭ قەۋمىدە ئۆتكەن سالىھ كىشىلەر(والله أعلم الله **ئالىم)**كېيىمدە نىجات تاپقان ئۇلۇغ كىشىلەرنى سۆرەتلىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن **الله** **سبحانه** وتعالا ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ سۆرەتلىرىنى سىمۋول قىلىپ ئۆزلىرى بىلەن **الله** نىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنى مۇشرىك دەپ

ئاتىدى. ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولدى. ۋەئۇلار بىلەن قىلىنغان جىهادنى ئىسلامى جىهاد دىيىلدى. بۇلارنى ئۆلتۈرگەنلەر غازى(الله يولىدا جىهادقىلغۇچى) بولدى. بۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر شەهىت دەپ ئاتالدى. رسول الله صلى الله عليه وسلم نىڭ 23يىل ئاساسى ئەمەللىرى شۇ شىرىك بىلەن كۈرەش قىلىش بولدى. هازىرقى ئېتقىنىمىز شىرىك مەنالىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ سائەتتە بىز شىرىكنىڭ بەزى نەرسىللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.ئىسلامنى سۇندۇرىدىغان، مۇسۇلمان كىشىنى ئىسلامنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويىدىغان بەزى بىر نەرسىلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز(شىرىك) بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى:

( لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ)

(ئەگەر سەن الله غاشېرىك كەلتۈرسەڭ،سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ)

شىرىك ئەملى سادىر بولغان ئادەمنىڭ ئەملى بىكار بولۇشىدا شەك .شۈبهە يوق. **الله سبحانه** وتعالا كائىناتتىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى ررسول **الله** صلى الله عليه وسلمگە خىتاب قىلىپ:

(ئەگەر سىز شىرىك كەلتۈرسىڭىز، ئەمىلىڭىزنىڭ بىكار بولىشىدا شەك شۈبهە يوق )دېدى

(وَلَوْ أَشْرَكُواْ لَحَبِطَ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَعْمَلُونَ)

(ئەگەرئۇلار(يەنى پەيغەمبەرلەر)شېرىك كەلتۈرسە ئىدى ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ،ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى.)

ئىسلامنىڭ سىپىدىن چىقرىپ قويغۇچى ئەمەللەردىن بىرسى مانا **الله** نىڭ ئىبادىتىدىكى شېرىك. **الله** سبحانه وتعالا:

(إِنّ الله لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاء )

( الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلىشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغفىرەت قىلىدۇ)

( إِنَّهُ مَن يُشْرِكْ بِالله فَقَدْ حَرَّمَ الله عَلَيهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ)

(كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن(يەنى الله دىن غەيرىگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن) الله ئۇنىڭغاجەننەتنى هارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دەۋزەخ بولىدۇ. زالىملارغا هېچبىر مەدەتكار(يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ.)

ئىككىنجىسى:شىرىكنىڭ ئىسلامغا زىت بولغان نەرسلەردىن بىرى ئۆزى بىلەن الله ئوتتورسىدا ۋاستە قىلغان: دۇئا قىلىدۇ،بىرنەرسە سورايدۇ شاپائەتنى سورايدۇ. ۋەتەۋەككۇل

قىلىدۇ. شۇنەرسىلەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ. بىرەر ئىشتىن ئەنسىرەپ قالسا هازىرقى ئېيتىلغان نەرسىلەرنىڭ بىرىگە تەۋەككۇل قىلىپ چىقىپ كېتىۋېرىدۇ. يابىر ئىشنى قىلىۋېرىدۇ ئەگەر ئۆزى بىلەن **الله** ئوتتورىسىدا دۇئا قىلىدىغان، تەۋەككۇل قىلىدىغان، شاپائەت سورايدىغان، ۋە بىرەر نەرسىنى نەزىر قىلىدىغان ۋە بىرەر نەرسىنى سويىدىغان،نەرسىنى ۋاستە قىلسا بۇئادەمنىڭ مۇشرىك بولۇشىدا شەك شۇبهە يوق.

ئۈچىنجىسى، مۇشرىك ئادەمنى كافىر دىيەلمىسە ياكى مۇشرىكنىڭ مۇشرىكلىكىدە شەك قىلسا بۇنىڭ هەم كافىر بولۇشىدا شەك شۇبهە يوق. چۈنكى **الله سبحانه** وتعالا (كافىر بولدى) دېدى. **(نعوذ بالله الله** دىن پاناھ تىلەيمىز) **الله** نىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. بىر ئەمەلنى قىلسا كاپىر بولىدىغان بولسا شۇنى ئېنىق كۆرىشى بىلەن بۇئادەم شۇ ئەمەل بىلەن (كاپىر بولدى)دەيدۇ.شۇنىڭغا شەك قىلىدىغان بولسا ياكى ئىنكار قىلسا بۇنىڭ هەم **الله** نىڭ سۆزىنى ئىنكار

قىلغانلىقى ئۈچۈن كاپىر بولۇشىدا شەك شۈبهە يوق.

تۆتىنجىسى پەيغەمبەرىمىز رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ يولىدىن باشقا يول مۇكەممەلراق دىسە ياكى رسول **الله** صلى الله عليه وسلم دىن باشقىنىڭ هۆكمى رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ هۆكمىدىن ياخشىراق دىسە، **الله** نىڭ هۆكمىنى، رسول **الله** نىڭ هۆكمىنى باشقىلارنىڭ هۆكمىدىن تۆۋەن بەلكى قالاقلىق دىسە كاپىر بولۇشىدا شەك شۈبهە يوق.

بەشىنجىسى رسول **الله** صلى الله عليه وسلم ئېلىپ كەلگەن يولنى يامان كۆرسە، **الله** چۈشۈرگەن نەرسىنى يامان كۆرسە بۇنىڭ كاپىر بولۇشىدا شەك شۈبهە يوق.

( ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَرِهُوا مَا أَنزَلَ الله فَأَحْبَطَ أَعْمَالَهُمْ)

(بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى،ئۇلار **الله** نازىل قىلغان كىتابنى(يەنى

قۇرئاننى) يامان كۆرۈش بىلەن  ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى )

چۈشۈرگەن قۇرئاننى يامان كۆرسە، **رسول الله صلى الله عليه و سلم** ئېلىپ كەلگەن يولنى يامان كۆرسە، بۇ ئادەمنىڭ كاپىر بولۇشىدا شەك شۈبهە يوق. ئەمىلى شۇ سائەتتە بىكار بولىدۇ.

ئالتىنچىسى رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ دىنىدىن بىرەر نەرسىنى **الله سبحانه** وتعالا موئمىنلەرگە قىلغان ساۋاب ۋەدىسىنى، كاپىرلارنى قورقۇتقان ئازاب ۋەدىسىنى مەسخىرە قىلسا، **الله** نى **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى، رەسۇلىنى مەسخىرە قىلسا كاپىر بولىشىدا شەك شۈبهە يوق.

( قُلْ أَبِاللهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنتُمْ تَسْتَهْزِؤُونَ لاَ تَعْتَذِرُواْ قَدْ كَفَرْتُم بَعْدَ إِيمَانِكُمْ  لاَ تَعْتَذِرُواْ قَدْ كَفَرْتُم بَعْدَ إِيمَانِكُمْ)

(بۇ مۇناپىقلارغا>سىلەر **الله** نىڭ دىنىنى ، **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابنى)ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟<دېگىن سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ)ئۆزرە ئېيتماڭلار،سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن(پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كافىر بولدۇڭلارمۇ؟)

شۇنىڭ ئۈچۈن **سبحانه** وتعالا نىڭ سۈننەتلىرىنى مەسخىرە قىلىشتىن ئېھتىيات بولۇشى كېرەك ،بۇرادەرلەر! .ئەگەرچە ئۆزى قىلمىغان بولسا ھەم مەسخىرە قىلىپ قويۇشتىن، ماددى پەلسەپىنىڭ تەسىرى ئاستىدا كۆزىگە رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ سۈننەتلىرى سەت كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات بولماقلىقى كېرەك.بىرەر كىشى مىسۋاك تۇتىۋاتقان بولسا(مىسۋاك تەكىتلەنگەن سۈننەت) ئەگەر شۇ مىسۋاكنى ئاغزىغا ياغاچ ياكى باشقا نەرسىنى مىسۋاك قىلغاندەك قىلىپ مەسخىرە قىلىشتىن ئېھتىيات قىلماقلىقى كېرەك. باشقا سۈننەتلەرنى ھەم ئۆزىنىڭ سۈننەتلەرنى قىلمايۋاتقانلىق نوقسانى ھەققىدە ئويلانسۇن.

باشقا ئادەمنىڭ قىلۋاتقان سۈننىتىنى مەسخىرە قىلىشتىن ئېهتىيات قىلىڭ. پەيغەمبەرىمىز رسول **الله** صلى الله عليه وسلم بۇيرۇغان سۈننەتلەردىن:

( لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم بالسواك عند كل صلاة ولأخرت صلاة العشاء الى ثلث الليل)

(ئۈممىتىمگە ئېغىرچىلىق تۇغدۇرۇپ قويماي دېمىسەم.ئەلۋەتتە ئۇلارنى هەربىر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە ۋەخۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تۈگىگەندە ئوقۇشقا بۇيرۇيتتىم.)

دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئۆلىمالار (سۈننەتنى مەسخىرە قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولۇشىدا شەك شۈبهە يوق) دەپ تەپسىر قىلىشقان. بەزىلەر ئېهتىيات قىلىپ

نى پەيغەمبەر ھەققىدە بولدى دېيىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىيات قىلماقلىقىمىز كېرەك  بۇرادەرلەر، چۈنكى بىز ئىسلامنى مەسخىرە قىلىدىغان تۈزۈمدە ئۆستۇق. بىزدە بۇ زەھەرنىڭ تەسىرى بار بۇرادەرلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز**صلى الله عليه و سلم** نىڭ بىز ئاتىلىرىمىزدا كۆرمىگەن سۈننەت ياكى باشقا نەرسىنى سەھىھ ھەدىسلەردە كەلتۈرۈلگەن سۈننەتنى مەسخىرە قىلىشتىن ناھايىتى بەك ئېھتىيات قىلماقلىقىمىز كېرەك. ھاياتىمىزنىڭ ھەممىسى خاتادىن تەشكىل تاپقان. ئۆزىمىزنىڭ خاتالىرىمىزنى ھېسابقا ئېلىشىمىز ئۆزى يېتىدۇ. بۇ ئەقىدىۋى مەسىلىدۇر.

يەتتىنچىسى سېھىر- سېھىر قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇشىدا شەك شۈبھە يوق. ۋە شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىسستىما ۋە سوۋۇتما، يامان كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرستىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىنىپ جىنكەشلىك ياكى غەيبى يوللار بىلەن

ھەرخىل مانا سېھىرگەرلەر قىلىدىغان يوللار بىلەن قىلىش بۇ كۇفرىدۇر.

( وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولاَ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلاَ تَكْفُرْ)

(بۇ ئىككى پەرىشتە)بىزكىشىلەرنى سىنايمىز،كافىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتى)

مانا مۇشۇ ئايەت بىزگە دەلىل بولىدۇكى سېھىرنىڭ كۇفرىلىقىدا شەك شۇبھە يوق.

سەككىزىنجىسى مەجبۇرلانماستىن ئاشكارا ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇسۇلمانىنىڭ زىيىنىغا مۇشرىكلارغا ياردەم بېرىش،مۇسۇلمان كىشى زىيانىغا ئۇچرايدىغان سۈرەتتە مۇشرىكقا، كافىرغا ياردەم بېرىش بۇكۇفۇردۇر. بۇرادەرلەر:

﴿ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللهَ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾

(كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن،ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، **الله** زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ)

توققۇزىنجىسى بەزى كىشلەرگە **محمدعليه السلام** نىڭ شەرئىتىدىن چىقىش مومكىن دەپ ئېتىقاد قىلسا (شەرئەتكە بويسۇنمىسا بولىدۇ دىگەندەك) (**نعوذبالله الله** دىن پاناھ تىلەيمىز)كافىر بولىدۇ. يەنى بەزى ئادەملەر بىر مۇقامغا يەتسە ئۆزرىسىز ناماز ئۇقىماي تۇرسا بولۇۋېرىدۇ. ياكى روزىنى تۇتماي تۇرسا بولۇۋېرىدۇ دىسە شۇنىڭدەك ررسول **الله** صلى الله عليه وسلمنىڭ شەرئەتىدىن تاشقىرغا چىقىش مومكىن دەپ ئېتىقاد قىلسا بەزى كىشگە نىسبەتەن مومكىن دىسە، مانا كۆپراق ئۇمۇمى خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرسىدا بۇكىشى يېتىشكەن ۋەلىيۇللاھ (**الله** نىڭ دوستى ) دەرىجىسگە بارغان. بۇكىشى ئەمدى شەرئەتنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى قىلمىسا بولۇۋېرىدۇ. دىسە كاپىر

بولىدۇ. رسول **الله** صلى الله عليه وسلم ۋە ساھابىلەر ئەڭ كاتتا ۋەلىيۇللاھ شۇلار. بۇلارنىڭ دەرىجىسىگە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. كېيىنكى كىشىلەر ئۇ ساھابىلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇلارغا مومكىن بولمىغان نەرسە نېمە ئۈچۈن بۇلارغا مۇمكىن بولىدۇ. ئونىنجىسى ،**الله** نىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈش. بۇ ئىسلامغا زىتتۇر بۇرادەرلەر،**الله** نىڭ دىنى ئەسكە سېلىنسا باش تارتسا بۇنى **الله** **سبحانه** وتعالا دىنسىز لاردىن دەپ ئاتىدى.

( وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِآيَاتِ رَبِّهِ ثُمَّ أَعْرَضَ عَنْهَا إِنَّا مِنَ الْمُجْرِمِينَ مُنتَقِمُونَ)

(پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز)

**الله** **سبحانه** وتعالا كىمدىن ئىنتىقام ئالىدۇ، ئەلبەتتە دىنسىز ئادەمدىن ئىنتىقام ئالىدۇ. ھازىر ئىنساننى ئىسلامدىن چىقىرىپ

قويغۇچى 10 نەرسىنى ئېيتتۇق. بۇنى بىراۋ چاقچاق قىلىپ دىسەھەم پەرقى يوق جىددى دىسە ھەم پەرقى يوق ،قورقۇپ دىسە ھەم پەرقى يوق، لېكىن مەجبۇرلانغان كىشى ئۇنداق ئەمەس. ئەممار ئىبنى ياسىر ھەققىدىكى ھىكايىنى ۋە بۇ ھەقتە نازىل بولغان ئايەتنى ھەممىمىز بىلىمىز. مەجبۇرلىنىشنىڭ مەناسىنى ھەم بىلىپ قويىشىمىز كېرەك . رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلىسەن. مەسخىرە قىلمىغانلار جازالىنىدۇ دىسە ئۇ مەسخىرە قىلسا مەجبۇرلانغان بولمايدۇ. مەسخىرە قىلمىدىڭ دەپ زەربە بېرىپ، كۆپ كالتەكلەر يەپ، بىھۇش بولۇپ،شۇنداق ھالەتلەرگە چۈشكەندىلا ئاندىن مەجبۇرلانغان دېيىلىدۇ. ئۇ جازالىمىغان نەرسىنى مەجبۇرلانغان دېيىلمەيدۇ. مەن مەجبۇرلىنىپ قالدىم دەپ مەجبۇرلانغان ئادەم شۇمەجبۇرلىنىش جازاسىنى تارتىپ قاتتىق ئازابنىڭ ئىچىدە قالغاندا مانا ئەممار ئىبنى ياسىرغا رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نى كەمستىسەن دەپ ئاتا-ئانىسىنى شەھىت قىلدى. ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزلىرى بىھوش بولۇپ قالىدىغان دەرىجىگە

قالدىكى تىلىدىن چىقىۋاتقان سۆزنى هوشىغا كېلىپ قارسا رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نى كەمسىتىۋاتقان ئىكەن. شۇندا قانداق رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ يۈزىگە قارايمەن دەپ شۇ هالەت بولغاندا (مەجبۇرلانغان مۇستەسنا) دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

بىز تېخى بولمىغان، كۆرۈنمىگەن نەرسنى بۇ هېلى تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا ئۆچكىنى ئاسماندا كۆر دىگەندەك يوق نەرسىنى كۆپتۈرۈپ مەجبۇرلىنىپ قالدىم دەپ بۇنداق قىلىش مەجبۇرلىنىش ئەمەس بۇرادەرلەر. مانا بۇ بىزنىڭ دەرسىمىزنى ئىماندىن باشلىشىمىزغا سەۋەب بولغان نەرسە: ئىمان **الله سبحانه** وتعالا نىڭ هوزۇرىدا هۆرمەتكە ئېگە بولۇشقا سەۋەبتۇر.ئىمان ئىسلامنىڭ ئاسا سىدۇر ۋە رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ تەربىيەلىرىدىكى ئاساسى يۆنىلىشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى شۇ بولغان:

(عبد الله بن عمر : تعلّمنا الإيمان، ثم تعلمنا القرآن )

مانا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ سۆزلىرى:

(ئىماننى ئۆگەندۇق كېين قۇرئاننى ئۆگەندۇق).

ئەگەر كىشىدە ئىمان بولمىسا قۇرئان ئۇنىڭغا ھىدايەت بولالمايدۇ.

(قُلْ هُوَ لِلَّذِينَ آمَنُوا هُدًى وَشِفَاء )

(ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە(دىللاردىكى شەك شۈبھەگە)شىپادۇر)

كىشى ئىمانغا ئىگە بولغاندىن كىيىن قەلبتىكى نىفاق ،كۇفۇر،شىرىك كېسەللىرىگە **الله سبحانه** وتعالا قۇرئاننى شىپا قىلىدۇ، رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ تەلىملىرىنىڭ ئەۋۋىلى ئىمان بولغانلىقى ئۈچۈن ھەم دەرسىمىزنىڭ ئىخلاس ۋە

مۇھەببەت دەرسىدىن كېيىنكى دەرسىمىز ئىماندىن بولغانلىقىنىڭ سىرى شۇدۇر. ( الله ئالىم) قىسقىچە بولسا ھەم ئىمان ھەققىدە بىر چۈشەندۈرۈش بولدى دەپ بىلىمەن. الله نىڭ تەۋفىقى بىلەن: الله سبحانه وتعالا ھەممىمىزنى قۇرئان كەرىمدە:

( يَا أَيُّهَا الّذِينَ آمَنُواْ آمِنُواْ بالله)

(ئەي ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر الله قا ئىمان كەلتۈرۈڭلار)

دىگەنىنىڭ مەناسى : ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ئىمانىنى زىيادە قىلىشقا مۇھتاجدۇر.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئېيتقانىكەنكى:

( اجْلِسْ بِنَا نُؤْمِنْ سَاعَةَ)

(بىر ئولتۇرىشايلى ئىمانلىشايلى)

بىز ئېيتىمىزكى بىر ئولتۇرىشايلىك ،چايلىشايلىك دەيمىز.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئېيتقانىكەنكى : (بىر ئولتۇرىشايلى ئىمانلىشايلى) دىگەنىكەن.

يەنى ئىمان شۇنداق مۇھىم بولۇشى كېرەككى بىر ئولتۇرۇشتا ئىمانلىشايلى دەيلىك. **الله سبحانه** وتعالا ھەممىمىزگە شۇنى نېسىپ قىلسۇنكى بىراۋلار بىلەن ئولتۇرۇشتا پەقەت تائام ئۈچۈن ئولتۇرۇشمايلىك ، پەقەت بىر نەرسىنى يېيىش ئۈچۈن ياكى ماددى ئادەملەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى بىلەن ئولتۇرۇشتىن تاشقىرى بۇرادەرلەر بىر ئىمانلىشىش ئۈچۈن ئولتۇرۇشنى **الله سبحانه** وتعالا ھەممىمىزگە نىسىپ قىلسۇن. مەن دەرسكە قاتنىشىپ تۇرغان كىشلەردىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى دەرسنىڭ رەقەملىرىنى ئەستىن چىقارماسلىقى كېرەك. بىرىنجى. دەرس، ئىككىنجى دەرس، ئۈچىنجى دەرس **الله** خالىسا مانا

بۈگۈن تۆتىنجى دەرستە ..

## 4ـ دەرىس تەقۇرئان كەرىم ۋە رسول الله صلى الله عليه وسلم نىڭ سۈننىتى ھەققىدە ئىزدىنىش

قۇرئان كەرىم ۋە رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ سۈننىتى ھەققىدە ئىزدىنىمىز لېكىن قۇرئان كەرىم ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىز، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىچىدىكى نوقتىلار ھەققىدە ئەمەس. قۇرئان كەرىم ئۇمۇمى ماۋزودا ئىزدىنىمىز. قۇرئان كەرىم **الله سبحانه** وتعالا نىڭ ھوزورىدىن ئىكەنلىكىدە شەك شۈبھە يوق.

أستعيذ بالله

(الم (1) ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ (2)

(ئەلىف،لام،مىم، بۇ كىتابتا(يەنى قۇرئاندا)ھېچ شەك يوق،(ئۇ)تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر)

الله سبحانه وتعالا قۇرئان كەرىمنىڭ الله سبحانه وتعالا تەرەپتىن ئىكەنلىكىگە شۈبھەدە بولغان كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ رەسۇلىغا نازىل قىلدى

( أستعيذ بالله).

(وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُواْ شُهَدَاءَكُم مِّن دُونِ الله إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ)

(بەندىمىز (مۇھەممەد) گەبىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغائوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) الله دىن باشقا

يارد ەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ( يارد ەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار.)

( قُل لَّئِنِ اجْتَمَعَتِ الإِنسُ وَالْجِنّ عَلَى أَن يَأْتُواْ بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لاَ يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا)

(ئېيتقىنكى، ( (ئەگەر ئىنسانلا، جىنلار بۇقۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر بىرىگە يارەدملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ) )

رسول **الله** صلی الله علیه وسلم**گە** الله سبحانه وتعالا ئېيتىنىڭ شۇ نەرسىنى دەپ بۇيرىدى. 23يىل دۇنيادا ئەڭ پاساھەتلىك خەلق بولغان ئەرەب خەلقىنىڭ بولۇپمۇ قۇرەيش خەلقىنىڭ ئىچىدەشۇ سۆزنى ئېيتىپ قىچقىرىپ تۇردى. 23 يىل مۇددەتتە بىرەر كىشى قۇرئان كەرىمگە ئوخشايدىغان سۆزنى ئېلىپ كېلەلمىدى. يەنى ئۇدەۋر

شۇنداق دەۋر ئىدىكى كىشىلەر جەڭ مەيدانىدا بىر بىرىنى ئۆلتۈرگىدەك دەرىجىدە جەڭ قىلىۋاتقاندا ئۆزى ئويلىماستىن تۇقىغان شېئىرىنى بىزنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى شائىرلا ئىلھام كۈتۈپ تۇرغان سائەتتە ھەم يازالمايدىغان شېئىرنى يازاتتى. زامانى جاھىلىيەت دەۋرىدە، پۈتۈن ھەممە ئىسلامغا مەنسۇب ياكى ئىسلامغا مەنسۇب بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە بىرلىككە كىلىنگەن (مەسىلە) ئىدىكى ئۇدەۋر ئەڭ پاساھەت راۋاجلانغان دەۋر بولغان، ھەتتاكى ئۇلار كەلتۈرگەن شېئىرلارنى ئەرەب قائىدىللىرىگە مىسال قىلىندۇ. شۇنداق پاساھەتلىك دەۋردە رسول **الله** صلى الله عليه وسلم23 يىل مۇددەتتە ئىنسان ۋە جىن تائىفىسى ھەممىسى جەملىنىپ شۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشىغان كىچىككىنە سۆرىنى ئېلىپ كىلىشسۇن دىگەن خىتابنى قىلىپ تۇردى. بىرەر كىشى تەرپىدىن بۇ نەرسە ئېلىپ كېلىنگىنى يوق، ۋە قىيامەتكىچە ھەم ئېلىپ كىلىشەلمەيدۇ.

دېمەك بۇ قۇرئان كەرىم **الله سبحانه وتعالا** تەرپىدىن

ئىكەنلىكىدە شەك شۈبھە يوق. قاچانكى ئىنسان ئىماننى دەۋا قىلاركەن، ئۇ ئىختىيارلىق ئەمەس ، خالىسا قۇرئان بىلەن ھىدايەت يولىنى تېپىپ، خالىمىسا باشقا يول بىلەن ھىدايەت يولىنى تېپىشتا ئىختىيارلىقى يوق، قاچانكى ئىماننى دەۋا قىلىدىغانلا بولسا قۇرئان كەرىمدە **الله** نىڭ ھۆكمى كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تامامى شۇ قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىشى كېرەك.

( وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى الله وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَن يَعْصِ الله وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلّ ضَلالاً مّبِينًا)

(**الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەرئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا ،ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ ‹يەنى **الله** ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن. ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپىيەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)،كىمكى **الله** غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا ھەقىقەتەن ئۇ ئۇپئۇچۇق ئازغان بولىدۇ. )

مۆئمىن كىشى ۋە مۆئمىن ئايال ئۈچۈن **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەرئىشتا ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ ئىختىيارى بۇلۇشى مومكىن ئەمەس. دېمەك ئىسلامغا ئەگىشىش، قۇرئانغا ئەگىشىش، ئىنسانغا مىجەزى (ئىنسان تەبىئىتىدىكى) مەسىلە بولماسلىقى كېرەك. خالىسا كۈچى يەتسە ئەگىشىپ،كۈچى يەتمىسە ئەگەشمەيدىغان مەسىلە بولماسلىقى كېرەك. بەلكى رەسۇلنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇش بۇ ئىمان مەسىلىسى **الله سبحانه** وتعالا رەسۇلنى ھاكىم قىلمىغان، كىشىلەردىن ئىماننى چەكلىگەن.

( أستعيذ بالله)

( فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا)

( ‹ئى مۇھەممەد!› پەرۋەردىگار ىڭ بىلەن قەسەمكى ،

ئۇلار ‹يەنى مۇناپىقلار› ئۆز ئارىسىدىكى دە ـ تالاشقا سېنى ھۆكۈم

چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە ،ئاندىن سېنىڭ چىقارغان

ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ

يوقالمىغىچە ۋە ئۇلارپۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان

بولمايدۇ .)

بىز بۇنەرسىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز كېرەك. دېمەك

ئىنسان **الله سبحانه وتعالا** چۈشۈرگەن قۇرئانغا ئەگىشىشكە

بۇيرۇلغاندۇر.ئەگەشتىمۇ ئەگەشمىدىمۇ قىيامەت كۈنى ھېساب

بېرىدۇ. ھەممە ئايەتلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

{( اتَّبِعُواْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلاَ تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء قَلِيلاً مَّا تَذَكَّرُونَ)

( ‹ئى ئىنسانلار› سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە

نازىل قىلىنغان كىتابقا ‹يەنى قۇرئانغا› ئەگىشىڭلار، **الله** نى

قويۇپ، ‹جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان› دوستلارغا ئەگەشمەڭلار ، سىلەر ۋەز نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.)}

{( وَهَذَا كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ فَاتَّبِعُوهُ وَاتَّقُواْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ)

(بۇبىز نازىل قىلغان ‹قۇرئان› مۇبارەك كىتابتۇر، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلا ئۇنىڭغا مۇخالىپىيەتچىلىك قىلىشتىن› ساقلىنىڭلار.

{( اتَّبِعْ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِن رَبِكَ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ وَأَعْرِضْ عَنِ الْمُشْرِكِينَ)

( ‹ئى مۇھەممەد ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھى قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن؛ الله دىن باشقا مەئبۇد ‹بەرھەق› يوقتۇر،مۇشرىكلار بىلەن تەڭ تەڭ بولمىغىن.)}

{( وَاتَّبِعْ مَا يُوحَى إِلَيْكَ وَاصْبِرْ حَتَى يَحْكُمَ الله وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ)

( ‹ئى مۇھەممەد!› ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھىگە ئەگەشكىن ‹يەنى ئۇنىڭغا ئۆزەڭ ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۇنى يەتكۈزگىن› . **الله** ‹سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا› ھۆكۈم چىقارغۇچە ‹دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە› چىدىغىن **الله** ئەڭ ھەققانى ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.)}

مانا بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى **الله** **سبحانه** وتعالا تەرپىدىن چۈشكەن قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىللىرىگە ئەگەشمەكلىكىمىز ئۈچۈن چۈشكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. قاچانكى ئادەملەر قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىدىغان بولسا ئۇلار ‹ئەڭ ھىدايەتلىك يولدا› ۋە ‹ئەڭ توغرا يولدا› ۋە ‹ئەڭ مۇستەھكەم يولدا› ۋە ‹ئەڭ ئالى يولدا› بولىشىدۇ.

أستعيذ بالله

{( إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يِهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ)

(بۇ قۇرئان ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ)}

دېمەك مۇئمىن كىشىلەر قاچانكى ئىماننى داۋا قىلاركەن. ئۇلانىڭ ئەسلىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەككى ئىنسان(يەنى مۇئمىن كىشى) ئۈچۈن ھەقنى مەقسەت قىلىدىغان بولسا پەقەت قۇرئانغا ئەگەشمەكلىكى شەرت. ئۇ قاچانكى قۇرئانغا ئەگەشمىسە ھەرگىز توغرا يولدا بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمدىن باش تارتقان يۈز ئۆرىگەن كىشىلەرنى **الله** سبحانه وتعالا زالىملار دەپ ئاتىدى.

( أستعيذ بالله)

{( بَلْ هُوَ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ فِي صُدُورِ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَمَا يَجْحَدُ بِآيَاتِنَا إِلاَّ الظَّالِمُونَ)

(ئۇنداق ئەمەس ‹يەنى ئىش زالىملار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس› ،قۇرئان ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلانغا روشەن ئايەتلەردۇر، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت زالىملارلا ئىنكار قىلىدۇ.)}

**الله سبحانه** وتعالا قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئەھلى ئىلىملەر دەپ ئاتىدى ‹يەنى ئىلىم ئىگىللىرى دەپ› .

{(وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ وَيَهْدِي إِلَى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ)

(ئىلىم بېرىلگەنلەر ‹يەنى ساھابىلەرۋە كېيىنكى ئەمەل قىلغۇچى ئۆلىمالار› ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ شۈبھىسىز ھەق ئىكەنلىكىنى،

‹ئىنسانلارنى› غالىپ ،ھەمدۇ ـ ساناغالايىق **الله** نىڭ يولىغا

باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ)}

**قۇرئان الْعَزِيزُ الْحَمِيدُ** بولغان زاتنىڭ يولىغا باشلايدۇ. شۇنى ھەم بىلىشىمىز كېرەككى دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قۇرئان كەرىم ئەرەبىستاندىكى سەھرادا ياشىغان بەدەۋى ئەرەبلەرگە چۈشكەن، شۇلارنىڭ ئەخلاقلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مەنپەئەت بەرگەن ، ناھايىتى كاتتا بىر بۇرلۇش ياسىغان دەپ قۇرئاننى ماختىماقچى بولۇپ تۇرۇپ قۇرئاننىڭ ئەسلى نازىل بولۇنىش مەقسىتىدىن ساددا ئادەملەرنى بۇراپ تاشلىماقچى بولىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇئمىن كىشىنىڭ ئېتقادىدا بىر ئاھالىگە چۈشۈپ بىر ئاھالە بىلەن ئالاقىسى يوق نەرسە ئەمەس.قۇرئان كەرىم بىر ئۈممەتكە چۈشۈپ باشقا ئۈممەت بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. قۇرئان كەرىم ھەربىر ئىنسانغا،ھەربىر خەلققە، ھەربىر ئۈممەتكە،ھەبىر جامائەگە پۈتۈن ئالەمگە قىيامەت كۈنىگىچە بولغان، ئىنسانىيەتكە نازىل بولغان.

( أستعيذ بالله)

تَبَارَكَ الَّذِي نزَلَ الْفُرْقَانَ عَلَى عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيرًا

پۈتۈن جاھان ئەھلىنى ‹ الله نىڭ ئازابىدىن› ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە ‹يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا› ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغانالله نىڭ بەركىتى بۈيۈكتۇر)}

{( وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلاَّ رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ)

( ‹ئى مۇھەممەد!› سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.)}

{( قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ الله إِلَيْكُمْ جَمِيعًا)

( ‹ئى مۇھەممەد!› ئېيتقىنكى، ‹ ‹ئى ئىنسانلار!مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغاالله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن،)}

مانا بۇئايەتلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە،ئۆزىنى ئىنسان دەپ ئاتىغان،قىيامەتكىچە بولغان پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نازىل بولغان. الله **سبحانە** وتعالا قۇرئانغا ئەگەشكەن كىشىگە سائادەتنى(بەخت) ۋەدە قىلدى.قۇرئاندىن باش تارتقان كىشىگەشاقاۋەت(بەدبەخت)لىك بىلەن ئۇنى قورقۇتتى.ھەقىقەتتە ھەم شۇنداق بولىدۇ.

{(فَمَنِ اتَّبَعَ هُدَايَ فَلا يَضِلّ وَلا يَشْقَى)

(كىمكى مىنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە،ئۇئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ)}

{( فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ)

(يۈلۈمغا ئەگەشكەنلەرگە ‹ئاخىرەتتە› قورقۇنچ ۋەغەم قايغۇ بولمايدۇ)}

{( وَمَنْ أَعْرَضَ عَن ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى   قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِي أَعْمَى وَقَدْ كُنتُ بَصِيرًا (قَالَ كَذَلِكَ أَتَتْكَ آيَاتُنَا فَنَسِيتَهَا وَكَذَلِكَ الْيَوْمَ تُنسَى)

(كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇنىڭ ھاياتى تار ‹يەنى خاتىرجەمسىز› بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپىرىمىز. ئۇ: ‹ئى پەرۋەردىگارىم!نىمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ؟ ۋەھالەنكى ، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟› دەيدۇ **الله** ئېيتىدۇ: ‹شۇنىڭدەك ساڭا روشەن ئايەتلىرىمىز كەلدى.سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ،سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن› .)}

**الله** نىڭ زىكرىدىن باش تارتقان ئادەمگە **الله** **سبحانە** وتعالا

دۇنيانىڭ ئۆزىدەخار بىر ھاياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.قىيامەت كۈنى كور بولغان ھالەتتە(ئۇ كور ئىدى،ئەگەرچە ئۇنىڭ كۆزى ھاياتلىقتا ناھايىتى ياخشى كۆرسەھەم كور ئىدى. الله نىڭ يىگانەسائادەت ئۈچۈن چۈشۈرگەن قۇرئاننى كۆرمىگەنىدى، قۇرئاننىڭ نېمە ھەققىدە ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى، ئۇ كور ئىدى ئۇكورلىقنى دۇنيادا تەن ئالمىسا قىيامەت كۈنى ئۇنى تىرىلدۈرگەندە الله سبحانە وتعالا ئۇنى كورقىلىپ قويىدۇ. ئۇ كورلىقنى شۇندىلا بىلىدۇ.ئۆزى سورايدۇكى( مېنى نىمە ئۈچۈن مەھشەرگە كور قىلىپ قوپۇردۇڭ )دەيدۇ. مېنىڭ ئايەتلىرىم كەلگەن ۋاقىتتا سەن ئەستىن چىقارغان ئىدىڭ. سىنى ھەم بۈگۈن ئەستىن چىقىرىلىدۇ، شۇنداق موھىم بولغان ئايەتلەرنى ئەستىن چىقىرىپ بۇھەقتە باش قاتۇرمىغانىدىڭ، شۇنداق موھىم نەرسە ھەققىدە باش قاتۇرۇلمىغاندىن كىيىن ئۇ ئېتىبار دىن چىقتى. ئۇ بىرەر كىشىنىڭ ئەسلىشىگە لايىق بولمىغان ئىنساندۇر. الله **سبحانه** وتعالا قۇرئاندىن باش تارتقان كىشىلەردىن باش تارتىشمىزغا ھەم بۇيرىدى.

{( فَأَعْرِضْ عَن مَن تَوَلَّى عَن ذِكْرِنَا وَلَمْ يُرِدْ إِلاَّ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا

بىزنىڭ زىكرىمىز (يەنى ئىمان بىلەن قۇرئاندىن) باش تارتقان پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرىگىن)}

{( ذَلِكَ مَبْلَغُهُم مِّنَ الْعِلْمِ)

(ئۇلارنىڭ ئىلمىدىن يەتكەن يېرى ئەنەشۇ)} ئۇلارنىڭ يېتىپ بارغان يېرى شۇ هايات دىيىشتىن باشقىنى چۈشىنىشمەيدۇ. مانا هازىرقى ئادەملەرنىڭ زىيالى تەبىقىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرسىڭىز هازىرقى هەممە قىلىنىۋاتقان هەركەتلىرى هەممە  نەرسە شۇ هاياتى دۇنيادىن باشقىغا ئەمەس. يېتىپ بارغان نەرسىسى شۇ .ئەگەر شۇ شۇنچىلىك مۇرەككەپ ئالەم،شۇنچىلىك مۇرەككەپ ئىنسان شۇ70ـ80يىل دۇنيا هاياتىغا يارتىلغان بولسا بۇناهايىتى ئېتىبارسىز بىر نەرسە بولغان بولاتتى.

**الله سبحانه** وتعالا قۇرئان كەرىمدە بىراۋ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىدىغان بولسا مۇرەسسە قىلىشماسلىققا بۇيرىدى دىن دۈشمەنلىرى سىزنىڭ يولىڭىزدا يۇمشاق بولىشىڭىزنى خالايدۇ. يەنى **الله** نىڭ ھۆكمىنى رايىللىرىغا مۇۋاپىق قىلىپ ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى خالايدۇ. ھەتتا **رسول الله صلى الله عليه و سلم** نىڭ شۇنداق بولۇشىنى خالايتى.

{( وَدُّوا لَوْ تُدْهِنُ فَيُدْهِنُونَ)

(ئۇلار سىنىڭ ‹ئۆزلىرى بىلەن› كېلىشىم تۈزىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ‹سەن بىلەن› كېلىشىم تۈزىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ) }

ئۇلار رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاخىرى چارچاشتىدە ئۇكىشىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆرۈپ ئەمدى

بولمىسا ھەم بىزنىڭ مەئبۇدلىرىمىزغا ئىبادەت قىلىڭ، بىز ھەم كېلىپ مەسجىدىڭىزدە ئىبادەت قىلايلى دېدى.

**الله سبحانه وتعالا:** قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ

نى نازىل قىلدى. ئەي كاپىرلار دەپ خىتاب قىلىڭ دېدى. ساھابە كىراملارنىڭ ئىمانلىرى شۇدەرىجىدە مۇستەھكەم بولدىكى شەيتان ئەمدى مەئبۇد بولۇشتىن ئۈمۈدى ئۈزىلگەنلىكى بىلەن **رسول الله صلى الله عليه و سلم** بىشارەت بەردى. لېكىن ساھابە كىراملارنى ئاگاھلاندۇردىكى شەيتان بەزى ئەمەللەرنىڭ كەمرەك بولۇشى ئارزۇسىنىڭ ئۈزۈلمىگەنلىكى بىلەن ئاگاھلاندۇردى.

رسول **الله** صلى الله عليه وسلممەرھەمەت قىلدىكى:

(<إن الشيطان قد يئس أن يُعبد بأرضكم ولكن رضي أن يُطاع فيما سوى ذلك مما تحاقرون من أعمالكم فاحذروا، إني قد تركت فيكم ما إن اعتصمتم به فلن تضلوا أبداً، كتاب

الله وسنة نبيه...">

<شۈبھىسىزكى شەيتان سىلەرنىڭ زىمىنىڭلاردا مەئبۇد بولۇشتىن ئۈمۈدى ئۈزۈلدى. لېكىن بۇنىڭدىن باشقا سىلەر يەڭگىل سانىغان ئەمەللەردە ئىتائەت قىلىنىشقا رازى بولدى، ئېھتىيات قىلىڭلار! مەن سىلەرگە مەھكەم يېپىشساڭلار مەڭگۈ ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان نەرسىنى قالدۇردۇم، ئۇ **الله** نىڭ كىتابى ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبەرىنىڭ سۈننىتى>)دېدى.

شەيتانىنىڭ ئىنسانغا مەئبۇد بۇلۇشىدىن ئۈمۈد ئۈزۈلىشى بىزنىڭ ئورنىمىزدا ھەم شۇنداقمۇ بۇرادەرلەر؟! ياق ئۇنداق ئەمەس، شەيتانغا كۆپ ئادەم ئىبادەت قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن، قۇرئان ھەدىستىن تاشقىرىغا چىقىش بىلەن شەيتانغا ئىبادەت قىلىش دەۋرى باشلىنىدۇ.

رسول **الله** صلى الله عليه وسلمنىڭ ساھابىللىرىگە بەرگەن

بىشارەتلىرى، شەيتان سىزلەرنىڭ زېمىنىڭلاردا دېدى.. مانا بۇرسول **الله** صلى الله عليه وسلم قويۇپ كەتكەن يول، بىزنى ئاداشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەككى كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ بىر پىكىردە بولۇشى كۆپچىلىك ئادەم مۇشۇ پىكىردە دىيىش بىلەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. كۆپچىلىك ھەقنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ بۇرادەرلەر، **الله سبحانه** وتعالا نىڭ رىسالەت دەۋرىدە پۈتۈن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋرى ھەممىسى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر ئاز بولغان.

بەزى پەيغەمبەرلەر قىيامەتتە مەھشەردە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرى يوق. بەزىلەرنىڭ بىر، بەزىلەرنىڭ ئىككى، بەزىلەرنىڭكى بارماق بىلەن سانىغىلى بولىدىغان، بەزىلەرنىڭ كۆپ، بۇنەرسە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتتە سۇس بولغانلىقىغا دالالەت قىلمايدۇ. **الله** ساقلىسۇن ئۇلارنى، ئۇلارتىنىمىسىز توختىماستىن دەۋەت قىلىشقان، لېكىن خەلق بىلەن مۇتلەق مۇرەسسە قىلمىغان، **الله سبحانه** وتعالا تەرىپىدىن ئېلىپ

كەلگەن نەرسىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالەتتە يەتكۈزگەن.

**نوح عليه السلام** 950 يىل دەۋەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە ئاز كىشىلەر ئىمان كەلتۈردى. **الله سبحانه** وتعالا:

[(وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ)

(مېنىڭ بەندىلىرىم دىن (**الله** نىڭ نېئمەتلىرىگە)شۈكرى قىلغۇچى بەك ئاز)]

[(وَإِن تُطِعْ أَكْثَرَ مَن فِي الأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ اللهِ)

(ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك ئادەملەرگە ئەگەشسەڭ، ئۇلار سېنى **الله** نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ)]

كۆپچىلىك ھەقنى ئىپادە قىلمايدۇ.جامائەت دىگەن نېمە؟

بىركىشى ھەقىقەتتە بولسا شۇ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بولىدۇ.
مانا ھازىرقى ۋاقتىمىزدا بىزنى ئالداپ قويماسلىقى كېرەككى كۆپچىلىكنىڭ بىرتەرەپتە بولۇشى بىلەن بۇتەرەپ ھەق ئىكەن دېمەسلىكىمىز كېرەك . الله سبحانه وتعالا بىزلەرنى(نېمە قىلىشنى بىلمەيدىغان)ھەيران خەلق قىلىپ قويغىنى يوق. بىزلەرگە الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتىنى قۇيۇپ كەتتى. مانا رسول الله صلى الله عليه وسلم ئۆزلىرى مىڭلىغان كىشىلەر توپلانغان ۋىدالىشىش ھەججىدە بۇنىڭ بىلەن ئاگاھلاندۇردى. الله سبحانه وتعالا ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ ھۆكمىنى بۇزغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ بەدبەخ بولغانلىق خەبىرىنى بەردى. بىزلەرنى ئاگاھلاندۇردى. ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھەققىدە كۆپ خەبەرلەرنى بەردى. ئەھلى ئىنجىل ھەممىسى ئىنجىلدىن بۇرۇلدى. ئەھلى تەۋرات ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەتتى. الله نىڭ ھۆكمىنى بۇزۇشتى، كاتتا ئادەملەر ئوغۇرلۇق قىلىشسا قولىنى كەسمىدى ، بىرەر ئاجىز ئادەم ئوغۇرلۇق قىلغان بولسا الله نىڭ ھۆكمىنى

ئىجرا قىلىپ قۇلىنى كېسىشتى، خۇددى ھازىرقى زاماندا بولىۋاتقان ئىشلارغا ئوخشاش ، **الله سبحانه** وتعالا ئۇلارنى شۇ ئەمەل بىلەن ھالاك قىلدى. ھەقىقەت ئۇمۇمى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزگەرمەس بىر بولمىسا بۇ ئىنسانىيەتكە ھالاكەتتىن باشقا نەرسە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن:

{(أَنّ قُرَيْشًا أَهَمَهُمْ شَأْنُ الْمَرْأَةِ الّتِى سَرَقَتْ فِى عَهْدِ النّبِىّ -صلى الله عليه وسلم- فِى غَزْوَةِ الْفَتْحِ فَقَالُوا مَنْ يُكَلّمُ فِيهَا رَسُولَ الله -صلى الله عليه وسلم- فَقَالُوا وَمَنْ يَجْتَرِئُ عَلَيْهِ إِلاّ أُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ حِبّ رَسُولِ الله -صلى الله عليه وسلم-. فَأُتِىَ بِهَا رَسُولُ الله -صلى الله عليه وسلم- فَكَلّمَهُ فِيهَا أُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ فَتَلَوّنَ وَجْهُ رَسُولِ الله -صلى الله عليه وسلم- فَقَالَ « أَتَشْفَعُ فِى حَدّ مِنْ حُدُودِ الله ». فَقَالَ لَهُ أُسَامَةُ اسْتَغْفِرْ لِى يَا رَسُولَ الله. فَلَمّا كَانَ الْعَشِىّ قَامَ رَسُولُ الله -صلى الله عليه وسلم- فَاخْتَطَبَ فَأَثْنَى عَلَى الله بِمَا هُوَ أَهْلُهُ ثُمّ قَالَ « أَمّا بَعْدُ فَإِنّمَا أَهْلَكَ الّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ أَنّهُمْ كَانُوا إِذَا سَرَقَ فِيهِمُ الشّرِيفُ تَرَكُوهُ وَإِذَا سَرَقَ فِيهِمُ الضّعِيفُ أَقَامُوا عَلَيْهِ الْحَدَ وَإِنّى وَالّذِى نَفْسِى بِيَدِهِ لَوْ أَنّ فَاطِمَةَ بِنْتَ مُحَمَدٍ سَرَقَتْ لَقَطَعْتُ يَدَهَا ». ثُمّ أَمَرَ بِتِلْكَ الْمَرْأَةِ الّتِى سَرَقَتْ فَقُطِعَتْ يَدُهَا)

مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتىدا ئوغرىلىق قىلغان بۇ ئايالنىڭ مەسىلىسى ھەققىدە قۇرەيش قەبىلىسى باش قاتۇرۇپ:كىم بۇھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلىدۇ؟ دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار بۇئىشقا زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامىلا جۈرئەت قىلالايدۇ . چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئامراق دىيىشتى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامە ئۇ ئايال ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلىۋىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى تاتىرىپ:

« **الله سبحانه** وتعالا بەلگىلىگەن بىر جازاغا شاپائەت قىلماقچىمۇسەن!» دېدى ،بۇنى ئاڭلىغان ئۇسامە دەرھال: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى گۇناھىمنىڭ كەچۈرۈۋېتىلىشىنى تىلىگىن، دېدى. كەچ بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سۆز قىلىپ **الله سبحانه** وتعالا غا لايىق ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كىيىن: «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر،ئۇلارنىڭ ئېسىلزادىللىرى ئوغرىلىق

قىلسا ، جازالىماي تاشلاپ قويۇپ ، ئاجىز بىچارىلىرى ئوغرىلىق قىلسا جازالىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن ، جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلمەنكى ، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ مەن چوقۇم ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم› › دېدى .ـ دە ، ھېلقى ئايالنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى . ئۇئايالنىڭ قولى كېسىلدى .}

شۇنىڭ ئۈچۈن **الله** **سبحانه** وتعالا ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ بەدبەخ لىقىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ بىزنى ئاگاھلاندۇردى . مىڭ ئەپسۇس بولسۇنكى :(ھازىرقى ت)ئىسلام مىللىتى ئۆزىنىڭ قۇرئانىغا قىلغان جىنايەتنى ھىچ قايسى ئۆتكەن ئۈممەت قىلغان ئەمەس بۇرادەرلەر ، رسول **الله** صلى الله عليه وسلمدىن قالغان بۇنچىلىك قىممەت باھالىق مىراس ھىچ قايسى مىللەتكە قالمىغان ، ئەمما بۇمىراسنى ئاياغ ئاستى قىلغان ھازىرقى ئىسلام مىللىتىدەك مىللەت ھەم يوقتۇر ، بۇرادەرلەر .

رسول الله صلى الله عليه وسلمئېيتتىلەركى:

{(تَرَكْتُ فِيكُمْ أَمْرَيْنِ لَنْ تَضِلّوا مَا تَمَسّكْتُمْ بِهِمَا كِتَابَ الله وَسُنّةَ نَبِيّهِ)

(مەن سىلەرگەمەھكەم تۇتساڭلار، سىلەرھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان ئىككى نەرسىنى قالدۇردۇم، بۇ الله نىڭ كىتابى ۋە الله نىڭ پەيغەمبەرىنىڭ سۈننىتى)}دېدى.

ئىسلام دۈشمەنلىرى ھىيلە بىلەن ئىسلام ئۈممەتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرئان بىلەن ھەدىسنى ئېلىۋەتتى. بۇ ساددا ئىسلام مىللىتى قۇلىدىن قۇرئان بىلەن ھەدىسنى ئېلىپ قويغانلىقىنى ئەستىن چىقاردى.

ئەگەرچە باسمىخانىلاردا چىرايلىق قۇرئانلار، چىرايلىق ھەدىسلەر بېسىلغان بولسا ھەم، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا ھەدىس بىلەن قۇرئان يوق ئىدى. ھەتتا بۇنىڭغا ناھايەت دەرىجىدە ھىيلە ئىشلىتىلدى.

‹قۇرئان الله نىڭ سۆزى، ئۇلۇغ كىتابدۇر بىز ئاجىز بەندىلەر ئۇنەرسىنى بىلەلمەيمىز› دېگەن چۈشەنچىنى ئوتتۇرغا چۈشۈردى.

‹رسول الله صلى الله عليه وسلمتامامى پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى ئۇ كىشى ئۇلۇغ زات ئۇكىشىنىڭ سۆزلىرى بەك چوڭقۇر، لېكىن بىز ئاجىزمىز ئۇكىشىنىڭ سۆزلىرىنى بىلەلمەيمىز.› دېگەن سۆز بىلەن يوقىتىلدى. بىز قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلايلى:

{(وَلَقَدْ يَسَّرْنَا الْقُرْآنَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ)

(بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان قىلىپ قويدۇق.تەپەككۇر قىلغۇچى بارمۇ؟)}

{( لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ)

(ئۇلار (بۇقۇرئاننى)پىكىر قىلىپ(ئۇنىڭدىن ۋەز نەسىھەت

ئالسۇن)دەپ نازىل قىلدۇق)}

رسول **الله** صلى الله عليه وسلمنىڭ ھەدىسلىرى ھاياتقا تەتبىقلىنىشى ئۈچۈن بولغان . بەزى ئازغىنا ئىلىمدىن خەبىرى بولغان كىشىلەر ‹قۇرئان بىلەن ھەدىس› ھەققىدە ‹قۇرئان بىلەن ھەدىس› نى بايان قىلىشقاتقان كىشى ۋەھى چۈشمىگەنۇ لېكىن پەيغەمبەرمەن دىگەن داۋادىكى كىشى دەپ شۇنداق جاھىلانە پىكىرنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب قىلدىم رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نەچچە مىڭلىغان ساھابىلەر توپلانغان ۋىدالىشىش ھەججىدە (مەندىن كۆپ نەسىھەتنى ئاڭلىدىڭلار،مانا مۇشۇ ئۇرۇنلاردا يېڭى يىلدا مىنى تاپالماسلىقىڭلار مومكىن)دەپ ئاگاھلاندۇردى. ھەقىقەتتە ھەم يېڭى يىل كەلمەستىن، رەفيىق ئەئلا غا كەتتى. شۇ ۋىدالىشىش ھەججىدىكى ھەدىسنى تەن ئالامسىز؟

{(تَرَكْتُ فِيكُمْ أَمْرَيْنِ لَنْ تَضِلّوا مَا تَمَسّكْتُمْ بِهِمَا كِتَابَ الله وَسُنّةَ نَبِيّهِ)

(مەن سىلەرگەمەھكەم تۇتساڭلار، سىلەرھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان ئىككى نەرسىنى قالدۇردۇم، بۇ الله نىڭ كىتابى ۋە الله نىڭ پەيغەمبەرىنىڭ سۈننىتى)}

بۇھەدىسنى سۆزلىگەنلىكىنى تەن ئالامسىز؟ۇتەن ئالىدۇ، تەن ئالماستىن باشقا چارىسى يوق،

دېمەك مەھكەم تۇتساڭلار ھەرگىز ئازمايسىلەر دېدى. مەھكەم تۇتۇشنىڭ مەناسى نېمە؟ بىر قولتۇقىمىزغا قۇرئاننى بىرقولتىقىمىزغا ھەدىسنى قىستۇرۇپ مەھكەم تۇرىشىمىزمۇ؟ ياكى قۇرئاننى كۆكرىكىمىزگە قويۇپ ھەدىسنى يەلكىمىزگە قويۇپ باغلاپ ئاجرىتالمايدىغان قىلىپ باغلاپ قويۇشمۇ؟ ياكى قۇرئان بىلەن ھەدىسنى مەھكەم باغلاپ ئۆيىمىزنىڭ تۇرىسىغا ئېسىپ قويۇشمۇ؟ بىراۋ تۇتالمايدىغان قىلىپ قۇرئان كەرىمنى مەھكەم تۇتۇشنىڭ مەنىسى نېمە؟

بىركىشى ئوغلىغا: (ئوغلۇم ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن،

مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى مەھكەم تۇتقىن، ئەگەر شۇۋەسىيىتىمنى مەھكەم تۇتساڭ ھاياتتا تەمتىرمەيسەن )دىسە. بىز شۇ ۋەسىيەتنى ئېلىپ چىرايلىق قىلىپ يېزىپ ئۆيگە ئېسىپ قويايلى ياكى دائىم يانچۇقىمىزغا ياكى تۇمار قىلىپ قولتۇقىمىزغا ئېسىپ يۈرەيلى شۇ مەھكەم تۇتۇشمۇ بۇ ۋەسىيەتنى ھاياتتا ھىچ ھەم كۆرسەتمىگەن ھالەتتە،

دېمەك مەھكەم تۇتۇشنىڭ مەناسى نىمە؟

قۇرئان بىلەن ھەدىسنى مەھكەم تۇتىشىمىز ياكى بېشىمىزغا مەھكەم باغلىۋېلىشىمىزمۇ؟

دېمەك قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋەرسول الله صلى الله عليه و سلمنىڭ ھەدىسى مۇبارەكلىرىنى ئۆگىنىپ ھاياتىمىزغا تەتبىق قىلىش بولسا كېرەك. ۋە شۇنىڭدىن زەررىچە ھەم بىر تەرەپكە ئۆتمەستىن مەھكەم تۇرىشىمىز. قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنى مەھكەم تۇتۇش بولسا كېرەك.

دېمەك بۇ بىزدىن بىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ۋە شۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

رسول الله صلى الله عليه وسلم نىڭ ۋەسىيەتى شۇ بولدى.

الله **سبحانه** وتعالا قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان كىشىلەرنى **سبحانه** وتعالا ساھابىللىرى دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، قۇرئان كەرىمدە بۇيرۇقلارنى ئۆتەش ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ اقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ أَوِ اخْرُجُواْ مِن دِيَارِكُم مَا فَعَلُوهُ إِلاَّ قَلِيلٌ مِّنْهُمْ وَلَوْ أَنَّهُمْ فَعَلُواْ مَا يُوعَظُونَ بِهِ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَشَدَّ تَثْبِيتًا

ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى ئەگەر ئۇلارغا قىلىنغان ۋەز- نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم

بولغان بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولغان بولاتتى66: 4

ھەقىقەتتە ھەم قۇرئان كەرىم بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشى ئىدى، **الله سبحانه** وتعالا ئەھلى تەۋرات ئەھلى ئىنجىللەرنى ئۆزلىرى تەۋرات ھۆكمىنى بەرپاقىلغاندا ئۇلار دۇنيادا ھەممە تەرەپتىن مەمنۇن بولۇشنى بايان قىلىپ:

{ وَلَوْ أَنَّهُمْ أَقَامُواْ التَّوْرَاةَ وَالإِنجِيلَ وَمَا أُنزِلَ إِلَيهِم مِّن رَّبِّهِمْ لأَكَلُواْ مِن فَوْقِهِمْ وَمِن تَحْتِ أَرْجُلِهِم مِّنْهُمْ أُمَّةٌ مُّقْتَصِدَةٌ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ سَاء مَا يَعْمَلُونَ

ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا ئىنجىلغا ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل قىلسا ئىدى (يەنى ئۇلارغا ئاسمان- زېمىندىن كەڭ رىزق بېرىلەتتى) ئۇلاردىن بىر جامائەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار) توغرا يولدىدۇر. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى نېمىدېگەن يامان ئىش

قىلغۇچىلار }

**الله** سبحانه ئىمان كەلتۈرگەن ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىلەرگە قۇرئان كەرىمدە:

{مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً

ئەر- ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق ھالال رىزق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز}

دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىلمەكلىكىمىز كېرەككى قۇرئان كەرىمنى **الله سبحانه** وتعالا بىزگە ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن چۈشۈرگەنلىكىنى قۇرئان كەرىمنىڭ **الله سبحانه** وتعالا تەرىپىدىن ئىكەنلىكىدە شەك شۈبھە يوق، **الله سبحانه** وتعالا نىڭ قۇرئانىغا ئەمەل قىلماستىن گۈزەل شەكىلدە ئوقۇپلا كۇپايىلىنىپ قالغانلارنى(يەنى گۈزەل شەكىلدە ئوقۇش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش)لېكىن شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىپ قالغان

كىشىلەرنىڭ مىسالىنى شۇنىڭغا ئوخشىتىمەنكى بىرەر بىر كىشى سىزنىڭ قەدىردان ئادىمىڭىز ياكى سىزنىڭ مېھرىبان ئاتىڭىز سىزگەمەكتۇپ (خەت) ئەۋەتتىكى مەلۇم بىر كۈندىن كىيىن كۆرىشىمىز، شۇ كۆرۈشكەن ۋاقتىمىزدا كۆپ كىشىلەربىلەن كۆرىشىمىزدە شۇندا بۇئىشلار بەرپا قىلىنىسۇن ۋە بۇئىشلار قىلىنمىسۇن بۇئىشلاردىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك، دېگەندەك كۆپ نەرسىلەرنى بۇيرىغان بولسا ۋە شۇ بۇيرۇقلارنى بىجىرمىگەن كىشلەرنىڭ ناھايىتى يامان ھالەتتە بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى بەرگەن بولسا،شۇ مەكتۇپ كەلگەندىن كىيىن سىز شۇمەكتۇپنى گۈزەل شەكىلدە ئوقۇپ ھەتتا بۇنى يادلىۋېلىپ تەييارلاپ ناھايىتى چىرايلىق ئوقۇيدىغان قىلىپ سىز ئۇنىڭدىكى بۇيرۇقلارنىڭ بىرەرسىگە ئېتبار بەرمىسىڭىز شۇ ئۇچرىششى ۋاقتىدا مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى قىلدىڭمۇ دەپ سوئال قىلغان ۋاقتىدا بۇ بۇيرۇقنى چىرايلىق قىلىپ ئوقۇپ بەرسىڭىز سىزدىن مەمنۇن بولامدۇ؟ ناھايىتى قاتتىق بىر دەشنام قىلىدىكى مېنىڭ بۇيرۇقلىمنى نېمە ئۇچۇن بىجىرمىدىڭ دەيدۇ. نېمە

ئۇچۇن قىل دېگەن نەرسىلىرىمنى قىلمىدىڭ ، نېمە ئۇچۇن قايتۇرغان نەرسىللىرىمدىن قايتمىدىڭ؟ نېمە ئۇچۇن ئۆتكەن خەلقلەرنىڭ شۇبۇيرۇقنى بىجىرمىگەن ۋاقتىدا يامان بولغانلىق خەۋىرىنى بەرگەنلىكىمنى ئاڭلاپ ئىبرەت ئالمىدىڭ دېسە ئەلبەتتە ھەقلىق بولىدۇ. مانا قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق ئوقۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالغان ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئىخلاس دەرسىمىزدە ھەم بۇھەقتە گەپ قىلىپ ئۆتكەن بولدۇق. ئۇنىڭدىن تاشقىرى الله **سبحانە** وتعالا بىزگە قاتتىق بىر مىسالنى بەردىكى بۇمىسالدىن ھەممىمىز ئىبرەت ئالماقلىقىمىز كېرەك. تەۋراتنىڭ لەبزىللىرىنى (ئۇقۇلشىنى) ئۆزلىرىگە ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ ئەمەلىنى ئۆزلەشتۈرمىگەن كىشىلەرنى تەمسىل قىلدىكى:

{« مَثَلُ الَّذِينَ حُمِلُوا التَّوْرَاةَ ثُمَّ لَمْ يَحْمِلُوهَا كَمَثَلِ الْحِمَارِ يَحْمِلُ أَسْفَارًا »

(تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ) (يەنى پايدىلىق چوڭ- چوڭ كىتابلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان چارچاشتىن باشقا ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ).}

تەۋراتنى يادلاش مۇشەققەتلىك بار، لېكىن بۇمۇشەققەتتىن ئۆزى مەنپەئەتلەنگەن ئەمەس ئەگەر قۇرئان كەرىمدە شۇ ئايەت بولمىغاندا شۇمىسالنى بىركىشى ئېيتسا ئۇنىڭ جازاسىغا ئادەملەر ئۇنى قەتلى قىلىپ تاشلىغان بولاتتى. سەن الله تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس كىتابنى قۇرۇق لەبزىنى بولسا ھەم يادلىغان ئادەمنى ئەمەل قىلمىغان ئادەمنى ھەقىير(تۆۋەن)بىر ھايۋانغا ئوخشاتتىڭ دەپ ھەرقاندىقى جەڭ قىلغان

بولاتتى،لېكىن الله **سبحانه** وتعالا ئۆزىنىڭ ئەبەدى كالامىدا ياد قىلدى. ئويلاپ كۆرۈڭ كىتابىڭ نېمە دىسە قۇرئان دەيمىز، شۇ سۆزدىن باشقا نەرسە بىزدە قالمىدى بۇرادەرلەر، **الله سبحانه** وتعالا ئېيتسىكى ساڭا بىر كىتاب ئەۋەتكەنىدىم، سېنى ئەبزەل ئۈممەت قىلۋېدىم سېنى **رسول الله صلى الله عليه و سلم**گە ئۈممەت قىلۋېدىم. سەن شۇكىتابىنىڭ ئىچىدىن خەبەردار بولدۇڭمۇ؟ دېگەن سوئال بولسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز بۇرادەرلەر،دۇنيانىڭ ھەممەنەرسىسىدىن خەبىرىمىز بولسا ،ئەمما قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن خەبىرىمىز بولمىسا بۇ بۇيرۇقلاردىن خەبىرىمىز بولماسلىقى بىرىنچى شۇ سەۋەبنى ئېتماقلىقىمىز كېرەككى دىن دۈشمەنلىرى بىزلەرنىڭ بىلىشىمىزگە ئىمكانىيەت بەرمىدى. مەن مالامىتىمىزنىڭ قاتتىق بولۇشى بىرىنچى ئۆزۈمگە ۋە باشقىلارغا بولۇشى بىلەن بىرگە شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتمەكچىمەنكى بىركىشىگە قۇرئاننى بىلمەسلىك ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمان بۇرادەرلىرى ئارىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاننى بىلمەسلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى

گەپ قىلىۋاتقانىدىم. زىيالى تەبىقىسىدىن بىركىشى قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئېيتىپ بەرسەم، ئۇئېيتتىكى قۇرئان كەرىمنى مەناسىنى بىلمەستىن ئۇقۇشىدۇ،شۇڭا مەن بۇ مۇسۇلمانلارغا ئۇنىمايمەن دىگەن سۆزنى (يەنى مۇسۇلمانلىقىغا ئۇنىمايمەن دىگەن بولسا كېرەك) ماڭا قىلدى. لېكىن مەن ئۇۋاقتتا مۇسۇلمانلارنى ھمايە قىلدىم. ئۇنىڭغا ئېيتتىمكى سۆزىڭىزنى سەل ئويلاپ گەپ قىلىڭ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدىن سوراڭ مەن ئېيتىپ بېرەي لېكىن ئۇ مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ بىلمەسلىكىنى مەن خاتا دەپ بىلىمەن .لېكىن بۇخاتاغا ئۇلارلا سەۋەبچى ئەمەس ، باشقا سەۋەبلەر بار .بىز تۇغۇلىشىمىز بىلەن، تىلىمىز چىقىشى بىلەن، مەخسۇس بىر تەربىيلىنىدىغان جايغا بېرىشقا مەجبۇر بولساق ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىسلامنى مەسخىرە قىلىدىغان تەرغىباتلارنى ئاڭلىساق، تىنىمسىز ـئاتا ـئانىللىرىڭ بۇلۇڭدا دوڭغىيىپ ناماز ئۇقۇيدۇ ،دېگەن مەسخىرىنى ئاڭلىساق، بۇلار قالاق خەلق دىسە شۇگەپتىن باشقىنى ئاڭلىمىساق، گۆدەك ۋاقتتىن باشلاپ دائىم

ئىسلامغا قارشى تەرغىباتنى ئاڭلىغان بولساق ،10يىل مەكتەپتە پۈتۈنلەي مانا روزا ئەۋۋەلقى ۋاقتلاردا تۇتقۇزۇلمايتى، مەجبۇر ئاچقۇزىلاتتى ،ناماز ئۇقسا مەسخىرە ۋە ھەممە ئىبادەتنى قىلسا مەسخىرە بولسا،قۇرئان كەرىمنى، ھەدىسنى مەسخىرە قىلىدىغان نىزامدا ئۆسكەن بولساق ئەمدى مۇسۇلمانلارغا الله نىڭ مىڭ رەھمىتى بولسۇنكى شۇنىڭدىن ھەم ئاجرىلىپ قۇرئان كەرىمنىڭ لەبزىنى بولسا ھەم ۋاقت ئاجرىتىپ مۆكۆنۈپ يۈرۈپ ئۆگىنىۋېلىشقان ،ھازىر ئىسلام بىلەن ئىسلامغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقانلارنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى(بۇجايدىكى لىنتىنىڭ ئازراق ئورنى چىقماي قالغان يەنى بۇ دوئىلنى مىسالغا كەلتۈرگەن) دوئىلنىڭ شەرتى ئىككىلا تەرەپتە ئوخشاش ئەسۋاب بولۇشى كېرەك. شۇھالەتتە بۇ ئادالەتلىك دوئىل دېيىلىدۇ. سىز ئەمدى بىزنى تۇتىشايلى دەۋاتىسىزۇ، ئىككىمىزنىڭ مەيداندا تۇرشىمىزنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى، سىزدە قورال ئەسلىھەنىڭ ھەممە تۈرى بار، قۇلىڭىزدا خەنجەر، قېلىچ، ئوق-دۇرا ھەم تولا، خالىغان قورالنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ قولىڭىزدا

تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىز تۆمۈر ساۋۇت كىيۋالغانسىزكى كۆزىڭىزدىن باشقا جاي ئۇچۇق ئەمەس. ھەممە جايىڭىز ئىتىك، ئۇزۇن بىرنەيزە ئېلىۋالغانسىزكى ھەرقايسى تەرەپتىن يېنىڭىزغا بېرىشنىڭ ئىلاجى يوق. بىزنىڭ تۇرىشمىزنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى بىر لازىملىق(ئەۋرەتنى يۆگىگىدەك يېپىنچا)كىيىپ ھەممەيېرى ئۇچۇق ئادەمگە ئوخشايدۇ. نەبىر كۆيىنكىمىز يوق،قولىمىزدا ھىچ نەرسە يوق، بېشىمىز يالاڭ، بىر لازىملىق كىيۋالغانمىز باشقا ھەممە يېرىمىز ئۇچۇق، خالىسىڭىز نەيزىڭىزنى سۇقسىز، خالىسىڭىز ئاتىسىز، خالىسىڭىز زەھەرلىك دارىڭىزنى سېپىسىز، خالىسىڭىز خالىغان جايىمىزگە خالىغان ئىشىڭىزنى قىلىسىز ، ھوي بۇرادەر بۇ دوئىل بولىدىغان بولسا بىزگە ھىچ بولمىسا كەتمەن سېپى بېرىپ قۇيۇڭ كىيىن بىز بىلەن گەپلىشىڭ دىسەك، ياق سەن مۇشۇ ھالەتتە مەن بىلەن كۆرىشىسەن دىگەنگە ئوخشايدۇ بىزدە ھىچ نەرسە يوق سىزنىڭ ھەممە يېرىڭىز ئىتىك، تۆمۈر ساۋۇتنى كىيۋالغانسىز، كۆزىڭىزدىن باشقا جاي ئوچۇق ئەمەس ،كۆزىڭىزنى ھەم

ئەتمەكچىسىزۇ لېكىن بىزنى كۆرمەي قالىسىز شۇنداق تۇرغان هالىتىڭىزدە هەم ئىككى قولىنى كۆزىمگە تىقىۋالىدۇ دەپ قورقۇپ تۇرۇپسىز، مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئىسلام هەق ئىسلامنىڭ هەقلىقىدە شەك شۈبهە يوق. قۇرئان كەرىمنىڭ **الله سبحانه** وتعالا تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىدا شەك شۈبهە يوق،لېكىن بۇنىڭ هەقلىقىنى ئادەملەرگە بايان قىلىش ئىمكانىيتى بولماقلىقى كېرەك. **الله** خالىسا دەرسىمىزنىڭ كېلەچىكىدە قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرىنى خۇسۇسى سۈرىتىدە بايان قىلىنغان ۋاقتتا قۇرئاننىڭ لەبزى ۋە مەنىۋى مۆجىزىللىرى هەققىدە هەم گەپ قىلىمىز. بىز هازىر شۇنى ئېيتىمىزكى بىز ئادەملەرگە ئىسلامى مەرىفەتنى تارقاتماقچىمىز **الله سبحانه** وتعالا تەرىپىدىن كەلگەن قۇرئاننىڭ **الله** نىڭ كالامى هەققىدە شەك شۈبهە يوق. قۇرئان كەرىمنىڭ خەلقلەرنىڭ هەممىسىگە قىيامەتكىچە بولغان ئىنسانىيەتنىڭ سائادىتىگە نازىل قىلىنغانلىقىدا شەك شۈبهە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزياخشى بىلمەكلىكىمىز كېرەككى قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشەندۈرىلىشىنىڭ

ئۆزى، ئادەملەرنىڭ قەلبلىرىنى ئاچىدۇ. ئىسلام تارىخىغا مۇراجىئەت قىلساق. ئىسلام فەتھى قىلىنغان جايلار ، يەنى ئىسلامنىڭ روھى فەتھى قىلغان جايلار، ئىسلام جىھادى بىلەن فەتھ قىلىنغان جايلاردىن كۆپتۇر بۇرادەرلەر. نېمە ئۈچۈن؟ ئىسلامنى چۈشۈرگەن زات قۇرئاننى چۈشۈرگەن زاتتۇر، قۇرئاننى چۈشۈرگەن زات كائىناتنى ياراتقان زاتتۇر، كائىناتنى ياراتقان زات مانا شۇ ئىنساننى يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىپ ئەۋەتكەن زاتتۇر. بۇ ياراتقۇچىنىڭ يېگانەلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئالەم يېگانە بىر قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ، ئىنسانلار ھاياتى يېگانە قانۇن بولغان قۇرئانغا بويسۇنغاندىلا بەختلىك بولىدۇ.ئەگەر ئالەم الله ئەۋەتكەن قانۇنىيەتتىن زەررىچە چىقسا ئالەم پارچىلىنىدۇ. خۇددى ئىنسانىيەت ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن قۇرئان قانۇنىدىن تاشقىرىغا چىقسا ھايات بەدبەختلىك ھاياتىغا ئايلانغاندەك، مانا ماددى قۇۋۋەتلەر ماددى قولايلىقلارئەڭ راۋاجلانغان دۆلەتلەر ئىچىدىن يىمىرلىپ بارماقتا. نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلارنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى:بىر قانىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان

قۇش(يەنى ماددى تەرىپى بىرقانات دىسەك بۇناھايىتى كۈچلۈك،يەنەبىرقانىتى (مەنىۋى تەرىپى)ئېرىپ كېتىۋاتقان قۇشنىڭ ئۇچماقچى بولغانىغا ئوخشايدۇ. بۇ قۇش كۆرىنىشىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بولسا ھەم، تېز كۈندە يىقىلىپ چۈششى مۇقەررەر. ھازىرقى تەرەققىيات، بىر قانىتى ناھىيىتى كۈچلۈك بولغان يەنە بىر قانىتى ئېرىپ كېتىۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە ـ قۇرئان كەرىم ھاياتىغا قايتىشتىن باشقا سائادەت يولى يوقتۇر. بۇ بۇرادەرلەر مىزاجى (ئادەم تەبىئىتىدەك)مەسىلە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ياخشى چۈشىنەيلى بۇ ئىمان ۋە كۇفۇر مەسىلىسىدۇر. قۇرئان ھايات يولىنى بىلىش ۋە تەن ئېلىش ئىمان، بۇنىڭدىن ۋاز كېچىش(**الله** سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز)كۇفۇردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىنلەر بۇمەسىلىنى مىزاجى مەسىلە دەپ قالماسلىقى كېرەك. **الله سبحانه** وتعالا قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىگە ئەمەل قىلىشقا تەۋپىق بەرسۇن. قۇرئان كەرىمنىڭ سائادەت يولى ئىكەنلىكىنى **الله سبحانه** وتعالا خەلقىمىزگە بىلدۈرۈشنى نىسىپ

قىلسۇن

## 5ـ سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ئەۋۋەلقى دەرسىمىزدە قۇرئان كەرىم دەرسى ئۆتكەنىدى. سۈننەتكە ھەم بەزى ئىشارىلەرنى قىلغانىدۇق.

ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ بىرىنجىسى قۇرئان كەرىم بولسا ئىككىنجىسى سۈننەت. شۇھەقتە دەرسىمىزنى داۋام قىلىمىز.

سۈننەت دېگەندە نىمىنى چۈشەنمەكلىكىمىز كېرەك. سۈننەت رسول الله صلى الله عليه و سلم بۇيىرىغان سۆزلىرى ھەمدە رسول الله صلى الله عليه و سلمنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ۋە رسول الله صلى الله عليه و سلمنىڭ ھوزۇرلىرىدا قىلىنغان ئەمەل قاچانىكى رسول الله صلى الله عليه و سلم شۇنى ئىنكار قىلمىغان بولسا، شۇنى سۈننەت دەيمىز.

يەز يۈزىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا قىيامەتكىچە بولغان ھەرقانداق كىشى (پەيغەمبەرلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ئۆزىنىڭ ھوزۇرىدا بىرەر مۇنكەر (يامان-سۆزھەركەت) ئىش بولسا ياكى ئۆزىنىڭ ئابروييغا قۇسۇر يېتىپ قېلىش ياكى شۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ياكى ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ ماڭا دۈشمەن بولۇپ قالسا كۈچۈم يەتمەي قالىدۇ، دەپ يول قويۇپ ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن

ئۆزىنىڭ ھوزۇرىدا بولغان مۇنكەرنى قايتۇرماي قويۇشى بۇ تەبىئىيدۇر.

ھەرقانداق ئىلمگە ئەمەل قىلىدىغان ئالىمنىڭ تارىخنى تەكشۈرسىڭىز ،ھوزۇرىدا بىر مۇنكەر ئىش بولغان ۋاقتىدا بىرنەچچە قېتىم قايتۇرالماي قالغان بولىدۇ.

كۆپراق بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئابرويىغا قۇسۇر يېتىپ قېلىش، ياكى بىر فىتنە بولۇپ قېلىشى ياكى باشقا بىر سەۋەبلەردىن شۇنىڭ ئۈچۈن يەر مىقياسىدىكى ھېچكىم مۇنكەر ئىشنى قايتۇرۇشتا ھۆججەت بولالمايدۇ، پەقەت بۇنىڭغا پەيغەمبەرلەر ھۆججەتتۇر. پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر ھوزۇرىدا مۇنكەر ئىش بولغان بولسا قايتۇرماي قالغان ئەمەس.

خۇسۇسەن پەيغەمبىرىمىز رسول الله صلى الله عليه و سلم يالغۇز قالغان ۋاقتلاردا ھەم يەر مىقياسىدىكى ھەممە ئادەم قارشى بولغان بولسا ھەم مۇنكەر ئىشقا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە شۇنىڭدىن قايتۇرغان شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھوزۇرىدا بىر ئەمەل بولغان بولسا شۇ ئەمەلنى چەكلىمىگەن بولسا، قىلىدىغان

ئەمەل بولسا قىلىنىشى مۇمكىنلىكىگە، يەيدىغان نەرسە بولسا شۇنەرسىنى يېيىشنىڭ مۇباھلىقىغا، ھۆججەت بولىدۇ.

مەسىلەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ھوزۇرىدا ئەرەب تىلىدا «الضّبُّ» دەپ ئاتىلىدىغان(بىزنىڭ ئۆزبېك تىلىدا «الله ئالىمراق» پاتمىچۇق دەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا كېلە دېيىلىدۇ) بۇكالتە كېسەككە ئوخشىغان چوڭراق ھايۋان بۇنى يېگەن. تارىخقا نەزەر قىلىدىغان بولساق بەنى تەمىيم قەبىلىسى بۇ ھايۋاننى يېيىش ئادىتى بولغان رسول الله صلى الله عليه و سلم بۇنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن تەبىئەتەن يېمىگەن.

ئەمما خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ يېگەنلىكىنى توسمىغان. شۇ نەرسە بىزگە ھۆججەت بولىدۇكى ئەرەب تىلىدا ‹دەب› دېيىلىدىغان ھايۋاننى يېيىش مۇباھلىقىغا ھۆججەت بولىدۇ. بىز سۆزلىرى ھەققىدە كۆپىنچىمىز مەلۇماتقا ئىگىمىز، رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ھوزۇرىدا بولغان ئەمەلگە سۈكۈت قىلغانلىقى بىرھۆججەت بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھۆججەتلەر ھەم بار ، بىز سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىنى تەن ئالمايدىغان بولساق(الله

قاسىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز)بىز ناھايىتى كۆپ ھۆكۈملەرنى بىلمىگەن بولاتتۇق.

مەسىلەن **الله سبحانه وتعالا** بىزلەرنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى. نامازنىڭ ئەتىگەندىكى، چۈشتىكى، ئەسىر ۋاقتىدىكى ، شامدىكى، خۇپتەندىكى نامازنىڭ نەچچە رەكئەت ئىكەنلىكىنى بىزگە سۈننەت بايان قىلىپ بەردى.

رسول الله صلى الله عليه و سلم شۇنى ئەمەلىي شەكىلدە كۆرسەتتى. **الله** سبحانه وتعالا رسول الله صلى الله عليه و سلمگە بولغان ئىتائەت (بويسۇنۇش) نى ئۆزىگە بولغان ئىتائەتكە باراۋەر قىلدى.

{مَّنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ

**الله** كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن ئۇ **الله** غا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر **الله** نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)} .

**الله سبحانه وتعالا** ئۆزىنى بەندىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىنىڭ ئالامىتىنى رەسولىغا ئەگىشىشلىك بىلەن ئىسپاتلاشقا بۇيرىدى. ( **الله** ساقلىسۇن)

قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبّونَ االله فَاتّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ االله وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاالله غَفُورٌ رّحِيمٌ

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى «ئەگەر سىلەر **الله** نى دوست تۇتساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلاركى **الله** سىلەرنى دوست تۇتىدۇ (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ **الله** ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

دېمەك بىر كىشى **الله** نىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشى ئۈچۈن، نېمە يول تۇتىشى كېرەك؟

پەقەت بىر يول بار. ئۇ يول رسول الله صلى الله عليه و سلم گە ئەگىشىش پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه و سلمنىڭ ھايات ۋاقتلىرىدىكى ئەگىشىش بۇيرىغان بۇيرۇقلىرى بار.

بەزى بۇيرۇقلار باركى بۇلارنى ئېيتىپ بۇيرىغان بەزىللىرى باركى **رسول الله صلى لله عليه و سلم** بۇيرىماستىن ئۆزى قىلغان بۇنى بىلىمىزكى پەيغەمبەرىمىز **صلى الله عليه و سلم**گە شۇ ئەمەلدە ئەگەششەك بىزگە كاتتا ئەجىر بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن **الله سبحانه وتعالا**نىڭ مۇھەببىتى پەقەت رەسۇلىغا ئەگەشكەن كىشىلەرگىدۇر. **الله** ۋەدە قىلدى، شەرت مۇكاپات بىلەن ئەگەر پەيغەمبەرگە ئەگەشسەڭلار، **الله** سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ دېدى.

ئەگەر بىز شۇ ئايەتنى چۈشەنگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ ھەربىر ئەھۋالىنى، **رسول الله صلى لله عليه و سلم** نىڭ يولىغا مۇۋاپىق قىلغان بولار ئىدۇق.

بىز بۇ ئايەتنى چۈشەنمەيمىز، بۇرادەرلەر مىڭ قېتىم **الله** نى ياخشى كۆرىمەن دىسەك، **الله** بىزلەرنى بىر قېتىم ياخشى كۆرىمەن دېمىسە، بۇ بىكار بۇرادەرلەر، ئەگەر بىر قېتىم **الله** نى ياخشى كۆرىمەن دىسەك ، **الله** جاۋابىمىزغا بىر قېتىم ياخشى كۆرىمەن دىسە، مانابۇنەرسىنىڭ ئېتىبارى بار. مانا بۇنىڭ يىگانە

يولى **رسول الله صلى لله عليه و سلم** گە ئەگىشىشتۇر.

ئەگەر**الله** نىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە بۇنىڭدىن باشقا يول بار دېسە، بۇكىشى ئەلبەتتە خاتا قىلغان كىشى.

**الله سبحانه وتعالا رسول الله صلى لله عليه و سلم** نىڭ قۇرئان كەرىمنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن،سىزگە قۇرئاننى چۈشۈردۇق. دېگەن ئايەتكە ئاساسەن :

{وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ

- بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز- نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق.}

دېمەك باياننى **الله سبحانه وتعالا رسول الله صلى لله عليه و سلم**گە بەردى قۇرئاننى چۈشىنىشىمىزدە، بۇكىشىنىڭ ھەدىسى بىلەن چۈشىنىمىز.

بىرىنجى تەفسىر ئەۋۋەلقى دەرسىمىزدە ئېيتىپ

ئۆتكىنىمىزدەك، قۇرئاننى ـ قۇرئان بىلەن تەفسىر قىلىش.

ئىككىنچى قۇرئاننى ھەدىس بىلەن تەفسىر قىلىش. چۈنكى الله سبحانه وتعالا رسول الله صلى االله عليه وسلمگە بايان مۆجىزىسىنى بەردى. پەيغەمبىرىمىزصلى لله عليه و سلم نىڭ ھاياتلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ‹**مظهر**›يەنى كۆرۈنىشى ئىدى.

أُمّ الْمُؤْمِنِينَ أَنْبِئِينِى عَنْ خُلُقِ رَسُولِ الله –صلى الله عليه وسلم– قَالَتْ أَلَسْتَ تَقْرَأُ الْقُرْآنَ قُلْتُ بَلَى. قَالَتْ فَإِنّ خُلُقَ نَبِىّ الله –صلى الله عليه وسلم– كَانَ الْقُرْآنَ

ئائىشە ئانىمىزدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خۇلقلىرىدىن سورالغاندا كۆپ مەنىلىك قىسقا جاۋاب بىلەن قۇرئان ئىدى دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبىرىمىزصلى الله عليه و سلم قۇرئان نېمىگە بۇيرىغان بولسا قىلغان، قۇرئان نېمىدىن توسقان بولسا قايتقان ئۇنىڭدىن تاشقىرى الله سبحانه وتعالا پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه و سلمنىڭ سۈپەتلىرىدە سىزلەرگە قۇرئاننى كىتابنى تەلىم ۋەھېكمەتنى

تەلىم بېرىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتىم دەپ مىننەت قىلدى.

( الله ساقلىسۇن)

{ لَقَدْ مَنّ الله عَلَى الْمُؤمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولاً مّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكّيهِمْ وَيُعَلّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبْلُ لَفِي ضَلاَلٍ مّبِينٍ

الله مۇئمىنلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى ھالبۇكى ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى}

الله سىزلەرگە مىننەت قىلىدۇكى مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ جىنسىدىن ئۇلارغا الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىرىنى پاكلايدىغان، ئۇلارغا كىتاب ۋەھېكمەتنى، ئۆگىتىدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتتى.

بۇيەردە بىر قانچە نوقتىنى بىلىشىمىز كېرەك. تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان تىلاۋەت رسول الله صلى الله عليه و سلم دىن بىزلەرگە كەلگەن، شۇ تىلاۋەت قىيامەتكىچە بىز ئۇقۇشاتقان قۇرئان كەرىمدۇر.

دېمەك الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئالاھىدە بىر تەلىمدىن باشقا نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

تىلاۋەت تەلەپپۇز رسول الله صلى الله عليه و سلم گە الله تەرىپىدىن نازىل بولدى، ۋە شۇ ئايەتلەرنى پەيغەمبىرىمىز رسول الله صلى الله عليه و سلم تىلاۋەت قىلىپ بەردى.

مانا شۇ تىلاۋەت قىلىنغان ئايەتلەر قۇرئان كەرىم كىتابنى تەلىم بېرىدىغان، قۇرئاننى بىزگە ئۆگىتىدىغان ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان ھېكمەت نېمە؟

بۇ ھەقتە باشقا ئايەتلەر ھەم بار. ھېكمەتنى كۆپىراق مۇفەسسىر ئۆلىمالار رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ھەدىس- لىرىگە تەفسىر قىلغان.

دېمەك ھەدىسلەرنى الله سبحانه وتعالا ھېكمەت دەپ ئاتىدى. ۋە ھېكمەتنى كىتابقا ئەتفە(سۆزنى  سۆزگەباغلاپ سۆزلەش)قىلدى. بۇباشقا ئايەتلەردە ھەم بار. }

هُوَ الَّذِي بَعَثَ فِي الْأُمِّيِّينَ رَسُولاً مِنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ

الله ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ.]

باشقا ئۇرۇنلاردا:

{كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولاً مِّنكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ

وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ

شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) يەنى ھېكمەتنى (دىنى ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق}

الله سبحانه وتعالا رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ئايالىرىغا:

{وَاذْكُرْنَ مَا يُتْلَى فِي بُيُوتِكُنّ مِنْ آيَاتِ الله وَالْحِكْمَةِ

ئۆيلىرىڭلاردا الله نىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەت (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى) تىن ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار} .

مانا بۇنىڭدا ھەم ھېكمەت بىلەن ئىپادىلەندى،شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھلى ھېكمەت كىم؟دېگەن سوئالغا ئەھلى ھەدىسلەر دەپ جاۋاب بېرىش توغرا بولىدۇ.

دېمەك ھەدىس ئىلمىنى ئۆگىنىپ بىلگەن كىشلەر ھېكمەت ئېگىللىرى،

{ومن يؤت الحكمة فقد أوتي خيرا كثيرا

ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ}

دېمەك بىر كىشى ھەدىس ئىلمىنى ئوقۇپ شۇنىڭغا ماھىر بولغان بولسا، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلار بېرىلىپتۇ.

ئىنسانلار بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كېلىپ سۈننەتنى تەرك ئېتىش شايە بولۇپ قالدى بۇرادەرلەر. يەنى پەيغەمبىرىمىز رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ھەدىسلىرىگە ۋە ئۇكىشىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە

ۋەئۇكىشىنىڭ ھوزۇرىدا قىلىنغان ئەمەلنىڭ قايتۇرۇلمىغىنىغا .

ئەمەل قىلماسلىق بىزنىڭ دەۋرىمىزدە كۆپ بولۇپ قالدى. لېكىن ئەۋۋەلقى كىشىلەر سۈننەتنى تەرك قىلىشنى ئويلاشماستى لېكىن سۈننەتتىن زىيادە ئەمەل قىلىشنى ئويلىشاتتى. بۇھەقتە بىز نېمە دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. كۆرسىتىلگەن سۈننەتتىن ئارتۇقچە ئەمەل قىلىشنى نېمە دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ سوئالغا بولغان جاۋابنى پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه و سلم نىڭ دەۋرلىرىدە بولغان،ۋەقە بىلەن جاۋاب بېرىمىز.

جَاءَ ثَلاَثَةُ رَهْطٍ إِلَى بُيوتِ أَزْوَاجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَسْأَلُونَ عَنْ عِبَادَةِ النَبِي صلى الله عليه وسلم، فَلَمّا أُخْبِرُوا كَأَنّهُمْ تَقَالّوهَا، فَقَالُوا: وَأَيْنَ نَحْنُ مِنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، قَدْ غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدّمَ مِنْ ذَنْبِهِ وَمَا تَأَخَرَ؛ قَالَ أَحَدُهُمْ: أَمّا أَنَا فَإِنّي أُصَلّي اللّيْلَ أَبَدًا؛ وَقَالَ آخَرُ: أَنَا أَصُومُ الدّهْرَ وَلاَ أُفْطِرُ؛ وَقَالَ آخَرُ: أَنَا أَعْتَزِلُ النّسَاءَ فَلاَ أَتَزَوّجُ أَبَدًا

ئۈچ كىشى پەيغەمبەر صلى الله عليه و سلم نىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ، پەيغەمبەر صلى الله عليه و سلم نىڭ ئىبادىتى توغرۇلۇق

سورىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىبادىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز ساناپ:« الله سبحانه وتعالا رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ئۆتكەنكى ۋە كېيىنكى گۇناھىنى كەچۈرگەن تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيتۇق.» .دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن ھەمىشە كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن.» دېدى.

يەنەبىرسى: «مەن ھەمىش روزا تۇتىمەن،ھەرگىزمۇ ئېغىزىم ئۇچۇق يۈرمەيمەن.» دېدى.

يەنە بىرسى : « مەن ئايالاردىن يىراق بولىمەن، ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن.» دېدى.

رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئۇلارغا: «سىلەر مۇنداق-مۇنداق دەپسىلەر الله قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا الله دىن بەكرەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن. مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن، ھەم ئۇخلايمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن ئۇمېنىڭ سۈننىتىمگە مەنسۇب ئەمەس.» .

دېدى.

دېمەك كۆرستىلگەن سۈننەتتىن ئارتۇقچە كۆپراق ئەمەل قىلىمەن، دىگەن مەقسەتتە بولغان ئەمەل،سۈننەتكە خىلاپتۇر.

خۇددى سۈننەتنىڭ سىرتىدا ئەمەل قىلىپ يۈرگەندىن پەرقى يوق. بۇرادەرلەر، چۈنكى رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ئېلىپ كەلگەن يولىغا بىرنەرسە قوشۇش بىلەن ئېلىپ تاشلاشنىڭ پەرقى يوق. قوشقان ئادەم، بۇ نوقسانلىق بولۇپ قالغان، مەن قۇشۇپ قوياي دېمەيدۇ.

مېنىڭ گۇناھىم كۆپ دەپ تۇرۇپ قوشىدۇ. بۇ شەيتاننىڭ ئىنسان قەلبىگە كىرىدىغان ئېنىق يولىدۇر.

الله سبحانه وتعالا رسول الله صلى الله عليه و سلم گە بۇيرىغاندا:

{فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلاَ تَطْغَوْا

(ئى مۇھەممەد!) **الله** سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان

ئىشلارنى قىلىپ) الله نىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار}

{ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لاَ تَغْلُواْ فِي دِينِكُمْ

ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار}

يەنى كۆرسىتىلگەن بۇيرۇقدىن كۆپ ئەمەل قىلىمەن دەپ ئويلىماڭلار. ئىنسان بىر يولدا مېڭىشقا بۇيرۇلغان بولسا، شۇيولدا تۆۋەن تەرەپتە ھەم يوقىرى تەپتە ھەم مېڭىلىك، دىسە چۈشىنەرلىك بولىدۇ.

شۇ يولدا توغرا يۈرۈك دېگىنى: پەسكە ھەم چۈشمەك،يوقىرغا ھەم چىقماك، دېگىنى بولىدۇ. لېكىن الله سبحانه وتعالا بۇيەردە توغرا ئىستىقامەتتە بولۇك، يولدىن تۆۋەنلىمەك دېمىدى. يولدا يوقىرى ئۆرلىمەك(ھەددىدىن ئاشۇرۋەتمەك)دېدى.

بۇ ئايەت شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ئىنساننىڭ ئېزىپ

كىتىشى تۆۋەنلەپ ئېزىپ كەتمەيدۇ. كۆپراق ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىدىن ئېزىپ كېتىدۇ. دىنغا بولغان زىيان ھەم كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەردىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن بولىدۇ.

دىنىمىز شۇنچە ساددا توغرا دىن ئىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا كىتاب سۈننەتتە يوق بولغان ئەمەللەرنى بۇيرۇلغان نەرسىنى قىلماستىن باشقا ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈش نەتىجىسىدە دىنىمىز ئاجىزلاشتى.

بۇرادەرلەر، ھازىرقى ۋاقىتتىكى كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئويلاپ چىقىلغان، بەزىبىر نەپلە ئىبادەتلەر، ئەسلىدە كىتابى سۈننەتدە رسول الله صلى الله عليه و سلم بۇنى قىلمىغان.

مانا بۇنەرسىلەرنى ئويلاپ چىقىشلىك، بىرىپ-بىرىپ ئىنسانىنى شىرىك ئەمەللىرىگە كىرىپ كىتىشكە، مانا شۇ ھەددىدىن ئېشىش سەۋەب بولدى.

رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ئالدىغا بىر ئەئرابىي(سەھرالىق ئەرەب) كىشى كېلىپ. يا رسول **الله** ! **الله** ئۆزىنىڭ يەككىلىكىنى تەستىق قىلىپ،سىزنىڭ **الله** تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەقىقي

ئەلچى ئىكەنلىكىڭىزنى تەن ئېلىشىمىزغا بۇيرىدىمۇ ؟ ھەئە دېدى.

**الله** بىر كېچە- كۈندۈزدە بەش ۋاقت ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدىمۇ؟. ھەئە دېدى.

**الله** بىر يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇشقا بۇيرىدىمۇ؟ھەئە دېدى.

**الله** مالىمىز نىسابىغا يەتسە زاكات بىرىشىمىزگە ۋە ھەج قىلىشىمىزگە بۇيرىدىمۇ؟ دەپ بىرمۇ بىر سورىدى.

رسول الله صلى الله عليه و سلم ھەربىرىگە ھەئە دەپ تەكىتلەپ جاۋاب بەردى.

ئەئرابى سىزنى ئەۋەتكەن زاتقا قەسەمكى دىگىنىڭىزدىن كەم- زىيادە قىلمايمەن، دېدى ۋە چىقىپ كەتتى.

رسول الله صلى الله عليه و سلم كىم ئەھلى جەننەتنى كۆرىمەن دېسە، بۇكىشىگە قارىسۇن دېدى.

بىز **الله** نىڭ بۇيرىقىنىڭ ئۆزىنى قىلساق شىرىكتىن سالامەت بولۇپ **الله** نىڭ بۇيرىقىنى قىلىش بىلەن جەننەتكە داخىل بولىمىز. لېكىن ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئۆزىنى قىيناپ ناھايىتى

كۆپ ئەمەللەرنى قىلماقچى بولىدۇ.

تەكشۈرۈپ قارىسىڭىز كۆپىنچىسى شىرىك بۇرادەرلەر. الله بۇيرىمىغان رسول الله قىلمىغان، بۇ ئىشلارنى قىيلىنىپ ئۆزى قىلىدۇ، دە تەكشۈرۈپ كۆرسىڭىز شىرىك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى پۇتۇن ئادەملەرنىڭ دىنىدىن ۋاز كېچىپ كېتىپ قېلىشىغا، مانا شۇئادەملەر سەۋەبچى بولىدۇ. دىننى ئېغىر قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

[إن الدين يسر ولن يشاد الدين أحد إلا غلبه

ھەقىقەتەن دىن ئاساندۇر.دىندا قاتتىق يول تۇتۇشقا بولمايدۇ. كىمكى دىندا قاتتىق يول تۇتسا ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي، ئىشلىرىدا يېڭىلىپ قالىدۇ.}

دىن ناھايىتى قولايلىق، سۈننەت ناھايىتى قولايلىق. لېكىن ئىنسان سۈننەتلەرنى تەرك ئېتىش ئۈچۈن پۇل ۋە كۈچ سەرىپ

قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ مېڭىۋاتقىنى ئۆزى بىلەن **الله** نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىر بۇرادەرلەر.

ھەقىقەتتە ئۆزىگە سوئال قويۇپ باقسۇن نېمە ئۈچۈن سۈننەتلەرنى تەرك ئېتىپ يۈرۈپتۇ؟بەزى سۈننەتلەرنى قىلىشقا ئىنساندىن مال تەلەپ قىلىنمايدۇ. يا ئۇنىڭدىن كۈچ تەلەپ قىلىنمايدۇ. لېكىن ئۇنى تەرك ئېتىش، مالغا ۋە كۈچكە موھتاج بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن الله سبحانه وتعالا نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلغان كىشىگە ئازاب شۇنچە قاتتىق؟چۈنكى گۇناھ قىلغان كىشى، گۇناھنى كۈچ ۋە مال سەرىپ قىلىپ قىلدۇ. گۇناھنى قىلماسلىققا ئادەمدە كۈچ سەرىپ بولمايدۇ. ئەمما گۇناھنى قىلىشقا ھەم مال ھەم كۈچ سەرىپ بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشىغان سۈننەتلەرنى تەرك ئېتىشكە مال كۈچ ۋە ۋاقت سەرىپ بولىدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن ئازاب قاتتىق بولىدۇ.

{(ھازىر تىما سىرتىغا چىقساق) ئېبىتايلى مەس قىلغۇچى

ئىچىملىكلەر ئىچكىنى، شەرىئەتكە خىلاپ بولغان،كاتتىا قولچوماقلارنى چاقىرىپ توي قىلغىنى بۇ گۇناھ بولىدۇ. بۇ گۇناھقا پۇل سەرىپ بولىدۇ. ۋاقت ۋە ناھايىتى كۆپ نەرسىلەر سەرىپ بولىدۇ. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن الله نىڭ ئازابى قاتتىق}

ئەگەر شۇنەرسىگە مالىڭىزنى ۋە كۈچىڭىزنى سەرىپ قىلمىسىڭىز،گۇناھ بولمايدۇ.

ئادەملەر نىمە ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى قىيىن دەيدۇ؟ قىيىن ئەمەس. ئۇ قەلبىتىكى نەفس،ھاۋايى-ھەۋەس،شەيتان، مانا بۇنەرسىلەرنىڭ گىپىگە كىرىپ قالغانلىقىدىن ،ئۇنىڭدىن ئايرىلىش قىيىن بولىدۇ. الله ۋە رەسۇلىغا ئەگىشىشىڭ، پۇلىڭىز يېنىڭىزدا قالىدۇ. كۈچىڭىز بىھۇدە كەتمەيدۇ. قايسى نەرسە ھاياتىڭىزدا سۈننەتكە خىلاپ بولىدىغان بولسا تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ. شۇنىڭغا مال ۋە كۈچىڭىز سەرىپ بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله سبحانه وتعالانىڭ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىنىڭ سىرى شۇدۇر.

بىز ئويلايمىزكى بىر ئەئرابى (سەھرادىن كەلگەن كىشىگە) ئاز ۋاقت ئىچىدە دىننى ئۆگىتىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھلى

جەننەت بولۇپ چىقىپ كەتتى دەيمىز.

دىن ناھايىتى ئاسان ھەقىقەتتە ،لېكىن بىزگە ئۇچۇن قىيىن؟ بىز ئىسلام روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان دۇنيا قارشى بىلەن ئۆسمىگەنمىز.

شۇنىڭ ئۇچۇن بىزگە قىيىن. ۋە يەنە بىز ياشاۋاتقان جاھىلىيەت ئىسلامنى مەسخىرە قىلغان نىزامدا ياشاۋاتىمىز. ئەنە شۇنىڭ ئۇچۇن بىزگە قىيىن بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم قىلغان نەرسىدىن كۆپراق نەرسىنى قىلىش، كەلگۈسىدە ئۆزۈمنى بۇ ئىشتىن پاكراق ساقلاي، دېگەن تەسەۋۋۇرغا ئاپىرىپ قويىدۇ.( الله دىن پاناھ تىلەيمىز)

دېمەك رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ قىلغان ئەمەللىرى ياخشى ئەمەسكەن. ( الله دىن پاناھ تىلەيمىز) ئۇنىڭدىن سىز پاكىزراق ئەمەل قىلماقچى بولغان داۋاغا ئاپىرىپ قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن سۈننەتنى ئارتۇقچە ئىش قىلىش بۇمۇتلەق سۈننەتكە زىتتۇر. بۇ ھەدىسنىڭ باشقا رىۋايەتلىرىدە،

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه و سلم خۇتبىللىرىدە ھەمدۇ ـ ساناdىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

{ ما بال رجال آمرهم بالأمر يرغبون عنه و الله إني لأعلمهم بالله و أشدهم له خشية

ئادەملەرگە نېمە بولدىكى مەن قىلغان ئىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىپ، بۇنىڭدىن بىز پاكراق بولايلى دېيىشتى. الله قا قەسەمكى مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە الله نى ئەڭ تونۇغۇچىراقىمەن ۋە الله دىن ئەڭ قورققۇچىراقىمەن.دېدى.]

دېمەك پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه و سلمنىڭ ئەمەللىرى الله دىن ئەڭ قورقىدىغان كىشى بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. ساھابىلەر ھەممىسى سۈننەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىشقانىكەن. چۈنكى قۇرئان كەرىمدىن كېيىنكى ئەڭ مۇراجىئەت قىلىدىغان ئاساسىمىز سۈننەتتۇر. پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه و سلمنىڭ ۋەسىيەتلىرى ھەم شۇبولدى. مانا ۋىدالىشىش ھەججىدە:

{(تَرَكْتُ فِيكُمْ أَمْرَيْنِ لَنْ تَضِلُّوا مَا تَمَسَّكْتُمْ بِهِمَا كِتَابَ اللهِ وَسُنَّةَ نَبِيِّهِ)

(مەن سىلەرگە مەھكەم تۇتساڭلار، سىلەرھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان ئىككى نەرسىنى قالدۇردۇم،بۇ **الله** نىڭ كىتابى ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبەرىنىڭ سۈننىتى)}

دەپ ئۆزىنىڭ ئەڭ زۆرۈر بولغان ۋەسىيەتلىرىنى قىلدى. **الله** سبحانه وتعالا رەسۇلغا ئەگىشىشكە ئۆزىنىڭ ئەزەلى كىتابىدا كۆپ جايدا بۇيرىدى.

{وَأَطِيعُواْ اللهَ وَالرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن **الله** غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار}

قۇرئان كەرىمدىكى **الله** ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ھەققىدە بولغان بۇيرۇقتا، بەزى ئورۇنلاردا ئىتائەت تەكرار بولسا ھەم، بەزى ئورۇنلاردا تەكرار بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟رەسۇلغا بولغان

ئىتائەت الله قا بولغان ئىتائەتنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر.

وَأَطِيعُواْ الله وَالرَسُولَ

ئوتتۇرىدا وَأَطِيعُواْ تەكرار بولمىدى. ئەمما ئۆزلىرىمىزدىن بولغان رەھبەرگە ،ئىسلام پېشۋالىرىغا، ئىتائەت قىلىشتىچۇ؟ بۇنىڭدا ئويلاپ كۆرسەك ،ئەلبەتتە ئىتائەت تەكرار بولمىغان. مەسىلەن

{يَا أَيُهَا الّذِينَ آمَنُواْ أَطِيعُواْ الله وَأَطِيعُواْ الرَسُولَ وَأُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ

ئى مۇئمىنلەر! الله غا پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان رەھبىرىڭلارغا (ئىسلام پېشۋالىرىغا) ئىتائەت قىلىڭلار.}

الله قا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە رەسولىغا ئىتائەت قىلىڭلار ئىتائەت تەكرار بولىدۇ،چۈنكى رەسۇلىغا بولغان ئىتائەت ئەينى الله قابولغان ئىتائەتتۇر.چۈنكى:

{وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَى (3) إِنْ هُوَ إِلاَّ وَحْيٌ يُوحَى

(ئۇ) ئۆز نەفسى- خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ(3) پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيلا سۆزلەيدۇ}

وَأُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ

ئۆزەڭلاردىن بولغان رەھبىرىڭلارغا (ئىسلام پېشۋالىرىغا) ئىتائەت قىلىڭلار.

دېگەن ئۇرۇندا أَطِيعُواْ كەلىمىسى تەكرار كەلمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇنەرسىدىن بىز بىلىمىزكى،ئىسلام پىشۋاسىغا بولغان ئىتائەت ئەسلى ئەمەس. بۇ ئىتائەت الله ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق بولۇشىغا باغلانغان. قاراڭ ئۆزىمىزدىن بولغان، موسۇلمان پېشۋانىڭ بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىش ھەم ،قارايمىز الله ۋە رەسولىنىڭ بۇيرىقىغا مۇۋاپىقمۇ، يوقمۇ، مۇۋاپىق بولسا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇيەردە ئىتائەت

كەلىمىسى تەكرار كەلمىدى.

يەنە ئىنسان أُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ يەنى ئۆزىدىن بولغان پىشۋاغا بولغان ئىتائەتنى،ئاساسى نەرسە دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن.

أُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ

دىن كېيىن

{فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ

ئەگەر سىلەر بىرەر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار بۇ توغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار! ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار}

ئەگەر بىرەر نەرسىدە كېلىشەلمەي قالساڭلار، ئۆزەڭلاردىن بولغان پېشۋاغا مۇراجىئەت قىلىپ كۆرۈڭلار، دېمىدى الله سبحانه وتعالى الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، شۇندىلا ھەقىقەتنى تېپىۋالىسىلەر. ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان بولساڭلار بۇ سىزلەرگە ياخشى ھازىردە ھەم ۋە كەلگۈسىدە ھەم گۈزەلراقتۇر.

رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ سۈننەتلىرىنى تەرك قىلىساق، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟دېگەن سوئال بولىدۇ. بۇيرىغان سۈننەتلىرىنى تەرك قىلىساق گۇناھكار بولىمىز. بۇيرىغان سۈننەتلىرىدىن باشقا سۈننەتلەردە، بۇنى قىلىش ئەبزەل ئىكەنلىكىدە، ئەجىرگە ئېرىششىمىزدە، شەك شۈبھە يوق.

{ فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ

پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا

دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن.}

مانا بۇئايەتتە الله سبحانه وتعالا بۇيرىغان سۈننەتلىرىنى تەرك قىلىش، ئاخىرەتتىلا جازا بولۇپ قالماستىن دۇنيادا ھەم جازالىنىشتىن خالى قالماسلىقنى ئاگاھلاندۇردى.

يەنە شۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە،رەسۇلنىڭ بۇيرىغىغا قارمۇ قارشى بولغان كىشىلەر، ھوشيار بولۇشسۇنكى ئۇلارغا پىتنە يېتىپ قالىدۇ. ياكى قاتتىق بىر ئازاب يېتىپ قېلىشى مومكىن،شۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بەزى كىشىلەر، ئېيتىشقانكى فىتنە نېمە؟بەزىلەر ئېيتقانكەنكى رەسۇلنىڭ بۇيرىقىنى قىلمىغان كىشىنىڭ قەلبىدە، ناتوغرا يولغا بولغان مايىللىق پەيدا بولىدۇ-دە: شۇنىڭ بىلەن ھالاك بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئېيتقانكەنكى كۇفۇر پىتنىسى،نىفاق پىتنىسى، بىدئەت پىتنىسى، مانا بۇفىتنىلەر دىگەنىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن رسول الله صلى الله عليه و سلم بۇيرىغان سۈننەتلەرنى قىلىشقا ھەركەت قىلماقلىقىمىز كېرەك. كۆپىنچە

ئۆلىمالار

{وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا

پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار} دېگەن ئايەتلەر

{فَآمِنُواْ بالله وَرَسُولِهِ النَبِيّ الأُمّيِ الّذِي يُؤْمِنُ بِالله وَكَلِمَاتِهِ وَاتّبِعُوهُ لَعَلّكُمْ تَهْتَدُونَ

**الله** غا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۈممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار.}

دېگەن ئايەتلەردىن خۇلاسە چىقىرىشىپ، ئېيتقانلەركى ئەگەر رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نىڭ بۇيرىغان سۈننەتلىرىنى ئىنكار قىلسا، كۇفۇر دېگەنىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ناھايەتتە ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه و سلمُ :

ألا إني أوتيت الكتاب ومثله معه ألا يوشك رجل شبعان على أريكته يقول عليكم بهذا

القرآن فما وجدتم فيه من حلال فأحلوه وما وجدتم فيه من حرام فحرموه

ئاگاھ بولۇڭلاركى ماڭا قۇرئان كەرىم بىلەن بىرگە شۇنچىلىك ئىلىم بېرىلدى.. شۇنداق كىشىلەر بولۇپ قېلىشى مومكىنكى سىزلەرگە قۇرئان بولىدۇ  قۇرئاندا تاپقان ھالالنى ھالال دەڭلار،ھارامنى ھارام دەڭلار،دەيدىغان كىشىلەر چىقىپ قېلىشى مومكىن  شۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردى.

بىزنىڭ دىيارىمىزدا ھەم شۇنداق كىشىلەر پەيدا بولۇپ قالغان، بۇرادەرلەر، پەقەت بىزگە قۇرئان يېتىدۇ. ھەدىسلەرگە كۆپ گەپلەر قوشۇلۇپ كېتىپ قالغان،دەيدىغان تائىفىلەر بار.

ئەگەر رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش لازىم بولمىغاندا **الله** سبحانه وتعالا بىزگە رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىڭلار دەپ بۇيرىمىغان بولاتتى. پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار

پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىشلار دېمەكتۇر.

رسول الله صلى الله عليه و سلم ماشا قۇرئان قۇرئانچە ئىلىم بېرىلدى. دېدىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت قۇرئان ئۆزىلا ھۆججەت بولۇشقا يېتىدۇ. ھەدىسلەرنىڭ (الله دىن پاناھ تىلەيمىز) كېرىكى يوق،دېگەن كىشىنىڭ كۇفۇردا بولۇشى مۇقەررەردۇر. ئەنە شۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغۇچىنىدۇر.

مىقدام ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىندۇكى:

حَرّمَ رَسُولُ الله صَلّى الله عَلَيْهِ وَسَلّمَ يَوْمَ خَيْبَرَ أَشْيَاءَ ثُمَ قَالَ يُوشِكُ أَحَدُكُمْ أَنْ يُكَذِبَنِي وَهُوَ مُتّكِئٌ عَلَى أَرِيكَتِهِ يُحَدَثُ بِحَدِيثِي فَيَقُولُ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ كِتَابُ الله فَمَا وَجَدْنَا فِيهِ مِنْ حَلَالٍ اسْتَحْلَلْنَاهُ وَمَا وَجَدْنَا فِيهِ مِنْ حَرَامٍ حَرّمْنَاهُ أَلَا وَإِنَ مَا حَرّمَ رَسُولُ الله صَلّى الله عَلَيْهِ وَسَلّمَ مِثْلُ مَا حَرّمَ

الله پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه و سلم خەيبەر كۈنىدە بىرنەچچە نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. كېيىن ئېيتتىكى،سىلەرنىڭ

بىرىڭلار،مېنى يالغانچى قىلىپ قېلىشى مومكىن، كېرىلىپ ئولتۇرۇپ،بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا الله نىڭ كىتابى بار. شۇنىڭدا تاپقان ھالالنى ھالال ،ھارامنى ھارام دەيمىز،(دېگىنى مېنى يالغانچى دېگىنى،دىدى. مېنىڭ سۈننىتىم مېنىڭ بۇيرىقىم بىلەن ھارام بولغان نەرسىلەرنى،قوبۇل قىلمىسا، قۇرئاننىڭ ئۆزىگە كۇپايىلەنسە، مېنى يالغانچى دېگىنى دېدى.) ۋە ئاگاھلاندۇردىكى،رەسۇلۇللاھ ھارام قىلغان نەرسە الله ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاش دېدى ساھابىلەر ۋەتابىئىنلار پەيغەمبەر صلى الله عليه و سلم نىڭ سۈننەتلىرىنى ناھايەت دەرىجىدە مەھكەم ئۇشلىدى. ۋە ئۇكىشىنىڭ سۈننەتلىرىگە خىلاپ ئىشنى قىلغان ئادەملەرگە، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار ناھايىتى نەپرەت بىلەن تۇرۇشتى.

ئابدۇللا ئىبنى ئاببانس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەزى ئادەملەر كەلگىنىدە رەسولۇللاھ صلى الله عليه و سلم مۇنداق دىگەن،دەپ تۇرغىنىدا ئۇ كىشىلەر ئەبۇبەكرى،ئۆمەر نىڭ سۆزلىرىنى ھۆججەت قىلىشقانىكەن شۇندا ئىبىتقانىكەنكى

يوشك أن تنزل عليكم حجارة من السماء أقول: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم وتقولون: قال أبو بكر وعمر. فكيف لو رأى ابن عباس هؤلاء الناس الذين يعارضون السنة الثابتة

يېقىن كۈندە بېشىڭلارغا تاش ياغىدۇ دېدى .

ولما قال رجل لعمران بن حصين رضي الله عنهما: حدثنا عن كتاب الله. وهو يحدثهم عن السنة، غضب رضي الله عنه وقال: إن السنة هي تفسير كتاب الله، ولولا السنة لم نعرف أن الظهر أربع، والمغرب ثلاث، والفجر ركعتان، ولم نعرف تفصيل أحكام الزكاة إلى غير ذلك، مما جاءت به السنة من تفصيل الأحكام

ئىمرانۇبنۇ ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس ئوقۇپ بېرىۋاتقىنىدا ، بىركىشى **الله** نىڭ كىتابىدىن تەپسىر قىلىپ بېرىڭ دېگەندە ، غەزەپلىنىپ : سۈننەت **الله** نىڭ كىتابىنىڭ تەپسىرىدۇر ، سۈننەت بولمىغىنىدا پىشىنىڭ تۆت رەكئەت

ئىكەنلىكىنى بىلمەستۇق ، شامنىڭ ئۈچ رەكئەت ئىكەنلىكىنى بىلمەستۇق ، ئەتىگەنلىك نامازنىڭ ئىككى رەكئەت ئىكەنلىكىنى بىلمەستۇق ، ۋە زاكاتنىڭ ھۆكۈملىرىنى ، ۋەھاكازا سۈننەتلەر بايان قىلىنغان نەرسىلەرنى بىلمەستۇق دېگەن.

بۇرادەرلەر ھازىر ماۋزودىن چىقىشلىك بولسا ھەم بىرنەرسىنى ئېيتىپ قويماقچىمەن. **الله** نىڭ كىتابىدىن تەپسىر قىلىپ بەرسىڭىز ، پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ سۈننەتلىرىدىن بايان قىلىپ بەرسىڭىز ، بەزى كىشىلەر بىزگە مەۋلۇت ئوقۇپ بېرىڭ دەيدۇ .

بۇ بۇرادەرلەر ھازىر قەلبىمىزنىڭ قارىيىپ قالغانلىقى ، كۆلىدىغان ئىش ئەمەس بۇرادەرلەر .

**الله** نىڭ كىتابىدىن رەسۇلنىڭ سۈننىتىدىن ئوقۇپ بەرسىڭىز ، توختىسىڭ بۇنى مەۋلۇت ئوقۇپ بېرىڭ دېمەيدىيۇ ، لېكىن ئەمەلدە شۇنداق بولىدۇ ، قىزىقمايدۇ .

ئىمام بەرزەندى رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نىڭ تارىخلىرىنى يازغان.

ئۇكىشىنىڭ ئەھۋال ، ھالەتلىرىنى يازغان ، بىز ئۇكىشىنىڭ ھاياتلىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك ، ۋە ھاياتىمىزغا تەتبىق قىلىشىمىز كېرەك .

ھەربىر گەپ قىلىۋاتقان سۆزىمىزنىڭ ھېسابىنى بىلىپ قۇيىشىمىز كېرەك ، بۇرادەرلەر .

عبد **الله** بن عمر رضي الله عنه پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ

لا تمنعوا إماء الله مساجد الله

**الله** نىڭ ئايال بەندىللىرىنى **الله** نىڭ مەسجىتلىرىدىن توسماڭلار . دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ ئوقۇپ بېرىۋاتقىنىدا . ئوغۇللىرىدىن بىرى ، **والله** لنمنعهن الله قا قەسەم قىلىمەنكى (يەنى كۈندەشلىكدىن ئايالىغا كۈندەشلىك قىلىپ ، ھازىرقىغا ئوخشاش بازارغا چىقسا يول قويۇپ ، ھەممە بىمەنە ئىشقا يول قويۇپ ، مەسجىدكىلا توسۇش ئەمەس بۇرادەرلەر .

ئايالىغا كۈندەشلىكىدىن ئايالىغا ئەرلىك كۈندەشلىكى كېلىپ) ئايالىلارنى توسىمەن دېگىنىدە ، عبد **الله** بن عمر رضي الله عنه غەزىۋى كېلىپ وسبه سبا شديدا ناھايىتى قاتتىق شەكىلدە (يەنى ھايادىن تاشقىرى بولغان سۆز بىلەن سۆككەنىكەن ، ئوغلىنى)

وقال: أقول قال رسول الله وتقول: والله لنمنعهن

رسول **الله** شۇنداق دېگەن دىسەم مەن قايتۇرىمەن دەيسىنا . بەزى رىۋايەتلەردە بار ساڭا ھەرگىز گەپ قىلمايمەن ، دەپ قەسەم ئىچكەن . **الله** ئۈچۈن سېنى دۈشمەن تۇتىمەن ، دېگەنىكەن .

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل مىزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇكىشى رسول **الله** صلى الله عليه و سلم ساھابىللىرىدىن ، بەزى يېقىنلىرى (بۇناتۇنۇش ئادەمگە ئەمەس بۇرادەرلەر)تاشنى ئېتىپ بىراۋغا ئىشارە قىلىدىغان ئىش بار( مەسىلەن بىراۋنى چاقىرماستىن ئىشارە بىلەن چاقىرماقچى بولسا شۇ تاشنى ئېتىپ چاقىرىش)

تاش ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ رسول **الله** صلى الله عليه و سلم توسقان ۋە ئېيتقانلىرىكى

إنه لا يصيد صيدا ولا ينكأ عدوا، ولكنه يكسر السن ويفقأ العين

بۇ كىچىككىنە تاشنى ئېتىپ ئىشارە قىلىش، بىرەر ئوۋنى ئوۋلىمايدۇ ۋە دۈشمەننى ئىزىپ پاچاقلىمايدىيۇ . لېكىن بۇنەرسە بىرەر كىشىگە تېگىپ چىشىنى سۇندۇرۇپ قويىشى مومكىن ۋە كۆزىنى قۇيىۋېتىشى مومكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن تاشنى ئاتماڭلار . ئىشارىنى بۇ سۈرەتتە قىلماڭلار دېگەن رسول **الله** صلى الله عليه و سلم دەپ ئېيتسا بۇنى ئاڭلىغاندىن كىيىن يەنە تاش ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ۋە ئېيتتىكى

والله لا كلمتك أبدا، أخبرك أن رسول الله صلى الله عليه وسلم ينهى عن الخذف ثم تعود

الله قا قەسەم قىلىمەنكى ساڭا ئەبەدى گەپ قىلمايمەن ، مەن ساڭا رسول الله صلى الله عليه و سلم تاش ئېتىپ ئىشارە قىلىشتىن قايتۇرغان دىسەم سەن يەنە قايتىپ قىلىۋاتىسەن . دېگەنىكەن . شۇۋاقىتتا ئەمەس باشقا ۋاقىتتا .

ئەييۇب سەختەيانى بۇكىشى ئۇلۇغ تابىئىنلاردىن ھېسابلىنىدۇ . ئەييۇب سەختەيانى الله نىڭ رەھمىتى بولسۇن ، تابىئىنلار ئىچىدە ناھايىتى كاتتا ھۆرمەتكە ئېگە تابىئىنلاردىن ، شۇكىشى ئېيتقانىكەنكى :

أيوب السختياني التابعي الجليل، أنه قال: إذا حدثت الرجل بسنة فقال: دعنا من هذا وأنبئنا عن القرآن فاعلم أنه ضال

بىر كىشىگە سۈننەتنى ئېيتىپ بەرسەڭ ، (سۈننەت چۈشىنىشلىك بولدى، دەرسىمىزنىڭ ئەۋۋىلىدە)قوي بىزگە قۇرئاندىن خەۋەر بەرگىن دىسە بىلگىنكى شۇ ئازغان ئادەم دېگەنىكەن.

بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ھەم بىز كىتابى سۈننەتكە قارشى بولغان ئادەمگە مۇتلەق قارشىمىز . شۇنى ياخشى بىلۋېلىشىمىز كېرەك . قۇرئاننىڭ ئۆزىگە كۇپايىلىنىپ قالغان ئادەمگە ھەم قارشىمىز . قۇرئاننىڭ ئۆزىنى مەنالىرىنى مۇتلەق بىلمەستىن قۇرئاننىڭ ئۆزى بىزگە يېتىدۇ دەيدىغان تائىپىلەر باركى مانا بۇ تائىپىلەر شۈبھەسىز ئاداشقان ئادەملەردۇر.

شۇ قۇرئان بىزگە كۇپايە دېگەن گېپىدە يالغانچى بولغان ئادەملەردۇر .چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇلارغا ئېيتىۋاتىدۇكى:

وأنزلنا إليك الذكر لتبين للناس ما نزل إليهم ولعلهم يتفكرون

بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز- نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق .

رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نىڭ بايانى نېمە ؟ ئۇكىشىنىڭ ھەدىسى ۋە ئەمەلىي سۈننەتلىرىدۇر . ھەتتا ئىمام ئەھمەد ئىبنى

ھەمبەل رەھىمەھۇللاھ ئېيتقانىكەنكى :

لا تقلدني ولا تقلد مالكا ولا الشافعي ، وخذ من حيث أخذنا

ماڭا تەقلىد قىلما(ئەگەشمە) ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىغا ھەم ئەگەشمە ، بىز قايەردىن ئالغان بولساق شۇيەردىن ئالغىن.

ئىمام ئەھمەد يەنە مۇنداق دېگەنىكەن:

عجبت لقوم عرفوا الإسناد وصحته عن رسول الله صلى الله عليه وسلم، يذهبون إلى رأي سفيان

مەن رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نىڭ ھەدىسلىرىنىڭ ئىسنادىنى ۋە سەھىھ ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان سوفيانىنىڭ قارىشىغا ئۆتكەن كىشىلەرگە ھەيران قالدىم (سۇفيان سەۋرى كاتتا مۇھەددىس ئالىملىرىدىن)ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل يەنە مۇنداق دەيدۇ ،**الله** سبحانه وتعالا مۇنداق دەيدۇ:

فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ

پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن

ثم قال: أتدري ما الفتنة؟ الفتنة: الشرك،

ئاندىن كېيىن بۇ پىتنە نېمە بىلەمسەن ؟ بۇ پىتنە شېرىكدۇر

لعله إذا رد بعض قوله عليه الصلاة والسلام، أن يقع في قلبه شيء من الزيغ فيهلك .

كىم رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ بۇيرۇقلىرى بولغان سۈننەتكە قارمۇ- قارشى ئىش قىلسا ، ئۇنىڭغا شېرىك پىتنىسى

يېتىپ قېلىشدىن قورقسۇن دېگەنىكەن .

يوقىرىدىكى سۆزلەردىن شۇنى بىلەيلىكى ئىمام سۇيۇتى رەھىمەھۇللاھ(مفتاح الجنة في الاحتجاج بالسنة)(سۇننەت بىلەن ھۆججەت تۇتۇشتىكى جەننەتنىڭ ئاچقۇچى)دېگەن كىتابىدا

فاعلموا ـ رحمكم الله ـ أن من أنكر كون حديث النبى صلى الله عليه وسلم قولاً كان أو فعلاً بشرطه المعروف فى الأصول حجة ، كفر وخرج عن دائرة الإسلام وحشر مع اليهود والنصارى ، أو مع من شاء الله من فرق الكفرة

ئىمام سۇيۇتى مۇنداق دېگەنىكەن: **الله** نىڭ رەھمىتى بولسۇن بىلىڭلاركى ، كىم پەيغەمبەر صلى الله عليه وسلم نىڭ بىر ھەدىسلىرى مەيلى سۆزى بولسۇن مەيلى ھەركىتى بولسۇن ، شۇنىڭ ئاساسىدا مەلۇم بولغان شەرتى بىلەن ھۆججەت بولىشى ئېنىق بولغانلىقىنى بىلسە ، (يەنى پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم دىن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى بىلسە ، ۋە شۇ بۇيرىغىنى ھۆججەت ئىكەنلىكىنى بىلسە) بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىدىغان بولسا كافىر

بولىدۇ دە ، ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىدۇ دېگەنىكەن. ۋە يەھۇدىلار ۋە ناسارالار بىلەن ياكى الله ئۆزى خالىغان كاپىر تائىپىلەر بىلەن قىيامەتتە مەھشەردە بولىدۇ دېگەنىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇنى ياخشى ئاڭلىۋېلىشىمىز كېرەككى ، ئەزىز بۇرادەرلەر سۈننەت بىزنىڭ ئىسلامدىكى ھۆججىتىمىز بولماقلىقى كېرەك.

قۇرئان كەرىمدىن كېيىنكى ھۆججىتىمىز سۈننەتتۇر . ئەگەر بۇ سۈننەتنىڭ رىۋايىتى سەھىھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېنىق شەرتلىرىنى بىلگەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم دىن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىنكار قىلىدىغان بولسا كافىر بولىشىدا شەك ـ شۈبھە يوق دېگەنىكەن.

قايسى بىر كىشى ئۆزىنىڭ سۈننەتكە ، ئەگەشمەيۋاتقان نەرسىنى بىر تەكشۈرۈپ كۆرسە ، پەقەت ئۇنىڭ ئەگەشمەيۋاتقانلىقى ھاۋايى ھەۋەسى ، نەپسى ، شەيتاندىن باشقا نەرسە ئەمەس . قەلبىدە رسول الله نىڭ مۇھەببىتىدىن باشقىلارنىڭ مۇھەببىتى ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر بۇ .

بۇنەرسىنى ئۆزى بىلەن الله نىڭ ئوتتۇرىسىدا سىر قىلىپ ، هوي پالانچى كەل ئولتۇرغىن ، ئۆزۈڭگە ئىنساپ بىلەن گەپ قىل . سېنىڭ سۆزۈڭنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ ، الله سبحانه وتعالا ئۆزى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ . شۇ سۈننەتلەرنى تەرك قىلىشىڭغا سەۋەب نېمە ؟ دەپ ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز سوئال قىلىسىڭىز . ئەلبەتتە ھاۋايى ھەۋەس ، نەپسى ،شەيتان ئىكەنلىكىدىن باشقا جاۋاب بولمايدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم شەيتانىنىڭ ئاساسى كىرىدىغان ئىنسانىنىڭ قەلبىگە بولغان يولى شۇدۇر . الله نىڭ مۇھەببىتىدىن قېلىشقا سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن كىشى ئۆزى ئۈچۈن بۇنى ئېغىر مۇسىبەت دەپ بىلىشى كېرەك .

سۈننەت ئەمەلىنى قىلۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە بۇنەرسە خۇنۇك كۆرىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، قوي بۇ سۈننەت ساڭا ياراشماپتۇ دېگەن بولسا ، ھەرقانداق ئەمەللەردىكى سۈننەتنى ئېيتماقچىمەن شۇندا ماڭا سۈننەتنىڭ گۈزەللىكى كۇپايە دەڭ .

مەن بۇنىڭ بىلەن ئادەملەرگە ماقۇل بولۇشنى مەقسەت قىلىۋاتقىنىم يوق، مەن بۇنىڭ بىلەن رسول ﷲ قا ئەگىشىۋاتىمەن خالاس .

مەن ھەۋەس قىلىمەنكى بەزى كىشىلەرگە رسول ﷲ نىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىشتا بۇنى گۈزەل قىلىپ كۆرەلمەسلىكىمىز ھەم بۇ قەلبىمىزدىكى نوقسانىنىڭ بەلگىسىدۇر.

شۇنى ياخشى بىلىۋالماقلىقىمىز كېرەك بىز ئۆزىمىزنى شۇنچە كاتتا خاتاغا يول قۇيىۋاتقانلىقىمىزنى بىلەيلىكى ، بىز شۇ ئەمەل بىلەن ئۆزىمىز بىر ئادەم ھاياتىغا رسول ﷲ نىڭ سۈننەتلىرىنى تەتبىق قىلىۋاتقىنىدا ئۇنى خۇنۇك (ئاددى) كۆرۈپ قېلىشىمىز بىز ئۈچۈن ئېغىر مۇسىبەتتۇر .

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر ، بۇ ئىسلامغا ئەمەل قىلىش قىيىن بولۇپ قالدىغۇ دېيىش مومكىن . لېكىن بۇنىڭ قىيىن بولۇپ قالغان نەرسە ھېلىقى ھاۋايى ھەۋەس، نەپس ، شەيتاندۇر بۇرادەرلەر، باشقا نەرسە ئەمەس .

بىز سۈننەتلەرگە قارشى چىقىشتا كاتتا كۈچلىرىمىزنى سەرىپ

قىلىۋاتىمىز . لېكىن سۈننەتنى تىرىلدۈرۈشكە بىر ئۇرۇنىپ بېقىلىڭ، بىر تەرەپتىن ئۆزىڭىزنىڭ كۈچى كەتمەيدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم قەلبىمىزدىكى نوقسانلارنى تۈزىتىۋالماقلىقىمىز كېرەك .

**الله** سبحانه وتعالا نىڭ رەھمەت سالاۋاتلىرى پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم گە بولسۇن .

من صلى على صلى الله عليه عشرً

ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتقان كىشىگە **الله** سبحانه وتعالا 10 رەھمەت ئېلان قىلىدۇ . **الله** نىڭ رەھمىتى ۋە سالاۋاتلىرى ئۇ زاتقا بولسۇنكى ، قىيامەتكىچە بولغان، ئىنسانىيەتكە **الله** نىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشمەن دېگەنلەرگە نەمۇنە بولۇپ قالغاندۇر.

رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نى ساھابىلەر شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشكەنكى، ئۇ كىشىلەر جەننەتتە پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ جەننەتتە بولىشىنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ ھەم جەننەتتە

بولىشىنى ئويلىغاندا . ئۇ كىشىنىڭ مەرتىبىسىنىڭ يوقىرلىقىنى ئۇكىشى بىلەن بىللە بولالماسلىقىنى ئويلاپ ، رەڭگىللىرى ئۆزگىرىپ كېتەركەن .

ساھابىلەرنىڭ بىرى رەڭگىللىرى ئۆزگىرىپ كەتكەندە سورىسا سىزنىڭ ئورنىڭىز يوقىرى مىنىڭ ئورنۇم تۆۋەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن جەننەتتە سىزسىز بولۇشنى ئويلاپ رەڭگىللىرىم ئۆزگەردى دېگەندە

من أحب قوما حشرة الله في زمرتهم

بىر تائىپىنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئۇلارنىڭ جامائىتىدە مەھشەردە بىرگە بولىدۇ دېگەن.

ئۇ شۇندىن كىيىن خۇرسەن بولغان . ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نى ئاتىللىرىدىن ، پەرزەنتلىرىدىن ، ۋە ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىدىن ھەم بەك ياخشى كۆرىشەتتى.

خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مۇشرىكلار باغلاپ ئۆلتۈرۈش

ئۇچۇن كامانلار ئېتىپ ئويناپ مەسخىرە قىلىپ ئۆلتۈرۈۋاتقىنىدا ، شۇنچىلىك نەيزىلەرنىڭ بەدەنلىرىگە سانجىلىۋاتقىنىدا ، بىرەر ئاۋاز چىقارمىغان كىشى ، مۇشرىكلار تەرىپىدىن : ئەنە مۇھەممەد كە ئەگىششىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردىڭمۇ؟ ئەمدى سىنىڭ يېنىڭدا مۇھەممەدنىڭ بولىشىنى خالاۋاتامسەن دېگىنىدە محمد عليه السلام نىڭ ئاياقلىرىغا تىكەن كىرگىنىدىن مېنىڭ جانىمنى تەسلىم قىلغانلىقىم ئەبزەل دېگەنىكەن .

شۇنداق مۇھەببەت قىلغان . بىز بەزىبىر ئاددىي سۈننەتلەردە ئەگىشەلمىسەك پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم گە بولغان مۇھەببەتنى دەۋا قىلمىساق ھەم بولىۋېرىدۇ بۇرادەرلەر .

## 6ـ دەرس راستچىللىق

قال الله تعالى : يَا أَيّهَا الَذِينَ آمَنُوا اتّقُوا الله وَكُونُوا مَعَ الصّادِقِين

ئى مۇئمىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.

و قال الله تعالى: وَالصّادِقِينَ وَالصّادِقَاتِ .....

راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا ..... الله تعالى

مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.

وَقالَ تَعَالَى : { فَلَوْ صَدَقُوا الله لَكَانَ خَيْراً لَهُمْ

ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا ، ئۇلار الله تعالى غا سادىق بولۇشسا ، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى.]

رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ئېلىپ كەلگەن يوللىرى راستچىللىق ئاساسىغا قۇرۇلغان،

أن هرقل قال لأبي سفيان : فماذا يأمركم به ؟ قال : يقول : اعبدوا الله وحده ولا تشركوا به شيئاً ، واتركوا ما يقول آباؤكم ، ويأمرنا بالصلاة والصدق والعفاف والصلة

ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇم پادىشاھى ھىرەقلىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ يازغان مەكتۇبىنى تاپشۇرۇۋالغاندىكى ۋەقەلىكنى بايان

قىلغان ، ئۇزۇن ھەدىسدە مۇنداق دەيدۇ: ھىرەقلى مەندىن :
‹سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى نېمىگە ئۈندەيدۇ . › دەپ
سورىدى . مەن ‹ بىرلا **الله** تعالى غا ئىبادەت قىلىشقا ، ئۇنىڭغا
ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ، ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ
دىنىنى تاشلاشقا ، ناماز ئوقۇشقا ، راستچىللىققا ، ئىپپەتلىك
بولۇشقا ۋە ئۆز ئارا سىلە رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ› دېدىم .
( ھىرەقلى رۇم ھۆكۈمدارى ، رۇم مەملىكىتىگە مەككىدىن
سودىگەرلەر كەلگەن ۋاقىتتا ، رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نىڭ
خەۋىرى ئالەمگە تارقالغان ۋاقىتتا ، ھىرەقلى مەككىدىن كەلگەن
سودىگەرلەرنى چاقىردى . بۇ سودىگەرلەرنىڭ ئىچىدىن شۇ
پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغان كىشىگە نەسەبدە قېرىنداش
بولغان كىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەلۋەتتە بۇكىشى ئەبۇ سۇفيان
ئىدى ، ئەبۇ سۇفيان شۇدەردە يەر مىقياسىدا رسول **الله** صلى الله
عليه و سلم گە ئەڭ قاتتىق دۈشمەن بولۇپ تۇرغان ۋاقت ئىدى.
پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم گە يالغان تۆھمەتنى نىسبەتلەشكە
بولىدىغان بولسا ،خۇسۇسەن (رۇم ھۆكۈمدارى يەر مىقياسىدىكى

ئىككى ھۆكۈمدارلىقنىڭ بىرى ۋە كۈچلىكى ئىدى)بۇيەرگە تەسىرى ئۆتۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەرقانچە يالغان گەپ قىلىپ تۆھمەت قىلىشقا تەييار ئىدى . لېكىن ئەبۇ سۇفيانىنىڭ تۆھمەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان تەرتىپ تۈزۈلدى . ھەممە كىشىلەرنى قاتار قىلىپ ، ئەگەر يالغان گەپ قىلىدىغان بولسا ، ئارقىدىكى كىشىلەر بۇنى يالغان سۆزلىدى، دېسۇن دەپ ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قىلىپ ئۆتكۈزدى .

شۇ ۋاقىتتا بىرىنەچچە سوئالنى سورىدى ، شۇ سوئالنىڭ بىرى سىلەرنى نېمىگە بۇيرىدى ؟ ( يەنى بۇ يېڭى پەيغەمبەرلىكنى دەۋاقىلغان كىشى سىلەرنى نېمىگە بۇيرىدى )(ئەبۇ سۇفيان كېيىن ئىسلامنى قۇبۇل قىلغان كېيىن بۇنى سۆزلەپ بېرىپ : ئەگەر شۇ ۋاقىتتا رسول **الله** صلى الله عليه و سلم گە تۆھمەت قىلىشنىڭ ئىلاجىنى تاپسام تۆھمەت قىلاتتىم . پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدا يالغانچى ، تۆھمەتخور بولۇپ چىقىشدىن قورقۇپ توغرا گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم . )شۇ سوئالنىڭ بىرى ھىرەقلى : ئۇكىشى نېمىگە بۇيرىدى ؟ دېگەن ۋاقىتتا : بىر **الله** ئىبادەت

قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق، ئاتا بوۋاڭلار دېگەن نەرسىنى تاشلاش ، ناماز ئوقۇش ، ۋە راستچىللىققا ، ئىپپەتلىك بولۇشقا، **الله** بۇيرىغان قېرىنداش ئورۇق تۇققانلار بىلەن ئالاقىدە بولۇشقا بۇيرىدى ، راستچىللىقنى ھەتتا پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرى ھەم بىلىدىغان دەرىجىدە بولدىكى ، ئىسلام دىنى راستچىللىققا بۇيرىغانتى.

راستچىللىق بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ئەڭ كاتتا سىمۋوللىرىدىن بىرىدۇر.

**الله** سبحانه وتعالا : **الله** قا تەقۋا بولۇڭلار ۋە راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار . دەپ بۇيرىدى.

ھازىرقى دەرسىمىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئاڭلىغۇچى كىشىلەر بىلىۋالسا كېرەك . راستچىللىق دەرسىمىزنىڭ مەۋزۇسى بولۇپتۇرۇپتۇ .

ئىسلام ئاساسى ساداقەت(راستچىللىق)شۇ ساداقەتكە بويرۇش ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈپ كۆرسۇن ،

ئىسلامدىكى ساداقەتتەك ساداقەت بولغان ئەمەس ، بولۇپ ھەم رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ دەۋرىدىكى ساداقەت ، ئوخششى كۆرۈلمىگەن ساداقەتتۇر . ساھابىلەردىن كىيىن تابىئىنلار ، ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن كىشلەر ئىچىدە ساداقەت تېپىلدى .

« ئى ئىمان كەلتۈگەن كىشلەر الله قا تەقۋالىق قىلىڭلار ، ۋە راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار .»

بۇ يەردە ئېيتىلمىدىكى ئاتا ـ ئاناڭلار بىلەن بىللە تۇرۇڭلار ، قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن بىللە تۇرۇڭلار ، دېگەن سۆز بولمىدى . يەنى راستچىللار بىلەن تۇرۇڭلار ، ھەربىر نەرسىدە سادىقلار سېپىدە بىللە تۇرۇشقا الله سبحانه وتعالا بۇيرىدى . بىرەر سۆز بولسۇن ياكى ئەمەل بولسۇن . شۇ ۋاقىتتا كىشى سادىقلار بىلەن بىرگە تۇرىشى كېرەك .

ھەتتا دۈشمىنىدە سادىقلىق بولسا ، دۈشمەن ئەگەر بىر سۆزنى ھەق گەپ قىلغان بولسا مەن بۇنى يامان كۆرىمەن ، لېكىن بۇ

شۇ دەۋاسىدا راستچىل بۇ توغرا دېدى- دەپ تۇرالىشىمىز كېرەك .

أستعيذبالله

يَا أَيّهَا الّذِينَ آمَنُواْ كُونُواْ قَوّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاء لِلّهِ وَلَوْ عَلَى أَنفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ

« ئى مۇئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە ئۆزەڭلارنىڭ ياكى ئاتا- ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئادالەتنى بەرپا قىلغۇچى بولۇڭلار .»

سادىقلىقتا تۇرۇش مىساللىرى ئىسلام تارىخىدا ناھايىتى كۆپتۇر . قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىدىكى

فلو صدقوا الله لكان خيراا لهم

ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا ، ئۇلار **الله** تعالى غا سادىق بولۇشسا ، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى .

رسول **الله** صلى الله عليه و سلم ساھابىلىرىگە ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر تارىخىدا ئۆتكەن ساداقەت ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دەۋرىدە ئوخششى يوق شەكىلدە سادىقلىقىنىڭ گۇۋاھى بولۇندى .

انطَلَقَ ثَلاثَةُ نَفَرٍ مِمّنْ كَانَ قَبْلَكُمْ حَتّى آوَاهُمُ المَبيتُ إلى غَارٍ فَدَخلُوهُ، فانْحَدرَتْ صَخْرَةٌ مِنَ الجَبَلِ فَسَدّتْ عَلَيْهِمُ الغَارَ ، فَقالُوا : إنّهُ لاَ يُنْجِيكُمْ مِنْ هذِهِ الصّخْرَةِ إلاَ أنْ تَدْعُوا الله بصَالِحِ أعْمَالِكُم .........

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رسول **الله** صلى الله عليه و سلم دىن ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇكى:

سىلەردىن ئىلگىركى كىشلەردىن ئۈچ كىشى سەپەرگە چىقتى. ئۇلار يولدا بىرغاردا يېتىشقا توغرا كەلدى . ئۇلار غارغا كىردى ، ۋە تاغنىڭ ئۈستىدىن بىرتاش چۈشۈپ ، غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى . ئۇلار : بۇتاشتىن **الله** قا سالىھ ئەمەللىڭلار بىلەن

دۇئا قىلىشتىن باشقا نەرسە قۇتقازمايدۇ (يەنى بىرەر سالىھ ئەمەلىڭ بارمۇ شۇ ئەمەلىڭنى الله قا ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ شۇ ئەمەلنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانىدىم، راستچىللىق بىلەن قىلىۋىدىم ، ماڭا نىجات بەر دەپ دۇئا قىلايلى). دېيىشتى . ( ئىنسان ھاياتىغا بىرنەزەر تاشلىسا سادىق بىر ئەمەل قىلغانلىقنى تاپالمايدۇ . ھەركىم ئۆزىنىڭ ھاياتىغا نەزەر تاشلىسۇن. بىرەر بىر سادىق ئەمەلنى قىلدىممىكىن . بىرەر بىر ئەمەلنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مىننەت قىلماي كېلىۋاتىمەنمۇ؟ دېگەن سوئالنى بەرسە ، ھە مانا ئەمەلىم دېگەن كىشىلەر كەم تېپىلىدۇ . شۇنچىلىك كېچىسى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىپ روزا تۇتۇپ ، ئەمەل قىلغان بىلەن ئىنساننىڭ بىر سادىق ئەمەلنى تېپىش قىيىن بولىدۇ . بۇنى ئۆزى بىلەن الله قا ئىلتىجا قىلىپ ئولتۇرۇپ ، ئېيت بىر سادىق ئەمەلىڭنى دىسە ، ئادەم ئويلىنىپ قالىدۇ .

ئۇلاردىن بىرى بىر سادىق ئەمەلنى تاپتى ، ( شۇ ئەمىلى

ئۆزىنىڭ دەۋرىدىن كېيىن ، ئاخىرقى پەيغەمبەر صلى الله عليه وسلم دەۋرىدە ئۆزىنىڭ ئۈممەتلىرىگە ھېكايە قىلىپ ئېيتىپ بەردى.

بۇ ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنىپ ، كىتابلاردا قېلىپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە 1400 يىلدىن كېيىن شۇ ئەمەل ھېكايە قىلىنىپ شۇ ئەمەل ھەۋەس قىلىندى .

ئىنسان ئەگەر بىر سادىق ئەمەلنى قىلسا بۇنىڭ قىيامەتكىچە تەسىرى قالىدۇ بۇرادەرلەر .

مانا بۇنەرسىنى بىز چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك . ئىنسان ناھايىتى كۆپ ئەمەللەرنى قىلىدۇ . بىر تەكشۈرۈپ كۆرسە ھەممىسى بىر غەرەز باشقا مەقسەتلەردە بولۇپ قالىدۇ .، )

ئۇلاردىن بىرى : ئۆزىنىڭ قېرى ئاتا-ئانىسى بارلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرى ئائىلىسىدىكىلەرنى غىزالاندۇرمايدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ. (يەنى ئائىلىدىكىلەرى پەرزەنتلىرىدىن ئىلگىرى غىزالاندۇرۇپ ئاندىن پەرزەنتلىرىنى غىزالاندۇرىدىغانلىقىنى )

بەزى ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ سۈتنى ئېلىپ كەلگەندە ئۇلار ئۇخلاپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنى ئويغىتىشنى خالىماستىن، سۈتنى

قۇلىدا تۇتقىنىچە تاڭ ئاتتۇرغانلىقىنى، باللىرى پۇتلىرىدا يالۋۇرۇپ تۇرغان ھالەتتە، تاڭ ئاتتۇرغانلىقىنى ھىكايە قىلىدۇ . شۇ نەرسىنى ھاياتىدا ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن بولغان ھۆرمەتنى الله نىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئۆتكۈزگەنلىكىنى شۇنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ، ئەگەر شۇ ئەمەلىمنى قۇبۇل قىلغان بولساڭ، تۇرغان ھالەتلىرىمىزدىن نىجاد بەرگىن دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ۋە مەلۇم مىقداردا تاشنىڭ ئېچىلغانلىقىنى (تەكشۈرۈپ كۆرسەك ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قىلغان ھۆرمەتنىڭ يوقىرى قىسمى، بىز ئويلىشىمىز مومكىنكى، بۇ پەرزەنتلىرىدىن ئاتا-ئانىللىرىن ئىلگىرى قىلىش كۆپ كىشىلەردە تېپىلىشى مومكىن دەپ ئاددىي ئەمەلدەك كۆرىنىدۇ. لېكىن ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىمىزغا، ئۆزىمىز ئاتا-ئانىمىزغا قىلىۋاتقان ھۆرمەتكە بىر قارىساق بۇ بىر ئەمەلدە راستچىل بولۇش ناھايىتى ئاز كىشىگە نىسىب بولىدۇ. بىر ئەمەلنىڭ ئۆزىدە سادىق قېلىش ناھايىتى قىيىن بۇرادەرلەر ، الله سبحانه و تعالى مەدەت بەرگەن كىشىلا شۇنىڭدا سادىق قالىدۇ . ئىككىنجى كىشى ئۆزىنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى بارلىقىنى، ۋە

بۇقىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ۋە ئۇنىڭدىن هارام ئىشنى مەقسەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى، ئۇ تاغىسىنىڭ قىزىنىڭ بۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقانلىقىنى، قەھەتچىلىك بولغاندا بىر يۈز يىگىرمە دىنارغا ئۇنىڭ تەلپىگە ماقۇل بولغانلىقى، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىنىدا، الله دىن قورققىن دېگەن سۆزنى تاغىسىنىڭ قىزىدىن ئاڭلىغان ۋاقتىتا، بۇ بۇزۇق ئىشتىن يېنىپ كەتكەنلىكىنى، پەقەت الله دىن قوقۇپ سادىقلىق بىلەن، شۇ ئەمەلنى قىلغانلىقىنى، ۋە بۇكىشىنىڭ ئى الله شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن قىلغان بولسام، بىزگە شۇ تۇرغان مۇسىبەتتىن نىجاد بەرگىن . دېگىنىدە، تاش كىشى سىغمايدىغان مىقداردا ئېچىلغانلىقى بايان قىلىندى. (مانا بۇ نەرسە ھەم ، ئىنسان ئۆزى بىلەن نەپسى ئوتتۇرسىدىكى، كۆرەشتە ساداقەت بىلەن غەلبە قىلغانلىقىنىڭ مىسالىدۇر . هاياتتا ئەگەر بىركىشى ئۆزىگە سوئال قىلسا ، نەپسى قاتتىق خالىغان نەرسىدىن ۋاز كەچكەنمۇ يوقمۇ ؟ دېگەن سوئالغا ئىنسانىنىڭ ھەممە ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ شۇنىڭدىن يانالىغانمۇ

دەپ سوئال قويسا بۇنىڭغا ھەم ئويلىنىپ قالىدۇ.

ئەۋۋەلقى دەرسلىرىمىزدە ئېيتىپ ئۆتتۇقكى ر رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نىڭ دەۋرلىرىدە ،ئۇزاق ۋاقت كېسىلدىن كېيىن بېلىق يېيىشنى خالىغان ساھابە ، بېلىق يىگۈسى كېلىپ ، نەپسى شۇ بىر بېلىقنى يېيىش (بۇرادەرلەر بۇنى نەپسى خاھىش دېگىلى ئادەم خىجىل بولىدۇ ، ئىنساننىڭ بىر تائامنى يېيىشنى خالىشى شەرىئەتكە مۇۋاپىق نەرسە بۇ. ئەنە بۇ نەرسىنى يېمەكچى بولغىنىدا ، رسول **الله** صلى الله عليه و سلم نىڭ ھەدىس مۇبارەكلىرى ئېسىگە كېلىپ :«ئەگەر بىر كىشى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ئىشتىھا قىلىپ تۇرغان نەرسىنى باشقا بۇرادەرلىرىگە ئەۋەتسە دوزاخ ئۇتى ھارام بولىدۇ »دېگەن ھەدىس ئېسىگە كېلىپ بۇنى مەندىن بەكراق پالانى كىشى مۇھتاج ، شۇنىڭغا ئېلىپ بېرىڭلار دېگىنىنى. شۇ ۋاقىتتا ئائىلىدىكىلىرى بۇنەرسىنى سىز يەڭ، ئۇ كىشىگە ھەم ھازىرلايمىز دېگەندە، ياق مەسىلە بۇنىڭدا ئەمەس، پەيغەمبىرىمىز رسول **الله** صلى الله عليه و سلم :

«ئۆزىنىڭ نەپسى ئىشتىها قىلىپ تۇرغان نەرسىنى ، باشقا كىشىگە ئەۋەتسە دوزاخ ئۇتى هارام بولىدۇ .»

دېگەن . مۇشۇ هەدىسكە ئەمەل قىلىش ئىمكانىيىتى هاياتىمدا هېچ بولمىغانىدى . مانا مۇشۇ ۋاقت ئەمەل قىلىشنىڭ ۋاقتىدۇر . ئىنسانغا هاياتىدا شۇنداق بىر ئىمتىهان دەۋرى كېلىدۇكى ، شۇ ئۆزىنىڭ خالىغان نەپسى خالاپ تۇرۇپ شۇنەرسىنى باشقىلارغا بېرىدىغان دەۋر ئۆمرىدە بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم كېلىشى مومكىن . لېكىن بىز شۇ قولاي پۇرسەتتىن پايدىلىنالايمىزمۇ يوق ؟ الله بىلىدۇ .

مانا بۇ ئىنساننىڭ نەپسى ئىشتىها قىلىپ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن نەرسىنىڭ دەۋرلەر ئۆتۈپ ئىمكانىيەت بولۇپ قالغان ۋاقتىدا نەپسىدىن ۋاز كېچىشنىڭ مىسالىدۇر بۇ ، شۇنداق سادىق كىشىلەرگىلا الله سبحانه وتعالا نىجات بېرىدۇ .)

ئۈچىنجىسى {(بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى كىشىلەر بۇ ئىنتىهاندىن ئۆتەلمەيدىغان مىسال بولسا كېرەك، لېكىن بۇنى

ئوقۇپ بىلدۇرۇپ قويىمىز، بۇ هازىرقى ئىختىسادى تەڭلىك ۋاقتىدا كىشىلەر تامامى الله ساقلىسۇن . هازىرقى دەۋردە پەقەت ئىختىسادنى بىرىپ-بىرىپ دىنىسىزلارغا ئوخشىغان ئاساسى مەسىلە قىلىپ كېتىۋاتقان سائەتتە، بۇ ئىنتىهاندىن چىقىدىغان كىشىلەر ناهايىتى كەم بولسا كېرەك.

بۇ بىز ئەڭ مۇهتاج بولغان مىسال هەم شۇ بولسا كېرەك، بۇ قىيامەتكىچە ئۇچىلا سۇرەت تېپىلىۋېرىدۇ بۇرادەرلەر . ئىشىنىڭ تارىختا شۇنداق سادىق كىشىلەر ئۆتكەن . بۇنى رسول الله صلى الله عليه و سلم هىكايە قىلىپ بەردى ،

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رىۋايەت قىلدى .ئىمام بۇخارى ، ئىمام مۇسلىم ئۆزلىرىنىڭ سەهىه هەدىلەر توپلىمىدا كەلتۈردى .

(بىرلىككە كېلىنگەن هەدىس)

[مەن بىرنەچچە مەدىكارلارنى ئىشلەتكەنىدىم ، ئۇلارنىڭ هەققىنى بەرگەنىدىم ، لېكىن بىر كىشى ئۆزىنىڭ هەققىنى ئالماستىن كېتىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ خىزمەت هەققى مەندە

قالغانىدى . شۇ قالغان ھەققىنى بۇ زايە بولمىسۇن دەپ كۆپەيتىپ قويدۇم ، (يەنى نېمە قىلدى ؟ بەزى رىۋايەتلەر ھەدىسنىڭ شەرھىدە كېلىدۇ ، بىر بوغاز قوي ياكى مال ئېلىپ قويغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ . ماللار كۆپىيىپ كەتتى . مەلۇم بىر دەۋرلەردىن كېيىن كەلدى . ئى **الله** نىڭ بەندىسى ئىش ھەققىمنى بەرگىن دېدى . (شەرئىي ھۆكۈم شۇكى بىر ئادەمنىڭ مېلى قالغان بولسا شۇ مېلىنى بەرگەن بولسا شەرئەن ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ . ) بۇ كۆرۈپ تۇرغان تۆگە ، كالا ، قوي ، ۋە قۇللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ دېدى . ئى **الله** نىڭ بەندىسى مېنى مەسخىرە قىلماڭ دېدى . ئۇ مەن مەسخىرە قىلۋاتقىنىم يوق . بۇ سەۋەبىنى ئېيتتى . سەۋەبىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماللار ھەممە نەرسىنى بىرەر نەرسىنى قويماستىن ئېلىپ كەتتى . شۇ نەرسىنى سادىقلىق بىلەن سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشكەن بۇسىبەتتىن نىجاد بەرگىن دېدى .

**الله** سبحانه وتعالا ئۇلارغا نىجاد بەردى . تاش ئېچىلدى ،

ھەممىسى سىغىدىغان سۈرەتتە، ئۇلار چىقىپ كەتتى.»

(ئى ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر **الله** قا تەقۋالىق قىلىڭ ۋە سادىقلار بىلەن بىللە بولۇڭ .) بۇ دۇنيا غارىدا قالغىنىڭىزدا بۇ ھازىرقى تۇرغان دۇنيادا پەقەت سادىقلار نىجاد تاپىدۇ . (سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇڭ)،سەپەردە سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇڭ ، ھاياتتا سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇڭ. **الله** سبحانه وتعالا نىجاد بېرىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ ئىمكانىيىتىڭىز يوق بولغان سائەتتە ، **الله** سبحانه وتعالا غا سادىق ئەمەلىڭىز بىلەن مۇناجات قىلىڭ ، **الله** سبحانه وتعالا نىجات بېرىدۇ .

نىجات بەرگەندە ھەم شۇنداق نىجات بېرىدۇكى ، 1400 يىلدىن كېيىن ئادەملەر بۇ ئەمەلگە ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ نىجات بېرىدۇ . بىز ناھايىتى كۆپ مىساللارنى كەلتۈرىشىمىز مومكىن . بۇ ھەدىس شەرىپ ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بىز كېرەكلىك جايىنى قىسقىچە قىلىپ ئالىمىز.

« ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بۇكىشى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىدە ، كەئىب ئىبنى مالىك كۆزلىرى ئەما بولۇپ قالغاندا يېتىلەپ يۈرگەن پەرزەنتلىرىدۇر ، بۇ پەرزەنتى دادىسىدىن هىكايە قىلىپ ئېيتىدۇكى ، دادامدىن ئۇرۇشقا چىقمىغانلىق توغرىسىدىكى هىكايە سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. (بۇخەۋەر كۆپچىلىككە ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە ئاڭلىتىلغان قىسقىچە قىلىپ ئېيتىمەن .تەبۇك غازاتىدا رسول **الله** صلى الله عليه و سلم: كىم **الله** قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، مەدىنىدە رامىزان ئېيدا هازىر بولسۇن دېدى.

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ ئادەت شەرىفلىرى ، بىرەر غازاتقا چىقماقچى بولسا يۇشۇرۇن تۇتاتتى . ئۆزى بۇتەرەپكە ماڭماقچى بولسا ، كۆرىنىشتە يەنە بىرتەرەپكە چىققان بولۇپ كىيىن مەدىنىنىڭ ئېدىرلىرىدىن باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتەتتى . مۇناپىقلارنىڭ ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ،ئەمما تەبۇك غازىتى بىر ئايلىق ئۇزۇن مۇساپە بولغانلىقى ئۈچۈن ،رامىزان شەرىفنىڭ ئېغىر كۈنىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ،ۋە مەدىنە

ئەھلىنىڭ ئاساسى تىرىكچىلىكى خورما بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ خورمىنىڭ پىشىپ تۇرغان ۋاقتىدا ماڭىدىغان سەپەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئېلان قىلدى . شۇ تەبۇك غازاتىدا مەقسەتلەرنى ئۇچۇق بايان قىلدى .

الله سبحانه وتعالا تەبۇك غازاتىدا ساھابىلارنى قاتتىق ئىمتىھان قىلدى ، رامىزان شەرىف ، ئىسسىق ھاۋا ، ھەممە خورمىسى پىشىشى، بۇنى ساتسا شۇ سائەتتە پايدىلىنىدىغان يىللىق كىرىمى شۇ ئىدى. مانا شۇ سائەتتە تەبۇكقا چىقىشقا بۇيرىدى . (بۇ بۇرادەرلەر ئاساسى تىرىكچىلىكى شۇ بولغان كىشىلەرگە ئېغىر ئىمتىھان. لېكىن ساھابىلەر بۇنىڭدىن مۇۋەپپىقىيەتلىك چىقىدىغان كىشىلەردۇر . ئەگەر ھەرقانداق سائەتتە كىشىلەر ھەپتىدىكى بازىرىدىن قالىدىغان بولۇپ قالغان ۋاقتتا ئىسلامنىڭ ھۆكمىدىن ۋاز كېچىۋالىدۇ . بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتتىكى مۇسۇلمانچىلىقىمىز ، تىرىكچىلىكىمىز ياخشى بولۇپ تۇرغان بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك (والله أعلم). مەن يامان گۇمان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ، ئەگەر بىرەر كىشىگە مۇسىبەت

يېتىپ قالىدىغان بولسا ، مۇسىبەت ئەمەس ، مالىغا مۇسىبەت
شۇكىشىنىڭ تىلىدا ئېيتقىنىمىزدا پەقەت  ئۇ جەسىدىگە
مۇسىبەت بىرەر بىر زەرەر بولسا ئۇكىشىنى تاپالمايسىز . ئەگەر
ئادەتتىكى كىرىمىدىن كېمىيىپ قالىدىغان بولسا شۇۋاقىتتىنا ۋاز
كېچىۋالىدۇ . ئۆزىڭىزنى تارىختىكى كىشىلەرگە بىر سېلىشتۇرۇڭ .
ئەھلى جەننەتلەر مانا بۇلار ، مەندە شۇلارغا ئوخشايدىغان ئەمەل
سۈپەت بارمۇ دەپ شۇلارغا سېلىشتۇرۇڭ . ئەمما بىز جەننەتنىڭ
ئەڭ يوقىرى قىسمى بىزنىڭكى بىزنىڭ روخستىمىز بىلەن
كىرىدۇ، دېگەن دەۋادەك بۇسۆزنى ئېيتمىساق ھەم شۇنداق
دەۋادا كېتىۋاتىمىز .)

كەئىب ئىبنى مالىك مانا بۇتەبۇك غازاتىدىن باشقا بىرەر غازاتتىنا
قالغان ئەمەسمەن دېدى . ھەممە غازاتتىنا رسول **الله** صلى الله عليه و سلم بىلەن قاتناشقانىدىم . (كۆردىڭىزمۇ ھەممە ئىشقا قاتناشقان
، ئەمما تەبۇكتىنا قېلىپ قالغان ، بەدردە ئۆزرى بىلەن قالغانلىقى
مەلۇم) رسول **الله** صلى الله عليه و سلم بىلەن كىشىلەر كېتىشتى . كىم
ئۆزرە ئېيتقان بولسا زاھىرىگە كۆپايە قىلىپ ئۆزرىلىرىنى قوبۇل

قىلدى . (بەزى ۋاقىتتا مەن تەسىرلىنىمەن . ئۇمۇمى ئېيتىمەن شۇ نەرسىنى شۇ تەبۇك غازاتىدا

(إن بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ)

دېگەنلەر بار .(ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ئۇچۇقچىلىقتا)شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قىلىپ قالىسام ، ئۆيىمىزگە ھەرخىل ھۇجۇملار بولۇپ قېلىشى مومكىن ، دىيىشكەن.

الله قۇرئان كەرىمدە:« إن بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ إِنْ يُرِيدُونَ إلافِرَارً»

(ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئۇچۇقچىلىقتا ئەمەس ، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ .) دېگەن .

ماڭا بەزىبىر ۋاقىتتا سوئال بولۇپ قالغانكى ئۆزەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەننى ئېيتماقچىمەن .

بىر خىزمەتنى بەزىلەرگە بۇيرىغان ۋاقتىمىزدا ئۆيىمىزنىڭ دىۋارى (تۇسۇق تام)ئۇچۇق دېگەن ۋاقتتا شۇ ئايەت ئېسىمگە كېلىدۇ . بەلكىم كىشىلەرنى شۇنداق دەمدىكىن دەپ ئويلايتىم . ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسى ئوچۇق شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ئىشنى هازىر قىلالمايمەن . بۇدىنىي خىزمەت غازات ۋە باشقا ئىش ئەمەس بۇرادەرلەر . ئاددى بىر دىنىي خىزمەت بولغىنىدا ، كىشلەر ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسى ئوچۇق دەمدىكىن دەپ ئويلايتىم . لېكىن شۇ نەرسىنى الحمد لله هاياتىمدا ئاڭلىدىم.) شۇنداق دېگەنلەرگە پەيغەمبىرىمىزصلى الله عليه وسلم دەرهال رۇخسەت بەردى . بۇكىشى كەئىب ئىبنى مالىك كىم ؟ (ليلة العقبة) گە قاتناشقان كىشى رسول الله صلى الله عليه و سلم بىلەن قىيىنچىلىق ۋاقتتا بىرگە بولغانلار .

تەبۇك غازاتىدىن ئۈچ كىشى قېلىپ قالدى خالاس . پەيغەمبىرىمىز رسول الله صلى الله عليه و سلم تەبۇكقا كەتتى . كەئىب ئىبنى مالىك قالدى . (بىز بۇيەردە بۇ كىشىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئوقۇپ ئېيتىپ يۈرمەيمىز .) لېكىن پەيغەمبىرىمىز رسول الله صلى الله عليه و سلم تەبۇكتىن كاتتا غەنىمەت بىلەن غەلبە بىلەن قايتتى .

جەڭ بولمىدى .

الله سبحانه وتعالا مۇشرىك كاپىرلارنىڭ قەلبىگە ھەيۋەتنى سالدىدە رسول الله صلى الله عليه و سلم ۋە ساھابىلەرگە كاتتا ئىنتىھان بولغىنىدا ، ئۇلار ئىنتىھاندىن مۇۋەپپىقىيەت بىلەن چىقتى ۋە مەدىنىگە قايتىپ كەلدى . مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە ، كەئىب ئىبنى مالىك رسول الله صلى الله عليه و سلم نىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە يالغان ئۆزرە ئېيتسا قۇبۇل قىلاتتى ، ئۇكىشىنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم. (بۇكىشى ناھايىتى مۇنازىرچى كىشى ئىدى)ئېيتىدىلەركى : مەن ھازىر پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ ئالدىدىن قۇتۇلغىنىم بىلەن الله نىڭ ھوزۇرىدا قۇتۇلالمايمەن دىيدىمدە

(فَأَجْمَعْتُ صِدْقَهُ)

ئۆزۈم ساداقەت بىلەن راستىنى ئېتىمەن دىيدىم . ۋە پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ ھوزۇرىغا كەلدىم . (رىۋايەت

قىلىنىشچە 80 دىن كۆپراق كىشى ئۆزرىلىرىنى بايان قىلدى، زاھىرىنى  بايام ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك قوبۇل قىلدى . ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە ئىستىغفار ئېيتتىدە ، قەلبىنى **الله** قا تاپشۇردى .

مەن كەلگەن ۋاقتىدا توغرىسىنى ئېيتىشقا قەسەم قىلدىم . پەيغەمبەر صلى الله عليه وسلم نىڭ ئالدىغا كېلىپ : ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى **الله** بىلەن قەسەمكى ئەگەر دۇنيا ئەھلى ئىچىدە سەندىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ ئالدىدا  ئولتۇرغان بولسام ، ئۇنىڭ غەزىپىدىن سۆزمەنلىك قىلىپ ئۆتۈپ كېتەلەيتىم . لېكىن مەن بۇ يەردە راستىنى ئېيتىمەنكى تەبۇك غازىتىدىن قېلىشقا مەندە ھېچقانداق ئۆزرە بولغان ئەمەس دېدى .

رسول **الله** صلى الله عليه و سلم :بۇ راست ئېيتتى ، تاكى **الله** سەن توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرغىن، دېدى. بۇ كىشى ناھايىتى قاتتىق ئازاب تارتتى . 50 كۈن ھېچكىم گەپ قىلمىدى ، 50 كۈن ئائىلىدىكىلىرى گەپ قىلمىدى ، ئائىلىسىنى خىزمەت قىلىشتىن توستى. بىرەر-بىر كىشى

ھەتتاكى تاغىسىنىڭ ئوغلىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى ، ئۇ كىشىگە سالام بەرسە ، جاۋاب قايتۇرمىدى . لېكىن سادىقلىق بىلەن 50 كۈن ناھايىتى قاتتىق ئازاب تارتتى . ھەتتا بۇكىشى كەئب ئىبنى مالىك گەپكە ئۇستا ھۆرمەتلىك كىشى ئىدى .

غەسساننىڭ پادىشاھىدىن بىر پارچە خەت كەلدى (مانابۇسائەت بىز بىلىۋالدىغان سائەت)سېنىڭ بۇرادىرىڭنىڭ جاپا قىلغانلىق خەۋىرى يەتتى . الله سېنى خارلىقتا قالدۇرىغان زىمىندا ياشاشقا مەجبۇرلىغان ئەمەس ، بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگىن ، بىز كۆڭلىڭگە تەسەللى بېرىمىز دېدى . غەسسان پادىشاھى مۇشرىك ئىدى.

كەئىب ئىبنى مالىك : بۇ ھەم ماڭا ئىمتىھان دەپ تۇنۇرغا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتىم .(ئىنسان سادىقلىق قىلىپ بىركىشىدىن غەمكىن بولۇپ يۈرگەندە سادىقلىقنىڭ ئازابىنى تارتىپ يۈرگەندە كاززاپ خىيىدار چىقىدۇ بۇرادەرلەر. بۇ ئىمتىھاندىن ئىبارەت .)

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەرسەم

ئىلىك ئالدىمۇ ئالمىدىمۇ بىلمەيمەن . شۇ ھالەتتە قالدۇق ،50 كۈندىن كىيىن پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم گە:

« وَعَلَى الثَّلاَثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُواْ حَتَّى إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ وَضَاقَتْ عَلَيْهِمْ أَنفُسُهُمْ وَظَنُّواْ أَن لاَّ مَلْجَأَ مِنَ اللّهِ إِلاَّ إِلَيْهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُواْ إِنَّ اللّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ»

(جىهادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ **الله** قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان ئۇلار **الله** غا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ **الله** نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن **الله** ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. **الله** تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.)ئۈچ كىشى سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن **الله** سبحانه وتعالا تەۋبە ئايىتىنى نازىل قىلدى. **الله** تەۋبىللىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىلغۇچى ئايەتنى ئۈچ كىشى دەپ سانىنى ئېيتىپ بايان قىلغان ئايەت

نازىل بولدى . رسول الله صلى الله عليه وسلم بۇ باياننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر ئادەم ئەۋەتتى كەئىب: ماڭا خوش خەۋەر يەتكۈزگەن ئادەم يېنىمغا كەلگەندە ، ئۇنىڭغا سۆيۈنچە ئۈچۈن ئۇچامدىكى ئىككى كىيىمنى سېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدۇم .

الله بىلەن قەسەمكى بۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئىلىكىمدە بۇ ئىككى كىيىمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . پەيغەمبەر صلى الله عليه وسلم نىڭ يېنىغا كەلدىم، يۈزلىرى خوشال بولغاندا ئايدەك يۇرۇپ كېتەتتى . شۇ ۋاقىتتا يا رسول الله بۇ خوش خەۋەر سىز تەرەپتىمۇ ياكى الله تەرەپتىنمۇ ؟دېدىم .الله تەرەپتىن دېدى .

ئىنسان سادىقلىق مۇكاپاتىنى ئاسانلىقچە ئالمايدۇ . دەۋرلەر ئۆتىشى مومكىن ، سادىق پىكىردە ،سادىق ئەمەلدە مەھكەم تۇرغان كىشى ۋاقىت ئۆتىشى بىلەن الله تەرىپىدىن مۇكاپاتىنى ئالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغىچە بۇ ئىنتىھانغا چۈشكەنلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى نىجات تاپىدۇ .

الله سبحانه وتعالا :«ئى ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر الله قا تەقۋالىق قىلىڭلار ، سادىقلار بىلەن بىللە بولۇڭلار .»

يوقىرقى رىۋايەتتە ئېيتىلغاندەك قېلىپ قالغان كىشى 80 دىن كۆپ ئىدى ، لېكىن ئۈچ كىشى سادىق قالدى . قالغانلىرى ھەممىسى مۇناپىق بولغان ، سادىق قېلىش بىلەن **الله** سبحانه وتعالا تەۋبە ئايىتىنى نازىل قىلىنغان ، ئۈچىلا كىشىنىڭ تەۋبىسى قۇبۇل بولغان . قىيامەتكىچە تىلاۋەت قىلىنىدۇ .

مانا مۇكاپاتىنىڭ بۇتەرىپىنى ئېلىپ كۆرسىڭىز ، 50 كۈندە تاتقان قىيىنچىلىق ھىچقانداق قىيىنچىلىق بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئەمەلدە بىز تەكشۈرۈپ كۆرمەكلىكىمىز كېرەككى ، كۆپچىلىك كىشى قىلۋاتامدۇ ياكى ئازچىلىكمۇ ، بۇ بىزنىڭ ھېسابىمىزدا بولماسلىقى كېرەك .

قېرىنداشلار شۇ سۆزدىمۇ ؟ ياكى يېقىن بۇرادەرلەر شۇگەپنى قىلۋاتامدۇ؟ بۇنىڭ ھېسابى بولماسلىقى كېرەك.

رسول **الله** صلى الله عليه و سلم بىلەن (ئەقەبە كېچىسى)گە قاتناشقان كەئىب ئىبنى مالىك، بىرەر غازاتتا قالمىغان كەئىب ئىبنى مالىكنى ئۆزرىسى يوق كەچۈرمىدى . تەۋبىنى **الله** ئۆزى كەچۈرگەندىن كىيىن تەۋبە ئايىتىنى بايان قىلدى .

دېمەك بۇرۇندىن بۇئادەم دىنى ئىسلامغا خىزمەت قىلىپ مەن بىلەن بىللە ئىدى دېمىدى . سادىقلار بىلەن بىرگە بولدى . ئىنسان 99 كۈن بىرگە بولسا 100 ـ كۈندە ناتۇنۇش بىر ئادەم سادىق سۆزنى ئېيتقان بولسا ، 99 كۈن بىرگە بولغان ئادەم بىلەن يالغانچىقلىق مەسلىسى بولسا ، سەن مەن بىلەن دائىم بىرگە سەن ، بۇنىڭغا الله ئەجىر بەرسۇن ، لېكىن هازىر سەن ناهەق سەن دىيەلىشى كېرەك. چۈنكى الله بىزلەرنى قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن ياكى ئاتا ـ ئاناڭلار بىلەن ،ياكى باشقىلار بىلەن بىللە بولۇڭلار دېمىدى . ياكى مەهەللىدىكىلەر بىلەن بىللە بولۇڭلار دېمىدى. ياكى كۆپچىلىك بىلەن بىرگە بولۇڭلار دېمىدى . ياكى دۇنياسى كۆپ ئادەملەرنىڭ پېكرى بىلەن بولۇڭلار دېمىدى . ياكى كەمبەغەللەر بىلەن بىرگە بولۇڭلار دېمىدى . ياكى ئالىم بولغان كىشلەر بىلەن بىرگە بولۇڭلار دېمىدى . ياكى مەرتىببىسى يوقىرى بولغان زوراۋانلار بىلەن بىرگە بولۇڭلار دېمىدى . سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇڭلار دېدى .

سادىق ئەگەر كىچىككىنە بالا بولسا شۇ سادىق بىلەن بىرگە بولىشىمىز كېرەك . سادىق ئەگەر دۆلەتمەن كىشى بولسا شۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىشىمىز كېرەك ،سادىق ئەگەر كەمبەغەل بولسا شۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىشىمىز كېرەك . بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بىزگە كەمبەغەلپەرۋەرلىك روھى پەيدا بولغان. كەمبەغەلپەرۋەرلىك روھىنى خاتا دەپ بىلىمىز . نېمىگە ؟ نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل ھەردائىم ھەقىقەتچى بولۇپ قالىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن دۆلەتمەن ناتوغرا پىكىردە بولىدۇ ؟ بۇبىزگە دىنىسىز پەلسەپىنىڭ تەسىرىدە بولغان ، بىزكەمبەغەلپەرۋەر ھەم بولمايلى ، بايپەرۋەر ھەم بولمايلى ، بىز قېرىنداشپەرۋەر ھەم بولمايلى بىز ھەقپەرۋەر ، سادىقپەرۋەر بولماقلىقىمىز كېرەك .

الله سبحانه وتعالا « الله دىن قورقۇڭلار ، ۋە سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇڭلار »دېدى. ئەمدى بۇ سادىقلىقىمىز ئۆزىمىزگە مەنپەئەتتۇر . مانا بىز ئۇزاق تارىختىكى سادىقلىقنىڭ مەنپەئەتىنى بىلدۇق . ۋە پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ دەۋرىدە بولغان كەئىب ئىبنى مالىك ۋە ئۇكىشىنىڭ ئىككى

بۇرادىرى بىلەن بولغان سادىقلىقنىڭ مەنپەتىنى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىپتە:

« إِنَ الصّدْقَ يَهْدِى إِلَى الْبِرّ وَإِنّ الْبِرّ يَهْدِى إِلَى الْجَنّةِ وَإِنَ الرّجُلَ لَيَصْدُقُ حَتّى يُكْتَبَ عِنْدَ الله صِدّيقًا وَإِنَ الْكَذِبَ يَهْدِى إِلَى الْفُجُورِ وَإِنَ الْفُجُورَ يَهْدِى إِلَى النّارِ وَإِنّ الرّجُلَ لَيَكْذِبُ حَتّى يُكْتَبَ عِنْدَ الله كَذَابً »

((ھەقىقەتەن راستچىللىق كۆپ ياخشىلىققا باشلايدۇ. كۆپ ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ .(تۇيۇقسىز كىشى راستچىل بولۇپ تۇغۇلۇپ قالمايدۇ، قانداق قىلىپ راستچىل بولىمەن دەپ ئىنسان ھەركەت قىلماقچى بولسا ، تۇيۇقسىز ھەممە ۋۇجۇدى باشقىچە بولۇپ سادىق بولۇپ قالمايدۇ . كىشى بىردىن ـ بىردىن سادىق بولىدۇ . بىرىنجى سۆزىدە سادىق بولىدۇ ، ئىككىنجى مۇئامىلىدە سادىق بولىدۇ ، ۋە ھەربىر ئەمەلدە ئۆزىنىڭ سادىقلىقىغا ھەركەت قىلىدۇ . ھەتتا **الله** نىڭ ھوزۇرىدا

سىددىقلار قاتارىدىن دەپ يېزىلىدۇ . يالغانچىلىق ھەم تۇيۇقسىز كاززاپ بولۇپ قالمايدۇ .) يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ . گۇناھ يولى دوزاخقا ئوتۇن بولۇشقا باشلايدۇ . كىشى بىردىن يالغان گەپ قىلىپ باشلايدۇ . ھەتتا **الله** نىڭ ھۇزۇرىدا كاززابلار سېپىدىن ئورۇن ئالىدۇ . ))

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شۇ ساھەدە ھەتتاكى مۇئامىلە ۋە سۆزلەش،ھەربىر نەرسىدە سىددىقنى لازىم تۇتىشىمىز كېرەك .

بىز ھازىرقى ۋاقىتتا مۇھتاج بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرى شۇدۇر . ئىسلامى ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىگە مۇھتاجمىز.

رسول **الله** صلى الله عليه و سلم دەۋرلىرىدە ،كۆپ كىشى شېھىت بولاي دۇئا قىلىسىلا دەيتتى .

«من سأل الشهادة بصدق بلغه الله منازل الشهداء وإن مات على فراشه»

**الله** سبحانه وتعالا دىن بىر كىشى راستچىللىق بىلەن شاھادەتنى

سورىغان بولسا ساداقەت بىلەن سورىغان بولسا ، كۆرپىسىدە ۋاپات بولسا ھەم شەھىتلەرنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ . راستچىللىق يەنى ساداقەت بىلەن سورىغاندا شۇ نەرسە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . راستچىللىق شۇنداق ئەمەلكى بۇرادەرلەر قەلبىدىكى ساداقەت شۇنداق ئەمەلكى ،بىر كىشى سادىقلىق بىلەن بىرەر بىر جايدا ياخشى ئەمەل بولغان بولسا سادىقلىق بىلەن نىيەت قىلسا شۇ ئەمەلدە مەن يوقكەنمەن . بولمىسا قىلاتتىم دەپ ئارزۇ قىلىپ ساداقەت بىلەن نىيەت قىلسا شۇ ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ سېپىدىن ئۇرۇن ئالىدۇ . گۇناھ ھەم شۇنىڭغا ئوخشىغان ، گۇناھ ئىشنى بىر جايدا بولدىيۇ غايىپتا كۆرۈنمەيدىغان جايدا بولدىيۇ ،شۇ گۇناھتا مەن بولماپتىمەن دەپ قەلبىدىن شۇنى ھەۋەس قىلغان بولسا ، شۇ گۇناھ يېزىلمايدۇ، ئەگەرچە قىلمىغانلا بولسا ، راستچىللىق ئىنساننىڭ ياخشىلىققا يېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە مانا بۇجايىدا شۇ نوقتىنى ھەم بىلىشىمىز كېرەككى سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇڭلار دېگەن ئۇرۇندا ئاللاھىدە،

وَالصّادِقِينَ وَالصَادِقَاتِ

راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللار دەپ كەلتۈرۈلگەنلىكى بۇ نەرسە ئاللاھىدە ئاياللارنىڭ ھەم زىكرى قىلىنغانلىقى ، راستچىللىق بۇ ناھايەتتە ئىسلامنىڭ ئاساسى سىمۋولى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ ،يەنى راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللار ، يەنى ھۆكۈم بىر ئۇرۇندا ئاياللار تابى(ئەگىشىدىغان بولسا)ئەركىشلەرنىڭ ئۆزى زىكرى قىلىنىدۇ ، لېكىن ئاللاھىدە تىلغا ئېلىنىشى ،

بۇ راستچىللىق ئىسلامنىڭ ئەخلاقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋۋەلقى ئۇرۇندىن ئۇرۇن ئالغان ئىسلامى ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر .

الله سبحانه و تعالى ھەممىمىزنى ھەم بۇ ئىسلامى ئەخلاق بولغان سىدىق يولىغا باشلىسۇن.

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم راستچىللىققا بىر نەرسىنى قانۇن قىلىپ قويدىكى شۇنەرسە بىلەن دەرسىمىزنى تاماملايمىز .

قايسى سادىقلىق بۇ ئۆزى بىلەن الله نىڭ ئوتتۇرسىدىكى سىر بۇرادەرلەر ،راستچىللىق ئىشنى قىلمىغاندىن كىيىن خاتىرجەملىك يوقلىدۇ.

سىزدە ئەگەر راستچىل بولسىڭىز خاتىرجەم بولۇڭلار:

« دع ما يريبك إلى ما لا يريبك فإن الصدق طمأنينة، والكذب ريبة »

(سەن شەكلىنىدىغان نەرسىنى قويۇپ ، شەكلەنمەيدىغان

نەرسىنى تۇتقىن ، چۇقۇم راستچىللىق دىلنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر ، يالغانچىلىق دىلغۇللۇقتۇر . )

چۈنكى سىدىق خاتىرجەملىكتۇر ،سادىق بولغان ئادەم خاتىرجەم بولىدۇ . ھەرقانداق قورقماس ئادەم يالغانچى بولغاندىن كېيىن تىڭىرقاپ قالىدۇ بۇرادەرلەر ، بىز نېمە ئۈچۈن تىڭىرقايمىز ؟ ھەقىقي قەلب بىلەن شاھادەتنى **الله** دىن سورىمىغانمىز . شەھىت بولۇشنى **الله** دىن سادىقلىق بىلەن سورىمىغانمىز .

شۇ نەرسە بىزنى توختىدىغان نەرسە ، مۇئامىلىدە سادىق ئەمەسمىز ،گۇۋاھلار ئالدىدا بولۇشتىن قورقىمىز . بۇلار ھەممىسى ئادەمدە سادىقلىق يوقالغاندىن كېيىن ئادەمدە خاتىرجەملىك يوقىلىدۇ . ھەرقانچە جىسمانى قورقماس ئادەم بولسا ھەم ئەگەر جىسمانى ھەرقانچە ئاجىز بولسا ، سادىقلىق بولسا بۇنىڭدىكى خاتىرجەملىك قورقماسلىقنى ئۆلچەپ بولغىلى بولمايدۇ بۇرادەرلەر .

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم :

« فإن الصدق طمأنينة»

راستچىللىق بۇ خاتىرجەملىكتۇر ،

«والكذب ريبة»

يالغانچىلىق دىلغۇللۇقتۇر .

راستچىللىق نېمە ؟ دېگەن سوئالغا ماناشۇ جاۋاب بولىدۇ . الله سبحانه وتعالا ھەممىمىزنى ئىسلامى ئەخلاقلارغا نىسىپ قىلسۇن. الله سبحانه وتعالا بۈگۈنكى دەرسىمىزدىكى راستچىللىق ئەخلاقىنى پەرۋەردىگار نىسىپ قىلسۇن، بۇ بىر نەچچە ساھەدىكى ساداقەتنى قىسقىچە قىلىپ ئېيتىپ ئۆتتۇلدى، ھەممە ساھەنى ئېيتىشقا ناھايىتى كۆپ ۋاقت كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ، بەزىبىر ساھەلەر سۆزلىنىپ ئۆتتۇلدى ، الله سبحانه وتعالا ھەم بىزلەرنى سادىقلار بىلەن بىللە بولۇشقا بۇيرۇپتۇ . بىزنى ھەم

الله سبحانه وتعالا سادىقلار بىلەن بىرگە تۇرۇشنى نىسىپ قىلسۇن .

## 7 ـ دەرس ئىسلامى ئەخلاقلار

بۈگۈنكى دەرسىمىزدە الله خالىسا قىسقىچە بولسا ھەم ئىسلامى ئەخلاقلار ھەققىدە ، بەزىبىر ئىزدىنىشلارنى قىلىمىز.

رسول الله صلى الله عليه وسلم ئۆزىنىڭ رىسالەت (ئەلچىلىك) تىن بولغان مەقسەتنى بايان قىلىپ ،

« بعثت لأتمم مكارم الأخلاق.»

( مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۇمۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم .)

دېمەك ئىسلامدىكى قۇرۇلغان ئىبادەتلەر ، ھەممىسى گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئۇمۇملىشىشى بىلەن ئەسلى رىسالەتتىن بولغان مەقسەت ھەم ، گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئۇمۇملىشىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى .

گۈزەل ئەخلاق نېمە؟ گۈزەل ئەخلاق قانداق بولىشى كېرەك ؟ بىرەر كىشى ئۆزىنى ئەخلاقسىز دەپ ئاتىغان كىشى ، تارىختا ئاڭلانغان ئەمەس ، بىراۋ ئۆزىنى ھازىردا ھەم ئېيتمايدۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم ئېيتمىسا كېرەك. (والله أعلم) ھېچكىم ئۆزىنى ئەخلاقسىز دەپ ئاتىمايدۇ .

مەن يامان خۇلۇقلىق دېگەن كىشى ، تارىختا ھەم ئۆتكەن ئەمەس ، ھازىردا ھەم يوق ، بۇنىڭدىن كېيىن قىيامەتكىچە بولمىسا كېرەك .

شۇنىڭ ئۈچۈن دېمەك يەر يۈزىدىكى ھەممە ئادەم ئەخلاقلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ . ئەگەر ئادەملەر ئۆلچىمىگە قويۇپ قويىدىغان بولساق ، بىرەر ئەدەبسىز ، ئەخلاقسىز ئادەم يوق .

ھەممە ئادەم ئەخلاقلىق ، ھەممە ئادەم ھەتتا ھاياتى بۇيى، ھاياتىنى داۋامدا ئوغۇرلۇق بىلەن ئۆتكۈزىۋاتقان ئادەم ئۆزىگە پەلسەپە قۇرىۋالغان ، ھەممە ئادەم شىرىن ئۇيقىدا ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقتىدا ، مەن ئەجىر قىلىپ قورقۇنچ بىلەن تېپىۋاتقان ھەركىتىم نېمە ئۈچۈن ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ - دەيدۇ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ تاپقان پولۇم ھارام بولىدىكەن دەيدۇ .

ئۆزى پاھىشە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ھەم ، بىراۋنى پايدىلاندۇرۋاتقانلىقىنى ، جەسىدىنىڭ راھىتىنى ئۆتەۋاتقانلىقىنى ئېيتىش بىلەن ، بۇ ھەم مەن ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەم مەن دەپ دەۋا قىلىشى مومكىن ، ئۆزىنى بازاردا ، كوچىلاردا جامالىنى ، نومۇسىنى سېتىپ ، ئۆزىنىڭ پاھىشۋازلىقى بىلەن يۈرگەن ئايال ھەم مەن جەمئىيەتكە زىننەت بولۇپ تۇرۇۋېتىمەن ، نېمىگە ئەخلاقسىز بولىمەن دەپ دەۋا قىلىشى مومكىن، مەن ئادەملەرنى پايدىلاندۇرۋاتىمەن دەپ دەۋاقىلىشى مومكىن ، ۋەھالەنكى ھاياتتا ئەڭ شەرمەندىلىك

بولغان ئەخلاق مانا بۇ ئەخلاقتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە بىر ئاساسىي ئۆلچەم بولىشى كېرەك ، بۇ ئۆلچەم ئۆزگەرمەس بولىشى كېرەك . بۇ ئۆلچەم دەۋرلەر ئۆتىشى بىلەن ئۆزگەرمەس بولۇپ قېلىشى كېرەك .

زامانىنىڭ هاياتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن هازىرقى جاهىلىي ئادەملەرنىڭ ، تەلەپپۇزى بىلەن ئىپتقاندا ، تەرەققىيات راۋاجلانغانسىرى دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشىدۇ، بۇنداق نەرسىلەر بىلەن ئۆزگەرمەس بولغان بىر ئۆلچەم بولىشى كېرەك .

ئەگەر بۇ ئۆلچەم بولمىسا ، بىر دەۋردە ئەخلاقلىق بولغان ئادەملەر دەۋرلەر ئۆتىشى بىلەن ئەخلاقسىز ئادەملەرگە ئايلىنىشى مومكىن .

تارىختا ئۆزلىرىچە ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئادەملەر ، كېيىنكى دەۋردە بۇلار بىر كېرەكسىز زىيان سالغۇچى ئادەملەر دەپ ئۆلچەپ قويىلىشى مومكىن .

نېمە ئۈچۈن ؟ ئۆلچەم ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە.

دېمەك بۇ يولغا نە مال ، نە هەركەت ، نە كۈچ سەرىپ

قىلىنىشقا ھاجەت يوق بولۇپ قالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۆزگەرمەس ئۆلچەم سوئال قىلىنمىز نېمە؟ قېنى كىشىلەرگە بىر سوئال قىلايلىكى ، بۇ ئۆزگەرمەس ئۆلچەم كىمدە بار .

تارىخ بىزگە گۇۋاھكى ھازىرقى ھايات ھەم گۇۋاھكى، ئېلىپ مېڭىۋاتقان يوللارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىۋاتىدۇ .

ئادەملەرنىڭ بىر دەۋردە بولغان پاكىزلىقى ، كېيىنكى دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆلچىمىدە قالاقلىق بولۇپ ئۆلچەندى .

دېمەك ئۆزگەرمەس ئۆلچەم ، ھېچقايسى ئادەملەرنىڭ ئالدىدا يوق ، لېكىن ئەھلى ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدىلا بۇ ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بار. بۇ ئۆلچەم ئىسلام ئۆلچىمىدۇر .

بۇ ئۆلچەم الله تەرەپتىن كەلگەن ئۆلچەمدۇر، بۇ ئۆلچەم ئىنسانىيەتنىڭ بىرىنجى ئاتىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋاقىتتا بېرىلگەن ئۆلچەمدۇر ۋە بۇ ئۆلچەم قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەس بولۇپ قالغۇچى ئۆلچەمدۇر .

بۇ ئۆلچەم مۇكەممەللىشىپ بارغان ئۆلچەمدۇر. يەنى ئىنسانىيەت گوياكى ئىلگىركى پەيغەمبەرلەر تارىخىدا گۆدەكلىك باسقۇچىنى

بېسىپ ئۆتكەن. بۇ گۆدەكلىك باسقۇچى كامالەت يېشىغا يەتكۈچە الله سبحانه وتعالا ئۇلارنى تەربىيە قىلدى . كامالەت يېشىغا يەتتى . بۇ دەۋر رسول الله صلى الله عليه وسلم نىڭ دەۋرى بولدى . بۇ كىشى بىلەن رىسالەتكە (ئەلچىلىك) كە مۆھۈر بېسىلدى . رىسالەت توختىدى .

رسول الله صلى الله عليه وسلم ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقنى راۋاجلاندۇرۇپ كېتىۋاتقان بۇرادەرلىرىنىڭ ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرگۈچى زات بولۇپ قالدى.

مانابۇ سۆزلەرنىڭ مەناسى ھەم مەن ئەخلاقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دېمىدى.

« بعثت لأتمم مكارم الأخلاق»

( مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم.)دېدى .

دۇنيادىكى قايسىبىر ئىنسانىيەتتە بولغان ئەخلاق بۇ رىسالەت مۇئەسسىدىن يىيىش نەتىجىسىدە شۇ ئەخلاق ۋۇجۇدقا كەلگەن . مەيلى بۇنى تەن ئالسۇن ، مەيلى تەن ئالمىسۇن . ئىنساپلىق تائىپىلەر تەن ئېلىشماقتا . شۇ يەردە بىز باشقا جامائەلەرنى قويىمىزدە ئۇلار بىلەن ئىزدەنمەيمىزدە .

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بولغان ئۇمۇمى ئىسلامى ئاساسى ئەخلاقلار ھەققىدە بىز ئىزدىنىمىز ، بۇ ئىزدىنىش جامى دېگەن سۆزۈمدىن بىلىنسۇنكى ھەممە تەرەپتىن ، ئۆزئىچىگە ئالغۇچى ئەخلاقلار ، بۇ موسۇلمان كىشى بىلىشى زۆرۈر بولغان ۋە ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى موسۇلمانلىقنى دەۋا قىلغان كىشىلەر ، كەمتۈك قېلىپ قالغان تارماق شۇ بولسا كېرەك.(والله أعلم)

ھەممىمىز يادقا بىلىدىغان سۈرە (أستعيذ بالله)

« والعصر ان الانسان لفي خسر الا الذين امنوا وعملوا الصالحات وتواصوا بالحق وتواصوا بالصبر »

مانا بۇ سۆرە مۇسۇلمان كىشىنىڭ تۆت ئەخلاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

الله سبحانه وتعالا ئەسىر ۋاقىتقا (ھەرخىل مەنالار بار ، شۇ بىرسىنى تاللايمىز ،)قەسەم ئىچىپ ، ۋاقىت قەدىر-قىممەتلىك نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنساننىڭ قەتئىي زىياندا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ، تۆت كىشىنى تۆت ئەخلاق ئېگىسىنى مۇستەسنا (سىرتىدا) قىلدى.

بىرىنجى ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر.

ياخشى ئىشقىلغۇچىلار ۋە بىر بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلغان كىشىلەر ۋە سەبىرنى ۋەسىيەت قىلغان كىشىلەر ، مانا مۇشۇ تۆت سۈپەتنى ئېگەللىمىگەن ، كىشىلەرنىڭ ھەربىرى زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىدە شەك يوق دېدى .

ئەگەر شۇ سۈپەتلەر ئېگەللەنمىگەن بولسا ، بۇ ئادەم زىياندىن باشقا نەرسىدە ئەمەس .

ئەۋۋەلقى ئىككى خۇلق ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل ، ئىسلامنى

دەۋا قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە تېپىلىشى مومكىن ، ئەمما ھەقنى ۋەسىيەت قىلىش ، ھەق يولىدىكى كۆرەشتىكى سەبىرنى ۋەسىيەت قىلىش، بۇ ھەممە مۇسۇلمانلاردا تېپىلىدىغان سۈپەت ئەمەس.

بىز شۇ يەردە ئەۋۋەلقى سۆزىمىزدە ئۇمۇمى ھەممە نەرسىنى ئۆزئىچىگە ئالغۇچى خۇلقلار دېگەن سۆزىمىزدە توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

ئەۋۋەلقى زامانى سائادەتتىكى مۇسۇلمانلارغا بىر نەزەر تاشلايلى.

ئەۋۋەلقى مۇسۇلمان كىشى ئىسلام شەرىئەتىگە ئالىم بولغان ، يەنى ساھابىلار ئىسلامنى مۇكەممەل بىلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە زاھىد بولغان ، (يەنى دۇنيانى قەلبىگە جايلىمىغان) دۇنيا قوللىرىدا بولغان.

ئالىم بولۇش بىلەن بىرگە ، عابد (يەنى ئىبادەت قىلغۇچى) سۈپەتكە ئېگە بولغان ، قايسى بىر ئىبادەتنىڭ تارمىقىنى ئالسىڭىز ، شۇنىڭدا كامىل بولغان ، ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىم بولۇپ ، دۇنيانى قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرماي ، قولىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىبادەتتە ، تەھەججۇت

ئوقۇغۇچى ، ئىبادەتلەرنى مۇكەممەل بىجىرگۈچى بولۇش بىلەن بىرگە ، جەڭ مەيدانىدا جەڭچى بولغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەۋەت مەيدانىدا كۈچلۈك داھى بولغان ، ھەرقانداق كەمبەغەل ئادەمنىڭ كەمبەغەللىكىگە رەھمى كېلىپ ، ھەقنى ئېيتماي قويمىغان ، دۆلەتمەن ئادەمنىڭ دۆلىتىنى رىئايە قىلىپ ، ھەقنى ئېيتماي قويمىغان ، زالىمنىڭ زۇلمىنى رىئايە قىلىپ ، ھەقنى ئېيتماي قويمىغان، ھەربىر ئورۇندا ھەققە دەۋەت قىلغۇچى بولغان، جۈرئەتلىك بولغان ، ۋە ئۇچۇق-يورۇق بولغان ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بايان قىلالىغان ۋە ھېكمەتلىك ھەم بولغان . ۋە يەنە شۇنداق تىللىق ، ناتىق بولغان ، يەنى خەقنىڭ ئالدىدا كىم ناتىق بولسا نۇتۇقنى توختىتىپ قويىدۇ . ئەگەر ھەرقانداق ناتىق ئادەم ئۆزى جىنايەتچى ئەيىبكار ئادەم بولسا، نۇتىقنى يوقىتىپ قويىدۇ ، ۋە ھەمدە پىكىردە سىياسى بولغان ، ھەركىم ئۇنى ئالداپ كېتىدىغان كىشى بولمىغان ، ۋە ھەربىرىنى بىر ئىدارە ئورۇنغا قويسا ئىدارە قىلالىغان ، ۋە زىرەك بولغان ناھايەتتە پاراسەتلىك بولغان ، يەنى بىراۋغا

ئالدانمايدىغان بولغان ، بىر مۇسۇلمان كىشىنى كەچ ۋاقتى كۆرسىڭىز تەھەججۇدتا سەجدە قىلىپ يىغلاۋاتقان بولسا ، بۇ ئادەم بۇنداق ئىبادەت بىلەن كۈندىزى دەم ئالىدۇ دىسىڭىز ، كۈندىزى جەڭ مەيدانىدا مۇجاھىد بولغان، شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى شەرئەت ئىلمىنى سورىسىڭىز ، ئالىم بولغان ، شۇ ئادەم يەنە بىراۋغا مۇھتاج بولىدىغان تەمەخور بولمىغان ، ئۆزىنىڭ دۆلىتى قولىدا بولغان، ياكى كەمبەغەل بولسا مەنىۋى جەھەتتىن ناھايىتى باي بولغان ، مەنىۋي تەرەپتىن قاشىشاق بولمىغان، ئەگەر بۇنى ھەربىر ساھەدە تەكشۈرۈپ كۆرسىڭىز ئىسلامى ئەخلاق ئىگىسى بولغان.

مانا بۇ زامانىي سائادەتتىكى موسۇلمان كىشىنىڭ ، كېيىنكى دەۋردە پەيدا بولغان مۇسۇلمان كىشىدىن پەرقى شۇدۇر بۇرادەرلەر .

كېيىنكى ۋاقىتتىكى موسۇلمانلارنىڭ پەرقى قەيەردە ؟ ئۇلار شەرئەت ئالىمى بولسا ، مۇتەخەسسىلىك مەيدانىدا ھىچنەرسىدە يوق ، ئەگەر بىرەر زالىمغا خىتاب قىلىشقا توغرا

كەلسە ، ئەڭ ئارقىدا تۇرغۇچى كىشى بولغان.

بىرەر ـ بىر كىشىدە جۈرئەت شۇنداق ھەيبەت بولىدىغان بولسا ، شەرىئەت ئىلمىدىن مۇتلەق بىخەۋەر ، ھازىر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىدا ئىزدەنسەك مۇشۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ، بەزى كىشىلەرگە ئىسلام يولىدا ، ئەگەرچە ئاز بولسا ھەم خۇسۇسەن ھازىرقى دەۋردە ، الله نىڭ يولىدا مېلىگىزنى سەرىپ قىلىڭ دېسىگىز ، ناھايىتى كۆپ مىقداردا سەرىپ قىلالايدۇ ، لېكىن پەرزەنتىگىزنى تەربىيە قىلىڭ دېگەن ۋاقتتا ، پەرزەنتنى تەربىيە قىلىشتا ھېچنىمە قىلمايدۇ .

بەزى كىشى كېچىسى تۇرۇپ تەھەججۇد ئوقۇيدۇ . نامازنى يىغلاپ ئوقۇيدۇ ، ئەمما ھالال كەسىپ قىلىش مەيدانىدا ھېچنىمە قىلمايدۇ ، ئەگەر شەرىئەت جىددىي ھالەتتە بولىدىغان بولسا ، ئۇ شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغۇچى كىشىنىڭ بىرىنجىسى بولۇپ قالىدۇ .

ئەمما كېچىسى تۇرۇپ يىغلاپ ئىبادەت قىلىش ، بەش ۋاقت نامازنى جايىدا ئوقۇش ، جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇشتا

ھەممىسى جايىدا ، لېكىن پەرزەنتلىرىنى تەربىيە قىلىشتا ھېچنىمە قىلمايدۇ.

بەزىبىر كىشى قۇرئان كەرىمنى يادقا بىلىدۇ ، قۇرئان كەرىمنى توغرا ئۇقىيالايدۇ ، ھەرپلىرىنى جايىدىن چىقىرىپ ئوقۇيدۇ . ئەمما ئىسلامىي ئەخلاقلاردىن بىرەر ـ بىر جۈرئەت مەيدانىغا سالىسىڭىز ، ئۇنىڭدىن قورقۇنچاق ئادەم يوق ، بەزىبىر كىشىلەر زاكاتنى شۇنداق بېرىدۇكى ، بىرىنجى كۈنىدە ئادا قىلالايدۇ، لېكىن ئۆزىگە قارىسىڭىز ئۆيىدىكىلىرىگە قارىسىڭىز ، ئىسلامدىن باشقا ھەممە نەرسە بار.

بەزىبىر كىشىلەر نەپلە روزا تۇتۇش مەيدانىدا ناھايىتى مۇستەھكەم ، لېكىن ئىلىم تەلەپ قىلىڭ دىسىڭىز ، مۇتلەق ئىلىمدىن بىخەۋەر ، شەرىئەتنى ، قۇرئاننى ئوقۇشنى ھېچقانداق خالىمايدۇ ، ئۇمۇمى قىلىپ ئېيتقاندا مۇسۇلمانلار ئاك نوقتىنەزەرىدە ھەممىدىن ئارقىدا قالغان ، مۇتەخەسىس (تەكشۈرۈش) ساھەلىرىدە مۇتلەق ھېچكىم قالمايدۇ .

شۇنداق، مۇكەممەل ئىسلامنى بىلگەن كىشىلەر باركى ،

مۇتەخەسسىس مەيدانىنى كۆرسىتىدىغان بولسىڭىز ھېچنېمە بىلمەيدۇ .

مانا بۇ كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى مانا بۇيەرگە كېلىپ قالغان ، شۇ يەردە بىر ھىكايىنى ئېيتىشتىن ئىلگىرى شۇنەرسىنى ئېيتىپ ئۆتىشىمىز كېرەككەن ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىدىكى مۇنازىرىلەرگە قارىسىڭىز ، ياخشىلىق تەرەپ بىلەن كۆرمەكچى بولسىڭىز ، ئابايىقى ئېيتىپ ئۆتكەن زاكات بېرىدىغان كىشىنى ، زاكاتنى ناھايىتى ۋاقتىدا بېرىدىغان ئۇلۇغ كىشى دەپ ماختىشىڭىز مومكىن ، ئەمما يامانلىماقچى بولسىڭىز ،ئىسلامدا پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەشتە ھېچنېمە قىلمايدۇ ، ھەممە پەرزەنتى ناماز ئوقىمايدۇ ، ئىبادەتتە يوق ، لېكىن زاكاتنى بىرىنجى كۈندە بىرىشلىكدىن گەپ قىلسىڭىز تىزلا قۇشىلىدۇ.

پەرزەنتلىرىنى مۇكەممەل تەربىيەلەۋاتقان كىشىگە قارىسىڭىز ئۆزى قۇرئاننى تەجۋىد بىلەن ئۇقىيالمايدۇ، ياكى شەرىئەت ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئۆزى ھەركەت قىلمايدۇ، پەرزەنتىنى

ئوقۇتۇشقا دائىم تەييار .

مالىنى ھەرقانداق جايغا سەرىپ قىلىڭ دەپ ئۆگەتسىڭىز ، ماقۇل دەپ سەرىپ قىلغان كىشىگە ، ئىسلامنىڭ باشقا مەيدانلىرىدا تۇرۇپ قارىسىڭىز ، ھىچنىمىدە يوق .

ئوتتۇرىدىكى مۇنازىرلەر مانا بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇكى ، مۇبادا بىر كىشى ئىسلامغا خىزمەت قىلىۋاتقان بىركىشىدىن يامانلىماقچى بولسا ، بۇ كىمتى قۇرئاننى دۇرۇس ئوقىيالمايدۇ دەيدۇ .

گېپى توغرا ، ھەقىقەتتە قۇرئاننى دۇرۇس ئوقىيالمايدۇ . قۇرئاننى دۇرۇس ئوقىۋاتقان كىشىنى مالامەت قىلىۋاتقان كىشى ، بۇ كىمتى ئۆزى قۇرئاننى دۇرۇس ئوقىغان بىلەن پەرزەنتلىرى ھەممىسى دىندا يوق دەيدۇ.

بىركىشى پەرزەنتلىرىنى ھەم تەربىيە قىلغان بولسا، ئۆزى ئىلىمدىن بىخەۋەر ، ياكى زاكات بېرىشكە بىپەرۋا، ياكى ئىبادەتلەرگە بىپەرۋا، مانا بۇ تەرەپ بىلەن مالامەت قىلىمىز.

مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى ،بىر ھىكايە بار ، بەزىبىر ئەما

كىشىلەر ھىندىستان مەملىكىتىگە بېرىپ، ھىنداستان مەملىكىتىدە پىل دەيدىغان نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق ، شۇ پىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇتۇپ كۆرسەك (ئۇلار كۆرەلمەيدۇ) بۇلار پىلنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن پىلنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ، بۇ پىل يوغان بىرنەرسىكەن دېگەنلىكى .

ئىككىنجىسى قۇلىقىنى تۇتۇپ ، ياپىلاق يۇمشاق نەرسىنى ھېس قىلىپ پىل دېگەن شۇنداق نەرسىكەندە.

ئۈچىنجىسىنى پىلنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈپ كۆرۈلگەندىن كېيىن ، ئۇ پىل كەگرى بىرجايىكەندە بۇلار يۇرتلىرىغا كەلگەندىن كېيىن ،بۇلار ھىندىستانغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ، بۇلار پىل دەيدىغان نەرسىنى تۇتتۇق ، پىل قانداق بولىدىكەن؟ دىسە پۇتىنى تۇتقان ئادەم پىل يوغان بىر نەرسىكەن دىسە ، يالغان ئېيتىۋاتىسەن ، پىل دېگەن ياپىلاق يۇمشاق نەرسە بولىدۇ ، دىسە ئۈچىنجىسى يالغان ئېيتىۋاتىسەن پىل دىگەن نەرسە كەڭ مەيدان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرسا بولىدىغان دەپ مۇنازىرە قىلغانىغا ئوخشايدۇ.

ھازىرقى سوئاللار، ئىسلام نېمە؟ دىسە سىز ئۆزىڭىزدە پەقەت ئىسلامدا بەش ۋاقت ناماز ئوقۇيسىز ، پەرزەنت تەربىيەسى بىلەن كارىڭىز يوق ، ئىسلام نېمە ؟ دىسە سىز ئىسلامدىن بەش ۋاقت نامازدىن گەپ قىلسىز ، پەقەت شۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئوقىشى ھەققىدە بولغان ساۋابلار ۋەدىلەرنى ئاڭلايسىز خالاس.

پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە بىر نەرسىنى ئاڭلىمىسىڭىز ، پەرزەنتنى تەربىيە قىلىۋاتقان ئادەم ئۆزىنى تۈزىتىش ھەققىدە بىرنەرسە ئاڭلىمىسا پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدىكى ئەجىرنى ئاڭلىسا ، دىن نېمە ؟ دىسە پەرزەنتنى تەربىيە قىلىش دىسە ، بەزىبىر كىشىلەر زاكاتنى ۋاقتىدا بېرىش ، بۇ مىلك ئەمەل قىلغىنى بىلەن بىكار، زاكات ئىسلامدىكى پەرز، ئۇ ئىسلامدىكى پەرزنى قىلمايدۇ ، ئىسلام زاكات دەيدۇ .

ئەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان بىز ئۆزىمىزدىكى كەلتۈگەن نەرسىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك ، ھەممىمىزدە ئىسلامى ئەخلاقنىڭ بىردىن ئايىقى ، قۇلىقى تۆپىسى بار بولغانغا ئوخشايدۇ ، بىز پەقەت ياكى پىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەممىز ياكى پىلنىڭ پۇتىنى

تۇتقان ئادەممىز ، ياكى پىلنىڭ قۇلىقنى تۇتقان ئادەممىزدە ، پىلنىڭ باشقا جايىنى بىلمەيمىز .

پىل توغرىسىدا شۇ ئادەملەرنىڭ ئېيتقىنى توغرا ھەمدە خاتا ، توغرىلىقى ئېيتقان قىسمىدا توغرا ، لېكىن خاتالىقى مۇكەممەل ئەمەسلىكىدە خاتا .

بىزنىڭ بەزىبىر ئىسلامىي ئەخلاقلىرىمىز ھەم شۇنداق بولۇپ قالغان ، ۋە شۇ ھەقتە ئاڭلاشنى خالايمىز . ئۇنىڭ ئۆزىمىگە قارشى بولغان ، ئۆزىمىزدە يوق بولغان نەرسىنى ئاڭلاشنى خالىمايمىز ، مانا شۇنىڭ بىلەن بىز ئىسلامنى يوقىتىپ قويدۇق بۇرادەرلەر .

دۈشمەنلەر ھەم بىزگە باشقا نەرسىنى چۈشەندۈرىشى ئاسان بولدى . مەسلەن :

دۈشمەن ئۆزىنىڭ مەخسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلامدىكى نەرسىدىن پايدىلىنىدۇ .

مۇبادا سىزنى ئىشلەتمەكچى بولسا ، بىراۋغا خىزمەت قىلىشنىڭ سوۋابى كۆپ شۇنداقمۇ دەيدۇ . بىراۋغا خىزمەت قىلىشنىڭ

سوۋابى كۆپ بولسا سىز ماڭا خىزمەت قىلىڭ دەڭ . دۈشمەنگە ئېيتىڭ .

سىز بىلەن بىر دۈشمەن ئۇرىشىۋاتقان بولسا ، يېڭىلىپ قالغان ۋاقتىدا ئىسلامدا كەچۈرۈشنىڭ سوۋابى كۆپىقۇ دىسە بۇنى سىزگە قويىدۇم مېنى سىزكەچۈرۈڭ مەن كەچۈرمەيمەن دەڭ .

ئىسلام حلیم(مۇلايىم )لىقنى ياخشى دېگەن . لېكىن سىز بىلەن بىر ئادەم ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ قالغاندىن كىيىن ھەلىملىقنىڭ ياخشىلىقنى سىزگە ئېيتسا ، ھەلىملىقنى مەن سىزگە قويىدۇم دەڭ .

مۇسۇلمان كىشى ئاڭلىق بولۇپ زىرەك بولىشى شۇكى دۈشمەنگە ئالدانماسلىقى ، دۈشمەن ئىسلامدىكى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا ئىشلەتمەكچى بولىدۇ .

موسۇلمان كىشى ئەگەر ئەخلاقى جامى بولسا، ھەممە تەرەپتىن كامىل بولسا، ئۇ دۈشمەنىنىڭ ھىيلىسىگە ئالدانمايدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتىتكى مۇسۇلمانلار ،

ئىسلامىي جامى ئەخلاقنىڭ ئېگىسى ئەمەس . لېكىن ئىسلام ئەخلاقلىرى يوق دېمەكچى ئەمەسمەن. ئىسلامى ئەخلاق بار ، ياكى ئايىغى بار ، ياكى قولىقى بار ، ياكى ئۈستى بار . باشقا تەرىپىنى كۆرمەيدۇ . ياكى كۆرمەسكە سالىدۇ. ياكى كۆرۈشنى خالىمايدۇ .

مانا بۇ نەرسە نەتىجىسىدە ، مۇسۇلمان شەخسىيەت بارلىققا كەلمىگەن رسول الله صلى الله عليه وسلم نىڭ دەۋرىدە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى بىلگەن مۇسۇلمانلار بولۇش بىلەن بىرگە دىندىن باشقا بولسا، ئاتا ـ ئانىدىن ۋاز كېچىشنى ھەم بىلگەن.

شۇ ئادەم پەرزەنتىگە ياخشىلىق قىلىشنى ئاتىلار بىلگەن ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرزەنتى دىندا بولمىسا ، پەرزەنتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقىنى ئۈزگەن .

دىندا ھەرقانچە مال ـ دۆلەتنى دىنىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن بەرگەن . ئەمما بىرتەڭگىنى دىنغا زىيان بولىدىغان بولسا بەرمىگەن.

ھەتتا زالىم پادىشاھلار، ناماز ئوقۇيدىغان روزا تۇتىدىغان لېكىن زالىم پادىشاھ ،شۇ پادىشاھ بىر ئالىمدىن بىر نەرسە

يېزىش ئۈچۈن قەلىمىنى سورىغان ۋاقىتتا ، قەلىمى يوق دېسەم يالغان گەپ قىلغان بولىمەن . قەلىمىم بار بولۇپ ساڭا بەرسەم بىرەر-بىر زۇلۇمنى يازساڭ ، ساڭا شېرىك بولۇشتىن الله تىن قورقىمەن . دەيدىغان مۇسۇلمان ھەم بولغان ، ۋە ھەم شۇ مۇسۇلمان جىنىنى ۋە مېلىنى دىن يولىدا بېرەلىگەن ،ئەمما قەلىمدە زۇلۇمنى يېزىپ قويۇشتىن الله نىڭ ھوزۇرىدا قورققان . بىز مانا بۇتەرەپتىن نوقسانلىقمىز . بىز قۇرئانغا ھەربىر ھەرپىنى ئوقىسا قانچە سوۋاب بولىششنى بىلىمىز . ئەمما قۇرئاننىڭ بۇيرۇغىنى مۇتلەق قىلمايمىز .

رسول الله صلى الله عليه وسلم گە مۇھەببەت قىلىمىز ، الله نى ياخشى كۆرىمىز تىلىمىز بىلەن ، لېكىن الله نى ياخشى كۆرگەنلەر رسول الله قا ئەگەشسۇن ، دېگەن بۇيرۇقىقا ئىتائەت قىلمايمىز . مانا بۇ ئەخلاق بىزدە تېپىلمايدۇ بۇرادەرلەر ، بىزنىڭ كەمتۈك بولغان تەرىپىمىز شۇيەردە ، ھازىرقى ۋاقىتتا بىرەر مەسجىد قۇرۇلىشىدا ، پىداكار بولۇپ خىزمەت قىلىشىمىز مومكىن. لېكىن مەسجىدنى ئاۋات قىلىدىغان كىشىلەرنى تەربىيە قىلىش

ھەققىدە بىپەرۋا بولىشىمىز مۇمكىن .

توغرا بىركىشىنىڭ ئىمكانىيىتىدە ھەممە ئىشنى قىلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ . لېكىن ئاساسى ئىسلامى ئەخلاقلارنى قىلىش تاقەتتىن تاشقىرى نەرسە ئەمەس بۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن مانابۇ ساھەدە بىز ئويلاپ قويىشىمىز كېرەك . بەزى كىشىلەرنى نامازنى ئوقۇشىدۇ ، روزىنى ھەم تۇتىشىدۇ . ھەممە ئىسلامدىكى ئەمەللەرنى قىلىدۇ . الله ئۈچۈن الله نىڭ دوستىنى ياخشى كۆرۈش ، الله ئۈچۈن الله نىڭ دۈشمىنىنى يامان كۆرۈش سۈپىتى يوق .

قەلبىدىن دىندار ئەھلى تەۋھىدنى يامان كۆرۈپ بۇنىڭ بىلەن كىلىشەلمەيدىيۇ ، لېكىن دىنىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بىلەن كىلىشىپ كېتىۋېرىدۇ .

مانا بۇ ساھەلەردە بىزتەكشۈرۈپ قارىساق بىز ئۇمۇمى ئىسلامى ئەخلاقلارنى ئۆزىمىزدە گەۋدىلەندۈرالىغان ئەمەسمىز .

مانا بۇنەرسە بىزنىڭ ئىسلامدىكى نوقسانىمىزنىڭ ئەڭ كاتتىسى شۇدۇر .

الله سبحانه وتعالا رسول الله صلى الله عليه وسلم گە شۇنداق زاتلارنى بەردىكى ، ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردىكى ، ئەگەر شۇيولدىن قايتىپ كەتسە ، الله باشقا بىر تۆت سۆپەتكە ئىگە بولغان كىشىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىشىنى (أستعيذ بالله)

« يَا أَيّهَا الَذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي الله بِقَوْمٍ يُحِبّهُمْ وَيُحِبُونَهُ أَذِلّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ الله وَلاَ يَخَافُونَ لَوْمَةَ لآئِمٍ ذَلِكَ فَضْلُ الله يُؤْتِيهِ مَن يَشَاء وَالله وَاسِعٌ عَلِيمٌ »

(ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بۇلىدىكەن الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان كافىرلارغا شەپقەتسىز الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ.) بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلىنىش) الله نىڭ پەزىلدۇركى الله ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ

(الله نىڭ پەزىلى) كەڭدۇر الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.) .

بىرىنجى ئەڭ ئىسلامى ئەخلاق ئېگىسى بولغان جامائەت كىم ؟

الله ياخشى كۆرگەن ۋە الله نى ياخشى كۆرگەن جامائەتتۇر .

مانا بۇ سۈپەت بولىشى كېرەك .

بىز ھەممىمىز الله نى ياخشى كۆرىمىز دەيمىز. لېكىن الله نى ياخشى كۆرىمەن دېگەن كىشىنىڭ دەۋاسى نېمە بولىشى كېرەك .

بۇ دەۋاسىنى ئىسپاتلىشى (أستعيذ بالله)

« قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبّونَ الله فَاتّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ الله وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَالله غَفُورٌ رّحِيمٌ»

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى «ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلاركى الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ناھايىتى مېھرىباندۇر).

دېمەك الله نىڭ بىزنى ياخشى كۆرىشى ئۈچۈن ، رسول الله صلى الله عليه وسلم گە ئەگىششىمىز كېرەك .

شۇندىلا الله بىزنى ياخشى كۆرىشىدە شەك ـ شۈبهه قالمايدۇ .

چۈنكى الله : يحببكم الله (الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ) دېدى . ويغفر لكم ذنوبكم ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلەرنىڭ گۇناهلىرىنى كەچۈرىدۇ .

بىز بىر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى ، رسول الله صلى الله عليه وسلم نېمىگە بۇيرىغان دېگەن مەسىلە ھەققىدە باش قاتۇرىشىمىز كېرەك .

ئۆزىمىزنى ھەممە ساھەدە ئوخشاتماقلىقىمىز كېرەك .

ئىككىنجى سۈپەت: (أذلة على المؤمنين) مۆمىنلەرگە مۇلايىم .

بەزى كىشىلەر ناھايىتى مۇلايىم ، لېكىن ھەممىگە بىرخىل مۇلايىم ، دىندارمۇ ، دىنسىزمۇ ھەممىگە بىرخىل مۇلايىم .

ئۈچىنجىسى (أعزة على الكافرين الله)

ياخشى كۆرگەن جامائەت كىم؟ مۆمىنلەرگە مۇلايىم كافىرلارغا

شەپقەتسىز بولغان ،كافىرلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئالى تۇتقۇچى دىنسىز ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچى ،ئەمما مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىچىدۇر .

تۆتىنچىسى: الله يولىدا مۇجاھىد، ھەممە ئىمكانىيىتىنى الله نىڭ يولىدا سەرىپ قىلىدۇ .

مانا بۇ الله ياخشى كۆرىدىغان جامائەت نىسبەتلىرىدىندۇر .

ۋە يەنە بىر سۈپىتى بەشىنچى سۈپەت دەپ ئېيتساق (ولا يخافون لومة لائم) مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن ھەق يولىدا ھېچقانداق قورقمايدۇ .

ھەربىر ئىشتا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ . ئەۋۋەل الله ۋە رسول بۇيرىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇ مالامەتچىنىڭ مالامەتىدىن قورقمايدۇ .

مانا بۇساھابە كىراملارنىڭ سۈپىتى بولغان ، الله سبحانه وتعالا مانا شۇ سۈپەتنى يوقاتساڭلار ، دىندىن قايتقانلىقىنىڭ بەلگىسى دېدى .

ئەگەر شۇ سۈپەتلەردىن قايتساڭلار ، الله سىلەرنىڭ ئورنىڭلىغا

مانا بۇنداق پاكىز جامائەتنى كەلتۈرىدۇ دەپ ، ساھابىلاردەك پاكىز زاتلارنى قورقۇتتى .

بۇ **الله** نىڭ پەزلى **الله** خالىغانغا بېرىدۇ . بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتىمىزدا ئىشلەيدىغان ، ئۆزى بىر ھالىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرسە ، شۇ سۈپەتلەرنى بىردىن-بىردىن ، ھەربىر كىشىدە تېپىشىمىز مومكىن ، ئەمما بۇسۈپەتلەرنىڭ كۆپىنى بىر كىشىدە تاپالمايمىز. مانا بۇنەرسە مۇسۇلمانلار نوقسانلىق بولۇپ قالغان سۈپەتتۇر بۇرادەرلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن رسول **الله** صلى الله عليه وسلم

« گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم ،» دېدى .

دەرسىمىزنىڭ باش قىسمىغا قايتىمىز ، رسول **الله** صلى الله عليه وسلم گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولسا ، گۈزەل ئەخلاق نېمە ئىدى؟

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم دە كۆپ شەكىللەنگەندى ۋە ئۇ كىشىگە

ئەگەشكەن كىشلەردە شەكىللەنگەندى.

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلمنىڭ مانا ئىلمىدىكى سۈپەتلىرى ئەۋۋەل ۋە ئاخىرنىڭ ئىلمى ماڭا بېرىلدى دېدى .

« أوتيت القرآن ومثله معه »

(قۇرئان ۋە قۇرئانچە ئىلىم ماڭا بېرىلدى) .دېدى

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم ئالىم بولۇش بىلەن بىرگە عابد ئىدى ،(يەنى ئىبادەتتە بۇكىشىنىڭ ئوخششى يوق ئىدى ، بۇ كىشىنىڭ كېچە بىدارلىقى مانا ھەممىمىزگە مەلۇمكى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇخلىماستىن تەھەججۇدتا بولغان.

تەھەججۇد پەيغەمبەرىمىز صلى الله عليه وسلم گە نىسبەتەن كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەرنىڭ پىكرىدە پەرز بولغان ، باشقىلارغا مۇستەھەب بولسا ، ئەمما ر رسول **الله** صلى الله عليه وسلم گە پەرز بولغان .

«أَقِمِ الصَّلاَةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ وَقُرْآنَ الْفَجْرِ إِنَّ قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُودًا (78) وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَكَ عَسَى أَن يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَّحْمُودًا»

[ (ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ. ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (نامازئوقۇشقا قۇرئان ئوقۇشقا)ئويغانغىن (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت مەقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەتتۇر .)]

مانا مۇشۇ ئايەت ئۇكىشىگە تەھەججۇدنىڭ پەرزلىكىگە دالالەت قىلىدۇ دېيىشىدۇ.

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ ئابدىلقى شۇ دەرىجىدىكى،

تەھەججۇدتا كۆپ قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغانلىقىدىن ،\اسۇرە بەقەرە مىقدارىچە رۇكۇ سەجدە قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ يېنىغا كەچ ۋاقتى كەلدىم ، ئۇكىشى نامازدا تۇرۇپتۇ . گوياكى قازان قايناۋاتقاندەك ئاۋاز يىغا بىلەن ئىچىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ دېدى .

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ ئىبادەتلىرىدەك ئىبادەت قىلغان كىشىنىڭ ئىبادىتى بىرەر قېتىم رىۋايەت قىلىنمىغان .

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ روزىسى ھەققىدە ، بۇكىشى ئۇلاپ روزا تۇتاتتى .يەنى ئۇچ تۆت كۈنگىچە سەھەرلىك يېمەستىن روزا تۇتاتتى . ساھابىلەر بۇكىشىگە ئەگەشمەكچى بولغىنىدا ،، ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن توستى .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلاپ روزا تۇتقان ئادەم كېچىلىك نامازدىن قالماستى . كەچقۇرۇندا ناماز ئوقۇپ كۈندۈزى روزا تۇتقان كىشى ، جىسمانىي تەرەپتىن شۇنداق قۇۋۋەتلىك ئىدىكى . ساھابىلەر خەندەكتە كولىشىۋاتقاندا بىر تاش چىقىپ كۆتىرەلمەي قالغاندا ، كۆتۈرۈپ ئېلىپ قويدى.

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم جىهاد مەيدانىدا بۇ كىشىدىن قورقماس ئادەم يوق ئىدى . ئىش ئېغىرلىشىپ كەتسە پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ ئالدىغا كېلىۋالاتتۇق.

ئەڭ جۈرئەتلىك ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، خالىد ئىبنى ۋەلىد تەك كىشىلەر ھەم ئىش ئېغىرلاشقاندا پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ ئالدىغا كېلىۋالاتتۇق دەيدۇ .

ھەربىر ئۇرۇندا تەكشۈرۈپ كۆرۈلسە ، پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم ئۇلاپ روزا تۇتقان ،كېچىلىك ئىبادەتتە بولغان كىشى يەر يۈزىنىڭ سىياسى ئەربابلىرىغا خەت يازغىنىدا خەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن لەرزىگە كېلەتتى . ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ، ئۇكىشىنىڭ ھەيبەتىدە ، ھەرقانداق جۈرئەتلىك كىشى ، ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى .

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ كېچىسى ئابىد ، كۈندۈزى زاھىت ، مۇجاھىد ، ھەممە ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم گە شۇ ساھەدە ئەگەشكەنىدى .

ئۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيىتى بىرىچە، ئەمما بىزچۇ؟ بىز دۇنيا تېپىشقا

چۈشسەك پۈتۈن ئىلىمدىن بىخەۋەر بولۇپ تۇرۇپ دۇنيا تاپىمىز .

مۇبادا ئىلىم ئوقۇيدىغان بولساق ، ھاياتتىن پۈتۈنلەي جۇدا بولۇپ قالىمىز .

ھاياتتا نېمە بولۇۋاتىدۇ ، ئادەملەر نېمە دەرت تارتىۋاتىدۇ بىلمەيمىز .

ھاياتتىن ، ئادەملەرنىڭ دەردى بىلەن يۈرسەك ، قۇرئاننى ھەپتىلەپ قولىمىزغا ئالمايمىز .

يىگانە **الله** سبحانه وتعالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنى مۇكەررەم قىلىپ چۈشۈرۈلگەن ،قۇرئاننى قولىمىزغا ئالماي ئۆتۈپ كېتىمىز .

نەفلى ناماز ئوقۇيدىغان بولساق ، پۈتۈن كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىنى ئەستىن چىقىرىمىز ، قايسىبىر ساھەدە بولساق ، مۇبادا بىر ئىلىم ئوقۇشقا ياشلارنى قىزىقتۇرىدىغان بولسا پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيەسىدىن ۋاز كېچىۋالىدۇ .

مانا بۇنەرسە بىزنىڭ كەمتۈكلىكىمىز ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۋاتقان نەرسە مانا شۇدۇر بۇرادەرلەر .

شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىپ بۇنەرسىنى بىز ئېگەللىشىمىز

كېرەك .

بىرىنچى بۇ ئەۋۋەلقى دەرسىمىز دە ئېيتقىنىمىزدەك **الله** سبحانه وتعالا غا ئىمان سۈپىتىگە ئېگە بولىشىمىز كېرەك .

ئىمان قەلبىمىزدە ناھايىتى كۈچلۈك بولىشى كېرەك . ۋە بىز ھەممە مەيداندا ھەركەت قىلالايدىغان بولىشىمىز كېرەك .

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم نىڭ جۇرئەتلىرى يېرىم كېچىدە قاتتىق بىر ئاۋاز چىققان ۋاقىتتا ، ساھابىلارنىڭ ئىچىدە قورقماسلىق بىلەن، ۋە تېز يۈگۈرۈش بىلەن ، مەشھۇر بولغان سەلەمەتۇبنۇل ئەكۋە : يېرىم كېچىدە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقسام ،( ئۇ كىشىنىڭ يۈگۈرىشى شۇ دەرىجىدە بولغانكى بەزى ۋاقتلاردا ئالدىرغان كىشىلەرگە ئېتىنى بېرىپ ، سېلەر بېرىپ تۇرۇڭلار ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن . دەپ ئاتلاردىن بۇرۇن بېرىپ بولاتتى .)شۇنداق يۈگۈرۈش بىلەن پالۋانلىق بىلەن مەشھۇر بولغان)خاتىرجەم ئارمىگلىنى ئېلىڭلار ، تىنچلىق دەپ كېلىۋاتقانلىقنى كۆردۈم . شۇنداق جۇرئەتلىك ئىدى . قايسى ساھەنى تەكشۈرۈپ كۆرۈلسە ، ھايا مەنزىلىدە

،«يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىن هايالىق ئىدى »، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ . (لېكىن باشقىلارنىڭ پەلسەپىسىدە . هايالىق كىشىدىن ھېچقانداق ياخشىلىق چىقىشى مومكىن ئەمەس دەپ چۈشەندۈرىدۇ .)

كۆزگە تىكىلىپ قارايدىغان ئاياللاردىن ، هاياسىز ئاياللاردىنلا مەدەنىيەت چىقىشى مومكىن دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ .

هايا ئۇ كىشىنىڭ جۈرئەت يولىدىن توسىمىغان . جۈرئەت مۇلايىملىق يولىدىن توسىمىغان . مۇلايىملىق دۈشمەنلەردىن قىساس ئېلىشتىن توسىمىغان ، قىساس ئېلىش ئادالەت يولىنى توسىمىغان .

بۇنداق كاتتا ھەرىكەت بۈكىشىنىڭ كەمبەغەللەرگە مېھرىبان بولۇشتىن توسىمىغان . شۇنچىلىك كۈندۈزدىكى ھەرىكەت ، كېچىدە بىدار بولۇشتىن توسىمىغان ،كېچىدىكى بىدار بولۇش ، كۈندۈزدىكى ھەرىكەتتىن توسىمىغان .

بىزچۇ ناۋادا كەچقۇرۇندا بىدار بولۇپ قالساق،كۈندۈزى ئۇيقىغا غەرق بولۇپ كېتىمىز .

مانا بۇساھەدە بىز بۇرادەرلەر مۇۋەپپىقيەتسىز بولۇپ قالغان نەرسە شۇدۇر .

دۈشمەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ مەقسەتلىرى ئارقىلىق يولغا كىرىشىدۇـ دە ،دىنى ئىسلامدىن باشقا تەرەپكە بۇرۇپ تاشلايدۇ. خۇددى ھازىرقى دەۋردە ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىقتىساد تەرەپكە باغلاپ تۇرۇپ، باشقا تەرەپتىن تارتىۋېلىۋاتقانغا ئوخشىغان .

ئىقتىساد تەرەپتە ماھىر بولۇشۇڭلارنى مەن خالايمەن . لېكىن بۇنەرسە دىندىكى ھەركەت يولىنى توسماسلىق شەرتى بىلەن بولۇشى كېرەك .

بىزنىڭ ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ ھاياتىغا نەزەر تاشلانسا شۇنچە مىڭ ـ مىڭ كىتاب يازغان زاتلار خەلقلەرنىڭ غېمىدىن بىخەۋەر قالمىغان ، ئۇلارنىڭ مەكتەبلىرىدىكى كىتاب تۈزۈپ يېزىشى ، خەلق بىلەن بىرگە بولۇشتىن توسالمىغان . ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ كىتاب يېزىشى ،جۈرئەتنى ھەم توسالمىغان ، ۋە كەمبەغەللەرنىڭ غېمىدىن خەۋەر ئېلىشتىن توسالمىغان .

ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ ھاياتىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇكىشىنىڭ كۆپ دەسمايىسى باركەن شۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلاركەن . بىر يىلدا ئىككى قېتىم ۋە شۇنىڭدىن تاپقان پايدىنى بىرىنجى بۆلىدىغىنى سۇفيان سەۋرى ، سۇفيانۇبنۇ ئۇيەينە ، ئىككى مۇھەددىس كاتتا ئالىملارغا بىرىللىق پايدىنى بۆلۈپ قالغىنىنى تالىبلارغا ، ئاجرىتىپ بىرقىسمىنى ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا بېرىپ ، يەنە دەسمايىدە تىجارەت قىلىدىكەن .

ئەبۇ ھەنىفەنى بىر ئادەم سودىگەر دەپ تۇنمايدۇ . ئۇكىشىنى كاتتا ئالىم دەپ تونۇيدۇ . لېكىن ئۇكىشى سودا مەيداندا ، مانا بۇنداق يوقىرى قىسمنى ئېگەللەپ تۇرۇپ كۆپ ياخشىلىق قىلالىغان . سودىغا كىرىپ كېتىش بىلەن بىرگە ، تەقۋادىن مەھرۇم بولۇپ قالمىغان . ئەبۇھەنىفەنىڭ ئۆزىنىڭ بىر خىزمەتچىسى بار ئىكەن . كىيىم سودىسى قىلغىنىدا ، ئىككى خىل تونىنىڭ سودىسىدا شۈبھە پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇ سودىدا شۈبھە بولۇپ قالدى دەپ (ئەسلىدە ، مەسىلە

شۈكى : بىر ئادەم سودا قىلسا سودىدا شۈبھە قىلسا شۇ سودىدىن بولغان پايدىنى باشقىلارغا ئىتماستىن بېرىۋېتىش كېرەك . هارام مال بولۇپ قالسا . لېكىن دەسمايىگە قوشۇر يەتمەيدۇ . بۇ كىشى دەسمايىسىنى قوشۇپ بېرىۋاتقانىكەن . شۇندا شۇ توننى ساتقان ئادەم ئېلىپ ئېيتقانكەنكى شۇ تونىنى ، مەن بۇندىن ئارتۇقتا ساتالماستىم ، بىز تەرەپتە بۇندىن ئازغا ساتقان بولاتتىم ، مەن رازىمەن دېگىنىدە سەن مەن ئۈچۈن رازى بولساڭ . مەن شۇ مۆمىن بۇرادىرىم ئۈچۈن رازى ئەمەسمەن دېگەنىكەن .

شۇنچە سودىنىڭ كاتتا مەيدانىنى ئېگەللىگەن زاتنى بۇ سودا تەقۋالىقتىن توسالمىغان .

ئەنە شۇنداق، ئەگەر كىشىدە ئىمان توپلىنىدۇ دىسە ، ئەنە شۇنداق مەيدانلارنىڭ ھەممىسىدە ھەركەت قىلالىشى مۇمكىن بۇرادەرلەر .

بىر نەرسە بىر تەرەپكە كېتىپ قالمايدۇ . سودىدىكى يوقىرلىق تەقۋادىن توسالمايدۇ . تەقۋادىكى يوقىرلىق ئادەملەردىن تاما

قىلىدىغان ھالەتكە ئېلىپ كەلمەيدۇ . بىز ئەگەر تەركى دۇنيا قىلىپ تەقۋا قىلىپ ئۆزىمىزنى تۈزىتىدىغان بولساق . كىشىلەرگە قاراڭغۇ ھالەتتە قالىمىز بۇرادەرلەر.

مانا بۇ ساھەلەردىكى نەرسىلەر ، بىزنى ئىسلام مىللىتىنى ئاقىغا چىكىندۇرگەن نەرسىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى دەرسىمىزدىن ، كۆپچىلىككە چۈشىنىلەگەن بولسا كېرەك . ئىسلامى جامى ئەخلاقلار ئىسلام مىللىتىدە يوقالغاندۇر .

ئىسلامى ئەخلاقتىن بەزىللىرى يوقالدى دېمەكچى ئەمەسمەن ، ئۇمۇمى ئەخلاق بىركىشىدە تېپىلماي قالغان . مانا شۇنداق كىشىلەر كېمىيىپ قالغان . بۈگۈنكى دەرسىمىز چۈشىنىشلىك بولغان بولسا كېرەك (والله اعلم)الله سبحانه وتعالا شۇ دەرسىمىزدىن مەنپەئەتلىنىشنى ھەممىمىزگە نىسىب قىلسۇن . ئەۋۋەل ئۆزۈمگە مەنپەئەت قىلىشنى سىزلەرگە ھەم مەنپەئەتلىنىشنى ۋە باشقا ئىسلامى بۇرادەرلىرىمىزگە مەنپەئەتلىنىشنى ھەممىمىزگە نىسىپ قىلسۇن .

شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شام بىلەن، ئەزان ۋە تەكبىر

ئارىسىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمىز .

بۇنىڭغا ئاساس شۇكى شام نامىزىغا ئەزان ئېيتىلغاندىن كېيىن بەزى ساھابىلەر كېلىشسە گوياكى شام نامىزى ئوقۇلۇپ بولۇپتۇ. كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇلۇۋېتىپتۇ دەپ خىيال قىلاتتۇق . دەيدۇكى كۆپ كىشى ئوقۇغانلىقىدىن ،لېكىن بۇنى ناھايىتى يەڭگىل ئوقۇلىشى كېرەك .

ئازان تۈگىشى بىلەنلا باشلىنىشى كېرەك . ئەگەر سەل قاراپ كىچىككەن بولسا كىچىكتۈرۈپ ئوقۇشى ياخشى بولمايدۇ . ھەممىمىزگە شۇ دەرسنى داۋام ئېتىشكە **الله** سبحانه وتعالا نىسىب قىلسۇن ۋە شۇ دەرسكە ئەمەل قىلىشنى ھەممىمىزگە نىسىپ قىلسۇن . ۋە دىنى ئىسلامغا خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلسۇن . ئامىن.......

## 8ـ دەرس الله  يامان كۆرگەن بەندىلەر

بۈگۈنكى دەرسىمىز الله سبحانه وتعالا يامان كۆرگەن كىشىلەر كىملەر؟ ۋە الله سبحانه وتعالا ياخشى كۆرگەن كىشىلەر كىملەر ؟ توغرىسىدا .

بۇ ئىككى سۈپەتنى ئەۋۋەلدە الله سبحانه وتعالا يامان كۆرگەن كىشىلەردىن باشلايمىز . چۈنكى كىشى يامانلىقتىن ساقلانمىغۇنچە ، ياخشىلىقنى قىلالمايدۇ ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى ياخشىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى يامانلىقتىن ساقلىنىشى كېرەك .

شۇنىڭ ئۈچۈن الله سبحانه وتعالا يامان كۆرگەن سۈپەتلەر قايسى بولسا بىز ئۇنىڭدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك . ۋە الله سبحانه وتعالا نىڭ يامان كۆرىشىدىن ساقلانغان بولىمىز .

ئەلبەتتە بۇ سۈپەتلەرنىڭ ياخشى ، يامان بولىشى ، كىشىلەرنىڭ ئۆلچىمىدە بولىشى كېرەك ئەمەس . بىرەر ـ بىر يەر

يۈزىدىكى كىشى ، ئۆزىنى يامان دېمەيدۇ . ۋە ئۆزىنى يامانلىق قىلىشۋاتقان كىشى دەپ بىلمەيدۇ. ۋە ئۆزىنى **الله** يامان كۆرگەن ،كىشى دېمەيدۇ . قاچانكى **الله** قا ئىشەنگەنلا بولسا . لېكىن ئۆزى **الله** يامان كۆرگەن كىشى ئەمەسمەن دەپ تۇرۇپ ، **الله** يامان كۆرگەن كىشىلەردىن بولىشى مومكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۆلچەمنى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆلچىمىدە ئۆلچىمەسلىكىمىز كېرەك . بەلكى **الله** سبحانه وتعالا يامان كۆرگەن سۈپەتلەر قايسى ئىكەنلىكىدىن ئېھتىيات قىلماقلىقىمىز كېرەك .

ئىمام بۇخارى ئابدۇللا ئىبنى ئابباسدىن رىۋايەت قىلىدۇكى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رسول **الله** صلى الله عليه وسلم دىن رىۋايەت قىلىدۇكى : پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم ئېيتتىكى:

« أَبْغَضُ الناسِ إِلَى الله ثلاثة مُلْحِدٌ فِى الْحَرَمِ وَمُبْتَغٍ فِى الإِسْلاَمِ سنَةَ الْجَاهلية وَمطلِبُ دَمِ امْرِئٍ بِغَيْرِ حق لِيُهَرِيقَ دَمَه »

(ئادەملەرنىڭ **الله** قا يامان كۆرۈلگىنى ئۈچ قىسمدۇر . بىرىنجى

ھەرەمدە الله چەكلىگەن نەرسىنى قىلغۇچى، ۋە قىل دېگەن نەرسىنى قىلمىغۇچى كىشى .

(ھەرەم الله سبحانه وتعالا نىڭ ئەڭ مۇقەددەس قىلغان جايلىرىدىن بىرى مانا كەئبە مۇئەززەمەگە بارغان ئورۇندا«إلحاد» يەنى الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىنى بۇزغان كىشى الله قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن كىشىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرەمگە بارغان كىشى دائىم ھەم گۇناھتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇلغانىغا ئوخشىغان ، ھەرەمگە بارغان ۋاقتىدا ئۆزىنى الله نىڭ ھۆكمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشقا ئۈرۈنىشى كېرەك . الله قايتۇرغان نەرسىلەردىن قايتىشتا ئۆزىنى ناھايىتى مەھكەم تۇتىشى كېرەك)

ئىككىنجىسى ئىسلامدا جاھىلىيەت يولىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى ، (ئىسلامنى بىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ، خۇسۇسەن جاھىلىيەت باسقۇچىدا ياشىغاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ سېپىگە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە جاھىلىيەت يوللىرىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى ، الله قا يامان كۆرۈلگەن كىشىدۇر.

مىسال قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا جاھىلىيەت يوللىرىغا قايسى كىرىدۇ؟

ئىسلام يوللىرىغا قارىمۇ-قارشى يوللار ھەممىسى جاھىلىيەت يوللىرىغا كىرىدۇ .

مىسال مىللەتچىلىككە دەۋەت قىلىش ، يەنى مىللەتچىلىك ئىسلامغا ئەمەس . بەلكى مىللەتچىلىككە چاقىرىش ، رسول الله صلى الله عليه وسلم :

«ليس منا من دعا إلى عصبية »

(مىللەتچىلىككە چاقىرغان كىشى بىزدىن ئەمەس .)دېدى.

ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك پىكرىگە چاقىرغۇچى كىشى . يەنى بىرەر بىر جايدا ياشاش بىلەن بىرلىشىش ئىسلامدا بىرلىشىدىغان نەرسە ئەقىدەدۇر.

توغرا ئەقىدە ئاساسىدا ئىنسانلار بىرلىشىدۇ . ئەگەرچە بىرى زىمىنىنىڭ مەشرىقىدە بولسا ھەم . ئىككىنجىسى زىمىنىنىڭ مەغرىبىدە بولسا ،ئەمما ۋەتەنپەرۋەرلىك ، بىر جايدا ياشىغانلىقى بىلەن بىرلىشىش ، بۇخۇددى ھايۋانلارنىڭ بىر

قورودا بىرلىشىپ ياشىغانلىقىدىن پەرقى يوقتۇر.

بۇنىڭدىن بىرجايدا ياشاۋاتقان كىشلەرنىڭ بىرلەشمەسلىكى كېلىپ چىقمايدۇ ، بىرجايدا ياشىغان كىشىلەر ئەقىدە ئاساسىدا بىرلىشىدۇ . بىرلىشىش ۋاستىسى ئىسلام ئەقىدىسى بولماقلىقى كېرەك. شېرىككە چاقىرغان كىشى، ئىسلام كەلدى شېرىك كەتتى . شېرىك ئەمەللىرىگە چاقىرغان كىشى جاھىلىيەت يولىغا چاقىرغان كىشىدۇر .

ئىسلامدا جاھىلىيەت يوللىرىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشىدۇر . الله سبحانه وتعالا غا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ ئىككىنجىسى شۇدۇر .

نىياھە يەنى بىرەر ـ بىر مۇسىبەت يەتكەن بولسا ئاتىسى ـ ئانىسى ياكى بىرەر قېرىندىشى ياكى بىرەر يېقىنلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ، شۇ ئادەم پۈتۈن سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ تۇرۇپ يىغلاش . ئاۋازىنى چىقىرىپ بىرمۇ ـ بىر سۈپەتلىرىنى بەلكى يوق سۈپەتلىرىنى قوشۇپ ئېيتىپ يىغلاش ، بۇ جاھىلىيەت يوللىرىدىن ،ئىسلامدا شۇنداق جاھىلىيەت يوللىرىنى تەلەپ

قىلغۇچى كىشى الله قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەمدۇر .

تىمسال يەنى ئۆيگە ياكى باشقا بىرجايغا  ھەرخىل سۈرەت ،

شەكىل ، ھەيكەل شۇلارنى قويۇش ، بۇجاھىلىيەت يوللىرىدۇر.

بۇنداق نەرسىلەرنى ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يەنە،

بۇنى تەلەپ قىلىش ،الله قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن كىشىلەر

قاتارىدىندۇر.

مىڭ ئەپسۇسكى بۇنى مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ

دۈشمەنلىرى ياخشى ئاڭلايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ

ئۆيگە ھەرخىل جاھىلىيەت يولىغا سەۋەب بولىدىغان

نەرسىلەرنى چىقارغاندا ، ئۇنەرسىلەرنىڭ گۈزەل سۈرەتتە

چىقىرلىشى بىلەن ئۇنەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۆيىنىڭ ئەڭ

تۆرىسگە قويۇپ قويۇش.

مانا بۇنەرسە جاھىلىيەت يوللىرىكى ھەممىلەر بۇتلىرىنى ئەڭ

ياخشى يەرلىرىگە قۇيىۋالغاندەك ، جانلىق نەرسىلەرنىڭ

شەكلىنى قويۇش بۇجاھىلىيەت يولىدۇر .

ئەگەرچە ئۇ ھەرقانچە مەدىنىي تەرەپتىن كەلگەن بولسا ھەم .

قايسى بىر ئىنسان جاھىلىيەت ئادەتلىرىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدىغان بولسا  الله  قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەملەردىندۇر.)

ئۈچىنجى يامان كۆرۈلگەن ئادەم :ناھەق بىر كىشىنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى ،ئۇنىڭ ھەم قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈن(مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈش مومكىن ئەمەس . پەقەت ئۈچ خىل ھالەتتە مومكىن بولىدۇ .:"بىرىنجىسى تۇرمۇش قىلغان ئەر ياكى  ئايال تۇرمۇش قىلىپ تۇرۇپ پاھىشەلىك قىلغان بولسا، ئىسلام بۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال دەيدۇ . ئىسلام جازاسى ئۇنى تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرىلىدۇ . ھارام بىلەن لەززەتلەنگەن ھەربىر يېرى تاش بىلەن ئۇرۇلىدۇ . ۋە ھالاك بولغىچە ئۇرۇلىدۇ . شۇ ھۆكۈمنى پەتىۋا قىلغان كىشى بىرىنجى قېتىم تاشنى ئېتىپ بېرىدۇ . ۋە مۆمىن كىشى شۇجايدا ھازىر بولغاندا ئىسلامنىڭ بۇيرىقى دەپ تاش ئېتىشى رەھمدىللىك دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنجىسى بىر كىشى مۇسۇلمانلىقنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ بىركىشىنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا ، قىساس ئېلىنىپ ئۇنىڭ

ھەم قېنى تۆكۈلىشى ھالال بولىدۇ .

ئۈچىنچىسى دىنىدىن ۋاز كەچكەن مۇرتەد(الله ساقلىسۇن)مۇسۇلمان ئائىلىدە بولۇپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلام ھۆكمى بەرپا بولغان ۋاقىتتا، ئىسلامدىن ئۆزىنىڭ قايتقانلىقنى ئېلان قىلغان مۇرتەد بولسا مۇسۇلمان بولۇپ تۇرۇپ دىندىن قايتقان مۇرتەدنىڭ قېنى ھالال ھېسابلىنىدۇ .

الله قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەمنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى رسول الله صلى الله عليه وسلم دىن رىۋايەت قىلىندى.

دېمەك ھازىرقى سۈپەتلەر بىرىنجى ئەمدى ئىككىنجى سۈپەتنىكى كىشلەر ئىمام تىرمىزى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رسول الله صلى الله عليه وسلم دىن رىۋايەت قىلىدۇكى :

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم ئېيتتىكى :

« وإن أبغضكم إلي وأبعدكم مني مجلسا يوم القيامة الثرثارون والمتشدقون والمتفيهقون قالوا

يا رسول الله قد علمنا الثرثارون والمتشدقون فما المتفيهقون ؟ قال المتكبرون قال الشيخ

الألباني : صحيح» —

ماڭا يامان كۆرۈلگىنىڭلار ۋە قىيامەت كۈنى مەندىن ئەڭ يىراق بولغىنىڭلار، الثرثارون (تولا گەپ قىلىدىغان، كوت ـ كوت)گەپ قىلىش ئەدەبىدىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەر ، ئاغزىغا نېمە كەلسە ، گەپ قىلىۋىرىدىغان كىشىلەر ،بىھۇدە سۆزلەر بىلەن ھاياتى تولغان ، والمتشدقون (يالغان گەپلەرنى راستقا ئوخشىتىپ گەپ قىلغان كىشىلەر .

ۋە المتفيهقون لەر دېدى ساھابىلەر بىز قالغىنىنى بىلدۇق . مۇتەفەيھىقلەر كىم دەپ سورىغىنىدا . رسول الله صلى الله عليه وسلم :مۇتەكەببىرلەر(تەكەببۇر) دېدى .

مانا بۇلار ماڭا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەم دېدى . رسول الله صلى الله عليه وسلم بىر كىشىنى الله يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا يامان كۆرىدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم گە يامان كۆرۈلگەن

ئادەملەر ، الله قا يامان كۆرۈلگەن ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن يامان كۆرىلىدۇ .

الله سبحانه وتعالا قۇرئان كەرىمدە:

لاَ خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَجْوَاهُمْ إِلاَّ مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلاَحٍ بَيْنَ النَّاسِ

ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمىر قىلغان كىشلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا ، ئادەملەرنىڭ مەخپى ياكى خاس يىغىلىشلىرىنىڭ كۆپىدە ياخشىلىق يوق . پەقەت شۇ توپلىنىشتا سەدىقىگە بۇيرۇق بولسا ، شۇنىڭدا ياخشىلىق بار. توپلىنىپ بىرەر سەدىقە بىلەن ياخشىلىق قىلايلى دەپ توپلانسا مەنپەئەت بار، ياكى بىر ياخشى ئىشقا بۇيرۇش بولسا ، شۇ توپلىنىشتىكى مەقسەت شەرىئەت بۇيرىغان نەرسىگە بۇيرۇيدىغان سۆھبەت

بولسا ، ياكى ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن توپلانغان بولسا ،شۇنىڭدا ياخشىلىق بار ، بۇنىڭدىن باشقا كۆپ توپلىنىشتا ياخشىلىق يوق بۇرادەرلەر.

 هاياتتىكى توپلىنىشلارغا بىر نەزەر تاشلىسىڭىز ، كۆپ كىشىلەرنىڭ توپلىنىشى ، يېمەك ئىچمەك ئۈچۈن بولۇپ قالغان .

 بىرەر-بىر جايدا خاس توپلىنىش بولىدىغان بولسا پەقەت يېمەك -ئىچمەككە باغلانغان ، مانا بۇنداق توپلىنىشنىڭ كۆپىدە ياخشىلىق يوق ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىبىر ھەپتىلىك توپلىنىشلار ،شۇنىڭغا ئوخشىغان توپلىنىشلاردا ھەم بىز شۇنى خاس توپلىنىش دەپ ئاتايمىز .

شۇنىڭدا بىرەر ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان نەرسىنى تەشكىل قىلىنمىسا ،ئۇنداق توپلىنىشلارنىڭ كۆپىدە ياخشىلىق يوق .

نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە 950 يىل دەۋەت قىلىش نەتىجىسىدە ناھايىتى ئاز كىشى ئىماننى قوبۇل قىلدى .

قۇرئاندا:

« وَمَا آمَنَ مَعَهُ إلا قَلِيلٌ »

(ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان كەلتۈردى .)دېيىلدى.

بەزى كىشىلەر بۇنى رىۋايەت ئاساسىدا ،سەھىھمۇ ، سەھىھ ئەمەسمۇ ؟ **الله** بىلىدۇ . 12 كىشى ئىماننى قوبۇل قىلغان دېيىلىدۇ . شۇ 12 كىشى لا إله إلا الله نى ھەقىقىتى بىلەن تەن ئالغانلىقى ئۈچۈن يەر مىقياسىدا **الله** پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاۋات قىلغان يەرنى شۇ 12 كىشىنى سالامەت ساقلاپ تۇرۇپ پۈتۈن ئالەمنى يوقىتىپ تاشلىدى . پاتقاقنىڭ ئاستىدا قويدى . لا إله إلا الله كەلىمىسىنى ئېيتقان زاتلار ،**الله** نىڭ ھوزۇرىدا قەدىرلىكتۇر . **الله** ئۇلارنى دۈشمىنىگە خار قىلىپ قويمايدۇ . دۈشمىنىگە مەغلۇپ قىلىپ قويمايدۇ.

قاچانكى لا إله إلا الله نى ھەقىقىتى بىلەن ئېيتىپ ھاياتىغا تەتبىق قىلالىسا ئەمما مىڭ ئەپسۇسكى ھازىرقى ۋاقىتتا ھېلى ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، رسول **الله** صلى الله عليه وسلم نىڭ دەۋرىدىكى ، جاھىل ،كاپىر ، مۇشرىكلار چۈشەنگەن لا إله إلا الله نىڭ مەنىسىنى

هازىرقى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئەمەس ،ئىلمىلىك مۇسۇلمان كىشىلەر ھەم شۇنى چۈشىنەلمەيدۇ .

تەكرار ئېيتىمىز ئۇلار **الله** نى بار دىيىشەتتى ، **الله** نى رىزىق بەرگۈچى دىيىشەتتى ، يىگانە **الله** رىزىق بېرىدۇ دىيىشەتتى ، يىگانە **الله** كائىنات يەرنى ياراتقان ۋە بىزنى ياراتقان دىيىشەتتى . يىگانە **الله** كائىنات يەرنى باشقۇرىدۇ دىيىشەتتى .

مانا شۇنداق دەپ لا إله إلا الله نى ياخشى چۈشىنىشتىدە، رسول **الله** صلى الله عليه وسلم گە قارشى تۇرۇشتى ، نىمە ئۈچۈن بۇ كەلىمە ئۇلارنىڭ ساختا ئابرويلىرىنى ، ساختا ئەمەللىرىنى ھەممىسىنى بەربات قىلغانىدى .

بۇ كەلىمە ئالى بولسا ھەممە ساختا ئىشلار ھاياتتا يوق بولاتتى .

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رسول **الله** صلى الله عليه وسلم دىن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم .

« يا بن ادم إنك لو أتيتني بقراب الأرض خطايا ثم لقيتني لا تشرك بي شيئاً لأتيتك بقرابها مغفرة»

الله سبحانه وتعالا ئىنسان پەرزەنتىگە خىتاب قىلىپ :

« ئەي ئىنسان پەرزەنتى ئەگەر زىمىن توشقۇنچە گۇناھ بىلەن كەلسەڭ ماڭا ھىچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالەتتە كەلسەڭ، مەن ساڭازىمىن توشقۇنچە مەغفىرەت بىلەن ئۇچرىشىمەن» .

دېگەن . ئەگەر شېرىكتىن سالامەت بولسا الله خالىسا گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ .

مانا بۇ ھەدىستە زىمىن توشقۇنچە خاتالىقلار بىلەن ئۇچراشساڭ ، مەن زىمىن تۇشقۇنچە مەغفىرەت بىلەن ئۇچرىشىمەن . دەيدۇ ئەمما الله قا ھىچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق شەرت قىلىندى .

ئەمما شېرىك بولسا كېچىسى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىپ يىغلىغان . كۈندۈزى نەپلە روزا تۇتقان ، بۇ ئەمەللەر ھەممىسى بەربات بولىدۇ . بۇنىڭدا ھەم شەك شۈبھە يوق ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ھاياتىمىزدا بەزى ـ بىر ئاددى شەكىلدە ، شېرىك ئەمەللىرىگە گىرىپتار بولۇنۇپ قالىدىغان ، بەزىبىر نەرسىلەرگە

ئەسلىتىپ ئۆتمەكچىمەن . چۈنكى رسول الله صلى الله عليه وسلم رسول الله صلى الله عليه وسلم شېرىكدىن ئۈممەتلىرىگە ناھايىتى قورقتى .

شۇ شېرىكنىڭ قاتتىقلىقى ھەققىدە بىز يەنە شۇنەرسىنى بىلسەك ، شۇھەدىس شەرىپتىن بىز ئۆزىمىزگە خۇلاسە چىقىرۋالساق بولىدۇكى . رسول الله صلى الله عليه وسلم دىن بۇرەيدە رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى

لا رُقية إلا من عين أو حُمَة

ئايىتى شىپا ئوقۇش پەقەت كۆز تېگىشتىن ياكى زەھەردىن ياكى قان كېسىلىدىن دۇرۇس بولىدۇ. الله خالىس بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىنى سەل تۇرۇپ قىلىمىز . يەنى رقية دەپ دەم سېلىشنى ئېيتىمىز  قۇرئان كەرىم بىلەن دەم سېلىش ھەققىدە ياكى مۇتلەق ئادەملەرنى دۇئاخانلىقى ، ئىسلامدا دەم سېلىش يوق دېگەن مەنانى ئېلىنغاندا پەقەت دۇئاخانلىق بۇنداق نەرسىلەر

قىلىنمايدۇ ،

إلا من عين أو حُمَة

كۆزدىن ھەمدە قىزىتما . بۇنەرسىدىن دەم سېلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ كىشى ئاڭلىغىنىدا

قد أحسن من انتهى إلى ما سمع

ئاڭلىغان نەرسىسىدە چەكلەنگەن كىشىگە الله نىڭ ياخشىلىقى بولسۇن .

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم دىن رىۋايەت قىلغان ، بىر ھەدىسنى كەلتۈرۈپ:

عرضت علي الأمم فرأيت النبي ومعه الرهيط والنبي ومعه الرجل والرجلان والنبي وليس معه

أحدٌ إذ رفع لي سوادٌ عظيم فظننت أنهم أمتي فقيل لي هذا موسى وقومه ولكن انظر إلى

الأفق فنظرت فإذا سواد عظيم فقيل لي انظر إلى الأفق الآخر فإذا سوادٌ عظيم فقيل لي هذه

أمتك ومعهم سبعون ألفاً يدخلون الجنة بغير حساب ولا عذاب ثم نهض فدخل منزله

فخاض الناس في أولئك

ماڭا بارلىق ئۈممەتلەر تەڭلەندى، مەن بەزى پەيغەمبەرنى بىر توپ جامائەت بىلەن كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەرنى بولسا، بىر ئىككى كىشى بىلەنلا كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەر بىلەن ھېچكىشى يوق،ئۇنى يالغۇزلا كۆردۈم، (يەنى ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇ ئىمان ئېيتقان، ئەگەشكەن كىشى يوق ئىكەن) تۇيۇقسىز ماڭا ناھايىتى چوڭ جامائەت كۆلەڭگىسى كۆرۈندى، مەن ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىممىكى دەپ گۇمان قىلىپ تۇرسام، ماڭا بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمى دېيىلدى، لېكىن، سەن ئاۋۇ ئۇپۇققا قارا دېيىلدى، مەن قارىسام، ناھايىتى چوڭ جامائەتلەر قارىسى ئىكەن،(قىيامەتكىچە بولغان ئۈممەتنىڭ ئىچىدە ئەگەرچە رسول الله صلى الله عليه وسلم قاتتىق (مۇستەھكەم تۇرۇپ)ئەگەشكەن ئۈممەتلەر ئاز بولسا ھەم قىيامەتكىچە بولغان ۋاقىتنىڭ ئىچىدە

ئەلبەتتە كۆپ بولىدۇ) ئاندىن ماڭا مانا بۇ سېنىڭ ئۈممىتىڭ، ئۇلار بىلەن بىرگە جەننەتكە ھېسابسىز، ئازابسىز كىرىدىغان 70000 كىشى باردۇر(قىيامەتتە ھېساب بەرمەيدۇ ،قەبرە ئازابىنى كۆرمەيدۇ)،شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتتى، كىشىلەر بۇ 70 مىڭ كىشى كىمكىن دەپ ئىزدىنىشتى ، بەزىلەر رسول **الله** صلى الله عليه وسلم بىلەن ھەممە ئىشتا شېرىك بولۇپ بىللە بولغان كىشىلەر بولسا كېرەك ، دېدى.

بەزىلەر بەلكىم ئۇلار ئىسلامدا تۇغۇلۇپ **الله** قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەنلەر بولسا كېرەك ، ھاياتىدا شېرىك ئەملى ئۇلاردىن سادىر بولمىغان كىشىلەر بولسا كېرەك ،(يەنى ئەۋۋەل مۇشرىك بولۇپ كىيىن ئىسلام كەلتۈرگەنلەر ئەمەس، تۇغۇلغاندا ئىسلام دەۋردە تۇغۇلۇپ پاك ھايات كەچۈرگەن كىشىلەر بولسا كېرەك . ۋە بىر نەچچە نەرسىلەرنى ئەسكە ئېلىپ ئېيتىشتى .) رسول **الله** صلى الله عليه وسلم چىقتى ، ۋە ساھابىلار سۆزلىرىدىن خەۋەر قىلدى . رسول **الله** صلى الله عليه وسلم بۇ 70مىڭ كىشى

(دۇئاخانلىقنى تەلەپ قىلماستىن ياشىغان كىشى)

فقال هم الذي لا يسترقون و لا يكتوون ولا يتطيرون وعلى ربهم يتوكلون فقام عكاشة بن محصن فقال أدع الله لي أن يجعلني منهم فقال أنت منهم ثم قام رجل آخر فقال ادع الله أن يجعلني منهم فقال سبقك بها عكاشة هذ ا

بۇ كىشىلەر ئايىتى شىپا ئوقۇمايدۇ، ھەم ئوقۇتمايدۇ، ئوتتا داغلاپمۇ داۋالاشمايدۇ (و لا يكتوون بەدىنىنى كۆيدۈرۈپ داۋالىمىغانلار ، بۇ كۆيدۈرۈپ داۋالاش ، ئىسلام كىشىلىرىدە كۆيدۈرۈپ داۋالاش كەم تېپىلغان ، بۇنى شەرئەت چەكلەۋاتقىنى يوق ،لېكىن كۆيدۈرۈشكە رازى بولمىغان كىشلەر،بەدىنى كۆيدۈرۈپ داۋالىمىغان كىشلەر) ولا يتطيرون شۇم پال ئالمايدۇ، پال قالدۇرمايدۇ، (يەنى ھەرخىل نەرسىلەردىن شۇملىنىپ-شۇملىنىش ھەممىزگە مەلۇم ، بۇ تۇرۇپتۇ ئۆيى ۋەيران بولىدۇ ، بۇتۇرۇپتۇ يول يوق بولدى ، ۋەھاكازا شۇنىڭغا ئوخشاش شۇملانمىغانلار لېكىن بۇ ئىنسانىنىڭ قەلبىگە كېلىشكە

الله سبحانه وتعالا ھېساب قىلمايدۇ . شۇ نەرسىگە شۇملىنىپ ئەمەل قىلىشى ئىسلامغا زىتتۇر) ئۇلار پەقەت ھەممە ئىشلىرىدا رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئۇكاشەتۇبنۇ مىھسان دىگەن ساھابىلەردىن بىر ئورنىدىن تۇرۇپ ادع الله أن يجعلني منهم مەن شۇ 70مىڭ كىشىنىڭ بىرى بولاي دۇئا قىلىڭ دېدى ، پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم :سىز شۇلاردىن دېدى .

باشقا بىركىشى تۇردى ، مېنى ھەم 70مىڭ كىشىنىڭ بىرى بولۇشۇمغا دۇ قىلسىلا دېگەندە ، ئۇكاشە سەندىن بۇرۇن بۇ ئورۇننى ئېگەللىۋالدى ، دەپ قويدى . پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلمنىڭ بۇندىن كىيىن جاۋاب قىلمىغىنى بۇنىڭدىن كىيىن يەنە بىركىشى تۇرىشى مومكىن ،ئۇنىڭدىن كىيىن يەنە بىركىشى تۇرىشى مومكىن. شۇ نىڭ ئۈچۈن ھەم شۇ سوئالنىڭ ئەۋۋىلىدە توسۇپ قويدى . بۇ ھەدىستە ھەتتا ساھابىلەر بىرىنجى قېتىم الله قا ھىچ نەرسىنى شېرىك قىلمىغان كىشىلەر بولسا كېرەك دەپ ،شېرىكنىڭ قانچىلىك يامانلىقىنى ، ھەتتا جاھىلىيەت دەۋردە بولسا ھەم يامان بولسا كېرەك دەپ چۈشەنگەنلىكىگە

دەلالەت قىلىدۇ . بىز بەزىبىر ھاياتىمىزدا بولغان شېرىككە توختىلىپ ئۆتىمىز ، ھېلى ئېيتىپ ئۆتكەن ،ھەدىس شەرىپتە كۆز تىگىش ۋە قىزىتمىدىن دەم سېلىش قۇرئان كەرىم ئايىتى بولسا ساھابىلارنىڭ بەزىلىرى بۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەن . بەزىلىرى مۇتلەق رۇخسەت بەرمىگەن .

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رۇخسەت بەرمىگەن ساھابىلەردىن ھېسابلىنىدۇ . ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ رۇخسەت بەرمىگەنلىكى ئۆلىمالار بۇنىڭغا كۆرسەتمە بېرىپ : قۇرئان كەرىم بىلەن دۇئا قىلىپ ، تۇمار ئېسىلىشى بارا ـ بارا باشقا نەرسىلەرنى قىلىپ كېتىشى مومكىن دەپ بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلدۇ لېكىن ئەسلىدە كىتاب ۋە سۈننەتتە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ پىكرىدە كۆز تېگىش ۋە قىزىتمىغا قۇرئان كەرىمدىن دەم سېلىپ ، ياكى تۇمار قىلىش چەكلەنمىگەن. بەزى ساھابىلا چەكلىگەن. مانا بۇنەرسىنىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك .

شېرىك جۈملىسىدىن

من الشرك لبس الحلقة والخيط ونحوهما لرفع البلاء أو دفعه

ئۈزۈك ۋە يىپ شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىنى بالانىڭ كۆتۈرىلىشى ئۈچۈن ياكى بالانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، تاقاش شېرىك جۈملىسىدىندۇر .

**الله** سبحانه وتعالا قۇرئان كەرىمدە:

« قُلْ أَفَرَأَيْتُم مَّا تَدْعُونَ مِن دُونِ الله إِنْ أَرَادَنِيَ الله بِضُرٍّ هَلْ هُنَّ كَاشِفَاتُ ضُرِهِ أَوْ أَرَادَنِي بِرَحْمَةٍ هَلْ هُنَ مُمْسِكَاتُ رَحْمَتِهِ قُلْ حَسْبِيَ الله عَلَيْهِ يَتَوَكَّلُ الْمُتَوَكِّلُونَ»

ئېيتقىنكى «ئەگەر **الله** ماڭا بىرەر زىيان- زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى دەپئى قىلىشقا يا **الله** ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى توسۇۋېلىشقا **الله** دىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ¬ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ¬» ئېيتقىنكى «ماڭا **الله** كۇپايىدۇر تەۋەككۈل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا

تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى **الله** غا تاپشۇرسۇن)»

عمران بن حصين : ان النبي صلى الله عليه و سلم أبصر على عضد رجل حلقة أراه قال من صفر فقال ويحك ما هذه قال من الواهنة قال أما انها لا تزيدك الا وهنا انبذها عنك فإنك لو مت وهى عليك ما أفلحت أبدا

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه و سلم بىر كىشىنىڭ قولىغا مىس ئۈزۈك سېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئۇنىمە؟ دەپ سورىۋېدى . بۇ ئادەم ئۇ ئاغرىق پەسەيتكۈچ دېدى (واهنة دەپ كۆپىنچە تىۋىپلارنىڭ قارىشىدا بەزى ئاغرىق يەتكەن تومۇرنىڭ ئاغرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن) . بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر صلى الله عليه و سلم ئۇنى ئېلىۋەت (واهنة ئەرەب تىلدا ئاجىزلىق دېگەن مەنىدە) بۇ بەدىنىڭنى ئاجىزلاشتۇرۇشتىن باشقا نەرسىنى زىيادە قىلمايدۇ .

ئەگەر كېسەللىنىپ قالسا مەيلى ئەگەر شۇ ھالقا سېنىڭ قولىڭدا

باغلانغان ھالەتتە ئۆلسەڭ ،ھەرگىز نىجات تاپالمايسەن . يەنى بۇشېرىككە ئىشارە قىلىدۇ .

دېمەك بىر كىشى ئۆزىنىڭ قولىغا بىرەر بىر نەرسىنى باغلىۋالسا ، ھالقا ، ياكى يىپ شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنى بۇ بىر داۋاغا تەۋە بولمىسا شېرىكدۇر . ئەگەر شۇ نەرسە ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ھالەتتە ئۆلسە ھەرگىزنىجات تاپمايدۇ .

ئۇقبەتۇبنۇ ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى

من تعلّق تميمة فلا أتمّ الله له ومن تعلّق ودعة فلا ودع الله له

پەيغەمبەر صلى الله عليه و سلم : ئەگەر بىركىشى تۇمار تاقىۋالغان بولسا ، **الله** ئىشىنى پۈتكۈزمىسۇن ،ئەگەر خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن تاقىغان بولسا **الله** خاتىرجەم قىلمىسۇن ، دېدى.

ئىختىلاپلىق نەرسىنى دەسلەپ ئېيتىپ ئۆتتۇق . شۇ نەرسە بىلەن بىرگە چۈشىنىلىشى كېرەك . بەزى رىۋايەتلەردە

من تعلق تميمة فقد أشرك

كىم تۇمار ئېسىۋالسا مۇشرىك بولۇپتۇ دېگەن .

ھۇزەيفەتۇبنۇل يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى : بۇ كىشى قولىدا يىپ باغلىۋالغان ئادەمنى كۆردى ، بۇ يىپنى قىزىتمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن باغلىۋالدىم ، دېگەن(بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ھەيران بولىشى مومكىن ، كىشىنىڭ جاھىللىقى شۇيەرگە بارامدۇكى بىرىيىپنى قىزىتمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرىيىپنى باغلىۋېلىپ ، شۇنداق جاھىل ئادەملەر بولغانكەن دەپ ئويلاپ قېلىشى مومكىن . ھازىرقى ۋاقىتتىكى جاھىللىق ھەم ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس بۇرادەرلەر . ھازىرقى ۋاقىتتا كۆز تەگمىسۇن دەپ ئىشىككە قېقىپ قويغان تاقا ، بۇ يىپ باغلاش بۇنىڭدىن ئارتۇق جاھىللىق ئەمەس . مەسىلەن كۆز تىكەنى قويۇپ قۇيۇش ، بۇنەرسە مۇبادا بىركىشى

كەلگەندە كۆزىگە كىرىپ كەتسۇن ، كۆزى ئۇيۇلۇپ كەتسۇن ،دىسە توغرا بولىشى مومكىن . مەسىلەن شۇ بىركىشى بارغاندا ئەدىبىنى يىسۇن دىسە مومكىن بۇنى توغرا دەپ چۈشەندۈرۈش مومكىن. لېكىن شۇ ئىشەك ، ئاتلار سىيسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان يەردە تۇرغان تىكەن ، ئۇستىگە چىقىش بىلەن پۈتۈن ئادەملەرنىڭ كۆز تىگىشىدىن ساقلايدۇ دىيىش ، بۇ يىپ باغلىغاندىن جاھىلراق ئىش،)ئۈزۈپ تاشلىغىن دىدى .

«وما يؤمن أكثرهم بالله إلا وهم مشركون»

«ئۇلارنىڭ تولىسى **الله** غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ.»

ۋە **الله** سبحانه وتعالا بۇئايىتىنى ئوقۇدى . كۆپچىلىك بۇرادەرلەر ، كۆپچىلىك **الله** قا ئىمان كەلتۈردىم دەيدۇ ،ئۆزى مۇشرىكلىكتىن خەۋەرسىز ياكى بىرەر كىشى خەۋەردار قىلسا تەن ئالمايدۇ . دەرسىمىزنىڭ دەسلىۋىدە دەم سېلىش ۋە تۇمار ھەققىدە.

ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتىمىز دېدۇق .

تۇمار نىمە ؟ تۇمار قۇرئان كەرىمدە مەئسۇر دۇئالارمۇ ،مەئسۇر ئەمەس دۇئالاردىنمۇ ، ھەممىسىدىن توپلاپ خالىغان نەرسلەرنى يېزىپ ،ئوقۇلغان دۇئا ياكى يېزىپ شۇنى ئېسىۋېلىنغان نەرسە ، بۇنى تۇمار دەيمىز (دەرسلىك لىنتا ئاخىرى ئۈزۈك)

## 9ـ دەرس الله ياخشى كۆرگەن بەندىلەر

(ئەسكەرتىش ) بۇدەرس ئالدىنقى دەرسنىڭ 14 مىنۇتلۇق يېرىگىچە ئوخشاش ..

بۈگۈنكى دەرسىمىز الله سبحانه وتعالا يامان كۆرگەن كىشىلەر كىملەر؟ ۋە الله سبحانه وتعالا ياخشى كۆرگەن كىشىلەر كىملەر ؟ توغرىسىدا .

بۇ ئىككى سۈپەتنى ئەۋۋەلدە الله سبحانه وتعالا يامان كۆرگەن كىشىلەردىن باشلايمىز . چۈنكى كىشى يامانلىقتىن ساقلانمىغۇنچە ، ياخشىلىقنى قىلالمايدۇ ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى

ياخشىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى يامانلىقتىن ساقلىنىشى كېرەك .

شۇنىڭ ئۈچۈن **الله** سبحانه وتعالا يامان كۆرگەن سۈپەتلەر قايسى بولسا بىز ئۇنىڭدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك . ۋە **الله** سبحانه وتعالا نىڭ يامان كۆرىشىدىن ساقلانغان بولىمىز .

ئەلبەتتە بۇ سۈپەتلەرنىڭ ياخشى ، يامان بولىشى ، كىشلەرنىڭ ئۆلچىمىدە بولىشى كېرەك ئەمەس . بىرەر ـ بىر يەر يۈزىدىكى كىشى ، ئۆزىنى يامان دېمەيدۇ . ۋە ئۆزىنى يامانلىق قىلىۋاتقان كىشى دەپ بىلمەيدۇ. ۋە ئۆزىنى **الله** يامان كۆرگەن ،كىشى دېمەيدۇ . قاچانكى **الله** قا ئىشەنگەنلا بولسا . لېكىن ئۆزى **الله** يامان كۆرگەن كىشى ئەمەسمەن دەپ تۇرۇپ ، **الله** يامان كۆرگەن كىشلەردىن بولىشى مومكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۆلچەمنى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆلچىمىدە ئۆلچەمەسلىكىمىز كېرەك . بەلكى **الله** سبحانه وتعالا يامان كۆرگەن سۈپەتلەر قايسى ئىكەنلىكىدىن ئېھتىيات قىلماقلىقىمىز كېرەك .

ئىمام بۇخارى ئابدۇللا ئىبنى ئابباسدىن رىۋايەت قىلىدۇكى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رسول **الله** صلى الله عليه وسلم

دىن رىۋايەت قىلىدۇكى : پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم ئېيتتىكى:

« أَبْغَضُ الناسِ إِلَى الله ثلاثة مُلْحِدٌ فِى الْحَرَمِ وَمُبْتَغٍ فِى الإِسْلاَمِ سنَةَ الْجَاهلية وَمطلِبُ دَمِ امْرِئٍ بِغَيْرِ حق لِيُهَرِيقَ دَمَه »

(ئادەملەرنىڭ الله قا يامان كۆرۈلگىنى ئۈچ قىسىمدۇر . بىرىنجى ھەرەمدە الله چەكلىگەن نەرسىنى قىلغۇچى، ۋە قىل دېگەن نەرسىنى قىلمىغۇچى كىشى .

(ھەرەم الله سبحانه وتعالا نىڭ ئەڭ مۇقەددەس قىلغان جايلىرىدىن بىرى مانا كەئبە مۇئەززەمەگە بارغان ئورۇندا«إلحاد» يەنى الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىنى بۇزغان كىشى الله قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن كىشىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرەمگە بارغان كىشى دائىم ھەم گۇناھتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇلغانلىغا ئوخشىغان ، ھەرەمگە بارغان ۋاقتىدا ئۆزىنى الله نىڭ ھۆكمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشقا ئۇرۇنىشى كېرەك . الله قايتۇرغان نەرسىلەردىن قايتىشتا ئۆزىنى ناھايىتى مەھكەم تۇتىشى كېرەك)

ئىككىنجىسى ئىسلامدا جاھىلىيەت يولىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى ، (ئىسلامنى بىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ، خۇسۇسەن جاھىلىيەت باسقۇچىدا ياشىغاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ سېپىگە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە جاھىلىيەت يوللىرىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى ، **الله** قا يامان كۆرۈلگەن كىشىدۇر.

جاھىلىيەت يوللىرىغا قايسى كىرىدۇ؟

ئىسلام يوللىرىغا قارىمۇ-قارشى يوللار ھەممىسى جاھىلىيەت يوللىرىغا كىرىدۇ .

مىسال مىللەتچىلىككە دەۋەت قىلىش ، يەنى مىللەتچىلىك ئىسلامغا ئەمەس . بەلكى مىللەتچىلىككە چاقىرىش ، رسول **الله** صلى الله عليه وسلم :

«ليس منا من دعا إلى عصبية »

(مىللەتچىلىككە چاقىرغان كىشى بىزدىن ئەمەس .)دېدى.

ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك پىكرىگە چاقىرغۇچى كىشى . يەنى بىرەر

بىر جايدا ياشاش بىلەن بىرلىشىش ئىسلامدا بىرلىشىدىغان نەرسە ئەقىدەدۇر.

توغرا ئەقىدە ئاساسىدا ئىنسانلار بىرلىشىدۇ . ئەگەرچە بىرى زىمىنىنىڭ مەشرىقىدە بولسا ھەم . ئىككىنجىسى زىمىنىنىڭ مەغرىبىدە بولسا ،ئەمما ۋەتەنپەرۋەرلىك ، بىر جايدا ياشىغانلىقى بىلەن بىرلىشىش ، بۇخۇددى ھايۋانلارنىڭ بىر قورودا بىرلىشىپ ياشىغانلىقىدىن پەرقى يوقتۇر.

بۇنىڭدىن بىرجايدا ياشاۋاتقان كىشلەرنىڭ بىرلەشمەسلىكى كېلىپ چىقمايدۇ ، بىرجايدا ياشىغان كىشلەر ئەقىدە ئاساسىدا بىرلىشىدۇ . بىرلىشىش ۋاستىسى ئىسلام ئەقىدىسى بولماقلىقى كېرەك. شېرىككە چاقىرغان كىشى، ئىسلام كەلدى شېرىك كەتتى . شېرىك ئەمەللىرىگە چاقىرغان كىشى جاھىلىيەت يولىغا چاقىرغان كىشىدۇر .

ئىسلامدا جاھىلىيەت يوللىرىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشىدۇر . **الله** سبحانه وتعالا غا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ ئىككىنجىسى شۇدۇر .

نىياھە يەنى بىرەر ـ بىر مۇسىبەت يەتكەن بولسا ئاتىسى ـ ئانىسى ياكى بىرەر قېرىندىشى ياكى بىرەر يېقىنلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، شۇ ئادەم يۈتۈن سۆپەتلىرىنى ئېيتىپ تۇرۇپ يىغلاش . ئاۋازىنى چىقىرىپ بىرمۇ ـ بىر سۆپەتلىرىنى بەلكى يوق سۆپەتلىرىنى قوشۇپ ئېيتىپ يىغلاش ، بۇ جاھىلىيەت يوللىرىدىن ،ئىسلامدا شۇنداق جاھىلىيەت يوللىرىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى الله قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەمدۇر .

تىمسال يەنى ئۆيگە ياكى باشقا بىرجايغا ھەرخىل سۆرەت ، شەكىل ، ھەيكەل شۇلارنى قويۇش ، بۇجاھىلىيەت يوللىرىدۇر.

بۇنداق نەرسىلەرنى ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كيىن يەنە، بۇنى تەلەپ قىلىش ،الله قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن كىشىلەر قاتارىدىندۇر.

مىڭ ئەپسۇسكى بۇنى مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى ياخشى ئاڭلايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيگە ھەرخىل جاھىلىيەت يولىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى چىقارغاندا ، ئۇنەرسىلەرنىڭ گۈزەل سۆرەتتە

چىقىرىلىشى بىلەن ئۇنەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۆيىنىڭ ئەگ تۆرىسىگە قويۇپ قويۇش.

مانا بۇنەرسە جاھىلىيەت يولىرىكى ھەممىلەر بۇتلىرىنى ئەڭ ياخشى يەرلىرىگە قۇيىۋالغاندەك ، جانلىق نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى قويۇش بۇجاھىلىيەت يولىدۇر .

ئەگەرچە ئۇ ھەرقانچە مەدىنىي تەرەپتىن كەلگەن بولسا ھەم . قايسى بىر ئىنسان جاھىلىيەت ئادەتلىرىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدىغان بولسا الله قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەملەردىندۇر.)

ئۈچىنجى يامان كۆرۈلگەن ئادەم :ناھەق بىر كىشىنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى ،ئۇنىڭ ھەم قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈن(مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈش مومكىن ئەمەس . پەقەت ئۈچ خىل ھالەتتە مومكىن بولىدۇ .:"بىرىنجىسى تۇرمۇش قىلغان ئەر ياكى ئايال تۇرمۇش قىلىپ تۇرۇپ پاھىشەلىك قىلغان بولسا، ئىسلام بۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال دەيدۇ . ئىسلام جازاسى ئۇنى تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرىلىدۇ . ھارام بىلەن لەززەتلەنگەن ھەربىر يېرى تاش بىلەن ئۇرۇلىدۇ . ۋە

هالاك بولغىچە ئۇرۇلىدۇ . شۇ ھۆكۈمنى پەتىۋا قىلغان كىشى بىرىنجى قېتىم تاشنى ئېتىپ بېرىدۇ . ۋە مۆمىن كىشى شۇجايىدا هازىر بولغاندا ئىسلامنىڭ بۇيرىقى دەپ تاش ئېتىشى رەھىمدىللىك دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنجىسى بىر كىشى مۇسۇلمانلىقنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ بىركىشىنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا ، قىساس ئېلىنىپ ئۇنىڭ ھەم قېنى تۆكۈلىشى ھالال بولىدۇ .

ئۈچىنجىسى دىنىدىن ۋاز كەچكەن مۇرتەد(الله ساقلىسۇن)مۇسۇلمان ئائىلىدە بولۇپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلام ھۆكمى بەرپا بولغان ۋاقىتتا، ئىسلامدىن ئۆزىنىڭ قايتقانلىقنى ئېلان قىلغان مۇرتەد بولسا مۇسۇلمان بولۇپ تۇرۇپ دىنىدىن قايتقان مۇرتەدنىڭ قېنى ھالال ھېسابلىنىدۇ .

**الله** قا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەمنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى رسول **الله** صلى الله عليه وسلم دىن رىۋايەت قىلىندى.

دېمەك هازىرقى سۆيەتلەر بىرىنجى ئەمدى ئىككىنجى

سۈپەتتىكى كىشىلەر ئىمام تىرمىزى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رسول **الله** صلى الله عليه وسلم دىن رىۋايەت قىلىدۇكى :

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم ئېيتتىكى :

« وإن أبغضكم إلي وأبعدكم مني مجلسا يوم القيامة الثرثارون والمتشدقون والمتفيهقون قالوا يا رسول الله قد علمنا الثرثارون والمتشدقون فما المتفيهقون ؟ قال المتكبرون قال الشيخ الألباني : صحيح» —

ماڭا يامان كۆرۈلگىنىڭلار ۋە قىيامەت كۈنى مەندىن ئەڭ يىراق بولغىنىڭلار، الثرثارون (تولا گەپ قىلىدىغان، كوت ـ كوت)گەپ قىلىش ئەدەبىدىن چىقىپ كەتكەن كىشلەر ، ئاغزىغا نېمە كەلسە ، گەپ قىلىۋېرىدىغان كىشلەر ،بىھۇدە سۆزلەر بىلەن هاياتى تولغان ، والمتشدقون (يالغان گەپلەرنى راستقا ئوخشتىپ گەپ قىلغان كىشلەر .

ۋە المتفيهقون لەر دېدى ساھابىلەر بىز قالغىنىنى بىلدۇق .

مۇتەفەيھىقلەر كىم دەپ سورىغىنىدا . رسول **الله** صلى الله عليه وسلم :مۇتەكەببىرلەر(تەكەببۇر) دېدى .

مانا بۇلار ماڭا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەم دېدى . رسول **الله** صلى الله عليه وسلم بىر كىشىنى **الله** يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا يامان كۆرىدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم گە يامان كۆرۈلگەن ئادەملەر ، **الله** قا يامان كۆرۈلگەن ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن يامان كۆرىلىدۇ .

الله **سبحانه وتعالا قۇرئان كەرىمدە** ، لاَّ خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَاهُمْ إِلاَّ مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلاَحٍ بَيْنَ النَّاسِ

ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمىر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا ، ئادەملەرنىڭ مەخپى ياكى خاس

يىغىلىشلىرىنىڭ كۆپىدە ياخشىلىق يوق . پەقەت شۇ توپلىنىشتا سەدىقىگە بۇيرۇق بولسا ، شۇنىڭدا ياخشىلىق بار.

توپلىنىپ بىرەر سەدىقە بىلەن ياخشىلىق قىلايلى دەپ توپلانسا مەنپەئەت بار.

ياكى بىر ياخشى ئىشقا بۇيرۇش بولسا ، شۇ توپلىنىشتىكى مەقسەت شەرئەت بۇيرىغان نەرسىگە بۇيرۇيدىغان سۆھبەت بولسا .

ياكى ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن توپلانغان بولسا ،شۇنىڭدا ياخشىلىق بار ، بۇنىڭدىن باشقا كۆپ توپلىنىشتا ياخشىلىق يوق بۇرادەرلەر، ھاياتتىكى توپلىنىشلارغا بىر نەزەر تاشلىسىڭىز ، كۆپ كىشىلەرنىڭ توپلىنىشى ، يېمەك ئىچمەك ئۈچۈن بولۇپ قالغان .

بىرەر-بىر جايدا خاس توپلىنىش بولىدىغان بولسا پەقەت يېمەك -ئىچمەككە باغلانغان ، مانا بۇنداق توپلىنىشنىڭ كۆپىدە ياخشىلىق يوق ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىبىر ھەپتىلىك توپلىنىشلار ،شۇنىڭغا ئوخشىغان توپلىنىشلاردا ھەم بىز شۇنى

خاس توپلىنىش دەپ ئاتايمىز . شۇنىڭدا بىرەر ياخشىلىقئا بۇيرۇيدىغان نەرسىنى تەشكىل قىلىنمىسا ،ئۇنداق توپلىنىشلارنىڭ كۆپىدە ياخشىلىق يوق، بۇ ﺛﺮﺛﺎﺭ قۇرۇق گەپ قىلىشتامەنپەئەت يوق دېدى . بەلكى ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەملەر ﺛﺮﺛﺎﺭ لار كۆپ گەپ قىلىپ ، مەناسىز سۆزلەرنى كۆپ قىلغان كىشىلەر ، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىغا بەزى توپلىنىشلار تەشكىل بولغانكى ئىسلامدىن تاشقىرى توپلىنىشلار بۇلار ،لېكىن شۇ هازىرقى كۆپ توپلىنىشلار پەقەت توپلىنىشتىن مەقسەت كۈلكە بولۇش ئۈچۈن توپلاندى .

بىر كۈلدۈرىدىغان ئادەم پۇل ئالىدىغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان توپلىنىش ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى كۆپ توپلىنىش باركى **الله** چەكلىگەن نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىدىغان توپلىنىشتۇر . بۇلارنىڭ هەممىسى گۇناھ ئىشلارغا توپلىنىشتۇر . كىبىر ھەققىدە بىز ئازراق توختىلىپ ئۆتىشىمىز كېرەككى ، **الله** سبحانه وتعالا كىبىرنى، مۇتەكەببىر بولغان كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ . رسول **الله** صلى الله عليه وسلم يامان كۆرىدۇ . ئۆزىدىن ئەڭ يىراق

بولغان ئادەملەر، ئۆزىگە ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەملەر ، شۇلار دېدى .

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم كىبىرنى ئۆزلىرىنىڭ ھەدىس شەرىپلەرىدە شۇنداق تەرىپلىدى ،

لا يدْخُلُ الجنةَ مَنّ كان في قلبه مثقالُ حبة من كِبْر

قەلبىدە ئۇرۇق مىقدارىچە كىبىر بولغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ (قايسى ئۇرۇق بولسا ھەم ، بىر ئۇرۇق ھەممە نەرسىنىڭ ئۇرىقى كىچىك بولىدۇ . چوڭ دەرەخلەرنىڭ ئۇرىقى ھەم كىچىك بولىدۇ .)بىر ئۇرۇق مىقدارىدا كىبىر قەلبىدە بولغان ئادەم ،(قەلبكە باغلاۋاتىدۇ ، دېمەك كىبىر قەلبتە بولىدىغان نەرسىكەن ،) دېدى .

شۇ ۋاقىتتا بىر كىشى ئېيتتىكى ،

إن الرجلَ يحب أن يكون ثوبُه حَسَنا ، ونعلُه حسنة

بىر كىشى ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ كىيمى ۋە ئايىغىنىڭ چىرايلىق بولىشىنى ياخشى كۆرىدۇ،دېدى . (ساھابىلار بىر سۆزنى ئاڭلىسا تەسىرلىنەتتى ،)

قال: إن الله جميل يحب الجمال ، الكِبْرُ : بطَرُ الحق وغمطُ الناس

الله گۈزەلدۇر گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ . يەنى بۇ كىبىر ئەمەس دېدى . كىبىر ھەق گەپكە ئۇنىماسلىق ، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر .

ئەگەر بىركىشى ھەقنى كۆرسە ئەگەشمىسە تەكەببۇر بولىدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭغا ھۆججەت ئاشكارا بولسا ئۇنىڭغا تەسلىم بولمىساتەكەببۇر بولىدۇ.

دېمەك مۇتەكەببىر بولغاندىن كيىن الله سبحانه وتعالا غا يامان كۆرۈلگەن ئادەمگە ئايلىنىدۇ . ئەگەر ئادەملەرنى كەمسىتسە

ھازىر ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بەزى ئۆزىنى ئەقىللىق سانايدىغان نادانلار باركى ، **الله** نىڭ ھۇزۇرىدا ئالى مەرتىبىدە بولغان ئىنسانلارنى كەمسىتىدۇ ، رسول **الله** صلى الله عليه وسلم ھەدىس مۇبارەكلىرىدە ،

رُبّ أَشْعَثَ أغبر ذي طمرين مَدْفُوعٍ بِالْأَبْوَابِ لَوْ أَقْسَمَ عَلَى الله لَأبرهُ ،

چاچلىرى چۇۋۇق، توپا ـ چاڭ باسقان، ذي طمرين يازلىق ۋە قىشلىق ئىككى كىيمى بار، بەكمۇ كونىراپ كەتكەن، ياماق كىيىملەرنى كىيۋالىدىغان، كەلسە قارشى ئېلىنماي يىراققا ئىتتىرىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشلەر بار بولۇپ، ئەگەر ئۇ، **الله** قا قەسەم قىلسا، **الله** ئۇنىڭ دۇئاسىنى دەرھال ئىجابەت قىلىپ، قەسىمگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ. يەنى بىركىشنى كىيمىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن كەمسىتىش كىبىردۇر . ياكى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدىن ئارتۇق سۈپەت بىلەن كەمسىتىش كىبىردۇر .

دېمەك ئىسلام ئەدەبى شۇكى بىز بىرەر كىشنى بىرەر سۈپەت

بىلەن ئەيىپلىمەسلىكىمىز كېرەك . پەقەت **الله** شۇ سۈپەت بىلەن بىركىشىنى يامان كۆرگەن بولسا ،بىز ھەم شۇ سۈپەت بىلەن ئۇنى ئەيىپلىمەكلىكىمىز كېرەك . (يەنى شەرئىەتنىڭ بۇيرىقىنى قىلمىغان كىشىنى **الله** سبحانه وتعالا يامان كۆرىدۇ . بىز ھەم يامان كۆرمەكلىكىمىز كېرەك . ئەمما مەسىلەن **الله** نىڭ مەخلۇقاتىدىن بىركىشىنى ھازىرقى ئېيتىلغان سۈپەتلەر بىلەن ياكى دۇنيا ئىشىنى بىلمىگەنلىك ئاددىي- ساددا لىقى بىلەن ياكى ئۇنىڭ مەرتىبىسىنىڭ ئۈستۈن بولمىغانلىقى بىلەن كەمسىتىش . بۇ **الله** سبحانه وتعالا مۇتلەق يېقىنلىق ھاسىل بولمايدىغان ئەمەلدۇر . بۇنداق سۈپەت باركىشگە **الله** سبحانه وتعالا غا يىقىنلىق ھاسىل بولمايدۇ ، بۇرادەرلەر .

ئۈچىنجى. والله لا يحب الظالمين الله

الله زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ .

دېمەك الله سبحانه وتعالا زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ .

زالىم نېمە؟ إن الشرك لظلم عظيم

شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر . شېرىك ئەڭ چوڭ زۇلۇم شېرىك ئەملىنى قىلغان ئادەمنى الله ياخشى كۆرمەيدۇ . بۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوق. الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق ، الله تەرەپكە دەۋەت قىلغان كىشىلەرنى قوبۇل قىلماسلىق ، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىش ، ئۇلارغا دۈشمەنلىكنى تىكلەش ، الله تەرەپكە دەۋەت قىلغان كىشىلەرگە ، مانا بۇلارنى الله سبحانه وتعالا زالىم دېدى .

أستعيذ بالله :

وَقَالَ الذِينَ كَفَرُوا لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجنكُمْ مِنْ أَرْضِنَا أَوْ لَتَعُودن فِي ملتِنَا فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ ربُهُمْ لَنُهْلِكن الظالِمِينَ

كافىرلار پەيغەمبەرلىرىگە:«سىلەرنى زېمىنىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك»دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھى قىلدى:«زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز .»

دېمەك پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى قوبۇل قىلماسلىق زۇلۇمدۇر .شەيتانغا بويسۇنۇش زۇلۇمدۇر ،

قۇرئان كەرىمدە:

وَقَالَ الشيْطَانُ لما قُضِيَ الأَمْرُ إن الله وَعَدَكُمْ وَعْدَ الْحق وَوَعَدتكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ وَمَا كَانَ لِيَ عَلَيْكُم من سُلْطَانٍ إلا أَن دَعَوْتُكُمْ فَاسْتَجَبْتُمْ لِي فَلاَ تَلُومُونِي وَلُومُواْ أَنفُسَكُم ما أَنَاْ بِمُصْرِخِكُمْ وَمَا أَنتُمْ بِمُصْرِخي إني كَفَرْتُ بِمَآ أَشْرَكْتُمُونِ مِن قَبْلُ إن الظالِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ

ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ جەننەتىلەر بىلەن دەۋزەخىلار ئايرىلىپ بولغاندا) شەيتان: «**الله** ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش ئاسىيلىق قىلغۇچىنى

جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى (ۋەدىسگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ساۋاب جازا دېگەنلەر يوق دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلدىم. سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق. مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققىلا) دەۋەت قىلدىم. سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار . شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار. مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ قۇتقۇزالمايمەن. سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ قۇتقۇزالمايسىلەر. مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى **الله** غا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتراپ قىلمايمەن. شۈبھىسىزكى زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»دەيدۇ.

**الله** نىڭ ئايەتلىرىنى يالغان دېيىش(نعوذبالله)

**الله** نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ . **الله** چۈشۈرگەن ھۆكۈمدىن باشقا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىش زۇلۇمدۇر. قايسى بىر كىشى **الله** نىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلسا ئۇنىڭ كۆرىنىشى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر زۇلۇمدۇر . **الله** زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ . **الله** يامان كۆرىدىغان سۈپەت **الله** چۈشۈرگەن ھۆكۈم بىلەن قىلىلماسلىقتۇر.

قۇرئان كەرىمدە : وَمَن لمْ يَحْكُم بِمَا أنزَلَ الله فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظالِمُونَ

**الله** نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشلەر زالىملاردۇر.

والله لا يحب الظالمين **الله** زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ.

بىز بۇنى ياخشى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك . الله قا يالغاننى نىسبەتلەش ،

وَمَنْ أ ظْلَمُ ممنِ افْتَرَى عَلَى الله كَذِبًا أَوْ كذبَ بِآيَاتِهِ .

الله غا يالغان چاپلىغان ياكى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم ئادەملەر بارمۇ؟

الله هارام دېگەن نەرسىنى هالال دېيىش ، هالال دېگەن نەرسىنى هارام دېيىش الله سبحانه وتعالا غا يالغاننى نىسبەتلەشكە كىرىدۇ . . مانا قۇرئان كەرىمدە

وَلاَ تَقُولُواْ لِمَا تَصِفُ أَلْسِنَتُكُمُ الْكَذِبَ هَذَا حَلاَلٌ وَهَذَا حَرَام لِتَفْتَرُواْ عَلَى الله الْكَذِبَ

ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (هېچقانداق دەلىللسىز) «بۇ هالال بۇ هارام»دېمەڭلار چۈنكى (مۇنداقتا) الله نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر.

**الله** قا يالغاننى ئويدۇرۇش دەپ ياد قىلىندى .**الله** سبحانه وتعالا غا (**الله** ساقلىسۇن) خۇسۇسەن ئەھلى ئىلىملەرنى ، ئايەت ھەدىستىن ئازغىنە بىلگەن كىشىلەرنى ،**الله** نىڭ ئايەتلىرىنى مەنىسىدىن باشقا مەنا بېرىش ، مانا بۇنەرسە ھەم **الله** سبحانه وتعالا غا يالغانىى بوھتان قىلىش جۈملىسىگە كىرىدۇ .

وَلاَ تَشْتَرُواْ بِآيَاتِي ثَمَناً قَلِيلاً

ئايەتلىرىمنى ئازراق پۇلغا سېتىۋەتمەڭلار .

دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئەھلى كىتابلار تەۋرات ، ئىنجىلنى ئۆزلىرىنىڭ رەيىگە (قارىشىغا) بۇراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ۋە سۇلتانلار ئالدىدا ۋە باشقىلار ئالدىدا مەرتىبىگە ئېرىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئىنچىكىرەك قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا سۇلتانچە تەپسىر قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ،**الله** سبحانه وتعالا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئازراق پۇلغا ساتماڭلار دېدى .

الله سبحانه وتعالا چېگىرلەپ قويغان بەلگىملەرگە تاجاۋۇز قىلىش زۇلۇمدۇر .

ئەقىدە ، ئىبادەت ، شەرىئەت قانۇنى ،ئەخلاق بۇساھەدە الله سبحانه وتعالا بىر چېگىر قويدىكى ئۇچېگىردىن ئۆتۈۋشكە بىزنىڭ ھەققىمىز يوق . كىم بۇنىڭدىن تاجاۋۇز قىلىدىغان بولسا زۇلۇم قىلىپتۇ . الله زۇلۇم قىلغانلارنى ياخش كۆرمەيدۇ .

تِلْكَ حُدُودُ

الله مانا بۇئايەت تالاق ھەققىدە كەلگەن

الطلاَقُ مرَتَانِ فَإِمْسَاكٌ بِمَعْرُوفٍ أَوْ تَسْرِيحٌ بِإِحْسَان

(قايتا يارىششقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش ياكى ياخشلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي يامان گېپىنى قىلماي كىشلەرنى ئۇنىڭدىن

يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم.

يەنى حدود(بەلگىلمە)ھەممە نەرسىنىڭ بەلگىلىمىسى بار . ئائىلىۋى ھاياتتا بىر بەلگىلمە بار.

الله سبحانه وتعالا مەھرىنى ئاجراشقان ۋاقىتتا ئېلىۋالماسلىققا بەلگىلمە چىقاردى .

مانا شۇ ئايەتنىڭ ئۆزىدە :

وَلاَ يَحلُ لَكُمْ أَن تَأْخُذُواْ مما آتَيْتُمُوهُن شَيْئًا

الله نىڭ بەلگىلىملىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك الله بەلگىلىگەن ئەر- خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسلا ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال- مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. مانا شۇ

ئايەتتىن كېيىن كېلىدۇ . بەلگىلىمە قىلىپ قويىدى . ئائىلىۋى بىرگە نىكاھلىنىشتا بەلگىلىمە بار ، ئاجرىششتا بەلگىلىمە بار ، مانا شۇ بەلگىلىمىلەردىن زىكرى قىلىنغان ئورۇندا ،

تِلْكَ حُدُودُ الله فَلاَ تَعْتَدُوهَا وَمَن يَتَعد حُدُودَ الله فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظالِمُونَ

ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار. الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر .

ئائىلىۋى بەلگىلىمىنىڭ ئۆزىدە باشقا بەلگىلىمەرنى قويۇڭ . سىز ھاكىم بولغان سىز ئۆيدە زوراۋان بولغان . ئائىلىۋى ھوقۇقلاردىكى شۇ يەردە سىزنىڭ گېپىڭىز گەپ بولىدىغان ئورۇنلاردا

وَمَن يَتَعد حُدُودَ الله فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظالِمُونَ

الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر . مانا بۇجايدا ئېيتىلغانلىقى ، باشقا بەلگىلىمىلەردە قارشىلىق ھەم بولىدۇ . لېكىن ئائىلىۋى بەلگىلىمىدىچۇ . سىز ئۆيدە ھاكىمسىز ، مانا بۇنداق ئورۇندا

تِلْكَ حُدُودُ الله فَلاَ تَعْتَدُوهَا وَمَن يَتَعد حُدُودَ الله فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظالِمُونَ

ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر دېدى.

الله سبحانه وتعالا سىز ئۆيدە قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا سۈيۈملۈك بولىشىڭىز مومكىن . بەلگىلىمىلەردىن بېسىپ ئۆتكەن ھالىتىڭىزدە ، سىزدىن قورققانلىقىدىن ، لېكىن الله سبحانه وتعالا والله لا يحب الظالمين الله زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ؛ دېدى .

مانا بۇجايدا ئىنساننى تەقۋا ساقلىمىسا باشقا ھېچ نەرسە ساقلىيالمايدۇ .

باشقا جايدا قارشىلىق كۈچ بىلەن يېڭىلىش مۇمكىن . ئەمما سىزھاكىم بولغان ئائىلىدە بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنۇش،الله قەلبىگە تەقۋالىق بەرگەن كىشىگىلا نېسىپ بولىدۇ . ھەۋاغا ئەگىشىش زۇلۇمدۇر ، الله نىڭ شەرىئىتىنى قويۇپ ھەۋاغا ئەگىشىش ،

فَإِن لمْ يَسْتَجِيبُوا لَكَ فَاعْلَمْ أنمَا يتبِعُونَ أَهْوَاءهُمْ وَمَنْ أَضل ممنِ اتَبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى مِنَ الله إنَ الله لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظالِمِينَ

ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بەرمىسە بىلگىنكى ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەفسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ. الله ۋەھى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەفسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ¬؟ الله ھەقىقەتەن زالىم قەۋنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

زۇلۇم جۈملىسىدىندۇر يەنە ئىنسانغا **الله** سبحانه وتعالا نىڭ ئايەتلىرى ئەسلىتىلسە بۇ ئەسلەشنى خالىمسا ،

وَمَنْ أَظْلَمُ ممن ذكرَ بِآيَاتِ ربِهِ فَأَعْرَضَ عَنْهَا وَنَسِيَ مَا قدمَتْ يَدَاه

پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند- نەسىھەت قىلىنغان ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرىگەن ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى ئونۇتقان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟.

مانا بۇنەرسە ھەم زۇلۇم جۈملىسىدىندۇر . مۇسۇلمان كىشىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈش زۇلۇمدۇر . ئۇنىڭ ئىختىيارىدىن سىرت بولغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈش . ھەممىمىزگە مەلۇم **الله** سبحانه وتعالا

ياأيهَا الذِينَ آمَنُوا لا يَسْخَرْ قَوم من قَوْمٍ عَسَى أَن يَكُونُوا خَيْرامنْهُمْ وَلا نِسَاء من نسَاء عَسَى أَن يَكُون خَيْرًامنْهُن وَلا تَلْمِزُوا أَنفُسَكُمْ وَلا تَنَابَزُوا بِالأَلْقَابِ بِئْسَ الاِسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الإِيمَانِ

وَمَن لَمْ يَتُبْ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَالِمُونَ

ئى مۇئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (الله نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (الله نىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر- بىرىڭلارنى ئەيىپلىمەڭلار بىر- بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرىشماڭلار. ئىماندىن كېيىن فىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (بۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر.

الله سبحانه وتعالا يامان كۆرگەن سۈپەتلەردىن بىرى كۇفۇر.

والله لاَ يُحب كل كفارٍ أَثِيمٍ

**الله** ھەر بىر ناشۈكرى (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ .

فإِن تَولَوْاْ فَإِن الله لاَ يُحِب الْكَافِرِينَ

ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە **الله** كافىرلارنى (يەنى **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ. **الله** سبحانه وتعالا كۇفۇرنى ۋە كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ . كۇفۇر ئىنساننى جىنايەتكە ئېلىپ بارىدۇ .

رسول الله صلى الله عليه وسلم : لاَ تَرْجِعُوا بَعْدِي كفارًا يَضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ

(يەنى مىلڭ ئەپسۇسكى مانا شۇسۆزنى ئېيتىش ھەممىمىزگە قىيىن ۋە ئېچىنارلىقكى) مەندىن كىيىن بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ

بوينىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ئۆزئارا جەڭ قىلىشىپ، كاپىرلىققا قايتىپ كەتمەڭلار .

كىملەرگە؟ ساھابىلارغا ئېيتتى . شۇ ساھابىلارنىڭ ئۈستىدىن شۇنىڭدىن غەم قىلدى. پۈتۈن ئىختىلاپ كۆز ـ قاراش،ئىجتىھادتىكى ئىختىلاپ ئەمەس،بۇ مەزھەبلەردىكى ئىختىلاپ ئەمەس،بۇ ئىختىلاپ ئۈممەتكە رەھمەتتۇر . ئەمما بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ ـ قارشى بولۇپ كېتىدىغان ئىختىلاپ رسول الله صلى الله عليه وسلم ئۇنىڭ كۇفۇرغا باشلاپ بارىدىغان يولنىڭ باشلانمىسى ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىپ :

لاَ تَرْجِعُوا بَعْدِي كفارًا يَضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ

مەندىن كېيىن بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ئۆزئارا جەڭ قىلىشىپ، كاپىرلىققا قايتىپ كەتمەڭلار؛ دېدى .

ھازىرقى ئېيتقان ئىختىلاپقا گىرىپتار بولغان خەلقلەر **الله** سبحانه وتعالا نىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلدى .

وَلا يَزَالُونَ مُخْتَلِفِينَ إِلا مَنْ رَحِمَ ربكَ

ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر. پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا .

دېمەك ئىختىلاپتا قالغان كىشىلەر ھەممىسى **الله** نىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىندى . **الله** سبحانه وتعالا تاجاۋۇزچىلارنى ھەم ياخشى كۆرمەسلىكنى بايان قىلدى.

إنّ الله لاَ يُحِب الْمُعْتَدِينَ

**الله** ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمنى دوست تۇتمايدۇ .

تاجاۋۇز(ھەددىدىن ئېشىش)نىڭ شەكلى كۆپتۇر ، بىرىنچى تاجاۋۇز ئىسلام جىھادىدا ھەم الله سبحانه وتعالا جىھادنى پەرز قىلغان بولسا ، شۇ پەرز قىلغان جىھادتىكى تاجاۋۇزنى ھەم چەكلىدى . تاجاۋۇز قايسى؟ الله ئۆزىنىڭ يولىدا جەڭ قىلىشقا بۇيرۇلغان ئورۇندا ھەم

وَقَاتِلُواْ فِي سَبِيلِ الله الذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُواْ إن الله لاَ يُحِب الْمُعْتَدِينَ

سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ .

مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ قىلغان كىشىلەر بىلەن الله يولىدا جەڭ قىلىشقا بۇيرۇلغان ئورۇندا ھەم تاجاۋۇز قىلىشتىن توستى .

تاجاۋۇز بۇ نەرسە جىھاد قىلماسلىق دېگىنى ئەمەس بۇرادەرلەر .

جىھاد الله سبحانه وتعالا نىڭ پەرزى شۇ جىھادتا ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ

تارىخىغا نەزەر تاشلانسا ، خۇسۇسەن ساھابىلار ، تابىئىنلار ، جىھادىغا نەزەر تاشلانسا ، بىرەرسى تاجاۋۇز قىلمىدى .

مشروع (ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ،قانۇن)ھەربىر ئەمەلدە ئىسلام بەلگىلىگەن نەرسىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ، ھەم تاجاۋۇز جۈملىسىگە كىرىدۇ .

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم :دۇئادا ۋە تاھارەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان كىشىلەرنىڭ خەۋىرىنى بەردى . يەنى شۇنداق ئادەملەر كېلىدۇكى ، دۇئادا ۋە تاھارەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان كىشىلەر كېلىدۇ ، دېدى .

مسال قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا دۇئادىكى تاجاۋۇز ،ھەددىدىن تاشقىرى ئۇزۇن دۇئا قىلىش ، يامغۇرتەلەپ قىلىشقا ئوخشاش چوڭ يىغىلىشلاردا ، ئۇزۇن دۇئا قىلىش مەشرۇ بولغان ، لېكىن داۋاملىق شەكىلدە ئۇزۇن دۇئا قىلىش ، بولۇپمۇ بىرىنىڭ تەرەپلەردە كۆپ يولغا قويۇلۇپ كەتكەن ،ھەربىر ئادەمنىڭ بىردىن دۇئا قىلىپ چىقىش ، بۇ دۇئادا تاجاۋۇز قىلىش.

رسول **الله** صلى الله عليه وسلم :دۇئادا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان بىر

قەۋم كېلىدۇ دېدى . تاھارەتتىكى تاجاۋۇز شۇكى بەلگىلەنگەن نەرسىدىن ئۆتۈپ كېتىش،قولنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش سۈننەت ، ئۈچ قېتىمدىن كۆپ يۇيۇش سۈننەتكە خىلاپتۇر .بۇ تاجاۋۇزغا كىرىدۇ . ھەتتا مەسىلىلەردە شۇ باركى ؛بىر كىشى قولنى يۇغان ۋاقتتا بىر قېتىم بېغىش بىلەن قوشۇپ يۇيۇش پەرز بولىدىغان بولسا.ئۈچ قېتىم يۇيۇش سۈننەت ، ئەمدى ئىككى قېتىم يۇدۇممۇ ؟ ئۈچ قېتىم يۇدۇممۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالسا ، ئۈچ قېتىم يۇغاننىڭ پىكرىنى ئېلىپ توختاتسۇن . ئىككى قېتىم بولسا بولسۇنكى تۆت قېتىم بولمىسۇن . چۈنكى تۆت قېتىم يۇيۇش بىدئەت . شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھى ئالىملىرى تاجاۋۇزدىن ساقلىنىشقا شۇ مەسىلىلەرنى چىقارغانكى شۇ ئىسلام روھى ئاساسىدا رسول **الله** صلى الله عليه وسلمتاجاۋۇزدىن توسقا دەپ شۇنداق ھۆكۈم چىقارغان .

**الله** سبحانه وتعالا ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىش ، بۇ ھەم تاجاۋۇز

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُحَرِّمُواْ طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللّهُ لَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُواْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ

ئى مۆئمىنلەر! **الله** سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار (**الله** بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار. **الله** چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. بىزنىڭ دىنىمىزدەك پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلغان دىن يوق بۇرادەرلەر . ناسارالارنىڭ دىنىدە تەركىي دۇنيالىق قىلىپ پۈتۈن دۇنيادىن ۋاز كېچىپ ، ياخشى شىرىن تائاملارنى يېمەسلىك بىلەن كاتتا دەرىجە ھاسىل قىلىدۇدەپ چۈشەندۈرىلىدۇ .

ناسارالارنىڭ يىراق-يېقىن تارىخدا ئۇلارنىڭ پېشۋالىرىنىڭ 10يىل يۇيۇنمىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ . خۇداغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىمەن دەپ 10 يىل يۇيۇنمىغان .

ئۇلارنىڭ تاللىغان يوللىرىدا( ئەيسا ئەلەيھىسسالام بۇنداق يولنى ئېلىپ كەلگەن ئەمەس . ئۇ كىشى **الله** سبحانه وتعالا تەرىپىدىن ئىسلامنى ئېلىپ كەلگەن .) قانچىلىك يۇيۇنمىسا قانچىلىك

ناپاك بولۇپ قانچىلىك شېرىن يېمەكلىكلەردىن ئۆزىنى چەكلىگەنسىرى شۇنچىلىك يېقىنلىق هاسىل بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ .

**الله** سبحانه وتعالا مانا بۇيەردە **الله** سىلەرگە هالال قىلغان پاك يېمەكلىكلەرنى هارام قىلماڭلار . هەددىڭلاردىن ئاشماڭلار. **الله** هەددىن ئاشقان كىشىلەرنى دوست تۇتمايدۇ . دېدى

إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ

هەقىقەتەن **الله** ئىسراپ قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ . **الله** يامان كۆرگەن سۈپەتنىڭ بىرى ئىسراپتۇر بۇرادەرلەر .

يَا بَنِي آدَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمْ عِندَ كُل مَسْجِدٍ وكُلُواْ وَاشْرَبُواْ وَلاَ تُسْرِفُوا إنه لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ

ئى ئادەم بالىلىرى! هەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى

كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.

الله سبحانه وتعالا يىيىشكە ئىچىشكە بۇيرۇش بىلەن بىرگە ئىسراپ قىلىشتىن توستى .

قۇرئان ئىستىلاھىدا ئىسراپ قىلىش سۆزىنى سۆزىنى بۇزغۇنچىلىق سۆزى بىلەن باراۋەرلەشتۈردى

وَلا تُطِيعُوا أَمْرَ الْمُسْرِفِينَ الَذِينَ يُفْسِدُونَ فِي الأَرْضِ وَلا يُصْلِحُونَ

زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار .

الله سبحانه وتعالا قۇرئان كەرىمدە ئىسراپ سۆزىنى تبذير مەنىسى بىلەن ھەم ئىپادىلىدى . ۋە ئىسراپ قىلغۇچىلارنى شەيتاننىڭ بۇرادەرلىرى دېدى.

وَآتِ ذَا الْقُرْبَى حقَهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَبِيلِ وَلاَ تُبذِرْ تَبْذِيرًا إن الْمُبذرِينَ كَانُواْ إِخْوَانَ الشَيَاطِينِ وَكَانَ الشَيْطَانُ لِربهِ كَفُورًا

تۇغقانغا مىسكىنگە ئىبنى سەبىلگە (خەيىر ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن (پۇل ـ مىلىڭنى ناتۇغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر. شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرا نى نىئمەت قىلغان ئىدى.

ھەتتا ھەقنى ئۆتەۋاتقان ۋاقىتتا ئىسراپتىن توستى . ھەتتاكى ئىسلام ئۆزىدىكى بار نەرسىنى بېرىشنى ئىسراپ دېدى . ئۆزىدىكى بارنەرسىنى رسول الله قا ئېلىپ كەلگەن. ئىمكانىيتى يەتكەنلىكى نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنى ئىسراپ دېدى ،لېكىن مەلۇم ئۇرۇنلاردىن باشقا ئۇرۇندا .

ئەبۇ داۋۇد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى رسول الله صلى الله عليه وسلمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانىدۇق ،

إذ جاء رجل بمثل البيضة من ذهب

بىر كىشى تۇخۇمچىلىك ئالتۇننى ئېلىپ كەلدى ،

يا رسولَ الله ، أصبتُ هذه من مَعْدِن ، فخذها فهي صدقة ، ما أملك غيرَها ، فأعرضَ عنه رسولُ الله –صلى الله عليه وسلم– ، فأتاه من قِبَل رُكْنه الأيمن ، فقال مثل ذلك...

يا رسول الله مەن بۇنەرسىنى كاندىن تاپتىم . بۇنى ئېلىڭ سەدىقە بۇنىڭدىن باشقا نەرسەم يوق، بار بولغان نەرسەم شۇ دەپ بەردى.

شۇ ۋاقىتتا رسول الله صلى الله عليه وسلم يۈزىنى ئۆرىۋالدى، بۇنىڭدىن باشقا نەرسەم يوق دەپ بەردى. ئوڭ تەرەپتىن كېلىپ ھەم شۇنداق دېدى . سول تەرەپتىن كېلىپ شۇنداق دېدى ، ھەممىسىدە يۈزىنى ئۆرىۋالدى.

بۇنى ئېلىڭ بۇنىڭدىن باشقا نەرسەم يوق دەپ بەردى . رسول

الله صلى الله عليه وسلم ئۇنى ئېلىپ غەزەپ بىلەن ئاتنى ۋە ئېيتتىكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار بار نەرسىسىنى ئېلىپ كېلىپ بۇ سەدىقە دەيدۇ ـ دە ھېچنەرسىسى قالمىغاندىن كېيىن مۇھتاج بولۇپ ئادەملەردىن سوراپ ئولتۇرىدۇ . ھەتتاكى رسول الله صلى الله عليه وسلم مانا بۇ ئورۇندا ئۆزىنىڭ بارنەرسىسىنى بېرىشنى ھەم ئىسراپ دېدى .

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر كىشى بار نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى بىرىپ كۆرۈپ بېقىشى كېرەك . ھەممىنى بەرگەندىن كېيىن ئۆزى مۇھتاج بولىدۇ ـ دە ئۇنى كۆتىرەلمەيدۇ . ئاندىن باشقىلاردىن سوراشقا مۇھتاج بولۇپ قالىدۇ . ئۇ موھتاجلىقتىن كۆرە ـ بار نەرسىسىنىڭ ئازراق قىسمىنى بېرىپ، مۇھتاجلىقنى بىلدۈرمىگىنى ئەبزەل ، بىرەر كىشى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەبۇك غازاتىدا ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كەلدىغۇ؟ دەپ ئېتراز بىلدۈرىشى مومكىن . رسول الله صلى الله عليه وسلم : ئەگەر ئەبۇبەكرىنىڭ ئىمانىنى زىمىن ئەھلىنىڭ ئىمانىغا سېلىشتۇرۇلسا ئەبۇبەكرىنىڭ ئىمانى يوقىرى تۇرىدۇ ، دېگەن ئۇ كىشى بەرسە

ھەم موھتاجلىقىنى بىلدۈرۈپ سورايدىغان كىشى ئەمەستى ،(دەپ شۇنداق جاۋاب بەرسەك توغرا بولسا كېرەك والله أعلم)

إن الله لا يُحبُ كُلَ مُخْتَالٍ فَخُورٍ

كىشلەردىن مەنستمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن **الله** ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ .

وَعِبَادُ الرحْمَنِ الَذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الأَرْضِ هَوْنًا

مەرھەمەتلىك **الله** نىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ.

يەنى ئۆزىدە تەكەببۇرلۇق بەلگىسىنى كۆرسەتمەستىن يۈرۈشكە ھەركەت قىلىش كېرەك .

الله سبحانه وتعالا ھاياتىي دۇنيانى ئويۇن كۈلكە، زىننەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئوتتۇرىدا پەخىرلىنىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ،الله سبحانه وتعالا بۇنداق پەخىرلەنگۈچى شۇنداق سۈپەتتىكى كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى .

عَن أَبِي هُرَيْرَةَ ، عَن النبِيّ صلَى الله عَلَيْهِ وَسلمَ ، قَالَ : لينتهين أقوام يفتخرون بآبائهم الّذين ماتوا إنما هُم فحم مِن جهنم ، أو ليكونن أهون عَلَى الله مِن الجعل الَذِي يدهده الخرء بأنفه ، إن الله قد أذهب عنكم عبية الجاهلية إنما هُوَ مؤمن تقي ، أو فاجر شقي ، الناس كلهم بنو آدم ، وآدم مِن تراب

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشتىن دەرھال يانسۇن،(دىنىسىز ئۆتكەن بوۋىللىرى بىلەن پەخىرلىنىشنىڭ مومكىن ئەمەسلىكىگە ئىشارەبولدى)

ھەقىقەتەن ئۇلار جەھەننەمنىڭ كۆمۈرلىرىدۇر، ياكى ئۇلار پەخىرلىنىشىدىن يانمىسا، ئەلۋەتتە الله تائالاغا، نىجاسەتنى بۇرنى بىلەن ئىتتىرىدىغان سېسىق، قارا قۇرتتىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر،الله جاھالىيەتنىڭ كىبىرلىرىنى ناچار ئادەتلىرىنى ئاتا بوۋىلار بىلەن پەخىرلىنىشنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ يوق قىلىۋەتتى. مانا ئەمدى كىشىلەر ئىككىلا تائىپە بولىدۇ، بىرى تەقۋادار مۆئمىن، يەنە بىرى بولسا، فاجىر، پاسىق شەقىيدۇر، ھەممىسى ئادەم باللىرى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، (سىلەر نېمىگە پەخىرلىنىسىلەر؟) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ .

بىز ئۇبدانىراق ئۇيلاپ كۆرىشىمىز كېرەككى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ دىن رىۋايەقىلىدۇكى:

بينما رجل ممن كان قبلَكم يجرُ إزاره من الخيلاءُ خُسِفَ به ، فهو يتجلجل في الأرض إلى يوم القيامة

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا بىر كىشى كىبىر قىلىپ كۆرەڭلەپ، تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتان، رىدالىرىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنى يەر يۇتىۋەتتى، ئۇ تا قىيامەت كۈنىگىچە يەر ئىچىگە ھەرىكەتلىنىپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەھمەد ، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ .

يەنى كىيىملىرىنى يەردە سۆرىلىپ تۇرىدىغان دەرىجىدە كىيىش تەكەببۇرلۇقتىن بولسا بەزىلەر شۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە تەكەببۇرلۇقتىن بولسا دېگەن ، بەزىلەر بولسا مۇتلەق ئېيتقان ،شۇنىڭ ئۈچۈن كىيىمنىڭ يەرگە سۆرىلىپ يۈرىدىغان بولىشىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك .

بىزنىڭ بۇيەردە ئۇزۇن لىباسلار كىيىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، باشقا كىيىملەرنىڭ ھەم يەرگە تېگىدىغان بولىشىدىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك .چۈنكى ھەدىسلەرنىڭ زاھىرى(كۆرىنىشى)شۇنى

كۆرسىتىدۇكى:

قَالَ سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ وَرَأَى رَجُلاً يَجر إِزَارَهُ فَجَعَلَ يَضْرِبُ الأَرْضَ بِرِجْلِهِ وَهُوَ أَمِيرٌ عَلَى الْبَحْرَيْنِ وَهُوَ يَقُولُ جَاءَ الأَمِيرُ جَاءَ الأَمِيرُ. قَالَ رَسُولُ الله -صلى الله عليه وسلم- « إِنَّ الله لاَ يَنْظُرُ إِلَى مَنْ يجر إِزَارَهُ بَطَرًا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇبىر كىشىنىڭ كىيىمنى يەرگە سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندە رسول الله صلى الله عليه وسلم دىن ھەدىس رىۋايەت قىلىپ: كىبىر قىلىپ كۆرەڭلەپ ئىشتىنىنى ئۇزۇن سۆرەپ يۈرگەن كىشىگە ئىككى ئوشۇقىدىن ئۇزۇن كىيگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى الله تائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، يەنى ئازاب قىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ

دېگەن ھەدىسنى ئوقۇدى . كۆپراق قەيت قىلىنغىنى كىبىر سۆزى بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىلەر كىبىر سۆزى بولمىغان

ھەدىسلەرنى ھەم كىبىرگە قەيت قىلىپ كىبىر مەقستى بولغانلىقىغا تەئۋىل قىلىشىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن قەلبدە كىبىر بولمىسا ھەم ئېھتىيات قىلىشقا ھەركەت قىلىش كېرەك .

بۇيەردە يەنەبىر نەرسىنى ئېيتىپ ئۆتىشىمىز كېرەككى، پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم ساھابىلىرىنىڭ بىرى جەڭدە كىبىر بىلەن مېڭىۋاتقاندا مۇنداق دېدى :

إن هذه مشية يُبْغِضُهَا الله إلا في هذا الموطن

بۇ مېڭىش **الله** غەزەپ قىلىدىغان مېڭىشتۇر ، لېكىن بۇئورۇنداق ئۇنداق ئەمەس. كاپىرلار بىلەن بولغان جەڭدە ئادەم ئۆزىنى ناھايىتى كىبىرلىك تۇتۇش كىبىر ئەمەس دېدى .

**الله** سبحانه وتعالا ياخشى كۆرمەيدىغان سۈپەتنىن بىرى خىيانەتتۇر

إن الله لاَ يُحِبُ الخَائِنِينَ

الله خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ . خىيانەتنى بىز كۆپراق مال ـ دۆلەتكە خىيانەت قىلىش دەپ چۈشىمىز .چۈنكى هاياتىمىزنىڭ كۆپرەگى ما ـ دۆلەتكە باغلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن .بىرەركىشى ئامانەت قويغان بولسا شۇنىڭغا خىيانەت قىلىش ـ خىيانەت دەپ چۈشىنىمىز . توغرا بۇ هەم خىيانەت ، لېكىن خىيانەت مەناسىنىڭ هەممىسى ئەمەس . خىيانەت مەنىسىنىڭ بىرىدۇر . ئەگەر بىر كىشىگە ئامانەت قويۇلغان بولسا، شۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولسا ، هەقىقەتتە الله سبحانه وتعالا بۇنداق خىيانەتچىنى ياخشى كۆرمەيدۇ . خىيانەتلەردىن يەنە بىرى ، الله سبحانه وتعالا ساقلىسۇن! هەممىمىزگە شۇۋاقتى كەلگەندە هەممىمىزگە ئىنساپ قىلىشنى نىسىب قىلسۇن .

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم:

مَن اسْتَعْمَلَ رَجُلاً عَلَى عِصَابَةٍ وَفِيهم مَن هُوَ أَرْضَى للَهِ مِنْهُ فَقَدْ خَانَ الله وَرَسُولَهُ والْمُؤْمِنين

ئەگەر بىركىشى بىرجامائەگە بىركىشنى خىزمەتچى قىلىپ قويسا

، لېكىن شۇجامائەنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىغاندا الله رازى بولغۇچىراق كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسا ، (قېرىنداشلىقى سەۋەبلىكمۇ؟ياكى بىرەر تونۇشى سەۋەبلىكمۇ؟ياكى مال دۆلىتىنىڭ كۆپلىكى سەۋەبلىكمۇ؟ مەيلى. الله رازى بولىدىغانىراق بىر ئادەم تۇرۇپ بىر جامائەگە بىركىشىنى رەھبەر قىلىپ قويسا ،)الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىپتۇ . دېدى .

ئىسلام ئەمىرلىرى(باشلىقلىرى)مانا بۇ خىيانەتتىن ئېھتىيات قىلىشقان .

بىرەر ـ بىرخەلق تەرىپىدىن شىكايەت بىر ئەمىردىن بولۇپ قالسا ، خۇسۇسەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ يەرگە تېز بىر كىشىنى ئەۋەتىپ تەكشۈرەتتى . بىرەرسى قىلغان ئەمەللىرىدە ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى ئويلاپ قىلىشقان ئەمەس .

ھەتتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ـ ئۆمە ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب يەر مىقياسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ، شۇ ۋاقىتتا ئوسامەتۇبنۇ زەيد بۇ كىشىگە مائاش

ئاجراتقان ۋاقىتتا(ئايلىق ياكى يىللىق مائاشنى ئاجراتقان ۋاقىتتا)ئۇسامەتۇبنۇ زەيدكە كۆپراق ئاجراتتى.

شۇۋاقىتتا ئوغلى ئابدۇللاھ نېمە سەۋەبتىن بۇكىشىنى مەندىن ئارتۇق كۆرۈپ مائاش ئاجراتتىڭ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سېنىڭ داداڭ بۇكىشىنىڭ دادىسىغا قارىغاندا رسول الله قا سۆيۈملۈك ئەمەستى دېدى . بۇ ئۇسامە ساڭا قارىغاندا رسول الله قا سۆيۈملۈك ئىدى دېدى . مەن سېنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىمەن ،(ئاتا ئەلۋەتتە پەرزەنتىنى ياخشى كۆرىدۇ)لېكىن رسول الله نىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزەمنىڭ مۇھەببىتىدىن ئارتۇق كۆرۈپ ئۇسامەگە ئارتۇق مائاش ئاجراتتىم دېدى .

مانا ساھابىلەرنىڭ ھەربىر ساھلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈلسە، مانا شۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقان ، چۈنكى الله رازى بولىدىغانىراق ئەدەم تۇرۇپ باشقا ئادەمنى رەھبەر قىلىشنى الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خىيانەت دەپ بىلگەن .

مانا شۇ ئامانەت بىلەن ئاسمان-يەر بەرپا بولۇپ تۇرىدۇ . مانا شۇ ئامانەتنى ئاسمان-يەر كۆتۈرۈشتىن قورقتى. ئەمما ئىنسان

كۆتۈردى . بۇنى مۆمىن قەلبىدە ئىمانى پۈتۈن بولغان ئىنسان شۇ ئامانەتنى كۆتىرەلەيدۇ . ئاسمان- يەر كۆتۈرۈشتىن قورقتى. مانا گەدىنىمىزدە ئىبادەت ئامانىتى بار .

وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَ وَالإِنسَ إِلاَ لِيَعْبُدُونِ

جىنلارنى ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم . كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرى تەۋھىدتۇر . مانا شۇ تەۋھىد ئامانىتى بار . مانامۇشۇ تەۋھىد ئامانىتىنى بۇزۇشقانلار خائىن ، **الله** سبحانه وتعالا بۇ خائىنلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ .

وَالله لاَ يُحِبُ الْمُفْسِدِينَ

**الله** بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ .

بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئەڭ چوڭى الله نىڭ يولىنى تۇسۇشتۇر. بۇرادەرلەر چۈنكى الله نىڭ يولى بىلەن سالاھىيەت (كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى قانۇنىي ئورنى) بەرپا بولىدۇ .الله نىڭ يولىنى توسقان ئادەم يوللارنى تەكشىلىسۇن ، دەرەخلەرنى كۆكەرتسۇن ، بۇ ئادەمنى بىز بۇزغۇنچى دەپ ئاتايمىز.

بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى الله نىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇپ ھەممەجاينى تىللا بىلەن توشتۇرسا ھەم بۇنداق كىشىلەرنى بىز بۇزغۇنچى دەيمىز . الله ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەر دەيمىز . مانا شۇ سۈپەتتىن بىز يىراق بولىشىمىز كېرەك . چۈنكى الله نىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇپ كۆركەم ئالەم قۇرۇلمايدۇ . قۇرۇلغاندا ھەم ئىسلام يوق بولغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم بىر ۋاقىتقىچە قۇرۇلىدۇ. ئۇ قۇرۇلغانلىقى ئىچى چىرىپ كەتكەن نەرسىنىڭ ئۈستىنى بوياپ قويغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس . الله بۇزغۇنچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ . مصلح ئىسلاھ قىلغۇچى دەپ شۇنى بىلىمىزكى الله نىڭ كىتابىنى مەھكەم تۇتۇپ ئەمەل قىلغانلار ، نامازنى بەرپا قىلغانلارنى ئىسلاھ قىلغۇچى دەيمىز. الله سبحانه وتعالا :

والَذِينَ يُمَسِكُونَ بِالْكِتَابِ وَأَقَامُواْ الصلاَةَ إِنا لاَ نُضِيعُ أَجْرَ الْمُصْلِحِينَ

كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلارناماز ئوقۇيدىغانلار(يەنى نامازنى بەرپا قىلغانلار (ساۋابقا ئېرىشىدۇ) بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەقىقەتەن زايا قىلىۋەتمەيمىز .بۇز غۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يەنە بىر تۈرى باركى كۆرىنىشىدە ئىناۋەتلىك كۆرىنىدۇ . ۋە ئىناۋەتنى دەۋا قىلىدۇ ، پەقەت ئىناۋەتنىلا ئەمەس ، بەلكى بىز ئادەملەرنى ئىسلاھ قىلىۋاتىمىز دەپ دەۋا قىلىدۇ . بۇلار بۇزغۇنچىلاردۇر .الله سبحانه وتعالا شۇلاردىن قىلىپ قويۇشتىن ساقلىسۇن .

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لاَ تُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ قَالُواْ إِنمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ أَلا إِنَهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَكِن لا يَشْعُرُونَ

ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە «بىز

ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ . بىلىڭلاركى ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ. ھەۋايى ـ نەپسىگە ئەگىشىش بۇزغۇنچىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر .

وَلَوِ اتَبَعَ الْحَق أَهْوَاءهُمْ لَفَسَدَتِ السمَاوَاتُ وَالأَرْضُ وَمَن فِيهِنَ

ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەفسى ـ خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئاسمانلار زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى .

وَاعْلَمُوا أنَ فِيكُمْ رَسُولَ الله لَوْ يُطِيعُكُمْ فِي كَثِيرمنَ الأَمْرِ لَعَنِتّمْ

بىلىڭلاركى ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللا (الله نىڭ پەيغەمبىرى) بار ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا چۇقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار .

الله سبحانه وتعالا يامىن كۆرگەن سۈپەتلەرنىڭ بىرى .

حديث عَائِشَةَ عَنِ النَبِي صلى الله عليه وسلم، قَالَ: إِنّ أَبْغَضَ الرِجَالِ إِلَى الله، الأَلَدُ الْخَصِمُ

كىشىلەرنىڭ الله قا ئەڭ ئۆچمەنرەكى داۋالىششتا قاتتىق چىڭ تۇرغۇچىراقى .(يەنى ألدّ قاتتىق تالاش تارىش قىلغۇچى كىشى بىرنەرسىدە تالاش-تارتىشنى ناھايىتى قاتتىق قىلىدۇ .الله سبحانه وتعالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەم تالاش-تارتىشى قاتتىق بولغان ئادەم،ناھايىتى تالاش-تارتىش قىلغۇچى ، ئۆزەمنىڭ دېگىنى قىلىمەن دەپ تالاش-تارتىشنى كۆپ قىلغان ئادەم الله سبحانه وتعالا غا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ئادەمدۇر .

بەزىبىر تالاش-تارتىشلاردا ئىنسان ھەقنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدا چىڭ تۇرۇپ قاتتىق تالاش تارتىش قىلىدۇ . تالاش-تارتىشتا يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن ،

ئەبۇ ئۇمامە رسول الله صلى الله عليه وسلم دىن رىۋايەت قىلغان

ھەدىستە:

مَنْ ترك المِراءَ وهو مُبْطِلٌ، بُني له بَيْتٌ في رَبَضِ الجنة ، ومَنْ تركَهُ وهو مُحِقٌ، بُني له في وسَطَهِا، ومَنْ حَسُنَ خُلُقُهُ بني له في أعلاها

بىركىشى ئۆزىنىڭ مۇنازىرىسىنىڭ باتىللىقىنى بىلىپ تالاش - تارتىشنى توختاتسا جەننەتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئۇنىڭغا بىر ئۆي بىنا قىلىنىدۇ.

بىركىشى ئۆزىنىڭ ھەق تۇرۇپ (قارشى تەرەپ ھەققە ئۇنىمايدىغان ئادەم)تالاش- تارتىشنى توختاتسا جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆي بىنا قىلىنىدۇ . كىمنىڭ ئەخلاقى گۈزەل بولسا جەننەتنىڭ يوقىرى قىسمىدا بىر ئۆي بىنا قىلىنىدۇ .

يەنى بۇنىڭدىكى مەقسەت باشقا ئەخلاقلار ئىسلامغا مۇۋاپىق بولغان بولسا

قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما ضَلّ قَوْمٌ بعدَ هُدى كانوا عليه إلا أُ وتُوا الجَدَال

ھەرقانداق بىر قەۋم ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن زالالەتتە ئېزىپ كەتسە ، ئۇلارغا جىدەل ـ ماجرا ، ئىختىلاپ بېرىلىدۇ .

پەيغەمبىرىمىز صلى الله عليه وسلم ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى

إنما الأمور ثلاثة

ئىشلار ئۈچ خىل بولىدۇ

أمر تبين لكم رشده فاتبعوه

بەزى ئىشلار باركى ئۇنىڭ توغرىلىقى سىلەرگە ئېنىق شەك ـ شۈبھە قىلمايسىز، بۇنىڭغا ئەگىشىڭ

وأمر تبين لكم غيه فاجتنبوه

بەزى نەرسىلەر باركى ئۇنىڭ خاتالىقى ئېنىق بۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ

وأمر اختلف فيه فَرُدُوه إلى عالمه

بەزى كېلىشەلمىگەن نەرسىنى ئۇنى بىلىدىغان كىشىدىن سورىغىن

إنّ الله لا يُحِبُ الْفَرِحِينَ

ھەقىقەتەن **الله** كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ

## 10 ـ تەۋبە قىلغۇچىلار ھەققىدە

ئالدىنقى دەرسىمىزدە الله ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەر ھەققىدە توختالغان ئىدۇق، الله ياخشى كۆرىدىغان شۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنسەك الله سۇبھانى ۋە تەئالا بىزنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچىسىنىڭ ئېھسان سۈپىتى ئىكەنلىكىنى يۇقۇردا بىز بايان قىلىپ ئۆتتۇق، ئېھسان سۈپىتى رەب تەئالاغا كۆرۈپ تۇرغاندەك سېغىنىش، ئەگەر ئىنسان رەب تەئالانى كۆرۈپ تۇرغاننى تەساۋۋۇر قىلالمىسا، رەب تەئالا مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەندەك ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن بولدۇق.

الله سۇبھانى ۋە تەئالا ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىككىنچىسى الله قۇرئاندا بايان قىلىنغاندەك:

« وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُواْ النِّسَاء فِي الْمَحِيضِ وَلاَ تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّىَ يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللّهُ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ»

يەنى،« (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى،ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا الله بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار. الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ [222].»(سۈرە بەقەرە)

تەۋبە قىلغۇچى ۋە پاك كىشىلەر بولغاچقا،بىز الله ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەرنىڭ ئىككىنچىسى سۈپىتىدە مۇشۇ ھەقتە

توختىلىمىز.

ئىنسان ئەۋلادى كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىدۇر، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى بولمايدىكەن ئۇ سالامەت بولمايدۇ،لېكىن خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى كۆپ تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر.

ئىمامى مۇسلىم رەسۇللاھتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردە:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى،ئەگەر گۇناھ قىلمىساڭلار الله سىلەرنى دۇنيادىن يوق قىلىپ،ئورنۇڭلارغا گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان،ئاندىن تەۋبە قىلىدىغان قەۋمنى كەلتۈرىدۇ.»دەيدۇ.

شۇڭا گۇناھ قىلماسلىق ئىنساننىڭ سۈپىتى ئەمەس،ئىنسان گۇناھ ئۆتكۈزگىچىدۇر،لېكىن كۆپ تەۋبە قىلغۇچىلار الله قا سۈيۈملۈك كىشىلەردۇر.

بىز گۇناھلار توغرىسىدا الله خالىسا كېيىنكى دەرسلىرىمىزدە مەخسۇس توختىلىمىز.

خاتالىقتىن ساقلىنىش،يەنى مەسۇملىك پەقەت پەيغەمبەرلەرگە خاس،شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تەۋبە قىلىش سۈپىتىگە ئىگە

كىشىلەرنى الله تەئالا ياخشى كۆرىدۇ.

ھەدىس قۇددۇستا الله سۇبھانى تەئالا:«ئەي ئىنسان بالىسى،سەن قاچانكى مىنىڭ رەھمىتىمنى ئۈمىت قىلىپ،ئىستىغفار ئېيتىپ دۇئا قىلىدىكەنسەن،سىنىڭ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن،ئەگەر ئاسمان-زېمىن ئارلىقى توشقىچىلىك گۇناھ بىلەن ماڭا ھېچنىمىنى شېرىك كەلتۈرمەي يۈزلەنسەڭ،مەن ساڭا ھەم ئاسمان-زېمىن ئارلىقى توشقىچىلىك مەغپىرەت بىلەن يۈزلىنىمەن»دەيدۇ.

بۇ بايانلاردىن شۇنى بىلىمىزكى،ئىنسان پەرزەنتىنىڭ ھەممىسى گۇناھكاردۇر.الله بىزنىڭ كۆپ تەۋبە قىلىشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ.

الله تەئالا قۇرئانى كەرىمدە ماختىغان كىشىلەرنى گۇناھ قىلمىغان بەندىلەر دەپ ماختىمىدى،چۈنكى الله تەئالا بىزنىڭ گۇناھ قىلىشتەك تەبىئىتىمىزنى بىلىدۇ،الله قۇرئاندا:

«وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ

إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ، أُوْلَئِكَ جَزَآؤُهُم مَّغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ»

يەنى،«تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله تىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ [135]. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى! [136].»(سۈرە ئال ئىمران)دەيدۇ.

بۇ ئايەتتە جەننەت ۋەدە قىلىنغان كىشىلەر گۇناھتىن پاك كىشىلەر دېيىلمىگەن، بەلكى گۇناھنى بىلىپ تۇرۇپ داۋام ئەتمىگەن كىشىلەر دېيىلىۋاتىدۇ.

ئەمدى مەن بۇ يەردە« گۇناھنى كەچۇرىدىغان االله تىن باشقا كىم بار؟»دىگەن ئايەت ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.
ئۆتكۈزگەن گۇناھنى الله تىن باشقا كەچۇرمەيدۇ بۇرادەرلەر. ئادەملەر ھەم بىرلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرنى قەلبىدە ساقلىپ قۇيىدۇ،ئىسلامدىن باشقا تۈزۈملەر ھەم گۇناھلارنى كەچۇرمەيدۇ، 90 يىل ئۆمۈر كۈرۈپ 89يىل خاتا قىلماستىن توغرا ئىشلەپ،بىر كۈن خاتا قىلسىڭىز ھەم كەچۇرمەيدۇ،سىزنى پەقەت رەزىل ئادەم دەپ تۇنىيدۇ،89يىل قىلغان بارلىق خىزمەتلىرىڭىزنى بىر تىيىنگە ئالمايدۇ.خاتا قىلغان كۈنىڭىز سىزنى كەچۇرمەيدۇ.
يەر كۈرەسىدىكى ھەممە نىزامنى تەكشۇرۇڭ،جانى-مالىنى قۇربان قىلغان ئادەملەر بىر مەرتە خاتاسى بىلەن كەچۇرۇلمەيدۇ.ئەمما پۈتۈن ھاياتىدا الله نىڭ يۇلىغا قارىشى بۇلۇپ،الله نىڭ دۇستلىرنى قەتلى قىلىپ ياشىغان كىشىنى خاتالىقىنى بىلىپ الله قا قاتتىق تەۋبە قىلسا الله كەچۇرىدۇ.
مانا ئىسلام نىزامىنا گۇناھلانى كەچۇرىدۇ بۇرادەرلەر.

« گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله تىن باشقا كىم بار؟»

سىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئاتا ـ ئانىڭىزغا ھەم داۋام ياخشىلىق قىلىپ،بىر مەرتە خاتا قىلسىڭىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ قەلبى رەنجىيدۇ، پەرزەنت، قېرىنداش، دوست ھەممىسى شۇنداق، ئىنسانىنىڭ كۆپىنچە ياخشىلىقى زىكىر قىلىنماستىن خاتالىقلىرىلا زىكىر قىلىنىدۇ، ئەمما الله سۇبھانى تەئەلانىڭ مەرھەمىتىگە قاراڭكى، الله گۇناھ قىلمىغانلارنى ياخشى كۆرىمەن دىمەستىن، گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ كۆپ تەۋبە قىلغۇچىلانى ياخشى كۆرىمەن دەيدۇ.

بىز الله نىڭ ئالدىدا گۇناھتىن ساقلىنالمايمىز، سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە گۇناھلىرىمىز ناھايىتى كۆپ، ئەمما الله گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغۇچى كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، بىلىپ تۇرغان ھالەتتە گۇناھلاردىن ساقلانغان كىشلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما باشقا تۈزۈملەرچۇ؟مۇتلەق خاتا قىلمىغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ،لىكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى خاتالىقتىن ساقلىنالمايدىغان ئادەملەر.

• • •

ھاياتىنىكى ھەممە نىزامنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولسىڭىز،ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىڭىزدا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى كۆرە خاتالىقلىرىڭىزنى كۆپ زىكرى قىلىدۇ. ئەمما الله تەئالا ئىنساننىڭ كىچىككىنە ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرنى كەچۈرىدۇ.

ھەدىس شەرىفلەر مانا شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.الله تەئالا بىزنىڭ ياخشىلىقلىرىمىزغا ھىرىس،ئەمما باشقا نىزاملار بولسا يامانلىققا ھىرىس،ئۇلار ئىنساننىڭ خاتالىقلىرنى تېپىپ چىقىپ شۇنى سۆكۈشكە ھىرىس.

الله تەئالا شىرىكنى كەچۈرمەيدۇ،بۇ سۆزنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك،شىرىك،كۇفىر ئەملىنى قىلغان ئادەم ئىسلام سىپىدە بولمايدۇ،ئىسلام دىگىنى قانداقتۇر ئۆزبىك، تاجىك، تاتار مىللىتىنى، كۇفىر دىگەنلىك باشقا ئەجنەبى ياۋرۇپا مىللەتلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ، بىر ئادەم مۇشرىك، كافىر بولۇپ ياشاپ، شىرىكنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭدىن يانسا، ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام

ئەمەللىرنى تەن ئالسا، ئۇ قايسى مىللەتتىن بولۇشتىن قەتئىينەزەر مۇسۇلماندۇر. ئەمما ئىسلام ئەقىدىسىنى تەن ئالمىغان ئادەملەر ئەرەپ بولسىمۇ، ئۇ كافىردۇر.

ئەبۇجەھىل، ئەبۇ لەھەپ ئەرەپتۇر،لىكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى كافىر بولۇپ ئۆلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشى شىرىكنى بىلىپ،كۇفرنى بىلىپ ئۇنىڭدىن يېنىپ،ئىسلام سېپىگە ئۆتسە،الله تەئالا ئۆتكەن بارلىق گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ.ئەمما بىر مۇسۇلمان كىشى شىرىك ئەمەلىنى قىلسا،الله تەئالا ئۇنى كەچۈرمەيدۇ، ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. باشقىدىن ئىمان ئېيتمىسا بولمايدۇ، ئىسلام سېپىدىكى كىشى شىرىك ئەمەلىنى قىلسا، ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ، لىكىن شىرىك بىلەن ياشىغان، پۈتۈن ھاياتىدا كۇفر ئىچىدە ئۆتكەن كىشى شىرىكتىن يېنىپ ئىسلام سېپىگە ئۆتسە، ئىسلام ئۇنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ.

شۇڭا الله شىرىكنى كەچۈرمەيدۇ دېگەن گەپ بىلەن, خاتالىقى الله شىرىك بولسا كەچۈرىدۇ دېگەن گەپنىڭ پەرقىنى

چۈشەندۈرۈپ قويماقچىمەن.

الله تەئالا بىزنىڭ توغرا ئەمەللىرىمىزگە ھەم ئىنتايىن ھېرىس، بۇ توغرىدا رەسۇللاھ بەنى ئىسرائىل توغرىسىدىكى بىر ۋەقەلىكنى ئەسلىتىدۇ.

ئەبۇ داۋۇت شۇنى رىۋايەت قىلىدۇكى،

«بەنى ئىسرائىلدا ئىككى كىشى بار ئىدى،ئۇلارنىڭ بىرى داۋام خاتالىق ئىچىدە يۈرەتتى،ئىككىنچىسى ئىبادەتتە ئىنتايىن ئىجتىھات قىلاتتى،ھېلىقى ئىبادەتكار كىشى قاچانكى بۇرادىرىنى كۆرسە،خاتالىقلىرىڭنى توختات دەپ قۇياتتى،بىر كۈنى ئۇ بۇرادىرىنىڭ گۇناھ قىلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ گۇناھىڭنى توختات دىگەندە،ئۇ مىنى رەببىم بىلەن قۇيۇپ قويغىن،سەن ماڭا نازارەتچى قىلىپ ئىبەرتىلگەنمىدىڭ دىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ الله قا قەسەمكى،الله سىنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ دىدى.

شۇ دەقىقتە الله تەئالا ئۇ ئىككىسىنى قەبزى روھ

قىلدى،ئۇلارنىڭ روھلىرى الله تەئالانىڭ ھوزۇرلىرىدا جەم بولدى،الله ھېلىقى ئىجتىھات بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىغا،سەن قۇلۇمدىن رەھمەتنى تارتىۋېلىشقا قادىرمىدىڭ؟دىدى.

ھەم گۇناھ بىلەن ياشىغان كىشىگە بارغىن رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرگىن دىدى ۋە ھېلىقى ئىبادەتكار كىشىنى دوزاخقا تاشلىدى.»بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتىكى،بۇ كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى كۆيدۈرىدىغان شۇنداق بىر يامان سۆزنى ئېيتتى.

يەنى، ئىنسان الله نىڭ ھوقۇقلىرنى تارتىۋېلىشقا قانداق قادىر بولسۇن؟ ھەدىسلەردە شۇنداق دىيىلىدۇ، ئىنسان ھاياتىدا شۇنداق ياشايدۇ،جەننەتكە كىرىشكە بىر غېرىچ قالىدۇ،شۇندا شۇنداق بىر يامان سۆز قىلىدۇ، ئۇجەننەتتىن مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ئارلىقىدەك يىراقلاشتۇرلىدۇ.

يەنە بەزىلەر شۇنداق ياشايدۇكى، دوزاخقا كىرىشكە بىر غېرىچ قالىدۇ، شۇندا ئۇ شۇنداق بىر سۆزنى ئېيتىدۇكى، دوزاختىن مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ئارلىقىدەك يىراقلاشتۇرلىدۇ.

يەنى ئىنسان الله نىڭ جەننىتىگە ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمىلى بىلەن كىرەلمەيدۇ.

رەسۇللاھ :«بىر كىشى جەننەتكە ئەمىلى بىلەن كىرەلمەيدۇ دېگەندە، ساھابىلەر رەسۇللاھتىن سورىدى: يا رەسۇللاھ سىزمۇ جەننەتكە ئەمىلىڭىز بىلەن كىرمەمسىز؟

رەسۇللاھ ئېيتتى: الله نىڭ رەھمىتى بولمىسا مەنمۇ جەننەتكە كىرەلمەيمەن.»

دىمەك، بىز بۇ ھەدىسلەردىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى،الله كۆپ تەۋبە قىلغۇچى كىشلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

شۇڭا ئىنسان قانچىلىك گۇناھ قىلغانلىقىدىن قەتئىنەزەر الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىز بولماسلىقى كېرەك، الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىز بولماسلىقىقا الله تەئالا چاقىردى.

دۇنيادا ھېچقايسى بىر نىزام بۇ سۇئالغا جاۋاپ بىرەلمىدى،ئەمما ئىسلام جاۋاپ بەردى.

ئىسلامنى بىلمەستىن پۈتۈن ھاياتىنى گۇناھ بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى،ئىسلامنى بىركۈن بىلدى ھەم شۇ بويىچە ياشاپ

ئۆتتى،شۇچاغدا ئىنسان دەيدۇكى،مەن ئەگەر كامىل ئىنسان بولالىغان بولسام ئۆزەمنى ئوڭشار ئىدىم.

دۇنيادىكى ھەممە نىزامدا كامىل ئىنسان بولۇش مۇمكىن ئەمەس،ئەمما ئىسلامدا مۇمكىن.

ھاياتىدا ئىسلام كەلتۈرۈپ ئەڭ قىسقا ياشىغان كىشىلەر تارىختا زىكىر قىلىنىدۇ.

خالىد ئىبنى ۋەلىد لەشكەرلىرنى توغرىلاپ تۇرغان ۋاقتىدا،كافىرلار سېپىدىن بىر كىشى چىقتى،ئۇ خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن يەكمۇ-يەك ئېلىشىدىغان قىياپەتتە ئىدى،ئەمما ئۇ خالىد ئىبنى ۋەلىدتىن بىر سوئال سورماقچى ئىدى،خالىد ئىبنى ۋەلىد سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى،ئۇ كىشى خالىدتىن الله تەئالا پەيغەمبىرىڭلارغا ئاسماندىن بىر قىلىچ چۈشۈرۈپ،سىز شۇ قىلىچنى ئالغاچقا الله نىڭ شەمشىرى دەپ ئاتالدىڭىزمۇ؟دەپ سوردى،خالىد ئىبنى ۋەلىد: ياق ئۇنداق ئەمەس،پەيغەمبەرىمىزگە پەيغەمبەرلىك كەلگەندە كىشىلەر ئىككىگە بۆلۈندى،بەزىلەر ئۇ كىشىنى قوللىسا،بەزىلەر ئۇ

كىشىگە قارشى چىقتى،شۇ قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئەڭ قاتتىقى مەن ئىدىم،لېكىن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىمان كەلتۈردۈم،شۇ چاغدا رەسۇللاھ مەندىن بىر نەرسە تەلەپ قىل دېدى،مەن سىلىگە قارشى تۇرغان دەۋرىمدىكى گۇناھلىرىمنى ﷲ كەچۈرسىكەن دېدىم،رەسۇللاھ ﷲ ئۆتكەن گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ دېدى.

شۇندا سىزنىڭ قارشىڭىزغا بولغان بۇ قىلىچىڭىز ئەمدى سىزنىڭ پايدىڭىزغا بولسۇنى ﷲ تىن تىلەيمەن دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن رەسۇللاھ مېنى«سەيفۇللاھ» ﷲ نىڭ قىلىچى دەپ ئاتىدى،شۇنىڭ بىلەن قايەرگە بارسام مەغلۇپ بولمىدىم دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ،مەن ھازىر مۇسۇلمان بولسام ھەم سىزلەرنىڭ دەرىجەڭلارغا يېتەلەيمەنمۇ؟دەپ سوردى،شۇندا خالىد ئىبنى ۋەلىد:ئەگەر سەن ھازىر ئىسلامنى قۇبۇل قىلساڭ بىزدىن ئەبزەل بۇلىسەن،چۈنكى بىز ئىسلام كەلتۈرگەندىن كېيىن قانچىلىك گۇناھ ئۆتكۈزدۇق ﷲ بىلىدۇ،لېكىن سەن ئىسلامغا كىرىشىڭ بىلەن گۇناھتىن پاك بۇلىسەن دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ئىسلام سېپىگە ئۆتۈپ شۇ جەڭدە شېھىد بولدى. سەھىھمۇ ئەمەسمۇ، بەزى رىۋايەتلەردە ئۇ كىشىنى ئىككى رەكەت ناماز ئوقىدى دېيىلىدۇ. ئىسلامغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئەڭ قىسقا ياشىغان كىشى شۇ بولدى. ئىسلام كىشىلەرنى ھەق يولغا چاقىرىدۇ ھەم ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بىلەن باشقىلاردىن كامىل ئەڭ ئالىي كىشىلەردىن بولىدىغانلىقى بىلەن بىشارەت بېرىدۇ. تارىختا بۇنداق يول بولمىغان ھەم بۇندىن كېيىن بولمايدۇ، ئەمما ئىسلامدا بولىدۇ. الله تەئالا مانا شۇنداق كۆپ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىمەن دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامغا كىرگەن كىشى ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئەۋزەل بولۇپ تۇرىدۇ، پۈتۈن ھاياتىدا ئىسلامغا قارشى ياشىغان، گۇناھكار كىشىلەرنى الله تەئالا ئۆزىگە ئىزافە قىلىپ چاقىرىپ:

«قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ »

يەنى،« (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [53].»(سۈرە زۇمەر)دەيدۇ.

الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىز بۇلۇش كۇفرىغا ئېلىپ بارغۇچى نەرسە دەپ قارىلىدۇ،چۈنكى ئىنسان الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىز بولسا،قالغان ھاياتىنى پۈتۈنلەي جىنايەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇ الله نىڭ رەھمىتىنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلسە،شۇندا ئوڭشىلىشى مۇمكىن. مەيلى ئۆتكەنكى ياكى ھازىرقى تارىخ بولسۇن ھەممىسگە نەزەر تاشلىسىڭىز،بۇ ھال ئىسلامدىن باشقا نىزامدا بولمىغان.

ھېچقانداق بىر نىزام تارىخىدا پۈتۈن ھاياتىدا شۇ نىزامغا قارشى

ياشاپ،يەنە شۇ نىزامدا ئۇلۇغ ئاتىلىپ ئىتىبارغا ئېلىنىپ ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر يوق،ئەمما ئىسلامدا بار،ئىسلام تارىخىدا بۇنداق كىشىلەر نۇرغۇن بولغان،مانا يۇقۇردا بىز تىلغا ئالغان خالىد ئىبنى ۋەلىد شۇنداق كىشىلەردىن ئىدى.

ۋەھشى ھەمزە ئابدۇل مۇتەللىپنەك زاتلارنى قەتلى قىلدى،لىكىن ئۇ يەنە ئەڭ ئۇلۇغ ساھابىلەردىن بۇلالدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب دىنغا كىرمىگەن ۋاقتىدا باشقا كىشى ئەمەس ئۆز سىڭلىسى ھىجرەت قىلىپ ماڭغاندا،«يول بولسۇن»دىگەندە،«سىلەر ئازار بەرمەيدىغان يەرگە كۆچمەكتىمىز» دىگەندە، ئۆمەر:«سەپىرىڭلار بىخەتەر بولسۇن»دىگەندەك بىر سۆزنى ئېيتتى،سىڭلىسى بۇ سۆزدىن تەسىرلىنىپ،بىر كىشىگە ئۆمەردىن بىر ياخشى سۆز ئىشتتىم،ئۇ ھىدايەت تېپىپ قالسا كېرەك دىگەندە،ئۇ كىشى:«ئۆمەرنىڭ ئېشىكى مۇسۇلمان بولسىمۇ،ئۆزى مۇسۇلمان بولمايدۇ»دىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب دىنغا ناھايتى قارشىلىقىدىن، كىشىلەر شۇنداق گۇمان قىلىشاتتى،ئەمما ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى پۈتۈبىن

مۇسۇلمانلار قىيامەتكىچە ئۆزلىرىگە ئۇستاز دەپ بىلىشىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مانا ئىسلامغا قارشى بولغان ئىدى،ئەمما ئۇ شۇ ئىسلامدا ئۆمەر ئادىل ئاتىلىپ، خەلىپىلىك مەرتىبىسىگە چىقالدى.

بۇنداق ئىش ئىسلامدىن باشقا قايسى نىزامدا بار؟ھېچقانداق بىر نىزامدا شۇنىڭغا قارشى ياشاپ،تەۋبە قىلغاندىن كېيىن يەنە شۇ نىزامدا ئەڭ ئالىي مەرتىبىگە ئېرىشكەن ئىش تارىختا يوق بۇرادەرلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىدا باشقىلارنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىشتىن خىجىل بولغىدەك دەرىجىدە بىرەر بىر خاتالارنى ئۆتكۈزگەن مۇسۇلمانلار سىپىگە ئۆتكەن بۇرادەرلەرگە،بۇرادەر سەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئىسلامدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەردىن بولالايسەن،ئىسلام سېپىگە ئۆتۈش بىلەن الله ھەممە خاتىلىقلىرىڭنى كەچۈرىدۇ دەپ ئەسكەرتىپ قويۇشىمىز كېرەك.

بۇ ھەممىمىزگە ئامانەت. نۇرغۇن كىشى مەن ئىسلامغا قارشى كۆپ سۆزلەرنى ئېيتقان مەن،ئەمدى ئىسلامغا كىرىپ ياخشى

بۇلالمايمەن دەپ ئويلايدۇ،ئۇ بۇنداق خىيالنى قىلمىسۇن،الله ئۇلارنى «ئى بەندىلىرىم» دەپ ئۆزىگە ئىزافە قىلىپ چاقىرىۋاتىدۇ، شۇنداقلا قاتتىق تەۋبە قىلسا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقنى جاكارلاپ تۇرۇپتۇ.

« قَالَ وَمَن يَقْنَطُ مِن رَّحْمَةِ رَبِّهِ إِلاَّ الضَّآلُّونَ»

يەنى،« ئىبراھىم: پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟ دېدى [56].»(سۈرە ھىجىر)

ئەگەر بىز الله نىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرمىسەك،ھاياتىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق،ھېچنەرسە يوق بۇرادەرلەر،ھاياتىمىزنىڭ 15 ـ 16يىللى ھاياتىنىڭ نىملىكىنى چۈشەنمەيدىغان بالىلىق بىلەن ئۆتۈپ كىتىدۇ،15ياشتىن25ياشقىچە بولغان ھاياتىمىز ياشلىقنىڭ

ئويۇن كۈلكىسى بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ،بۇ چاغلاردا پەقەت ئاتا ـ ئانىمىز ياكى ئۇستازلىرىمىزدىن قورققانلىقىمىز ئۈچۈن كىتاپ كۆرۈپ قويىمىز،25ياشتىن ئۆتۈپ بالىلىق بولغاندىن كېيىن،هايات يەنە باشقا ئىش بىلەن ئۆتىدۇ،35ـ40ياشتىن باشلاپ بەدەندە كېسەللىك باشلىنىدۇ، ئادەم ئەمدى ئەقىل تېپىپ بىر ياخشى ياشاي دىسە،تەن بۇنىڭغا باقمايدۇ،45ياشتىن كېيىن الله قا تەۋبە قىلماقتىن باشقا چارە يوق.

تارىختىكى بىز ئەڭ هەۋەس قىلدىغان كىشىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق،هاياتىدا ئىككى يىل يا ئۈچ يىل پايدىلىقراق ياشاپ ئۆتكەن،ئەمما بىز شۇ ئادەملەرنى هاياتىدا بىر دەقىقنى بىكار ئۆتكۈزمىگەن ئادەملەر دەپ گۇمان قىلىمىز،ئەمما تەكشۈرۈپ كۆرسەك ئۇلار ياشلىق دەۋرىنىڭ بىر ئىككى يىلىنى غەنىمەت بىلگەن كىشىلەر بولۇپ چىقىدۇ خالاس.

بىز مۇشۇ قىلغان ئەمەللىرىمىز بىلەن يەرۇ-ئاسمانچە كىلىدىغان،ئىنسانىنىڭ كۆزى كۆرمىگەن،قۇلاقى

ئىشتىمگەن،خىيالىغا كەلمىگەن لەززەتلەر بولغان زىياپەتخانا جەننەتكە سازاۋەرمەن دەپ ئويلىيالامدۇق؟ بۇرادەرلەر.

جەننەتكە الله تەئالا ئۆز رەھمىتىنى بىلەن ئەكىرمىسە،ئىنساننىڭ ھەممە ھاياتى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ.

شۇڭا الله قەلبىمىزدىن ئىخلاس تېپىلىشىنى ھەم گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلغۇچى بولىشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئىنسان الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىز بولماسلىق بىلەن بىرگە،يەنە دائىم الله نىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ،الله نىڭ ئازابىدىن بىپەرۋا بولماستىن الله تىن قورقۇپ ياشىشى كېرەك.

« فَلاَ يَأْمَنُ مَكْرَ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْخَاسِرُونَ»

يەنى،«پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋىملا الله نىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ.»(سۈرە ئەئراف99ـ ئايەت)

شۇڭا ئىنسان دائىم قورقۇش،تەشۋىش بىلەن بولماقلىقى كېرەك.

مۇھەممەد سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ ھەمىشە الله تىن قورقۇدىغانلىقىنى كۆپ دەرسلىرىمىزدە ئېيتىپ ئۆتكەنمىز. الله تەئالا:

« إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ»

يەنى،« الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ [222].»(سۈرە بەقەرە)دەيدۇ.

شۇڭا تەۋبە ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. تەۋبە، ئىستىغفارنىڭ ئەڭ ياخشى سائەتلىرىدىن بىرى سەھەر ۋاقتىدۇر، الله قۇرئاندا:

« الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالأَسْحَارِ»

يەنى،« ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر،

راستچىللاردۇر، (االله قا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر [17].»(سۇرە ئال ئىمران)

دەپ سەھەردە ئىستىغفار ئېيتقۇچىلارنى ماختىدى ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەردە كەلتۈردى.

تەكشۈرسەك بەزىلىرىمىزدە مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلىدىغان قۇۋۋەت بار، ئەمما راستچىل ئەمەسمىز،بەزىلىرىمىز نەفلى ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىمىز،لىكىن پۇل ـ ماللىرىمىزنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرىپ قىلمايمىز،بەزلىرىمىز پۇل ـ ماللىرىمىزنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرىپ قىلىمىز،ئەمما سەھەردە ئىستىغفار ئېيتقۇچى ئەمەسمىز.االله تەئالا مانا شۇ بەش سۈپەتنى يانمۇ ـ يان زىكىر قىلدى،بىرەر نەرسىنى قەيت قىلمىدى ھەم ياخشى كىشىلەرنى سەھەردە ئىستىغفار ئېيتقۇچى دەپ ماختىدى.سەھەر سۈبھىدىن ئىلگىرىكى ياكى سۈبھىنىڭ ئەۋۋىلىدىكى ۋاقىتتۇر،رەسۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«رەببىمىز ھەر كۈنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ھەم كىم ماڭا دۇئا قىلسا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن،كىم مەندىن تىلىسە بېرىمەن،كىم گۇناھلىرىغا ئىستىغفار ئېيتسا،گۇناھلىرىنى كەچۈرىمەن دەيدۇ».

بۇ ھەدىس ئىمامى نەسائىدىن باشقا بەش ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ ھەممىسىدە رىۋايەت قىلىنغان. ئەگەر بازاردا بىرەر بىر ئاددى نەرسىنى بىكارغا بېرىپتۇ دىسە ھەممىمىز بارىمىز،ئەمما بىزنى چاقىرۋاتقىنى بىر ئاددى ئادەم بولۇپ،بەلكى بىزنى ئالداش مەقسىتىدە چاقىرۋاتقان بولىشى مۇمكىن،ياخشى كىشى چاقىرغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بېرىدىغىنى پەقەت بىر ئاددى دۇنياۋى نەرسە بولىشى مۇمكىن،ئەمما بىز شۇ نەرسىنى بىكارغا بەرگىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ ئالدىغا چاپىمىز.

بۇ يەردە بولسا ئالەملەرنىڭ رەببى كىم ماڭا دۇئا قىلسا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن،كىم مەندىن تىلىسە بېرىمەن، كىم گۇناھلىرىغا ئىستىغفار ئېيتسا، گۇناھلىرىنى كەچۈرىمەن دەيدۇ

ھەم ئۇنىڭ ۋاقتىنى سەھەر دەۋاتىدۇ.

ھەدىسلەردە رەسۇللاھنىڭ ھەر كۈنى 100قېتىم ئىستىغفار ئېيتىدىغانلىقى دىيىلىدۇ،رەسۇللاھ:

«الله قا ئىستىغفار ئېيتىڭلار،الله بىلەن قەسەمكى مەن ھەر كۈنى 100قېتىم ئىستىغفار ئېيتىمەن»دەيدۇ.

بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. ئىمامى بۇخارى كىم«سەيدۇل ئىستىغفار»نى كۈندۈزى ئوقۇپ،شۇ كۈندە ۋاپات تاپسا ئەھلى جەننىتىدىن بولىدۇ،ئەگەر كەچقۇرۇن ئوقۇپ،تاڭ ئاتقۇچە ۋاپات تاپسا يەنە ئەھلى جەننىتىدىن بولىدۇ دەپ رىۋايەت قىلغان.

سەۋبان رىۋايەت قىلىدۇكى،رەسۇللاھ نامازدا سالام بەرگەندە كېيىن ئۈچ قېتىم ئىستىغفار ئېيتار ئىكەن ۋە ئىستىغفاردىن كېيىن«الله ۇممە ئەنتەسسالام ۋە مىنكەسسالام تابارەكتە يا زەل جالالى ۋەل ئىكرام»دەر ئىكەنلەر.

نامازدىن كېيىن ئىستىغفار ئېيتىلىشىنىڭ ھىكمىتى نامازدىكى نوقسانلار ئۈچۈن ئېيتىلسا كېرەك،بۇنى الله بىلگۈچىدۇر.باشقىلار ئەۋزائىدىن بۇ ئۈچ قېتىم ئىستىغفار ئېيتىش قانداق بولىدۇ؟دەپ

سورغاندا، ئۇ: «ئەستەغفۇرۇللاھ» ئۈچ قېتىم دېيىلدۇ دېگەن ئىكەن. ئىمامى تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇللاھ:

«بىر كىشى بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ،شۇ سورۇندىن قوپقاندا ‹سۇبھانىكە الله ۇممە ۋەبى ھەمدىكە، ئەشھەدۇئەنلائىلاھە ئىللائەنتە ئەستەغفىرۇكە ۋەئەتۇبى ئىلەيك› دېگەن دۇئانى قىلسا شۇ سورۇندا قىلغان خاتالىقلىرىغا كاپارەت بۇلىدۇ» دېگەن.

خۇلاسە بىز رەسۇللاھنىڭ ئىبىتقىنىدەك تەۋبە سۈپىتىگە ئىگە بولساق،الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەردىن بۇلىمىز.

الله :« وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ »

يەنى«(ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ [222].»(سۈرە بەقەرە)دەيدۇ.

الله يەنە قۇرئاندا:« فِيهِ رِجَالٌ يُحِبُّونَ أَن يَتَطَهَّرُواْ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُطَّهِّرِينَ»

يەنى« ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، الله (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [108].»(سۈرە تەۋبە)دەيدۇ.

ھەجگە بارغان بۇرادەرلىرىمىز بىلىدۇ،الله مانا شۇ مەسجىدى قۇبادا پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر تۇرىدۇ، الله پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ دەپ بەرگەن.

رەسۇللاھ پاكىزلىق توغرىسىدا: «الله پاكتۇر پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، الله ئازادىدۇر ئازادىلىكىن ياخشى كۆرىدۇ، الله كەرىمدۇر، كەرىملىكنى ياخشى كۆرىدۇ، الله سخىيدۇر ساخاۋەتنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆيىڭلارنىڭ ئالدىنى پاكىزە تۇتۇڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشماڭلار»دەيدۇ. سىز يەھۇدىيلارنىڭ يۈزىنى سۈپۈن بىلەن يۇيۇپ يۈرگەنلىكىگە قارىماڭ،ئۇلارنىڭ ئادىتىنى بىلىدىغانلارغا مەلۇم ئۇلار ئىسلام پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ پاكىزە بولماسلىقتا ھەركەت

قىلىدۇ ھەم تامامى ئەخلەتلەرنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا تۆكىدۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ يەنە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى كۆپ ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ ھەدىسلەر بار.

ئىمامى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە:«ئۈچ نەرسە قايتۇرۇلمايدۇ، يەنە سېلىنچا ـ تۈشەك، ئىككىنچىسى مايغا ئوخشىغان سۈرتىلىدىغان خۇشبۇي نەرسە، ئۈچۈنچىسى پۈركىلىدىغان خۇشبۇي نەرسە، بۇ نەرسىلەر سۇنۇلسا قايتۇرۇلمايدۇ.» دېگەن.

«ئەرلەر ئۈچۈن ئۈزى رەڭسىز ئەمما خۇشبۇي ھىدى بار نەرسىلەر ياخشىراق، ئاياللار ئۈچۈن رەڭگى كۆرىنىدىغان ئەمما ھىدى تارقىمايدىغان نەرسىلەر ياخشىراق.» ،«پاكىزلىق بەش ئىش بىلەن بولىدۇ، خەتنە قىلىش، ناپاك تۈكلەرنى ئېلىش، موي‌لارنى ئېلىش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇقنىڭ ئاستىنى تازلاش»

مانا بۇ نەرسە ھەم ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسىدىندۇر، ئىبراھىم خېلىلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى ھەم رەسۇلۇللاھقا سۈننەت

بولدى،بۇ كۆرسەتمىلەر بولمىغىنىچە تارىختا بىرەر كىم قولتىغىنىڭ تۈكىنى تازىلىمىغان،بۇ ياۋرۇپادىن كىرمىگەن، ياۋرۇپالىقلار تازىلىنىشنى بىلمىگەن، بۇ نەرسىنى ئىسلام ئۆگەتكەن.

مانا تارىخقا مۇراجەت قىلىنسا، بۇنى ئىسلام ئۆگەتكەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇللاھ بىزلەرگە موبلارنى ئېلىش،تىرناقنى ئېلىش،قولتۇقنى تازلاش،ناپاك تۈكلەرنى تازلاشنى 40 كۈندىن ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكنى تەيىن قىلىپ بەردى.»

يەنى ئىنسان 40كۈن مۇددەتتە بىر تازىلىنىشى كېرەك،سالمان فارىسىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«تائامنىڭ بەرىكىتى تائامدىن بۇرۇن ھەم تائامدىن كېيىن قول

يۇيۇشتا.»

تارىختا ئادەملەر قول يۇيۇشنى بىلمىگەن،بۇنى ھەم بىزگە ئىسلام ئۆگەتتى.

رەسۇللاھ شۇ دەرىجىدە پاكىز ئىدىكى،ئۇ زات شام نامىزىدىن ئىلگىرى سۈت ئىچتىلەر ھەم ئىچىپ بولغاندىن كېيىن مەز-مەزە قىلدىلەر،بۇ مەز-مەزە قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سۈتتە ياغ بار دەپ ئېيتىپ قويدىلەر. لىكىن بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قۇيۇش كېرەككى،بۇ خىل پاكىزلىق ۋە ئازادىلىك كىبىرگە سەۋەپ بۇلۇپ قالماسلىق كېرەك،چۈنكى رەسۇللاھ:

«قەلبىدە زەررە چاغلىق كىبىر بولغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دىگەن.

كىبىر ئىنساننىڭ جىسمىدا ئەمەس بەلكى قەلبىدە بۇلىدۇ،ئۇ ئىنسان بىلەن الله نىڭ ئوتتۇرسىدىكى سىر،رەسۇللاھ شۇنداق دىگەندە، بىر كىشى تۇرۇپ،

«بىر كىشى كىيمىنىڭ ناھايتى چىرايلىق بۇلىشنى ھەم ئاياغ

كېيىمىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ،بۇ كىبىرمۇ؟ »
دەپ سورىدىلەر.

يەنە بىر رىۋايەتتە،ماڭا الله تەئالا شۇنداق بىر خۇي بەرگەن،مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر مۇشۇ كىيىپ تۇرغان لىباسىمنى،بىرەر كىشىنىڭ لىباسىنىڭ مۇشۇ لىباسىمدىن ئارتۇق بولۇشىنى خالىمايمەن،مانا مۇشۇ كىبىرمۇ يا رەسۇللاھ دەپ سورىدىلەر،شۇندا رەسۇللاھ ئېيتىلەركى،

«الله چىرايلىق چىرايلىقلىقنى ياخشى كۆرىدۇ» ،

يەنى بۇ كىبىر ئەمەس دىدىلەر ھەم «كىبىر ھەققە ئۇنماسلىق، يەنى ھەق زاھىر بولغاندا ئۇنى رەت قىلىش، بىرۋانى ئۆزىنىڭ يارالمىش سۈپىتى بىلەن كەمسىتىش بۇ كىبىردۇر»دىدىلەر،بىراۋنى ئىبادەت قىلمىغىنى ئۈچۈن،شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى قىلمىغىنى ئۈچۈن كەمسىتىشكە بولىدۇ،لىكىن بىراۋنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولمىغان سۈپەت

بىلەن كەمستىشكە بىزنىڭ ھەققىمىز يوق،بولمىسا كىبىر پەيدا بولۇپ قالىدۇ .

الله كەرىمدۇر،كەرىملىكنى ياخشى كۆرىدۇ،الله سخيدۇر ساخاۋەتنى ياخشى كۆرىدۇ،رەسۇللاھتىن بىرەر نەرسە سورالسا يوق دىمىگەن ئىكەنلەر،

«شوھ پەزىلەت ھەم مالغا بىخىللىق قىلىشتىن چەكلىنىڭلار،سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر پەزىلەت ھەم مالغا بىخىللىق قىلغىنى سەۋەپلىك ھالەك بولغان.»

بىر كىشى ئىلىمگە بىخىللىق قىلسا ھەم بىخىللىق قىلغان بولىدۇ،لىكىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، كەرەمنى باھانە قىلىپ دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كىتىش ھەم دورۇس ئەمەس. رەسۇللاھ :«ئابدۇ دىرھەم،يەنى پۇلغا قۇل بولۇپ قالغانلار ھالاك بولدى،ئابدۇ خەمىسە،يەنى لىباسقا قۇل بولۇپ كەتكەنلەر ھالاك بولدى»دىدىلەر.

شۇنداق ئادەملەر باركى قايسى لىباس كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنسە ئۇنى كيىمەستىن چىديالمايدۇ، الله نىئمەت بىرىپتۇ،ئۇنى

كۆرسىتىپ يۇرۇپتۇ دېيىش بۇ باشقا ئىش.

شەرئى پاكىزلىق ھاسىل بولماي تۇرۇپ،ئىنسانغا تازلىق ھاسىل بولمايدۇ بۇرادەرلەر،ئۇنداقتا شەرئى پاكىزلىق نىمە؟

شەرئى پاكىزلىق غۇسۇل ۋە تاھارەت،شەرئەت بۇيرىغان پىترەت.

بۇ پاكىزلىقلار ھاسىل بولماي تۇرۇپ ئىنسان ھەر قانچە پاكىزلىقنى دەۋا قىلسا ئۇ ئادەم پاكىزە ھىساپلانمايدۇ، رەسۇللاھ بۇيرىغان خەتنە قىلىش،قولتۇق تۈكىنى تازلاش دىگەندەك بەش پىترەتنى ئادا قىلماي تۇرۇپ كىشىنىڭ پاكىزلىقنى دەۋا قىلىشىغا ئورۇن يوق.

يەنە بىر شەرئى پاكىزلىق باركى بۇ مەجبۇرى ئەمەس، يەنى دائىم تاھارەت بىلەن يۇرۇش.

رەسۇللاھ:«ھەقىقى مۆئمىن كىشلەرغىنا دائىم تاھارەت بىلەن يۇرىدۇ»دىگەن.

الله تەئالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ۋە پاكىزە كىشلەرنى ياخشى كۆرىدۇ دىگەن دەرسىمىزنىڭ مەزمۇنى مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

بىز **الله** ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەردىن ئۈچنى ئۆگەنگەن بولدۇق،بىرىنچىسى ئىھسان،ئىككىنچىسى تەۋبە قىلغۇچى بولۇش،ئۈچۈنچىسى پاكىزلىق.

**الله** ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەردىن يەنە بىرسى رەسۇلۇللاھقا ئەگىششتۇر.

**الله** قۇرئاندا:« قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ»

يەنى،« (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر **الله** نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، **الله** سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. **الله** ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» [31].»(سۈرە نىسا)دەيدۇ.

بىز **الله** نى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى ھەرقانچە دەۋا قىلساقمۇ، **الله** بىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ،ئەمما **الله** نى ياخشى

كۆرىمەن دىگەن سۆز خىيالىمىزغا كەلمىسىمۇ، تىلىمىز بىلەن الله نى ياخشى كۆرىمەن دىگەن سۆزنى ئېيتمىساقمۇ،رەسۇللاھ سەللاھى ئەلەيھى ۋەسسەلەمگە ئەگەشسەك، الله بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىينكى دەرسىمىزدە رەسۇللاھقا ئەگىشىش ئۇستىدە توختىلىمىز، رەسۇللاھقا ئەگىشىش الله نىڭ مۇھابىتىگە ئىرىششكە سەۋەپ بۇلىدۇ،ھەممىمىزدە سۇس بۇلۇۋاتقان سۇيەت مۇشۇدۇر بۇرادەرلەر.

رەسۇللاھ سەللاھى ئەلەيھى ۋەسسەلەمگە ئەگىششكە ھەركەت قىلىش ھەرخىل ناتوغرا پەلسەپىلەر بىلەن ئىسلام ئۇممىتىدىن كۆتۈرلىپ كەتتى،بۇ سۇيەت ئەرلەرگىلا خاس ئەمەس،ئۇ ئەر- ئاياللار مۇسۇلمانلارغا ئورتاق،بۆگۈنكى مۇسۇلمان ئايالىلار ناماز ئوقۇپ،روزا تۇتسىمۇ رەسۇللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنغان ئانىلارغا ئەگىشمەستىن، باشقا دىنسىز ئايالارغا ئەرگىشىپ كىتىپ قالدى،ھاياتىنكى بەزى نەرسىلەرنىڭ بۇزۇلىشىدا ناماز ئوقۇپ يۈرگەن ئايالار، ھەتتا دىنسىز ئايالاردىن ئېشىپ كەتكەن.

بەزى سۈپەتلەردە مۇسۇلمانلىرىمىز ھەم ئۆزىنى مۇسۇلمانمەن دەپ تۇرۇپ، مۇسۇلمان ئەمەس دىنسىزلاردىن ئېشىپ كەتكەن،ئىسلام ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ سائەتتە مۇشۇنداق بولۇش ناھايىتى بىر ئېچىنارلىق ئىشتۇر.

ئەبۇ سۇفيان بەدىر غازىتىدە سان جەھەتتە مۇشرىكلاردىن نەچچە ھەسسە ئاز ھەم ئاجىز بولغان مۇسۇلمانلارغا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلاردىن قىساس ئالمىغۇچە ياخشى تائام يېمەسلىك ھەم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە بولماسلىققا قەسەم ئىچتى، ئۇھۇد غازىتىدا قىساس ئالغاندىن كېيىن ئاندىن قەسىمىنى بۇزدى، مۇسۇلمانلار زەئىپ بولۇپ، ئىسلامنى ھېچقىلىپ چۈشەنمەي تۇرغان مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى خۇسۇسىتىكى خاتالىقلىرىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى بولىشى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىشتۇر.

رەسۇللاھا ئەگىششنى مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماستىن يەتكۈزۈش ھەممىمىزنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

رەسۇللاھقا ھەممە جەھەتتە ئەرگىشەلمىسەكمۇ،لىكىن شۇنىڭ

ئۇچۇن ھەركەت قىلىش بىزنى **الله** نىڭ ياخشى كۆرىشىگە ئېرىشتۈرىدىغان سۈپەتلەردىندۇر. **الله** سۇبھانى ۋە تەئالا ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرسۇن،بىزنى تەۋبە قىلغۇچى، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرگۈچى كىشىلەردىن قىلسۇن، **الله** سۇبھانى ۋە تەئالا بىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەرگە يېقىن قىلسۇن،يامان كۆرىدىغان سۈپەتلەردىن يىراق قىلسۇن، ئەجدادلىرىمىزغا **الله** رەھمەت قىلسۇن، ئەۋلادلىرىمىزنى سالىھلاردىن قىلسۇن.

## 11ـ رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىش ھەققىدە

ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە ﷲ ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەر ۋە

شۇ خىل سۈپەتتىكى كىشىلەر ئۈستىدە توختالدۇق ھەم **الله** ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەردىن ئىنسان سۈپىتى ھەققىدە ئۆگەندۇ.

بۈگۈنكى دەرسىمىزدە **الله** ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەردىن يەنە رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگىشىش ئۈستىدە توختىلىمىز.

الله سۇبھانە ۋە تەئالا رەسۇلىغا ئەگەشكەن كىشىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى نازىل قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

سادىق (ھەقىقى) يەنى، رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نى ياخشى كۆرگەنلەر بىلەن كازىب بولغان (رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ)نى تىلىدا ياخشى كۆرىمەن دەپ ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن) كىشىلەر ئۈچۈن، ياخشىراق قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا ھەر كىشىگە بۇ دەۋاسىدا ئۆزىنىڭ ھەق ياكى ناھەق ئىكەنلىكىنى باشقا ئادەمدىن سوراپ ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ قولىغا بۇ تارازىنى بېرىپ قويىدى.

بۇ تارازا بىلەن ئۆزىنى ئۆلچەش ۋە رەسۇلنى ياخشى كۆرۈش ئېغىز بىلەنلا ئېيتىپ قۇتۇلۇپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەنلىكىنى، رەسۇلنى ياخشى كۆرۈشنىڭ جىددى (مۇھىم) ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە الله تەرىپىدىن ئەڭ كاتتا ۋەدە بولغان الله نىڭ مۇھەببىتى، مەغپىرتى ۋە رەھمىتىنى ۋەدە قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

بۇ تارازا سۈرە ئال ئىمراندىكى:

«قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ»

يەنى،« (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر **الله** نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، **الله** سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. **الله** ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [31].»دىگەن مۇشۇ ئايىتى كەلىمدۇر.

مانا بۇ بۇرادەرلەر،ھەممىمىزنىڭ قۇلىمىزدىكى ئادىل، ئېنىق، رۇشەن تارازىدۇر.

ھەر كىشى بۇ تارازىدا ھەر كۈندىكى ھاياتىنى بىر قېتىم قويۇپ ئۆلچىسۇن، ئۆزىنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە قويسۇن، الله نىڭ مۇھەببىتىنى دەۋا قىلغان بولسا ئىككىنچى پەللىسىدىن الله نىڭ ياخشى كۆرۈشلىگى ۋە مەغپىرىتىنى كۆرۈۋالسۇن.

ئەگەر ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگەشكەنلىكىنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىدىن تاپالمىسا، ئىككىنچى پەللىسىدىن الله نىڭ مۇھەببىتى، مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلمىسۇن، بۇرادەرلەر!

شۇنىڭ ئۈچۈن الله نىڭ مۇھەببىتىنىڭ بىر جىددى مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز مۇلاھىزە قىلىپ قويىشىمىز كېرەك. بۇ سىلەر ئۈچۈن ۋە ياكى باشقا ئادەملەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بۇ ئەۋۋەل ئۆزىمىز ئاندىن ئۆزگىلەر ئۈچۈندۇر.

الله سۇبھانە ۋە تەئالا مانا بۇ ئايەتنى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن كاتتا بىشارەت ھەمدە ئىنتايىن ئېغىر بىر مەسئۇلىيەت قىلدى.

« لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا»

يەنى ،« سىلەرگە ـ الله نى ، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر [21].»(سۈرە ئەھزاب)

كىمگە؟ الله ۋە رەسۇلىنى ئۈمىد قىلغان، الله نى كۆپ ياد قىلغان كىشىلەرگە.

دېمەك الله نىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش يولى بۇ «ئىتتىبائ»رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگىشىشتۇر. لېكىن ئەگىشىش الله نى ئۈمىد قىلماي تۇرۇپ بولمايدۇ .

«رەجا» ئۈمىدنى بۇ يەردە بىر ئىزاھلاپ ئۆتىمىز،بىزدىكى تۈرلۈك غەرەزلەر قاتارىدا ئۈمىد غەرىزى بار. غەرەزلەر قاتارىدا يەنە يېمەك ، ئىچمەك غەرىزى، جىنسى غەرەز، قورقۇش ۋە ئۈمىد غەرىزەسى بار.

مانا بۇ غەرەزلەر ئىسلام كۆرسەتمىسى ئاساسىدا قاندۇرۇلسا (يەنى هالال توغرا يول بىلەن) ئىنساندىكى غەرەزلەر راهەتلىنىدۇ. ئەگەر ئىسلام كۆرسەتمىسى ئاساسىدا قاندۇرۇلمىسا بۇ غەرەزلەرنىڭ بىقارارلىقى كۈچىيىدۇ، ئاۋۋالقى ۋاقىتتا زاهىرىدە قانغانغا ئوخشايدۇ، لېكىن بىقارارلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كىلىپ چىققان زەرەردىن تاشقىرى.

مىسال قىلىپ ئالغىنىمىزدا، يېمەك غەرىزىنى ئەگەر يەيدىغان تائام بىلەن قاندۇرمىساق باشقا نەرسە بىلەن قانمايدۇ، ئەتتىگەندىن-كەچكىچە ئۇنى قاندۇرۇش ئۈچۈن هەرخىل كۈيلەرنى چېلىپ بەرسە ياكى هەرخىل قىزىقارلىق سۆزلەرنى ئېيتىپ بەرسە، هەتتاكى تىنىمسىز ئايەت هەدىسلەرنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاتسا هەم بەرىبىر ئۇ غەرىزە يېيىش ئۈچۈن تەلپۈنۈپ تۇرىۋېرىدۇ، بىر نەرسە يېمىگۈچە باشقا نەرسە بىلەن قانمايدۇ، بۇ يا هالال يول بىلەن ئىسلام كۆرسەتمىسى ئاساسىدا قاندۇرىلىدۇ ۋە ياكى هارام يول بىلەن قاندۇرۇلىدۇ.

ئىنسان مانا شۇ غەرىزەنى هارام يول بىلەن قاندۇرۇپ جاۋاپكار

بۇلۇپ قالىدۇ. باشقا غەرىزەلەر ھەم شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. الله سۇبھانە ۋە تەئالا بىزگە ئۇمىد قىلىش غەرىزەسىنى بەردى ۋە بۇ غەرىزەنى ئۆزىدىنلا ئۇمىد قىلىش بىلەن قاندۇردى.

ئەگەر بىز الله تىن ئۇمىد قىلمايدىغان بولساق، قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئۇمىد قىلىمىزكى بىزگە ھېچ بىر پايدا ھەم بەرمەيدىغان نەرسىدىن ئۇمىد قىلىشقا باشلايمىز.

مانا ھازىر مۇتلەق دىنغا ئۇنىمىغان،دىننى ئاشكارا ئىنكار قىلغان،الله نىڭ ھۇجۇدىنى ئىنكار قىلغانلار بىر نەرسىدىن ئۇمىد قىلماي ياشاۋاتامدۇ؟

ياق! ئۇلار ھەم ئۇمىد قىلىپ ياشاۋاتىدۇ، ئەمما ئۇلار پايدا ـ زەرەر بىرەلمەيدىغان نەرسىلەردىن ئۇمىد قىلىپ ياشىشۋاتىدۇ.

ئۇلار قورقماي ياشاۋاتامدۇ؟ ياق! ئۇلار ھەتتا كۆلەڭگىلىرىدىن ھەم قورقۇپ ياشاۋاتىدۇ. ئۇلارغا ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەردىن قورقۇپ ياشاۋاتىدۇ، ئەمما مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ قورقۇش غەرىزەسىنى الله تىن قورقۇپ قاندۇرۇپ ياشايدۇ.

بۇ قورقۇش ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئىجابى پايدىلىق ھاياتقا ئايلاندۇرىدۇ، باشقا غەرىزەلەر ھەم بۇرادەرلەر شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەلھەمدۇلىللاھ، ئەنە بىز بۇ ئۇمىد غەرىزەمىزنى الله تىن ئۇمىد قىلىپ قاندۇرىمىز. ئەگىشىش غەرىزەسى بار، بۇ غەرىزەنى الله سۇبھانە ۋە تەئالا رەسۇلىگە ئەگىشىش بىلەن قاندۇردى.

بۇ ئەگىشىشىمىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىزگە مەنپەئەت بېرىدۇ. الله ۋە رەسۇلىنى ئىنكار قىلغانلار بىراۋگە ئەگەشمەستىن ياشاۋاتامدۇ؟

ئۇلار تۈرلۈك نەرسىلەرگە ئەگىشىپ ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەخسلەردىن ئۆزگەرتىپ ئالغان ئادەملەرگە ئەگىشىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەگىشىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتكە سازاۋەر بولۇپ قالدى. مۆئمىنلەرنىڭ بەخت-سائادىتى شۇ يەردىكى الله سۇبھانە ۋە تەئالا ئۇلاردا ياراتقان غەرىزەنى قاندۇرۇش يولىنى ھەم ئۆزى كۆرسىتىپ قويدى.

بۇ بىزدىكى «ئىتتىبائ» ئەگىشىش غەرىزەسى. پۈرسەتتىن

پايدىلىنىپ شۇنى ھەم ئېيتىپ قويىمەنكى، **الله** قەلبىمىزدە يامان كۆرۈش يەنى، ئاداۋەت غەرىزەسىنى ھەم يارىتىپ قويدى، ئەگەر بىر نەرسىنى يامان كۆرمىسەك بۇ غەرىزەمىز قانمايدۇ، قانداقتۇر بىر نەرسىنى يامان كۆرىشىمىز كېرەك، الله سۇبھانە ۋە تەئالا ئۇنىڭغا شەيتاننى يامان كۆرۈشنى بۇيرىدى، مانا بۇ غەرىزەنى شۇنىڭ بىلەن قاندۇرىمىز، الله نىڭ دۈشمەنلىرىنى يامان كۆرۈش بىلەن قاندۇرىمىز، ئەگەر بۇ غەرىزەمىزنى الله نىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا قاندۇرمىساق، بىز ئۇنداقتا الله نىڭ دوستىنى يامان كۆرۈپ قويىمىز. الله بىزگە مۇھەببەت غەرىزەسىنى بەردى، بۇ مۇھەببەت غەرىزەسى بىلەن الله قا مۇھەببەت قىلىمىز، رەسۇلىغا مۇھەببەت قىلىمىز، رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نىڭ ئەھلى بەيتىگە مۇھەببەت قىلىمىز، ساھابىلەرگە مۇھەببەت قىلىمىز، تابىئىنلەرگە مۇھەببەت قىلىمىز، ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە مۇھەببەت قىلىمىز، خۇلاسە الله نىڭ دوستلىرىغا مۇھەببەت قىلىمىز. ئەگەر بۇ غەرىزەمىزنى الله نىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا قاندۇرمىساق، الله

نىڭ دۈشمىنىنى مۇھەببەت قىلىپ ياشايمىز.

مانا هازىرقى ۋاقىتتا كۆپ كىشىلەر بۇ غەرىزەلەرنى توغرا قاندۇرمىغانلىقى ئۈچۈن باشقا بىر يول بىلەن قاندۇرىۋاتىدۇ.

تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشىنىش ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، جىنسى غەرىزەنى شەرئى نىكاھ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا قاندۇرۇشنى الله كۆرسەتمە بەردى، بۇ غەرىزەنى شۇ ئاساستا قاندۇرمىغانلار ئۇ غەرىزەسىنى قاندۇرماستىن ياشاۋاتامدۇ؟

هارام يول بىلەن يەنى، ئۇلار باشقا بىر رەسمىيەتچىلىك يوللىرىغا ئۆتۈپ بەربىر قاندۇرۇشۇپ ياشاۋاتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ كەڭلىكى شۇكى،الله سۇبهانە ۋە تەئالا ياراتقان بۇ غەرىزەلەرنى هېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۇنى ئالدىيالمايدۇ، بۇنى يا هالال يول ئىسلام كۆرسەتمىسى ئاساسىدا قاندۇرىدۇ، ياكى ئادەملەر تەرىپىدىن بولغان هارام يول بىلەن قاندۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەسلىدە هەر بىر نەرسىنى الله سۇبهانە ۋە تەئالا دىن ئۈمىد قىلىشىمىز كېرەك. رىزىقنى الله تىن ئۈمىد

قىلىمىز، ياخشىلىقنى الله تىن ئۈمىد قىلىمىز، پەرزەنتنى الله تىن ئۈمىد قىلىمىز، ئوغۇلنى الله تىن ئۈمىد قىلىمىز، قىزنى الله تىن ئۈمىد قىلىمىز، ھەر بىر نەرسىنى الله تىن ئۈمىد قىلىمىز. مۇسۇلمانلار تاشتىن ئۈمىد قىلمايدۇ، دەرەختىن ئۈمىد قىلمايدۇ. مۇسۇلمانلار ھەر بىر ساھەدە ئۆزىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۈمىد قىلىش غەرىزەسىنى الله تىن ئۈمىد قىلىش بىلەن قاندۇرىدۇ. بايلىقنى الله تىن ئۈمىد قىلىمىز، قانائەتنى الله تىن ئۈمىد قىلىمىز.

خۇلاسە ھەممە ئىسلامى ئەخلاقلارنى الله تىن ئۈمىد قىلىمىز. رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگەشمەكچى بولغان كىشىلەرگە، قىيامەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ئادەمگە بۇ نەرسە شەرتتۇر. يەنى بىز قىيامەت كۈننى ئۈمىد قىلىمىز، الله سۇبھانە ۋە تەئالا نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىمىز، قىيامەت كۈنىدىكى ئازاپلاردىن الله نىڭ ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ ئۈمىدىمىز قىيامەت كۈننى ئۈمىد قىلىشتۇر.

مانا بۇ جايدا بىر نوقتىنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، جۇدە

كۆپىمىز الله تىن ئۈمىدىم كاتتا دەيمىز، ۋە قىيامەت كۈنىدە ئۈمىدىم كاتتا دەيمىز، ئىسلام مانا بۇ ئايەتتە

« وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا »

يەنى،«الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەر»دەپ شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىدۇ، بىز قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئۈمىد قىلىش بىلەن قۇتۇلۇپ قالمايمىز، الله سۇبھانە ۋە تەئالا نى كۆپ يادىغا ئالغان كىشىلەرگە دېدى، ھەر بىر ھەرىكىتىمىزدە مۇئامىلىمىزدە الله نى يادقا ئالىمىز، بىراۋ بىلەن گەپلىشىۋاتقىنىمىزدا (يەنى توغرا گەپ قىلىشىم كېرەك دەپ ) الله نى يادىمىزغا ئالىمىز، كېزىۋېتىن توسقان دەپ الله نى يادىمىزغا ئالىمىز، سودا-سېتىق مۇئامىلىلەردە ھارام بەيدىن توسقان دەپ الله نى يادىمىزغا ئالىمىز، ھالال سودا-سېتىققا بۇيرىغان دەپ الله نى يادىمىزغا ئالىمىز، رىبا دىن توسقان دەپ الله نى يادىمىزغا ئالىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيە قىلىشتا الله نى يادىمىزغا ئالىمىز،

ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتا الله نى يادىمىزغا ئالىمىز، ھەر بىر ئىشىمىزدا الله نى يادىمىزغا ئالىمىز.

دېمەك الله نى كۆپ يادىغا ئالغان كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگىشىش زۆرۈردۇر. الله نى ئۈمىد قىلغان، قىيامەت كۈننىنى ئۈمىد قىلغان، ۋە ئەمەلى سۈرەتتە اللەنى كۆپ يادقا ئالغان كىشىلەر ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگىشىش زۆرۈردۇر.

شۇڭا، بىز رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگىشىشنى دەۋا قىلىشتىن ئىلگىرى مانا بۇ ئۈچ سۈپەتنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەم قىلىشىمىز كېرەك. ئەنە ئۇندىن كېيىن بىز رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگىشىشنى ئۆزىمىزگە لازىم كۆرېشىمىز كېرەك. ....

بىرىنچى ئۇ كىشىنىڭ شەخسى ھاياتلىرىنى ئۈگىنىمىز.

ئۇ كىشىگە ئەگىشىشىمىز ۋە شۇ ئۈگەنگەن نەرسىنى ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىغا تەتبىق قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ شەخسى ھاياتىدا نېمىلەر قىلغان؟ ئۇ كىشىنىڭ

ئەمەللىرى نېمىدىن ئىبارەت بولغان؟ ئۇ كىشىنىڭ ھاياتتىكى ئەھۋاللىرى قانداق بولغان؟

ئۇ كىشى الله تەرىپىدىن مەمۇر بولغان ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىدە مەمۇر بولغان نەرسىلەر بار. مانا بۇ نەرسىلەردە بەزى ئەھۋاللىرى باركى خالىساق ئەگىشىمىز، خالىمىساق ئەگەشمەيمىز، لېكىن ئەگەشسەك ئەلۋەتتە ياخشىلىق بار.

مەسىلەن رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) بەزى تائاملارنى ياخشى كۆرگەن، بۇنىڭدا خالىساق بىز ھەم ياخشى كۆرۈپ يەيمىز، خالىمىساق باشقا تائام يەيمىز، لېكىن ئۇ كىشى ياخشى كۆرگەن دەپ يېسەك بىزگە ئەجىر بۇلىدۇ، بۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىدۇر. بەزى نەرسىلەرگە بۇيرىغان، بۇيرىغان نەرسىلىرىگە ئەگىشىشىمىز كېرەك.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلدىلەر: «رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) ئېيتتىلەركى، بىزنىڭ بۇ شەرىئەت يەنى ئىسلام يولىمىزدا يوق بولغان نەرسىنى ئېلىپ پەيدا قىلغان بولسا بۇ مەردۇد دىدىلەر» يەنى، بىدئەتلەر مەردۇد نەرسىلەر.

خۇسۇسەن ئىبادەتلەردىكى بىدئەتلەرنى بىر مەردۇد دەپ بىلىشىمىز كېرەك. ئىسلام كۆرسەتمىسىدە بىر مۇجتەھىدلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارغا ئارلاشمايمىز. مۇجتەھىدلەر ئايەت ھەدىسلەردىن بەزىبىر پىكىرلەرنى ئالغان بولسا، باشقىلار ئۇنىڭدىن باشقىچە پىكىر ئالغان بولسا بىز بۇ ساھەگە ئارلاشمايمىز.

بىر مۇجتەھىد بىر نەرسىنى ئەمەل قىلغان بولسا، ئىككىنجى مۇجتەھىد ئۇنىڭ ئەكسىنى ئەمەل قىلغان بولسا بىز بۇ نەرسىلەردىكى ئىختىلاپلارغا ئارلاشمايمىز.

رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نىڭ شەخسى ھاياتىدا كۆپ ئېتىبار بەرگەن نەرسىلەردىن بىرسى تەھەججۇد نامىزى.

رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) ۋە ئەسھابى كىراملار ئىسلامنىڭ بېشىدا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان ئىدى. پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) گە سۇبھى ۋاقتىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش پەرز بولغان، ئەسھابلار ئەگەشكەن،الله سۇبھانە ۋە تەئالا بۇنى كېيىن ئەسھابلاردىن كۆتۈرگەن.

رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇغان ئىدى، ھەتتا پۇتلىرى قاپىرىپ كەتكەن ۋاقىتتا، سىزنىڭ گۇناھىڭىز كەچۈرۈلدىغۇ دېگەندە، گۇناھىمنىڭ كەچۈرۈلگەنلىكىگە شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ دەپ تەھەججۇدنى داۋام ئەتكەن ئىدى. لېكىن بۇنى جامائەت بىلەن كېيىنكى رامىزان ئايلىرىدا خۇسۇسەن پەرىز بۇلۇپ قالمىسۇن دەپ ئوقۇشتىن قورقتى، پەرىز بۇلۇپ قالسا كېيىنكى ئۈممەتلەرگە (خۇسۇسەن بىزگە ئوخشىغان ) جۇدە قيىن بۇلۇپ قالاتتى.

پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) نىڭ شەخسي ئەھۋاللىرىدىكى ھالەتلىرىدە شۇ نەرسىلەرنى ھەم ئەسلەپ ئۆتىشىمىز كېرەككى، پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) نىڭ شەمائىللەرى،كۆرۈنىشلىرى قانداق بولغانلىقى ھەققىدە مۇسۇلمان كىشلەر ئۆزلىرى مۇلاھىزە قىلىشى كېرەك.

جانابى رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نىڭ كۆرۈنىشلىرى قانداق بولغان، بۇ كۆرۈنىشلەردىن قايسى ئەمەللەرگە بۇيرىغان، قايسى

ئەمەللەرنى ئۆز ھالىچە قويغان؟

مىسال قىلىپ ئېيتساق رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نىڭ چېچى بولغان،لېكىن چاچ قويۇشقا بۇيرىمىغان، رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نىڭ ساقىلى بولغان ساقال قويۇشقا بۇيرىغان، رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) تۇكلەرنى قىسقارتىشقا بۇيرىغان.

مانا بۇ نەرسە دەۋىرلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نىڭ شەكلىدىكى بۇ بۇيرىغان بۇيرۇقلىرىنى (بۇيرىمىغانلىرىنى ئەمەس) دەۋىرلەر ئۆتىشى بىلەن ئۆزگەرتمەي، ئۇ كىشىنىڭ ئەڭ كامىل ھالەتتە دەپ تەن ئېلىشىمىز كېرەك.

باشقا بىر پەلسەپىلەرنىڭ تەسىرىدە بۇ نەرسىلەرگە زىت يۈرۈش، بۇ ناھايىتى خەتەر مەنھەجدۇر. بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى ئوخشاتماسلىقى بۇ خاتا بۇلىدىغان بولسا، لېكىن ئوخشاتماسلىققا تەرغىپ قىلىشى بۇ خەتەردۇر.

مانا بۇ نەرسىدىن بىز ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئىمانىمىز شۇنداق بولىشى كېرەككى، پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ)

نىڭ ئەخلاقلىرى، هايا، خۇلقلىرى، كىيىنچەكلەردىن ھەم ھايالىق دەپ تەرىپلىنىدۇ.

هايا باشقىلارنىڭ پەلسەپىسىدە ئادەمنىڭ نوقسانىغا دالالەت قىلىدۇ دەيدۇ، خۇسۇسەن دىنسىز پەلسەپىدە. ھايا ئىسلامدا ئىماننىڭ ئاساسى ھىساپلىنىدۇ.

مۆئمىن كىشى بىراۋنىڭ يۈزىگە قاراپ سەن پالانچى خاتالىقنى قىلدىڭ دەپ ئېيتىشتىن هايا قىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) نىڭ ئادەت شەرىپلەرى بىرەر خاتانى بىر كىشىدە كۆرسە ئادەملەرگە نېمە بولدى؟ دەيىتتىكى، بىراۋنىڭ ئىسمىلىرنى ئاتاپ ئەيىپلىمەيتتى .....

دەۋىر تەرەققى تاپتى، ئەمدى ئادەملەر ھاياسىز بۇلۇش كېرەك، دېگەن نەرسە بۇ ناھايىتى خاتادۇر. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بىراۋ ئېيتمىسا كېرەك، چۈنكى هازىر ھاياسىزلىقنىڭ زىيىنىنى ھەربىر ئىنسان كۆرمەكتە.

شۇ يەردە بىز پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) گە ئەگىشىدىغان ئاساسى سۈپەتلەرنى بىلىشىمىز كېرەك. بۇ سۈپەتلەرنى كۆپىنچە

تەۋھىد ئۆلىمالىرى توتكە بۆلىشكەن.

بىرىنجىسى «سىددىق» ساداقەت، يەنى ساداقەتتىن مەقسەت شۇكى، پەيغەمبەرلەر ئەبەدى يالغان سۆزلەرنى ئېيتمىغان، پەيغەمبەرلەر يالغان سۆز سۆزلەشتىن پاك بولغان، چۈنكى رىسالەتنىڭ ئاساسى ئۆزى ساداقەت ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ھەتتا بەشەرىئەت ئىچىدىكى ئەڭ قاتتىق دۈشمەنلىرى ھەم پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) نىڭ بىرەر ساھەدە يالغان ئېيتقانلىقنى ئىزدەپ ھەم تېپىشالمىغان.

ھەتتا بىراۋلەر بۇ كىشى يالغان ئېيتامدۇ دەپ سورىغان ۋاقتىدا، بىر دەۋالايلى دېگۈدەك دەرىجىدە ھەم يالغان ئېيتقانلىقنى تېپىشالمىغان، پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) ۋە ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ يالغان ئېيتقانلىقنى ھېچقايسى تارىخ ياد قىلالمايدۇ .

«ئامانەتدار» ئامانەتنىڭ بىر نەچچە مەناسى بار، الله تەرىپىدىن بۇيرۇلغان نەرسىنى ھېچ ئۆزگەرتمەستىن ئۆتەش، مانا بۇ ئامانەت پەيغەمبەرلەردە بولغان، خۇلاسە جانابى

رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) ۋە ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر تاغلار ئاسمانلار كۆتۈرۈشتىن قورققان شۇ دەۋەت ئامانىتىنى دائىم كۆتۈرۈپ يۈرگەن.

بىز خىيانەت دىگەندە بىرەر كىشىنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلغانلىقىنى چۈشىنىمىز، توغرا بۇنى ھەم ئامانەت، خىيانەت دېسەك بولىدۇ، ئەمما بۇ ئامانەت ۋە خىيانەت مەناسىنىڭ ھەممىسى ئەمەس.

بۇ ساھەدە رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە باراۋەر مىسالنى ئوخشاتقىلى بولمايدۇ.

ھەتتا رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نى ئۆلتۈرىمەن دەپ يۈرگەن ئەشەددىي دۈشمەنلەر ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئامانىتىنى قېرىنداشلىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىدە تۇرۇشتىن كۆرە پەيغەمبىرىمىزدە تۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن.

رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) ھىجرەتكە (يەنى مەككىدىن مەدىنىگە بولغان سەپىرىگە) كېتىۋاتقاندا ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان، ئەبۇجەھىلگە ئوخشىغان ئادەملەرنىڭ ئامانىتىنى ئەلى

ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئورنىغا ياتقۇزۇپ، شۇ ئامانەتنى ئىگىلىرىگە ئۆتەپ قويۇشنى تاپشۇرۇپ قويغانىدى. تارىختا بۇنىڭ مىسلى بولمايدۇ، بۇرادەرلەر!

بۇندىن باشقا مىسال كەلتۈرۈشكە ھاجەت يوق. «فەتانەت» يەنى، زېرەكلىك پەيغەمبەرلەردىكى زېرەكلىكتەك زېرەكلىك بولغان ئەمەس.

الله سۇبھانە ۋە تەئالا پەيغەمبەرلىرىگە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابىنى ئەۋەتتى، بەزىلىرىگە سەھىپىنى، بەزىلىرىگە ۋەھىينىڭ ئۆزىنى چۈشۈردى، رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە مانا قۇرئانى كەرىمنى ۋەھيي قىلدى.

قۇرئاننى ۋە شۇ قۇرئانچە ئىلمنى قوشۇپ بەردى، شۇنچە ئىلمنى باشقۇرىدىغان زېرەك ئەقىلنى ئۇندىن ھەم كوپراق قىلىپ بەردى. چۈنكى ئەقىل ئىنساننىڭ ئىلمنى باشقۇرىدۇ. قايسى بىر كىشىدە ئىلمى كۆپ بۇلۇپ ئەقلى پەس بولسا، ئەقىل ئۇ ئادەمنى خالىغان كوچىغا باشلاپ يۈرىشى مۇمكىن.

ئەمما ئەقلى ئىلمگە ھاكىم بۇلۇپ تۇرىدىغان بولسا، ئەقىل

زېرەكلىكى بىلەن ئۇ ئىلمنى قەيەرگە ئىشلىتىشنى بىلىدۇ.

مەسىلەن: بىرەر دۈشمىنىڭىز، سىزگە كەمبەغەللىكنى ماختايدۇ، كەمبەغەللىكنىڭ قىيامەت كۈنى ھېساپ-كىتابى ئاسان بولىدۇ، دەپ سىزگە چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ گەپ ھەق، مال-دۇنياسى ئاز بولسا ھېساپ-كىتابى ئاز بولىدۇ. لېكىن دۈشمەن بايلىقنى سىزدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن سىزگە شۇ ئىلىمنى ئىشلىتىدۇ. ئەگەر سىز زېرەك بولمىسىڭىز، بۇ ئىلىمنى شۇنداق قوبۇل قىلىدىغان بولسىڭىز، دۈشمىنىڭىزگە ئالدىنىسىز. ئۇ ئۆزى باي بولۇپ سىزنى مۇستەملىكە قىلماقچى بولىدۇ.

زېرەك بولمىسا ئىلىم ئىنسانغا پايدا بەرمەيدۇ. بايلىق ھەم يامان ئەمەس، باي ئادەمدە تەقۋا بولسا بايلىق بىلەن ھەممە ياخشىلىقلارنى قىلالىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ نەرسىنى دۈشمەن سىزگە پەردىلەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشىغان بىراۋ سىزنى ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش ئۈچۈن كالتەكلىگەندىن كېيىن، سىز ئۆزىڭىزنى ئوڭشىۋېلىپ ئۇنى ئەدەپلەش ئۈچۈن جۈرئەت قىلىپ

تۇرغىنىڭىزدا سىزگە ھەلىمىلىكتىن سۆزلەپ، بۇرادەر بۇ كەچۇرۇمنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلىسەنغۇ، بىراۋنى ئەپۇ قىلغانلىقنىڭ ساۋابى كۆپقۇ، ھەلىمىلىكنىڭ ساۋابى كۆپقۇ دىسە، بۇ نەرسە توغرا ئىلىم ھەقىقەتتۇر. لېكىن سىز زېرەك بولمىسىڭىز، سىز كەچۇرگەندىن كېيىن ئۇ كۈچ توپلاپ سىزنى ئۆلتۈرىشى مۇمكىن.

زېرەك بولمىغان كىشى ئازغىنا بىر جەمئەتنى ۋە ئائىلىنى باشقۇرالمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ يەلكىسىدە تامامى بەشەرىئەتنىڭ يۈكى بولغان، قىيامەتكىچە بولغان بەشەرىئەتنىڭ يۈكى پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) نىڭ يەلكىسىدە بولغان، بۇ زاتتىكى زېرەكلىككە شەك ـ شۈبھە يوق. پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) نىڭ تارىخىنى ئوقىغان كىشلەر بۇ كىشىدىكى زېرەكلىكنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى يۇقىرى بولغانلىقىنى بىلىدۇ

.

«تەبلىغ» دەۋەتنى يەتكۈزۈش.

رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نىڭ بۇ سۇپىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بولغان. دەۋەتنى يەتكۈزۈشتە 23 يىل مۇددەتتە بەشەرىئەت ئىچىدە،قىيامەتكىچە ئۇنداق دۈشمەنلىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ياشىدىلەر.

ھېچكىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئۆمۈر بويى قىلغان خىزمىتى ۋە ياخشىلىقلىرى ئۇ ئادەمنى دىنغا چاقىرىشتىن بىرەر قېتىممۇ توسۇيالمىدى، ياكى ئۆمۈر بويى رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نى ئۆلتۈرىمەن دەپ يۈرگەن ئادەمنى دىنغا دەۋەت قىلىشتىن بىر قورقۇتۇش توسۇيالمىدى. بىر ئادەمنى قورقماستىن دىنغا دەۋەت قىلىش مۇمكىن، قاتتىق قول ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ھەم ئىنسانىنىڭ ئىچىدىكى بېكىنىپ ياتقان شىجائىتى قوزغىلىپ ئادەملەرنى ھەققە دەۋەت قىلىشى مۇمكىن. ئەمما سىزگە ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلىپ ياخشىلىق قىلغان ئادەم خاتا قىلغان ۋاقىتتا خاتاسىنى ئېيتىش قېيىن، بۇرادەرلەر!

ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نى ئوغۇللىرىدىن بەك ياخشى كۆرۈپ كەلگەن، رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نىكاھ قىلغان

ۋاقىتتا نىكاھىنى ئەبۇ تالىب ئوقىغان، ئۆمۈرىدە بارلىق ياخشىلىقلارنى رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە قىلغان، رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نى يەر يۈزىدە ھىمايە قىلىدىغان بىرەر ئادەم قالمىغاندا، ئەبۇ تالىب ھىمايە قىلغان.

ئەمما ئەبۇ تالىبنى ھەققە چاقىرىشتىن بۇ ياخشىلىقلىرى توسۇيالمىغان، بۇرادەرلەر!

رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) ئەبۇ تالىبنى دەۋەت قىلغان، ئەبۇ تالىب ئىمان كەلتۈرمەستىن ئۆتۈپ كەتكەن. تەبلىغ ساھەسىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن، ھەتتا الله سۇبھانە ۋە تەئالا قاتتىق ئايەت نازىل قىلغان،

«يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ وَاللّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ إِنَّ اللّهَ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ»

يەنى،« ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارغا ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق

يەتكۈزمىسەڭ، ﷲ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ﷲ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ﷲ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [67].»(سۈرە مائىدە67 ـ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) نىڭ قوغدىغۇچىسى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئىدى، شۇ ئايەت چۈشۈشى بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەگە مېنى ھېچ كىشى قوغدىمىسۇن، الله مېنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى دېدىلەر.

ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلەر ئارىسىدا، كىم مۇھەممەدنى ئۆلتۈرسە 100 تۆگە مۇكاپات دەپ شۇئار توۋلانغان، ھەممە ئادەم مۇھەممەد (س،ئە،ۋ) نىڭ قاللىسىنى ئېلىش ھېرىسلىكىدە بولغان جەمئىيەتنىڭ ئىچىدە الله ئۇ كىشىنى23 يىل ساقلىدى.

يۇقارقى ھالەتلەردە مۇھەممەد (س،ئە،ۋ)ھەم بىرەر قېتىم تەبلىغ قىلىشنى توختاتقىنى يوق، بىز مانا بۇ توت سۈپەتتە ئەگىشىشنى بىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى «ساداقەت» مۇئامىلىلەردە ھەممىسىدە بىز سىدىقنى ئۆزىمىزگە لازىم كۆرىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى «ئامانەت» اللە تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ئامانەتنى ئۆزىمىزگە تولۇق تەتبىق قىلىشتا رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگىششىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى«فەتانەت» زېرەك بولىشىمىز كېرەك، ئۆيىمىزدىكى پەرزەنتلەرنى تەربىيە قىلىشتا، بۇرادەرلەر بىلەن گەپلەشكەندە، دۈشمەنلەرنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا، زېرەك بولۇشتا رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگىششىمىز كېرەك.

تۆتىنچى «تەبلىغ» يەتكۈزۈشتە اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئېلان قىلىپ ئېيتىشتا، رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ئەگىششىمىز كېرەك.

تەۋھىد ئۆلىمالىرى رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) دىكى ئاساسى سۈپەتلەرنى توت دېيىشىدىلەر.

بەزىبىرىمىز باركى ناھايىتى سادىقمىز، لېكىن ئامانەتدار ئەمەسمىز.

بەزىبىر كىشىلەرنىڭ ئامانەتدارلىقىغا ھەۋەس قىلىمىز، لېكىن

ئۇلاردا ھېچقانداق زىيەكلىك يوق، دۈشمەنلەر ھەم خالىغان كۈچىسىغا يېتىلەپ كېتىۋېرىدۇ.

بەزىبىر كىشىلەر ناھايىتى زېرەك، ئۇلاردىكى ئەقىلگە ھەۋەس قىلىمىز، خۇسۇسەن دۇنيا تېپىشقا ناھايىتى ئەقىللىق، ئەمما الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۆزىنىڭ پەرزەنتىگە ھەم يەتكۈزمەيدۇ، تەبلىغ سۈپىتى مۇتلەق يوق. الله نىڭ ھۆكمىنى ھېچبىر كىشىگە ئېيتمايدۇ، بۇ ساھەدە سىنىڭ مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مېنىڭ ھەم سەن بىلەن دەپ قويۇپ قويىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئامانەتدارلىقىنى كۆرۈپ ھەۋەسكار كىلىدۇ. بەزى ئادەملەر الله نىڭ يولىدا دەۋەت قىلىپ يەتكۈزىدۇ، بىراۋلەرنى تەربىيە قىلىپ ئۇقتايلى، ۋەھاكازا دەپ تەرغىب قىلىدىيۇ، ھېچبىر ئامانەتدارلىق سۈپىتى يوق، قايسى خىيانەتنى ئىزدىسىڭىز شۇ ئادەمدىن تېپىلىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن يا سادىقلىق يوق، ھەممە ئىشىمىز ھىلە-مىكىر بىلەن تولۇپ كەتكەن، بىزنى ھەم شۇ مۇھىت كۆپ ھىلە-مىكىرلەرگە مەجبۇر قىلغان.

الله سۇبھانە ۋە تەئالا نىڭ رەسۇلىغا ئەگەشمەكچى بولساق، مانا شۇ توت سۈپەت ھەممىمىزنىڭ يادىمىزدا بولسۇن، بۇرادەرلەر! شۇ توت سۈپەتنى ئۆزىمىزدە جارى قىلدۇرساق، بىزدىكى باشقا رەزىل ئەخلاقلار يوقىلىدۇ .

تەبلىغ دىگەندە،بىر ئازغىنا توختىلىپ ئۆتىشىمىز كېرەك.

الله نىڭ ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزۈشتە بەزىلىرىمىز بار، ئىلھامىمىز كىلىپ تۇرغاندا، ساغلام تۇرغاندا، كەسىپلىرىمىز يۈرۈشكەندە باللارنى ئوقۇتۇپ، بىراۋلارغا تەلىم بىرىپ ھەقنى چۈشەندۈرىمىز.

ئەمما مېلىمىزغا بىر زىيان يىتىپ قالسا، ياكى كېسەل بۇلۇپ قالساق، ياكى گېپىمىز تەسىر قىلماي ئۇندىن ئازار كۆرسەك، ئۇ ۋاقىتتا بىزنى بۇ مەيداندىن ئىزدەپ ھەم تاپقىلى بولمايدىغان ئادەم بولۇپ قالىمىز. پەيغەمبەرلەر ھەممىسى الله سۇبھانە ۋە تەئالا نىڭ يولىدا بېشىغا يەتكەن مۇسىبەتلەرگە سۇسلۇشۇپ، زەئىپلىشىپ ۋە روھسىزلىنىپ قالمىدى.

الله سۇبھانە ۋە تەئالا سابىرلارنى(يەنى دەۋەت يولىدا سەۋىر

قىلغۇچىلارنى)ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى .

ئىسلام ئۈممىتىدىكى ھەربىر كىشى پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) نىڭ نۇسخىسى، شەكلى بولۇشقا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

 باياندا، الله نىڭ يولىدىكى جىھادتا، ھېكمەتلىك بولۇشتا، تەجرىبىلىك بولۇشتا، ئىبادەتتە، دۇنيانى دوست تۇتماسلىقتا، جۈرئەتتە، ساباتتا، كەرەملىك بولۇشتا، خۇسۇسەن بىراۋلەرگە مەرھەمەتلىك بولۇشتا، مۇلايىم بولۇشتا، ھۇشيار بولۇشتا، ئىلىمدە، ئەمەلدە، ۋە ھەتتا ئۆزىنىڭ ھالىتىدە، پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) بۇيرىغان بۇيرۇقلارنىڭ ھالىتىدە، شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) نىڭ شەمائىللەرى قانداق بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزىنى شۇنىڭغا سېلىشقا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

 شۇندىلا الله سۇبھانە ۋە تەئالا بۇ كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە (ئەگەركى بىر كىچىككىنە ھەرىكىتى بولسا ھەم) نىجاد بېرىدۇ، نۇسرەت بېرىدۇ، ئەگەر شۇ يولدا ۋاپات بولۇپ كەتسە، كاتتا ئەجىر بىلەن ئۆتىدۇ .

الله ياخشى كۆرگەن سۈپەتلەردىن بەشىنچىسى، مانا ھەدىسى قۇددۇسىدا بايان قىلىنغان.

«الله تەئالا دەيدۇكى مېنىڭ مۇھەببىتىم،مېنىڭ يولۇمدا مۇھەببەتلەشكەنلەرگە، مېنىڭ يولۇمدا زىيارەتلەشكەنلەرگە ۋە مېنىڭ يولۇمدا بىر-بىرىگە مەرھەممەت قىلىشالىغانلارغا لازىمدۇر.»

ھەتتا مېنىڭ يولۇمدا دەپ يول كەلىمىسى ھەم يوق، بۇرادەرلەر! مەن ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلەرگە دەيدۇ الله تەئالا، بىر-بىرلىرىنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلەر، الله ئۈچۈن باردى-كەلدى قىلغانلار، الله ئۈچۈن بىر-بىرلىرىگە مۇرۇۋۋەت قىلغانلارغا مېنىڭ مۇھەببىتىم ۋاجىپ دېگەنلەر.

پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ) دىن بۇ ھەدىسى مۇبارەك رىۋايەت قىلىنغانكى،

«الله نىڭ شۇنداق بەندىلىرى بار، ئۇلار پەيغەمبەر ئەمەس،

شەھىد ئەمەس، ئەمما الله سۇبھانە ۋە تەئالا تەرىپىدىن ئۇلارغا بېرىلىگەن مەرتىۋىنى كۆرۈپ ئۇلارنى پەيغەمبەرلەر، شەھىدلەر ھەم ئارزۇ قىلىدۇ. شۇندە ئەسھابلار ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراشتى. ئۇلار الله نىڭ مۇھەببىتى بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلەر، ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق يوق، ئالدى-بەردىسى يوق، بىرەر مەنپەئەت ياكى مۇناسىۋەت بىلەن باغلىنىپ قالغان ئەمەس. الله قا قەسەم ئىچىپ ئېيتىمەنكى دېدى رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ھەم نۇر بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار نۇرنىڭ ئۈستىدە. ئادەملەر قورققاندا، بۇلار قورقمايدۇ، ئادەملەر غەمكىن بولغاندا، بۇلار غەمكىن بولمايدۇ، ۋە شۇ ئايەتنى ئوقۇپ قويدى، الله نىڭ دوستلىرى ئۇلارغا قورقۇش ھەم يوق، ئۇلار غەمكىن ھەم ئەمەس دىگەن ئايەتنى ئۇقىدى.»

«ئۈچ نەرسە باركى، كىمدە شۇ ئۈچ نەرسە بولسا، ئىماننىڭ تەمنى تېتىيدۇ.

(بىز دۇنيادا كۆپ نەرسلەرنىڭ تەمنى بىلىمىز، شىرىن

نەرسىلەرنىڭ تەمىنى بىلىمىز، ئاچچىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى بىلىمىز، ئىماننىڭ تەمى بار، بۇ تەمنى پەقەت ئۈچ سۈپىتى بار كىشىلا بىلىدۇ.)

بىرىنچىسى الله ۋە رەسۇلى ئۇنىڭغا هەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولسا.

ئىككىنچىسى بىراۋنى پەقەت الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسە.

ئۈچىنچىسى كۇفرغا قايتىشنى (يەنى ئىسلامدىن يېنىشنى) ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرسە.

مانا شۇ ئادەم ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ.»

ئەبۇ زەررىل غىفارى پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) نى ناهايىتى ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) نى ئەبۇ زەررىل غىفارىدەك ياخشى كۆرگەن ساهابىلەر كەم بولغان، بۇرادەرلەر! هەتتاكى خەلىلىم دەپ خىتاپ قىلاتتى.

پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) ئەبۇ زەررىل غىفارىگە خاس ۋەسىيەتلەرنى قىلغانىدى، ئەبۇزەر شۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ئۆتۈپ

كەتتى.

ئەبۇ زەررىل غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

«ئەبۇ زەررىل غىفارى پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) دىن ئۆزىنى بىرەر ۋىلايەتكە ئەمىرلىككە تەيىن قىلىپ قويۇشنى سورىغانىدى، پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) يا ئەبۇزەر مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بىر ئىككى ئادەمگە ئەمىر بولماڭ دېدىلەر. ياخشى كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك ئەبۇزەرگە بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگىزگە ئالماڭ دېدىلەر.»

بەزى رىۋايەتلەردە ۋالىلىقنى سورىغاندا، سىز زەئىپسىز، بۇ ئامانەتتۇر، ۋالىلىقنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھەسرىتى كۆپتۇر دېدىلەر.

بۇ كىشى پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) نى ياخشى كۆرەتتى، قىيامەتتە پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) نىڭ مەرتىۋىسىدىن ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى، مانا بۇ ھەدىستە ئىشارە قىلىپ سورىدىكى،

«يا رەسۇلۇللاھ بەزى ئادەم بەزى كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ،

لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى قىلالمىسا ، قىيامەتتىكى ئەھۋالى قانداق بولىدۇ دەپ سورىدى، پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) چۈشەندى ـ دە،ئي ئەبۇزەر قىيامەتتە سىز ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىز بىلەن بولىسىز دېدى، ئەبۇزەر ئۇنداق بولسا مەن الله ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىمەن دېدى، پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) سىز ياخشى كۆرگىنىڭىز بىلەن بولىسىز دېدى. »

كىشى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگىنى بىلەن دېدىلەر.

الله نىڭ دۈشمىنىنى ياخشى كۆرۈشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك ، چۈنكى قىيامەتتە شۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ قالىدۇ.

الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ھەققىدە، مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،بۇ كىشى رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) دىن رىۋايەت قىلىدۇ

« پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) ئېيتىدۇكى،بىر كىشى بىر بۇرادىرىنى ياخشى كۆرسە، مەن سىزنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن دەپ ئۇنى خەۋەردار قىلىپ قويسۇن»

بولمىسا ئۇنىڭغا بىپەرۋا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، قەلبىنىڭ

ئىشنى بىراۋ بىلمەيدۇ، ئۇنىڭغا بىپەرۋا بولۇشنىڭ نەتىجىسىدە، مەسىلەن: مەن بىر ئادەمنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسەم ئۇنى خەۋەردار قىلمىسام، مەن بىر كېسەل بولۇپ ياتقىنىمدا،باشقا ئادەم مېنى كۆرگىلى كەلمىسە خاپا بولماسلىقىم مۇمكىن، لېكىن ئۇنى مەن ياخشى كۆرگەچكە كەلمىسە خاپا بولۇشۇم مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن دەپ خەۋەردار قىلىپ قويۇشۇم كېرەك. چۈنكى مېنىڭ قەلبىم ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىچە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەلبى ھەم ماڭا نىسبەتەن باشقىچە بولىشى كېرەك، ئەگەر باشقىلاردىن بولغان خاتاغا خاپا بولمىسام ھەم، ئۇنىڭدىن بولغان خاتاغا خاپا بولۇشۇم مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن خەۋەردار قىلىپ قويىلىشى كېرەك

.

ئالتىنچى سۈپەت الله سۇبھانە ۋە تەئالا ئىسلام ئەۋۋەلىدە جەڭنى پەرىز قىلمىدى، بەلكى رۇخسەت بەرمىدى.

ھەمزەتىبنى ئابدۇلمۇتەللىبدەك شاھابەتلىك كىشىلەر ھەم

رەسۇلۇللاھ (س،ئە،ۋ) گە ۋە ئۇ كىشىگە ئەگەشكەن كىشىلەرگە كۆپ ئازارلار بولىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە قاراپ تۇرۇپ، كەچۈرىشتىن باشقا ئىش قىلالمىدى، الله تەرىپىدىن قىتال ئايىتى نازىل بولمىدى، بىرىنچى ئايەت رۇخسەت بېرىلدى،

« أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ»

يەنى، «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىنىدى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر [39].» (سۈرە ھەج)

مانا بۇ ئايەتتە الله يۇلىدا مۇستەھكەم بىناغا ئوخشاش سەپ بۇلۇپ تۇرۇپ جاڭ قىلغان مۇجاھىدلارنى الله نىڭ دوستى دەپ ئاتىدى.

بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى،شۇ ئايەتتە چۇڭقۇر بىر نوقتا باركى، بىرەر ئادەم كاتتا بىر ھەرسەڭ تاشنى، يەككە ھالەتتە سىلجىتىشقا قادىر بولىدۇ. ئەمما تاش بىلەن قۇرۇلغان بىر-

بىرىگە كېرىشكەن بىنانىڭ بىر كىچىككىنە تېشىنى چىقىرىۋېلىشقا قادىر بولالمايدۇ، بۇرادەرلەر!الله :

« إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنيَانٌ مَّرْصُوصٌ»

يەنى،« شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ [4].»(سۈرە سەپ)دەيدۇ.

الله ياخشى كۆرگەن سۈپەتلەرنىڭ بىرسى الله يولىدا خۇددى بىر-بىرىگە يېپىشقان بىنا بۇلۇپ تۇرۇپ، مۇجاھىد بولۇشتۇر.

مانا بۇ سۈپەتنى ئىگەللىگەن زاتلار ئەسھابلار ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى، الله سۇبھانە ۋە تەئالا ئۇلارغا نۇسرەت بەردى. ئۇلار شۇ سۈپەتنى ئىگەللىگەنلىكى ئۈچۈن الله سۇبھانە ۋە تەئالا ئۇلارغا مىسلى كۆرۈلمىگەن غەلبىنى بەردى.

پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) كىشلەرنى ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ جۈرئەتلىك بولۇشقا ئادەتلەندۈردى.

سەھىھ ھەدىسلەردە « الله قا ئاجىز مۆئمىندىن كۈچلۈك مۆئمىن سۆيۈملۈكراقتۇر» دېيىلگەن.

مۆئمىن بولغاندىن كېيىن ئىككىلىسىدە ھەم ياخشىلىق بار، لېكىن الله كۈچلۈك مۆئمىننى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسھابىلارنىڭ پەرزەنتلىرى گۆدەكلىكىدىن باشلاپ شۇنداق جىھاد روھى بىلەن ئۆسىدۇ.

پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) جىھادقا ئەۋەتكەندە ساھابىلارنى ئىككى سەپ قىلىپ قوياتتى. شۇ سەپ بولغان ساھابىلارنىڭ ئىچىدە كىچىك باللار سەپنىڭ ئارقىسىغا بېكىنىپ تۇرۇۋالاتتى. چۈنكى پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) سەپلەرنىڭ ئارىلىرىنى تەكشۈرۈپ كىچىكلىرىنى قايتۇرۇۋېتەتتى.

شۇندا بەزى كىچىك، گۆدەك، 10ـ11 ياشلىق ساھابىلار الله

سۇبھانە ۋە تەئالا نىڭ شۇ ئەجرىدىن مەھرۇم بولۇشتىن ئەنسىرەپ، ئىگىز كۆرۈنۈش ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ تۇرۇۋاتتى. پەيغەمبەرىمىز (س،ئە،ۋ،) بالا ساھابىلەردىن ئىككىسىنى قايتۇرۇۋەتتى.

قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى دادىسىغا (دادىسى ئوغلىنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ئەمەس، ئىسلامدا مۇجاھىدلارنىڭ مەلۇم دەپتىرى بولغان ئەمەس، ئۇلار رويخەتكە ئېلىنمىغان، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى روھ ئۆزى كۇپايە قىلغان، بۇرادەرلەر!) شىكايەت قىلىپ مەن مەرگەن ئىدىم دېدى، مەرگەن دەپ ئېيتىلغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىندى.

شۇندا يەنە بىر بالا پەيغەمبىرىمىز (س،ئە،ۋ،) شىرىكىمگە رۇخسەت بەردى، ماڭا رۇخسەت بەرمىدى، ئەگەر چېلىشسام ئۇنى يېقىتالايمەن دېدى. پەيغەمبىرىمىز (س،ئە،ۋ،) ناھايىتى خەسساس ئىدى. ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ چېلىشتۇردى، ھەقىقەتەن ئۇ يېقىتتى، يېقىتقاندىن كېيىن ئۇ بالىغىمۇ رۇخسەت بەردى.

مانا بۇ نەرسە شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ئىسلام ئەۋلادلىرى ھەممىسى كىچىكىدىن باشلاپ جىسمانى جەھەتتە چېنىقىپ چوڭ بولغان. ئۇلار اللەقا ئاجىز مۆئمىندىن كۈچلۈك مۆئمىن سۆيۈملۈكلىكىنى بىلگەن. ئۇلار زۇلۇم ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك بولۇشقا ھەرىكەت قىلمىغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دوست-دۈشمەنلىرىنى ئايرىماستىن دوستلىرىنى جازالاش ئۈچۈن كۈچلۈك بولغان ئەمەس.

ئۇلار اللەقا سۆيۈملۈك بولىمىز دەپ كۈچلۈك بولۇشقا ھەرىكەت قىلغان. الله بىزنىڭ جىسمانەن كۈچلۈك بولىشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ تۇرۇپ شۇنىڭغا ھەرىكەت قىلغان.

مانا ھازىر بىزدە مۆئمىنلەر زەئىپ، ناۋادا كۈچلۈك بولسا، كۈچىنى مۆئمىن بۇرادىرىگە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئەمما بىز پەقەت اللەقا سۆيۈملۈك بولۇش ئۈچۈنلا كۈچلۈك بولۇشقا ھەرىك..

## 12 ـ تەقۋادارلىق ھەققىدە

الله سۇبھانى ۋە تەئالا تەقۋانى ئۆز مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ يولى قىلدى ۋە ئۆز كىتابىدا تەقۋا سۆيىتىنى كۆپ ياد قىلدى ھەم شۇنىڭغا تەرغىب قىلدى، الله سۇبھانى ۋە تەئالانىڭ تەقۋا سۆيىتىنى كۆپ ياد قىلىشى ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببىتىگە ئېرىشىشتىكى يوللاردىن بىرى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ۋەالله ئەئلەم.

الله بۇ سۆپەتنى كۆپ ياد قىلغانلىقى ئۈچۈن بىز بۇ سۆپەت ئۈستىدە كۆپ توختالماقچىمىز.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى تەقۋا سۆيىتىگە باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۆپەتنى بايان قىلىشتا، بىز تەقۋانىڭ الله نىڭ دىنىدا تۇتقان ئورنى، تەقۋانىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ

ھەقىقىتى، تەقۋاغا ئېرىشىش يوللىرى دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ سۆزلىمەكچىمىز.

ھازىرقى دەرسىمىزدە ۋاقىت يار بەرسە،تەقۋانىڭ **الله** نىڭ دىنىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە بەھىس يۈرگۈزمەكچىمىز.

ئەگەر تاماملاشقا ئىمكانىيىتىمىز يار بەرسە تاماملايمىز، بولمىسا ئىنشائاللا كېيىنكى دەرسلىرىمىزدە داۋاملىق ئۆگىنىمىز

.

**الله** قۇرئانى كەرىمدە:

« وَلَقَدْ وَصَّيْنَا الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ مِن قَبْلِكُمْ وَإِيَّاكُمْ أَنِ اتَّقُواْ اللّهَ »

يەنى،« سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە سىلەرگە **الله** قا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق،»(سۈرە نىسا131ـ ئايەت)دەيدۇ.

دېمەك تەقۋا سۈپىتى **الله** سۇبھانى ۋە تەئالا پەيغەمبەر

ئىبەرتكەن ئۈممەتنىڭ ھەممىسىگە بولغان، بەشەرىيەت باشلانغاندىن تارتىپ تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە، ئۈممەتلىرى بىلەن بىرگە بولغان تەۋسىيە تەقۋا تەۋسىيىسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر جۈمەدە ئىمام خەتىپ ئاۋۋال ئۆزى ئاندىن باشقىلارنى تەقۋاغا چاقىرىدۇ.

خۇتبىنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرىمۇ ئاۋۋال ئۆزى ئاندىن باشقىلارنى تەقۋالىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشتۇر.

ھەتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ساھابىلەر مەن بىر سەپەرگە كىتىۋاتىمەن، ماڭا بىر ۋەسىيەت قىلىڭ دىگەندە رەسۇلۇللاھ:

«الله سىزگە تەقۋانى زاد-راھىلە قىلسۇن»دىدىلەر.

يەنى سەپەردە يىمەك-ئىچمەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىشتىن كۆرە تەقۋا زاد-راھىلەسىنى ئېلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

مانا بۇ سۆيەتنى ئالغاندىن كيىن

«الله قا تەقۋادارلىق قىلغان ئادەمگە ئۆزى خىيال قىلمىغان

جايدىن رىزىق بىرىدۇ.»

شۇڭا،بىر كىشى سەپەرگە ماڭغاندا ئۇ تەقۋا زاد ـ راھىلەسىنى ئالغان بولسا، باشقا نەرسىدىن غەم قىلمىسۇن،رەسۇللاھ ئۇممەتكە مانا مۇشۇنداق تەلىم بەردىلەر ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەج سەپىرىگە كىتىۋاتقان كىشىگە الله تەئالا ھەجدە فىسقى ـ فۇجۇر ۋە پەس گەپلەرنى قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلغاندىن كىيىن

«مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللّهُ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى »

يەنى،« زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر.»(سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەت)دەيدۇ.

كىيىملەرنىڭ بايانىدا الله تەئالا كىيىملەرنىڭ ئەڭ زىننەتلىكىنى مەسجىدتە نامازغا تۇرغاندا كىيىشنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە ھەممە كىيىمدىن ئەڭ ئالىي بولغان لىباسنى مۇنداق بايان قىلدى

« يَا بَنِي آدَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ »

يەنى،« ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار،»(سۈرە ئەئراف31ـ ئايەت)

الله تەئالا يەنە ئادەم ئەۋلادىغا ئۆز ئەۋرىتىنى ياپىدىغان لىباسنى بەرگەنلىكىنى مىننەت قىلىپ

« يُوَارِي سَوْءَاتِكُمْ وَرِيشًا وَلِبَاسُ التَّقْوَىَ ذَلِكَ خَيْرٌ»

يەنى،« سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر،»(سۈرە ئەئراف26ـ ئايەت)دەيدۇ.

سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ھەممىسى شۇ لىباس بىلەن پەخىرلەندى ھەم شۇنىڭ بىلەن ئىبرەتلەندى.

ھەسەن بەسرى رەھىمۇللاھ بىر قەبرىستاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا يىغلاپ تۇرغان بىر ئايالنى كۆردى،ئۇ ئايال ئۇچىسىغا يېڭى لىباس كىيىۋالغان ئىدى،ئۇ بۇ ئايالنىڭ قەبرىستاندا يېڭى لىباس كىيىپ يىغلاپ تۇرىشىدىن ئەجەپلەندى ـ دە،ئۇنىڭغا بۇ قەبرىستاندا يىغلاپ تۇرۇشىڭ بىرىنچى خاتا بولسا،بۇ لىباس بىلەن تۇرۇشۇڭ ئىككىنچى خاتا دىدى.

ئۇ ئايال بۇ قەبرىدە ياتقان مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ، ئېرىمنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىگە سەبرى قىلالماي يىغلاۋاتىمەن، ئىرىم مېنى مۇشۇ كىيىمىم بىلەن كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى،شۇڭا بۇ كىيىمنى كىيىپ كەلدىم دىدى.

ھەسەن بەسرى بۇ ئىبرەتتىن ئەقلىنى يۇقاتتىلەر ھەم ئەقلىگە كېلىپ ئەتراپتىكىلەر نىمە بولغانلىقىنى سوراشقاندا:بۇ بىر ئۆلۈك ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەببى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرگەن كىيىمنى

كىيشىنى تاللاپتۇ-يۇ، مەن نىمە ئۈچۈن ئەبىدى تىرىك بولغان الله نىڭ ھۇزۇرىغا الله ئەڭ ياخشى كۆرگەن تەقۋالىق لىباسىنى كىيىپ بارمايمەن دەپ ئىبرەتلەندىم دىگەن ئىكەنلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تەئالانىڭ كىتابىغا بىر مۇراجەت قىلىدىغان بولساق،ئەڭ كۆپ زىكرى قىلىنغان كەلىمە تەقۋا كەلىمىسىدۇر.

الله مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نىدا قىلىپ:

« وَإِذْ نَادَى رَبُّكَ مُوسَى أَنِ ائْتِ الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ ، قَوْمَ فِرْعَوْنَ أَلَا يَتَّقُونَ»

يەنى، «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ مۇساغا نىدا قىلدى: سەن زالىم قەۋمگە بارغىن [10]. (ئۇلار) پىرئەۋننىڭ قەۋمىدۇر، ئۇلار (الله نىڭ جازالىشىدىن) قورقمامدۇ؟» [11].»(سۇرە شۇئەرا)

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمگە قاراپ:

« أَلَا تَتَّقُونَ»

يەنى،«سىلەر **الله** تىن قورقماسىلەر؟»

(**الله** قا تەقۋا قىلمايسىلەرمۇ؟)دېدى.

ئاد قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى،هۇد ئەلەيھىسسالام ئاد قەۋمىگە پەيغەمبەر ئىدى ئۇ ئاد قەۋمىگە:

« أَلَا تَتَّقُونَ»

يەنى،«سىلەر **الله** تىن قورقماسىلەر؟» (**الله** قا تەقۋا قىلمايسىلەرمۇ؟) دەپ خىتاپ قىلدى.

لۇت ئەلەيھىسسالام، شۇ ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام،ئىلياس ئەلەيھىسسالام ھەم قەۋمىگە:

« أَلَا تَتَّقُونَ»

يەنى،«سىلەر الله تىن قورقمامسىلەر؟»(الله قا تەقۋا قىلمايسىلەرمۇ؟)دەپ خىتاپ قىلدى.

رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە نازىل قىلىنغان قۇرئاندا تامامى ئىنسانىيەتكە خىتاپ قىلىپ:

« يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ»

يەنى،« ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار [21].»(سۈرە بەقەرە)دەيدۇ.

خۇلاسە رۇزىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەتتە ھەم الله رۇزىنىڭ تەقۋا قىلىشلىك ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ:

« يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ»

يەنى،« ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى [183].»(سۈرە بەقەرە)دەيدۇ.

رامىزانى شەرىفنىڭ پەرىز قىلىنىشى ھەم ئۈزىمىزدە تەقۋا سۈپىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن.

الله تەئالا ئايەتلىرنى بايان قىلىشلىكنى:

«كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللّهُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ»

يەنى،« كىشلەرنىڭ (ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، الله ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ [187].»(سۈرە بەقەرە)

ھەربىر ئايەت ھەر بىر سۈرىگە قارالسا،تەقۋا سۈپىتىگە دالالەت قىلىنىغانلىقى چىقىدۇ.

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە خىتاپ قىلىپ:

« يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلاَ تَمُوتُنَّ إِلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ»

يەنى،« ئى مۆمىنلەر! **الله** قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار [102].»(سۈرە ئال ئىمران)دەيدۇ.

**الله** سۇبھانى تائالا تەقۋانى ئۆز ھۇزۇرۇدىكى ئەڭ مۇكەررەملىكىنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ قويىدى،**الله** نىڭ ھۇزۇرىدىكى ئەڭ مۇكەررەم ئادەم ئەڭ تەقۋا كىشىدۇر.**الله** قۇرئاندا:

« إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ »

يەنى، «ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھىساپلىنىسىلەر»(سۈرە ھۇجۇرات13ـ ئايەت)دەيدۇ.

ئادەملەر نەزىرىدە دۆلەتمەن كىشى ھۆرمەتلىك بۇلىشى مۇمكىن، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ئادەم ھۆرمەتلىك بۇلىشى مۇمكىن،ئەڭ زالىم،مەرەز ئادەم ھەم ھۆرمەتلىك بۇلىشى مۇمكىن،كىشىلەر ئۇلاردىن قورققانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلىدۇ،ئەمما الله نىڭ ھۇزۇرىدا مەيلى دۆلەتمەن بولسۇن، كەمبەغەل بولسۇن، مەيلى ئالىم بولسۇن، ھافىزى قۇرئان بولسۇن ياكى بولمىسۇن پەقەت تەقۋا بولسا شۇ كىشى الله نىڭ ھۇزۇرىدا مۇكەررەم بۇلىدۇ.

الله نىڭ ھۇزۇرىدا قارىلەر، ئالىملار، پۇلدارلار، تۆرىلەر ياكى قەددى قامىتى كېلىشكەن كىشىلەر ئەمەس، بەلكى الله قا ئەڭ تەقۋالىق قىلغۇچى كىشى مۇكەررەمدۇر.

الله ئۆز دوستلىرىنىڭ تەقۋا كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى،

« إِنْ أَوْلِيَآؤُهُ إِلاَّ الْمُتَّقُونَ »

يەنى، «الله نىڭ دوستلىرى پەقەت تەقۋالىق كىشلەردۇر»(سۈرە ئەنفال34 ـ ئايەت).

الله سۇبهانى ۋە تەئالا ئۆز دوستلىرىغا قىيامەت كۈنى قورقۇنچ يوقلىقىنى ئىلان قىلىپ:

« أَلا إِنَّ أَوْلِيَاء اللّهِ لاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ»

يەنى،« راستلا الله نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر [62].»(سۈرە يۇنۇس62 ـ ئايەت)دەيدۇ.

ئۇ كىشلەرنىڭ تەقۋا كىشلەر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ:

« الَّذِينَ آمَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ»

يەنى،« ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر [63].»(سۈرە يۇنۇس63ـ ئايەت)دەيدۇ.

ھەتتا ئەمەل مۇتتەقىن، تەقۋا كىشىلەردىن قوبۇل بولىدۇ بۇرادەرلەر، الله بۇ ھەقتە:

«إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ»

يەنى،«الله پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ»(سۈرە مائىدە27ـ ئايەت).

ھەتتا قۇرئانى كەرىمنى باشتىن-ئاياقىچە ئوقۇغان كىشى تەقۋا سۈپىتى بولمىسا ئۇنىڭدىن پايدا ئالالمايدۇ،

« هَذَا بَيَانٌ لِّلنَّاسِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ»

يەنى،« بۇ (قۇرئان) (ئومۇمىي) ئىنسانلارغا باياندۇر (يەنى هالال بىلەن هارامنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ)، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز ـ نەسىھەتتۇر [138].»(سۈرە ئال ئىمران).

قۇرئانى كەرىمدىكى سۈرە فاتىھەدىن كېيىنكى سۈرە بەقەردە:

« الم ، ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ»

يەنى« ئەلىف، لام، مىم [1]. بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) هېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر [2].»دىيىلىدۇ.

خۇلاسە،تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلمىغان هەرقانداق ئەمەل ئىگىسىنى جەهەننەمگە سۆرەيدۇ:

« أَفَمَنْ أَسَّسَ بُنْيَانَهُ عَلَى تَقْوَى مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانٍ خَيْرٌ أَم مَّنْ أَسَّسَ بُنْيَانَهُ عَلَى شَفَا جُرُفٍ هَارٍ فَانْهَارَ بِهِ فِي نَارِ جَهَنَّمَ »

يەنى،« (دىنىنىڭ) بىناسىنى الله نىڭ تەقۋادارلىقى ۋە رازىلىقى ئاساسىغا قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ گىرۋىكىگە قۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاخ ئوتىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئادەم ياخشىمۇ؟»(سۈرە تەۋبە109ـ ئايەت).

ئىقتىسادى قۇلايلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ھەم الله تائالا ئۈممەتنىڭ تەقۋا ئاساسىغا قۇرىدۇ،ئەگەر ئىقتىسادى قۇلايلىق كىشلەرگە زۇلۇم قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغاندا،مانا شۇ دىيارلاردا ياشىغان ئادەملەر ئەڭ ئىقتىسادى قۇلايلىقتا ياشىغان بولار ئىدى،تەقۋا سۈپىتى يوقالغانلىقى ئۈچۈن تامامى بەرىكەتنى الله تائالا كۆتىرۋەتتى. بىز بۇنى ۋاقىئىدىن ئەمەس كىتابىمىز قۇرئانى

كەرىمدىن بىلىمىز:

« وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُواْ وَاتَّقَواْ لَفَتَحْنَا عَلَيْهِم بَرَكَاتٍ مِّنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ وَلَكِن كَذَّبُواْ فَأَخَذْنَاهُم بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ»

يەنى،«(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان-زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇ ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق [96].»(سۈرە ئەئراف).

الله ئۆز نۇسرىتى،ياردىمى ۋە مۇھابىتىنى تەقۋالىق كىشىلەرگە ۋەدە قىلدى:

يەنى،« الله ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [128].»(سۈرە نەھل).

الله ھەم ئۆزىنىڭ تەقۋا كىشىلەر بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى:

« وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ»

يەنى،«بىلىڭلاركى،الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر»(سۈرە بەقەرە 194 ـ ئايەت).

ئاقىبەت ئوتتۇردا ھەرخىل ۋاقىئەلەر بولۇۋىدۇ، بەزىدە باتىل يەڭگەندەك كۆرىنىدۇ،لېكىن كۆپ دەرسلىرىمىزدا ئېيتقىنىمىزدەك باتىلنىڭ كۆركەملىكى بەئەينى پۈۋۈلىنىپ چوڭىيىپ بېرىۋاتقان شارغا ئوخشايدۇ، نادان ئادەم شارنىڭ

چۈشىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن خۇرسەن بولىدۇ، لېكىن ئۇ هالاكەتكە يېقىنلىشىپ بېرىۋېرىدۇ.

ئاقىۋەتنىڭ يەنىلا تەقۋالارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى الله قۇرئاندا كۆپ تىلغا ئېلىپ:

« وَالْعَاقِبَةُ لِلتَّقْوَى»

يەنى،«ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر» ،

« وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ»

يەنى،«ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر»دەيدۇ.

تەڭلىك، بالالاردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى الله هەم تەقۋا دىدى:

« وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مَخْرَجًا»

يەنى، «كىمكى الله تىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بىرىدۇ.»(سۈرە تەلاق2-ئايەت)

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك:

« وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ »

يەنى، «الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بىرىدۇ.»(3-ئايەت).

ئىنسان پىتنە دەۋرىدە ھەق قايسى-ناھەق قايسى شۇنى پەرقلەندۈرۈشكە تەقۋا سۈپىتىنى شەرت قىلدى:

« يِا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إَن تَتَّقُواْ اللّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَاناً وَيُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ »

يەنى،« ئى مۆمىنلەر! ئەگەر الله تىن قورقساڭلار، الله سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ.»(سۈرە ئەنفال29ـ ئايەت).

تەقۋا قىلىشنى ئەمەللەرنىڭ ناتوغرىلىقتىن توغرىلىنىپ قېلىشى، گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ۋە قىيىن ئىشلارنىڭ ئاسانلاشتۇرلىشىغا ھەم ۋەدە قىلدى،

« يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا ، يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ »

يەنى،« ئى مۆمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار [70]. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ،»(سۈرە ئەھزاب10ـ 71ـ ئايەت).

« وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مِنْ أَمْرِهِ يُسْرًا»

يەنى،«كىمكى الله دىن قورقىدىكەن،الله ئۇنىڭ ئىشلىرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بىرىدۇ»(سۈرە تەلاق4ـ ئايەت).

خۇلاسە،تەقۋا الله نىڭ رىزاسىغا ئىرىششكە سەۋەپ بۇلىدۇ.بىز الله يۇلىدا قۇربانلىق قىلغىنىمىزدا الله قا قېنى،گۆشى يەتمەيدۇ،قېنى يەرگە تۆكىلىدۇ،گۆشىنى ئۆزىمىز يەيمىز،الله قا يېتىپ بارىدىغىنى پەقەت تەقۋا،

«لَن يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِن يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنكُمْ»

يەنى،« الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر،»(سۈرە ھەج37ـ ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تۆگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سېمىزراق بىر تۆگىنى كۆرۈپ، الله نىڭ شۇئارىنى ئۇلۇغلاش مەقسىتىدە، شۇنى سېتىۋېلىپ قۇربانلىق قىلىشنى نىيەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ـ ياق، الله قا ئۇنىڭ گۆشى، قېنى يەتمەيدۇ، بەلكى تەقۋالىق يېتىدۇ، شۇڭا سەن باشتا ئالغىنىڭنى سوي دىدى.

بىزدە بۇ خىل سۈرەت تېپىلمايدۇ، بىز ياخشىراقىنى تاپقان بولساق، ئۇنىڭدىن ناچارراقى ئۇچراپ قالسا، ياخشىراقىنى قويۇپ، شۇ ناچارراقىنى سويۇشقا ئۇرىنىمىز.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ياخشىراقىنى سويۇشتىن ھەم توستى.

تەقۋانىڭ بۇ دۇنيادىكى مۇكاپاتلىرىنى ئۆگەنگەن بولدۇق، تەقۋانىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلىرى كەڭلىكى ئاسمان زېمىنچىلىك كېلىدىغان، ئۇزۇنلىقى الله نىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم

بولغان جەننەتتۇر. الله تەئالا بۇ جەننەتنى دۆلەتمەنلەرگە يا قەددى ـ قامەتلىك كىشىلەرگە، ئەرلەرگە يا ئاياللارغا ۋەدە قىلمىدى، ھاپىز قۇرئانلارغا يا ئالىملارغا ۋەدە قىلمىدى، بەلكى تەقۋا سۈپىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرگە ۋەدە قىلدى.

« زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَيَسْخَرُونَ مِنَ الَّذِينَ آمَنُواْ وَالَّذِينَ اتَّقَواْ فَوْقَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ »

يەنى، « كاپىرلارغا دۇنيا تىرىكچىلىكى چىرايلىق كۆرسىتىلدى (يەنى ئۇلار دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە، نېمەتلىرىگە مەپتۇن بولىدۇ)، مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ، ھالبۇكى قىيامەت كۈنى تەقۋادارلار ئۇلاردىن (دەرىجە جەھەتتە) ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ »(سۈرە بەقەرە212 ـ ئايەت)

كاپىرلار موئمىنلەرنى مال ـ دۆلەت تېپىشنىڭ ئورنىغا ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدۇ، مال ـ دۆلەتنىڭ قەدرىگە يەتمەستىن ئۇنىڭ قىرىقتىن بىرىنى زاكات بېرىپ يۈرىشىپتۇ

دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

بۇ هاياتى دۇنيا مانا مۇشۇنداق كاپىرلارغا زىننەتلىك قىلىپ كۆرسىتىلگەن،ئەمما مىلىڭ ئەپسۇسلار بولسۇنكى،كاپىرلاردىكى شۇ شۇئار بىزگە ئۆتۈپ بارماقتا هازىر، ئۆزىمىز قىلالمىساقمۇ قىلالىغانلارنى مەسخىرە قىلىغانلارنى بىر تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلار مۇسۇلمان بۇلۇپ چىقىدۇ، مانا بۇ بىزگە ئۆتۈپ بېرىۋاتقان كاپىرلارنىڭ شۇئارىدۇر.

الله بۇ يەردە تەقۋا قىلغان كىشىلەرنى قىيامەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن دەۋاتىدۇ.

« إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ»

يەنى،« شۈبهىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ [15] »(سۈرە زارىيات15ـ ئايەت)

يەنى، ئۇلار جەننەتتە ئەمەس

« جَنَّاتٍ »

جەننەتلەردە بولىدۇ، چەشمىلەردە يۈيىنىدۇ،

« آخِذِينَ مَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ إِنَّهُمْ كَانُوا قَبْلَ ذَٰلِكَ مُحْسِنِينَ»

يەنى،« ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى [16].»(سۈرە زارىيات16ـ ئايەت).

يەنى ئۇلار ھاياتى دۇنيادا مۇھسىن الله نى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلغۇچىلار ئىدى.

« إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٍ»

يەنى،« تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ [51]»(سۈرە دۇخان51ـ ئايەت)

قورقۇنچ بولىۋاتقان قىيامەتتە مۇتتەقىيلەر خاتىرجەم جايدا بولىدۇ.

« إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَهَرٍ»

يەنى،« شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ، (سۈ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ [54].»(سۈرە قەمەر54ـ ئايەت).

« إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا ، حَدَائِقَ وَأَعْنَابًا»

يەنى،« شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ [31]. (ئۇ نېمەت) باغلار، ئۈزۈملەردۇر [32].»(سۈرە نەبە31ـ 32ـ

ئايەت)

« إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي ظِلَالٍ وَعُيُونٍ»

يەنى،«شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار سايىلەردىن، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ [42ـ41].»(سۈرە مۇرسەلات).

الله سۇبھانى ۋە تائالا مانا بۇ تەقۋا سۈپىتىنى ئۆز كىتابىدا كۆپ ياد قىلدى ھەم تەقۋا سۈپىتىگە ئىگە كىشىگە ھەممە ياخشىلىقنى ۋەدە قىلدى.لىكىن تەقۋا كىشىلەر دەپ اللا تائالا كىتابىدا دىن يۈلىدا كۆپ ھەركەت قىلغان، قىينىلىپ يۈرگەن كىشىلەرنى كۆرسەتتى ھەم:

«أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ الَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاء وَالضَّرَّاء وَزُلْزِلُواْ حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللّهِ أَلا إِنَّ نَصْرَ اللّهِ قَرِيبٌ»

يەنى،« سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈلۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: ‹الله نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟› دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر [214].»(سۈرە بەقەرە)دەيدۇ.

مۇتتەقىنلەر چۇقۇم الله نىڭ ئىمتاھان باسقۇچىنى مۇۋاپىقىيەتلىك بېسىپ ئۆتىشى شەرتتۇر،چۈنكى ئۇلار كەلگۈسىدە الله نىڭ ئامانىتى يۈكلىنىدىغان كىشىلەر بولغىنى ئۈچۈن،تەقۋا سۈپىتىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ الله ئۇلارنى« ئەمىن كىشىلەر»ئامانەتلىك كىشىلەر دەپ ئاتىمىدى.

بىز ئەمدى تەقۋانىڭ ماھىيتىگە كۆچىمىز،رەسۇللاھ سەللاھى ئەلايھى ۋەسەللەم تەقۋانىڭ نىمىلىكى ھەققىدە بىزگە بەزى بىر

خەۋەرلەرنى بەرگەن.

تەقۋا نىمە؟دەپ سورىغانلاردا «تەقۋا مانا مۇشۇ يەردە»

دەپ ئۆز كۆكسىگە ئىشارە قىلىپ ئۈچ قېتىم ئېيتتىلەر.

رەسۇللاھ سەللاھى ئەلايھى ۋەسەللەم «ئادەمنىڭ تىنىدە بىر

پارچە گوش باركى،ئۇ ئوڭشالانسا ھەممە ئوڭشىلىدۇ،ئۇ بۇزۇلسا

ھەممە بۇزۇلىدۇ،بۇ بىر پارچە گوش قەلبىتۇر»دىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەقۋا ماھىيىتىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا، ھەر

بىر ئەمەلنىڭ زاھىرى كۆرنىشىگە قاراپ تەقۋا دىلدا بۇلىدۇ

دەپ،ئەمەلدە نىمە خالىساق شۇنى قىلىش ئەمەس،بەلكى

قىلۋاتقان ئەمىلىمىز ئالدى بىلەن زاھىرىدە شەرئەتكە ئۇيغۇن

بولغاندىن كيىن، ئۇنىڭ قوبۇل بۇلۇش-بولماسلىقى

قەلبىمىزدىكى تەقۋاغا باغلىنىدۇ.

زاھىرىدە شەرئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەمەلنى قىلىپ

تۇرۇپ،دىلىمدا تەقۋا بار دىيىش ئۇ ئۆتمەيدۇ بۇرادەرلەر.

ئەۋۋەل ئەمەل شەرئەتكە مۇۋاپىق بۇلىشى كېرەك. ئەمەل

شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ زاھىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ئۇنى تەقۋا بىلەن قىلغاندىن كېيىن

« إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ»

يەنى،«**الله** پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقنى) قوبۇل قىلىدۇ»(سۈرە مائىدە27ـ ئايەت).

بىز تەقۋا سۈپىتىنى تەكشۈرىشىمىز كېرەك،**الله** سۈرە بەقەردە:

« الم ، ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ»

يەنى،« ئەلىف، لام، مىم [1]. بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر [2].»(سۈرە بەقەرە)

دىگەندىن كېيىن، مۇتتەقىنلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلدى:

« الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ ، والَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ، أُوْلَئِكَ عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ»

يەنى،« ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ [3]. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ [4]. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [5].»(سۈرە بەقەرە).

بىز مۇشۇ ئايەتكە ئاساسەن تەقۋانىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىمىز.

بىرىنچى، غەيىپكە ئىمان كەلتۈرۈش، ناماز، ئىنفاق (ئىنفاققا

زاكات ئەلۋەتتە كىرىدۇ،مالنىڭ زاكاتتىن باشقا ھەم ھەققى بار،ئۇمۇ ئىنفاققا كىرىدۇ) ۋە الله نىڭ كىتابلىرغا ئەگىشىش.

مانا بۇ مۇتتەقىنلەرنىڭ قۇرئانى كەرىمدە كەلگەن بىرىنچى سۈپىتىدۇر.

دىمەك، غەيىپكە ئىمان كەلتۈرىشىمىز كېرەك، يەنى الله سۇبھانى تائالا ئۆز كىتابىدا رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە خەبەر بەرگەن كۆزىمىز كۆرمىگەن خەبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرشىمىز كېرەك.

بىز مانا شۇ غەيىپكە ئىمان ئېيتىش بىلەن كافىلار ۋە ھايۋانلاردىن پەرقلىنىمىز. كافىلار ھەم ھايۋانلار كۆرگەن نەرسىسىدىن باشقىغا ئىشەنمەيدۇ، مۇئمىنلەر كۆرگەن نەرسىسى ھەم الله خەبەر بەرگەن كۆرمىگەن ئالەمگە ئىشىنىدۇ.

الله تائالا قەيەردە ئىماننى زىكرى قىلسا شۇ يەردە نامازنى شەرت قىلغان،شۇڭا ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ ئادەم تەقۋا سۈپىتىنىڭ ھىدىنى ھىدلىيالمايدۇ.

الله يۇلىدا ئىنفاق تەبىتىدە بۇلۇش كېرەك.

بىرىنچى زاكات، زاكات بەرمەي تۇرۇپ مالىدىن ھەرقانچە سەرىپ قىلغان بولسىمۇ، بىز ئۇنى ھاياتىدا مۇتلەق ئىنفاق قىلمىغان ئادەم دەپ بىلىمىز، زاكات بەرگەندىن كېيىن مۇھتاجلارنى كۆرگەندە قەلبىدە ئىنفاق مېھرى پەيدا بولۇشى كېرەك،بۇ تەقۋالىق كىشىنىڭ سۈپىتىدۇر،الله تائالا بۇنى شەرت قىلدى،بەزى كىشىلەر باركى نامازنى ناھايىتى كاتتا سۈپەتلەردە چىرايلىق ئوقۇيدۇ، غەيىبكە ئىمان كەلتۈرىشىدۇ ئەمما ئۇلاردىن مالىيەۋى ئىنفاق سۈپىتى تېپىلمايدۇ، مالىيەۋى ئىنفاق تېپىلسا، قۇرئانغا ئەگىشىش سۈپىتى تېپىلمايدۇ، رەببىمىز بۇ ھەقتە نىمە دىگەن دەپ ئىزدەنمەيدۇ.

بۇ مۇتتەقىنلەرنىڭ بىرىنچى سۈپىتى، بۇ ھەقتە ھەدىسلەرنى كەلتۈرمەكچىمىز، غەيىبكە ئىمان كەلتۈرۈش ھەققىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئىمامى بەيھەققى رىۋايەت قىلىدۇكى:

«ئىمان نىمە؟دىگەندە، ئىمان ئىخلاس يەنى، ئەمەلنى الله ئۈچۈن قىلىش دىدىلەر.»

بەزىدە يەنە ئىمان نىمە؟ دەپ سورغاندا:«ساڭا الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولىشى ئىمان دىدىلەر.»

يەنە بەزى ئورۇنلاردا ئىمان نىمە؟ دەپ سورالغاندا:

«الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش،الله ئۈچۈن يامان كۆرۈش، الله ئۈچۈن بەرمەسلىك مانا بۇ ئىمان دىدىلەر.»

مۇلايىملىق بىلەن مەشھۇر كىشلەردە ياخشىلىق سۆيىتى كۆپ تېپىلىدۇ، مۇسۇلمانمۇ، كافىرمۇ، مۇنافىقمۇ، ئوغرىمۇ، كاززاپمۇ ھەممىنى پەرىقلەندۈرمەستىن ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ ئىمان ئەمەس بۇرادەرلەر، ئىمان الله ئۈچۈن، الله نىڭ دوستى، الله نىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىۋتىپتۇ دەپ ياخشى كۆرۈش ھەم ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ الله ئۈچۈن يامان كۆرۈشلىكتۇر. الله ئۈچۈن يامان كۆرۈش الله نىڭ بۇيرىقىنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن يامان كۆرۈشتۇر.

بەزى كىشلەردىن بۇ سۆپەت تېپىلىدۇ، بەزى كىشلەردىن ئىنفاق سۆپىتى تېپىلىدۇ، مۇھتاج كىشلەرنى كۆرگەندە

قەلبىلىرى ئىرىيدۇ، مۇھتاج كىشى ۋە مۇھتاج ئورۇنلارغا بېرىدۇ، مالىنى چېچىۋەتكەندەك ھەممىگە بېرىۋېرىدۇ، ئەمما ھەدىسىنىڭ روھى بويىچە بولغاندا الله ئۈچۈن ھەم بەرمايدىغان بولىشى كېرەك.

مەسىلەن :مالىم بار يوق دىسەم يالغان ئېيتقان بولىمەن، ئەمما ساخا بەرسەم شەرىئەتكە خىلاپ، شەرىئەت چەكلىگەن ئىچىملىك، مۇزىكا دىگەندەك ئورۇنلارغا سەرىپ قىلسەن، شۇڭا بىرەلمەيمەن دىيەلەيدىغان بولۇشىنىڭ ئۆزى ئىماننى كامىل قىلىدىغان نەرسىدۇر.

بۇ ھەممە كىشىدىن تېپىلمايدۇ، پەرزەنتىڭىز ياكى قېرىندىشىڭىز مانا مۇشۇنداق ئورۇنلارغا سەرىپ قىلىش ئۈچۈن سىزدىن سورىغاندا بەرمىسىڭىز بېخىل ئاتىلىسىز، ئۇلار سىزدىن ئاغرىنىدۇ. الله ئۈچۈن بەرمەسلىك ھەم ئىماننى كامىل قىلىدىغان ئىشتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە

مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچىدىن تۈزۈلگەن،ئۇنىڭ ئەڭ يۇقۇرىسى لا اله الا الله بولسا،ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يولدىن ئازارنى ئېلىپ تاشلاشتۇر.»

يولدىكى نەرسىلەرنى تازلاش ئىماندىن دەپ ھەدىستە ئومۇمى كەلگەن.

ئەمما بىز بۇنى مۇكەممەل چۈشىنىشىمىز كېرەك،دىنىمىزلارنىڭ يولنى تازلاش ئىماندىن دەپ قارىمايلى،پەقەت مۇسۇلماننىڭ يۇلنى تازلاش ئىماندىن ھىساپلىنىدۇ.

ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىن،يەنى ئىماننىڭ ئاساسى شاخچىلىدىن بىرى ھايا دىدىلەر،ھەق نەرسىلەردىن ھايا قىلغان كىشىنى ھەتتا رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەزى ئورۇنلاردا ماختىدىلەر مەسىلەن:

بىر كىشى ئاچ ئىدىلەر، يولدا كىتىۋاتقاندا بىر يىمەكلىكنىڭ تۇرغانلىقنى بايقىدىلەر،ئۇنى ئەمدى ئېلىپ تۇرىۋىدى بىر كىشى كىلىپ قالدىلەر،شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قويۇپ قويماقچى

بۇلىۋىدى،بۇ چاغدا ھېلىقى كىشى قاتتىق قىلىپ سەن نىمە ئۈچۈن مېنى كۆرۈپ ئۆزگىرىۋالىسەن،بۇ ھەق ئىش تۇرسا،نىمە قىلماقچى بولساڭ شۇنى قىل دىگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدىلەر ھەم بۇنى ئىشتىپ قوي،ھايا ھەم ئىماندىن دىدىلەر.

ئىنسان بىر نەرسىنى ھېچكىم كۆرمىگەندە،مەسىلەن ئېيتساق ئۆزى يالغۇز ھالەتتە ئېچىلىپ بىمالال ئوقەتلىنىشى مۇمكىن،ئەمما باشقا ئادەم بار ھالەتتە سەل تارتىنىپ ئوقەتلىنىشى مۇمكىن،مانا بۇ نەرسە ھايادىن، ئۇنى ھەم ئىماندىن دەيمىز.

ھېلىقى كىشى قۇرسقى ئاچ ھالاتتە بولغاندىن كىيىن بىمالال يىيىشى كېرەك ئىدى،ئەمما ئۇنىڭ باشقا كىشىنى كۆرۈپ تارتىنىشى ئىمان جۈملىسىدىندۇر.

الله قۇرئانغا ئەگىششىنى ئىماننىڭ قىسمىدىن ھىساپلىدى.

تەقۋانىڭ ئىككىنچى سۈپەتلىرى توغرىسىدا الله سۇبھانى ۋە تەئالا سۈرە بەقەرەدە:

« لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ»

يەنى،« سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى **الله** قا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى **الله** نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، **الله** نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىككە ۋە (**الله** نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى

ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر [177]»دەيدۇ.

يەنى مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ بىرىش تەقۋادۇر، مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ بىرىش دىگىنى ئۆزىدىن ئېشىپ قالغاننى ئەمەس،بەلكى ئۆزى مۇھتاج تۇرۇپ بىرىشتۇر.

تەقۋا نىمە؟ ئۆزىگە كىرەك تۇرۇپ،ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ بىرىش تەقۋادۇر،بىزدە بولسا ئۆزىدىن ئېشىپ قالغان نەرسىنى بىرىش كاتتا ئىش بۇلۇپ قالغان. ئەمدى بۇ ماللار كىمگە بىرىلىدۇ،

« ذَوِي الْقُرْبَى »لەر،يەنە قېرىنداشلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە(مىسكىن بىلەن پېقىرنىڭ پەرقى: پېقىر زاكاتقا قادىر ئەمەس كىشىلەر،مىسكىن بولسا بىر كۈنلۈك تائامدىن باشقا ئوقتى يوق كىشىلەردۇر) ئىبنى سەبىللەرگە، سائىللارغا

ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە ۋە نامازنى بەرپا قىلىشقا بىرىلىدۇ.

قۇرئانى كېرەم ناماز ئوقۇشنى ئەمەس، نامازنى بەرپا قىلىشنى دائىم زىكىر قىلىدۇ.

بىز مەسىللەرنى ئايرىپ چۈشەنمەسلىكىمىز كېرەك،بىز دائىم پالانچى يىتىملەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ دەيمىز، ئەمما تەقۋا ئۈچۈن نامازنى بەرپا قىلىش شەرت. زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (الله نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ.

بىز بۇ ھەقتە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمىز،يۇقۇردا مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ بىرىش ھەققىدە توختالغان بولدۇق،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مالنىڭ زاكاتتىن باشقا ھەققى بار دىدىلەر».

ئەبۇ تەلھە مەدىنىدىكى ئەنسارلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى، مالدار

كىشىلەردىن ئىدى، ئۇنىڭ خورمىزار باغلىرى كۆپ ئىدى، ئۇ كىشىگە ئەڭ ياخشى كۆرىلىدىغان باغلىرىدىن«بىرىها»دەپ ئاتىلىدىغان بوستانلىقى بار ئىدى، بۇ بوستانلىقى مەسجىدىن نەبىگە قاراپ تۇراتتى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامازلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن،شۇ باغقا كىرىپ سۇ ئىچەتتى،بۇ باغ ئەبۇ تەلھە ئۈچۈن شۇڭا سۆيۈملۈك بىلىنەتتى،ئەبۇ تەلھە:

«لَن تَنَالُواْ الْبِرَّ حَتَّى تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَيْءٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ»

يەنى،« ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسلەر، (الله نىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار. الله ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [92].»(سۈرە ئال ئىمران)

دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا،الله قۇرئاندا شۇنداق دەپتۇ،

مىنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسەم «بىرىھا» ،ئۇ الله يولىدا سەدىقات، مەن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى الله نىڭ ھوزۇرىدا كۆرۈشنى خالايمەن، مېنى خالىغان ئورۇنغا قويىۋەت دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:«ۋاھ،ۋاھ»دېدىلەر، ...بەزى كىشىلەر سېتىۋالغاندا 800مىڭ دەرھەم بولغان دېگەن رىۋايەت بار.

بۇ يەردە يەنە شۇ نەرسىنى ئېيتىپ ئۆتىشىمىز كېرەككى، رەسۇلۇللاھ ئاياللارغا:

«ئى ئاياللار جامائەسى،زىننەت بۇيۇملىرىڭلار بولسىمۇ الله يولىدا سەدىقە قىلىڭلار»دېدى.

ئايال كىشى ھەممە نەرسىسىدىن مەھرۇم بولسىمۇ، زىننەت بۇيۇملىرىدىن مەھرۇم بولمايدۇ، زىننەت بۇيۇمى ئاياللارنىڭ تەبىئىتىگە خاس، شۇنداقلا ئىسلام ئاياللارنى شۇ نەرسە بىلەن زىننەتلىنىشنى ئۇچۇن ياخشى دېدى ھەم شۇ نەرسىلەرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالماسلىقىنى تەرغىپ قىلدى.

شۇندا،ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئىرىگە ئېيتتىكى:ـ سىز ناھايتى نامرات،قولىڭىز قىسقا رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالام سەدىقىگە بۇيرۇپ تۇرۇپتۇ، مەن شۇ زىننەتلىرىمنى سىزگە بەرسەم سەدىقىگە ھىساپ بولسا،سىزگە بولمىسا باشقىلارغا بېرىمەن،دېدى.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ـ بۇنى رەسۇللاھدىن ئۆزەڭ سورا، مەن سورمايمەن،دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باردىم، بارسام ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرىمۇ ماڭا ئوخشاش مەسلىنى سوراش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرۇشقان ئىكەن،شۇ چاغدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەلدىلەر،شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا مەسلىمىزنى ئېيتىپ،زىننەتلىرىمىزنى ئۆز ئىرىمىزگە بەرسەك توغرا بولامدۇ ياكى يېتىملەرگە بەرسەكمۇ؟شۇنى رەسۇللاتىن سوراپ بېرىڭ،ئەمما ئىسملىرىمىزنى ئېيتماڭ دېدۇق.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇللاھتىن سوردىلەر، رەسۇللاھ ئۇلار كىم؟ دەپ سوردىلەر، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ـئەنسارلاردىن بىر ئايال ۋە زەينەپ،دېدى،رەسۇللاھ:ـ قايسى زەينەپ؟ دەپ سوردى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ـ ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى،دېدى.

رەسۇللاھ:ـ ئۇنىڭغا يېقىنلىق ئەجرى ۋە سەدىقات ئەجرىدىن ئىبارەت ئىككى ئەجر بولىدۇ،دىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئۆلىمالار ئايال كىشى باي بولۇپ، ئېرى نامرات بولسا، ئۆز ئېرىگە بايلىقىدىن زاكات بەرسە بولامدۇ، بولمامدۇ؟دىگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى.

ئېرى ئايالىغا زاكات بەرسە مۇتلەق بولمايدۇ،لىكىن ئايالىنىڭ مۇستەقىل مالى كۆپ بولۇپ،ئېرىگە زاكات بەرسە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىدا ئىختىلاپ بار،بەزى ئۆلىمالار يۇقىرقى رىۋايەتكە ئاساسەن بولىدۇ،دىگەن. ئەمما ئەرنىڭ ئايالىغا زاكات بېرىشى مۇتلەق بولمايدۇ.

خۇلاسە،بىز يۇقۇردا مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ بېرىش دىگەن سۈپەت ئۈستىدە توختالدۇق، مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ بېرەلەيدىغان جەمئىيەت بەختىيار جەمئىيەت،بۇنداق جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بېخىللىق بولمىغان جەمئىيەتتۇر.

ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتا،ئەسھابىلەر نۇرغۇن نەمۇنىلەرنى ياراتتى،ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتا ئىنسان ئالدى بىلەن الله بىلەن

بولغان ئەھدىگە ۋاپا قىلىشى كېرەك. ئىمان الله بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىدۇر،ئىبادەتتە الله قا باشقىنى شېرىك قىلماسلىق ئەھدىدۇر،شېرىك قىلىش الله بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ كاتتا ئەھدىگە خىيانەت قىلىشتۇر،الله ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار دەپ بۇيرىسا،الله قا ھەم باشقىغا تەڭ ئىبادەت قىلىش بۇ ئەڭ چوڭ خىيانەتتۇر.

ساھابىلەر قىينچىلىق ۋە ئاچلىققا سەبرى قىلىش بىلەن مەشھۇر بولغان، ئۇتبە ئىبنى غەزۋان رىۋايەت قىلىدۇكى،

«رەسۇللاھ بىلەن مەن يەتتىنچى مۇسۇلمان بولغان ئىدىم،بىزگە ھېچقانداق يېمەكلىك يوق ئىدى،بىر تۈپ دەرەخ بار ئىدى،ھەتتا ئاچلىقتىن شۇ دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدۇق».

ئابدۇللا ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:

«رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەم ئۇنىڭ ئەھلىلىرى كەچقۇرۇنى ئاچ ئۆتكۈزىشەتتى،ئۇلارنىڭ يەيدىغان نانلىرىنىڭ كۆپراقى ھەم

ئارپا ئىدى.»

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، «رەسۇللاھنىڭ ئاچلىقتىن ئېڭىشىپ يۈرگەنلىكىنى، قۇرسىقىنى تويغۇزغىدەك خورما تاپالماستىن كۈنلىرىنى ئاچ ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆردۈم.»

رەسۇللاھ سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ ئالدىغا ئەبۇ تەلھە قاتارلىق ساھابىلەر ئاچلىقتىن شىكايەت قىلىپ كەلدىلەر(بۇ ساھابىلەر ئانچە-مۇنچە ئاچ قالغىنىغا ئەمەس،ئاچلىق جانلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە شىكايەت قىلىشاتتى)، ئۇلار ئاچلىقتىن قۇساقلىرىغا تېڭىۋالغان تاشلارنى رەسۇللاھقا كۆرسىتىشتى(تاش سوغۇق بولغانلىقتىن ئېچىشقان ئورۇنغا راھەت بولاتتى)،رەسۇللاھمۇ قارنىنى ئېچىپ كۆرسەتتى،ئۇمۇ قۇرسىقىغا تاش تېڭىۋالغان ئىدى.

مانا ئىنسان ئۆز تىنىگە كەلگەن قىيىنچىلىققا مۇشۇنداق سەبرى قىلالىشى كېرەك بۇرادەرلەر،مانا بۇ تەقۋادا كىشىلەرنىڭ سۈپىتى.

كىسەلگە سەبرى قىلىشمۇ تەقۋا سۈپىتىدىندۇر، رەسۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم مۇندا دەيدۇ:

«بەندە كىسەل بولسا الله تائالا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ،بەندەم كەلگەن كىشىلەرگە نىمە دەۋاتىدۇ ئاڭلاڭلار دەيدۇ،ئەگەر ئۇ الله قا ھەمدە ـ سانا ئېيتىۋاتقان بولسا،الله پەرىشتىلەردىن سۇرايدۇ،ئۇ ساڭا ھەمدى ـ سانا ئېيتىۋتىپتۇ دىسە،بەندەمگە ئېيتىڭلاركى،ئەگەر ۋاپات تاپتۇرسام ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن،ئەگەر شىپا بەرسەم،تىنىنى تېخىمۇ ساق قىلىمەن،خاتالىرنى كەچۈرىمەن،دىدى»

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە كەلگەن كىسەللەرگە ھەم كۆپ سەبرى قىلاتتى،ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مەن رەسۇللاھنىڭ بېشى ئاغرىپ قالغاندا ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم،ئۇنىڭدىن بېشىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتامدۇ ئى رەسۇللاھ دەپ سورسام،ـ «ھە،مېنىڭ بېشىم سىلەردىن ئىككى ئادەمنىڭ بېشى ئاغرىغاندەك ئاغرىۋاتىدۇ،»دىدى.

مەن:ـ سىلىگە ئىككى ئەجىر بار،شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ؟دېسەم،ـ «ھە شۇنىڭ ئۈچۈن دېدى ھەم مۇسۇلمان كىشىگە بىرەر ئازار يەتكەن بولسا،الله تائالا شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خاتالىرىنى كەچۈرىدۇ،ئۇنىڭ گۇناھلىرى خۇددى كۈزدە دەرەخ غازاڭلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكىلىدۇ» دېدى.

ئەنەس ئىبنى نەزىر ئۆز ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى،بۇ كىشى بەدىر غازىتىغا قاتنىشالمىغان ئىدى،شۇڭا رەسۇللاھنىڭ مۇشرىكلار بىلەن بولغان تۇنجى غازىتىغا قاتنىشالمىدىم دەپ كۆپ ھەسرەتلىنەتتى ھەم ئەگەر رەسۇللاھ بىلەن جەڭلەردە بىرگە بولسام،رەسۇللاھ خۇشال بولىدىغان ئىشنى قىلىمەن دەيتتى،ئۇھۇد جېڭىدە مۇشرىكلار قاتتىق ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىدە،رەسۇللاھنىڭ ئەتراپىدا ساناقلىق كىشىلەر قېلىپ باشقىلىرى كېتىپ قالدى،شۇندا ئەنەس ئىبنى نەزىر:ـ ئى الله ئۇلارنىڭ رەسۇلىنى تاشلاپ كېتىپ قالغىنىغا مەن ئۆزرە ئېيتىمەن دېدى ۋە ئۇزى مۇشرىكلارغا قارشى ئىلگىرلەپ ماڭدى،سەئىد ئىبنى مۇئاز ئۇنى كۆرۈپ نەگە ماڭدىڭ دەپ

سوردى،ئۇ:ـئى سەئىد ئىبنى مۇئاز،الله قا قەسەمكى،مەن جەننەتنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ تۇرۇپتىمەن دىدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز مۇنداق دەيدۇ:جەڭدىن كىيىن بىز ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەدىنىنىڭ80دىن كۆپرەك يىرىگە قىلىچ ۋە نەيزە ئۇرۇلغان ھالەتتە تاپتۇق،ئۇ كىشىنى ياردار ھالەتتە تۇنۇغىلى بولمىدى،بۇ كىشىنى ئاكىسى ئۇنىڭ بەلگىسىگە ئاساسەن تۇنىدى، الله سۇبھانى ۋە تائالا مانا مۇشۇنداق ئىغىر ھالەتتە سەبىر قىلغۇچى كىشىنى ھەقىقى سادىق كىشىلەر ۋە ھەقىقى تەقۋادارلار دىدى.

ئەسھابىلەرنىڭ جىھاد مەيدانىدىكى پىداكارلىقلىرى ئۈستىدە توختايدىغان بولساق بۇ تۇلىمۇ ئۇزۇن تىما بۇلۇپ كىتىدۇ.

يەنە شۇنداق بىر سەبىر باركى،ئۇ بەلكىم جەڭدىكى سەبىردىن ھەم قاتتىقراق بولسا كىرەك،يەنى ھەق يولدا ئەتراپىڭىزدىكى ھەممە ئادەمنىڭ سىزگە قارىشى بۇلىشى، بۇ جەڭدىكى سەبىردىن ھەم قاتتىقراق بولسا كىرەك،بۇلۇپمۇ كىتابى سۈننەتنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قارشى بۇلۇپ تۇرىشى مانا بۇ تۇلىمۇ

ئېغىردۇر،مۇشۇنىڭغا سەبرى قىلىش مانا بۇ ھەقىقى تەقۋادارلارنىڭ سۈپىتىدۇر،سىز ھەق يولدا تۇرغىنىڭىزدا سىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتىڭىز،ياكى سىز بېقىپ چوڭ قىلغان پەرزەنتىڭىز،ياكى سىزگە مۇرۋەت قىلغان تامامى قېرىنداشلىرىڭىز سىزگە قارشى بولۇپ تۇرسا،بۇنىڭغا سەبرى قىلىش ھەم ئېغىردۇر بۇرادەرلەر.

بۇنداق چاغدا الله سەبرى ئاتا قىلمىسا ئادەم ئاسان تېيىپ كىتىدۇ،بۇ پەيغەمبەرلەر سەبرى قىلغان سەبرىدۇر،مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە فىئەۋننى بىر ئوغۇل بالىنىڭ قولىدا جان بىرىدۇ دىگەن گەپ بولدى،شۇنى بىلەن فىرئەۋىن يېڭى تۇغۇلغان بارلىق بوۋاقلارنى ئۆلتۈردى،شۇندا مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندا الله تائالا ئۇنىڭ قەلبىگە ئۇنى دەرياغا تاشلاشنى ئىلھام قىلدى، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆز دۈشمىنى بولغان فىرئەۋنىنىڭ قولىدا چوڭ قىلىشنى ئىرادە قىلدى،الله نىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرىنى ئىنسان بىلمەيدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىن باشلاپ فىرئەۋنىنىڭ ئالدىدا،

شۇنىڭ قەسرىدە چوڭ بولدى.

ﷲ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ زىننەتلىك ئورۇندا چوڭ بولۇپ،يەنە شۇ زىننەتكە ئالدانماسلىقنى ئىرادە قىلدى،شۇنداقلا ئەڭ كاتتا زالىمنىڭ ئالدىدا ئەڭ مېھرىبان بولۇشنى ئىرادە قىلدى ۋە ئەڭ كاتتا مەرھەمەتلەرنى ئېلىپ تۇرۇپ،شۇ مەرھەمەتلەرنى قىلغان كىشىنى ھەققە دەۋەت قىلىشنى ئىرادە قىلدى،ﷲ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھەقنى يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى،فىرئەۋن:ھەممە باللارنى ئۆلتۈرۈپ سىنى قالدۇرغان ئىدىم،سېنى ھەممە باللار كۆرمىگەن ھاياتتا چوڭ قىلغان ئىدىم.

« أَلَمْ نُرَبِّكَ فِينَا وَلِيدًا وَلَبِثْتَ فِينَا مِنْ عُمُرِكَ سِنِينَ»

يەنى،« سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟ [18].»(سۈرە شۇئەرا)دىدى.

بۇ بۇرادەرلەر ئىنتايىن ئېغىر ئىش بۇ،بۇنىڭغا سەبرى قىلىش، ھەقنى يەتكۈزۈش ھەممە ئادەمگە مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس،ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ھەقنى يەتكۈزۈش ھەم ئۇنىڭغا سەبرى قىلىش پەيغەمبەرلەر ھەم پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن كىشىلەرگىلا نىسىپ بولىدۇ،مانا مۇشۇنىڭغا سەبرى قىلىش ھەقىقى تەقۋا كىشىنىڭ سۈپىتىدۇر،**الله** بىر كىشىنى بىر مەقسەت ئۈچۈن تاللىسا،ئۇنىڭغا مانا شۇنداق سەبىر باسقۇچلىرىنى كۆرسىتىدۇ،چۈنكى ئۇ كەلگۈسىدە مۇشۇ باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن ئامانەتلىك كىشى بولىشى كېرەك.

مانا مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق سىنالدى، رەسۇللاھنى ئەبۇ تالىپ ئۆز ئوغۇللىرىدىن چارە كۆرۈپ تەربىيە قىلغان ئىدى،ئەمما رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تالىپنىڭ ناتوغرا سۆزىگە كىرمىدى ھەم ئۇنى ھەققە دەۋەت قىلدى،ھەتتا ئۇلۇڭ قۇلۇمغا ئاينى،سول قۇلۇمغا كۈننى بەرسەڭلارمۇ بۇ يولدىن يانمايمەن،يا مۇشۇ ئىش غەلبە قىلىدۇ يا مەن مۇشۇ يولدا ئۆلىمەن دىدى.

ئىمان،تەقۋا مەسلىسى مانا مۇشۇنداق بولىشى كېرەك، ئۇ خالىساق قىلىدىغان، خالىمىساق قىلمايدىغان مىزاجى مەسىلە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

الله سۇبھانى تائالا ئەنەس ئىبنى نەزىر ھەققىدە:

« مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُم مَّن قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا»

يەنى،« مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر داددىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله قا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق [23].»(سۈرە ئەھزاب)

دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى،بىزدىن ئەھدىنى بۇزغانلار ئۆتۈپ كەتتى،ئەمدى قالغانلار ئەھدىنى بۇزامدۇ- يوق،بۇلار الله تائالانىڭ ئىمتىھانىدا،

« بەزىسى (شىبھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە»

دېگەن ئايەت تىرىكلەرگە ئىشارە.

الله «غەرىبلەرگە الله نىڭ مۇبارەكلىرى بولسۇن» دېگەنلەر.
ھەقىقى غەرىب كىم؟غەرىبنىڭ بىر قانچە مەناسى بار،غەرىب شۇكى،ياش،ھەۋەسمەن،ئويۇن-كۈلكىگە قىززىققان،نىمە قىلاي دىسە شۇنى قىلالايدىغان مەزگىلدە،الله مىنى نىمىگە بۇيرۇپتۇ؟ شۇنى بىلىۋالاي، قايتۇرغاندىن قايتاي دىگەن ياش يىگىتلەر ھەقىقى غەرىبلەردۇر.
الله نىڭ مۇبارەكلىرى شۇنداق يىگىتلەرگىدۇر. ئەتراپىدىكى

ھەممە ناھەق يولدا تۇرۇپ،ئۇ خاتا يولدا دەپ تۆھمەت قىلىنغان،ئەمما الله يۇلىدا ھەممىنى كۆتۈرۈپ،ھەقتىن سىلجىماي تۇرغانلار ھەقىقى غەرىبلەردۇر.

الله مانا مۇشۇنداق غەرىبلىككە رەسۇللاھنىڭ تىلى بىلەن «مۇبارەك بولسۇن» دەيدۇ.

تەقۋا مانا شۇدۇر. ئەبۇ ۋاقىدىلللەسى رىۋايەت قىلدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىكىر قىلىپ ساھابىلەرگە بەزى نەرسىلەرنى ئەسلىتىپ:

«كىلىچەكتە فىتنە بۇلىدۇ»دىدى،ساھابىلەر:ـ شۇ فىتنىگە دۇچكەلگەندە نىمە قىلىمىز؟ دەپ سوردى، رەسۇللاھ:ـ شۇ دەۋرگە مۇراجەت قىلىسىلەر،شۇ ۋاقىتتا توغرا دىيىلگەننى ئالىسىلەر،تەرك قىلىنغاننى تەرك قىلىسىلەر،دىدى.

ئىمامى تىرمىزى رەسۇللاھنىڭ مۇنداق بىر ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغان:

ئادەملەرگە بىر زامان كىلىدۇكى،ئۇممىتىمدە ئىختىلاپ

كۈچەيگەندە،مېنىڭ سۈننىتىمنى تۇتقان ئادەم چوغنى تۇتقاندەك تۇتۇپ تۇرىدۇ.

ھەقىقەتتە سۈننەت ئەمەلنى قىلىشكىز كۆلكە بۇلىسىز،فىتنە ھەممە ئىش بۇلىدۇ،شۇڭا سۈننەتنى تۇتۇش ناھايىتى ئېغىردۇر بۇرادەرلەر.

«تەقۋا كىشىلەر پەرزەنتلىرىدىن،ئەھلىلىرىدىن مەھرۇم بولغانلىقىغا سەبرى قىلىشىدۇ.»

ئەگەر رەسۇللاھنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرى بولغاندا كىشىلەر ئەرگىشىپ كىتەتتى، شۇڭا الله رەسۇلىغا ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىپ ئاندىن ئۇنى ۋاپات تاپتۇردى.

مانا شئە مەزھىپىدىكىلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە تامامى باتىل ئەقىدىلەرنى توقۇشۇپ يۈرىشىدۇ، ئەسھابىلەردىن ئەبۇ تەلھە، يەنى جەننەتنىڭ ھىدىنى ھىدلاۋاتىمەن دەپ شېھىد بولغان، مالىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى الله نىڭ يولىدا بەرگەن ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ كىچىك بالىسى ۋاپات تاپتى، ئەبۇ تەلھە قايتىپ كەلدى

ھەم ئوغلۇمغا نىمە بولدى؟ دەپ سوردىلەر، ئايالى ئۇممۇ سەلىم:

ـ ئەۋۋەلقى ھالىتىدىن تىنچراق بولۇپ قالدى،دىدى.

ئەبۇ تەلھە بۇنى ئۇخلاپ قالدى دەپ چۈشەندى، ئاندىن ئۇلار غىزالاندى ھەم شۇ كىچىدە ئۇلار بىرگە بولدى، شۇندىن كىيىن ئايالى ئەمدى بالىنى ئوراپ قويايلى دىدى، بۇ يەردە ئايال كىشى ئەر كىشىنى قانداق كۈتىۋېلىشنى ئىسلام بىزگە تەلىم بىرىۋاتىدۇ، يەنى تەشۋىشنى خاتىرجەم قىلىشنى بايان ئېتىۋاتىدۇ.

ئەبۇ تەلھە ئەتىسى بالىنى رەسۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلدى،رەسۇللاھ ئەبۇ تەلھەگە:ـ ئىككىڭلار مۇبارەك كىچىنى ئۆتكۈزدىڭلار دىدى.

ئەبۇ تەلھە:ـ ھەئە،دىدى.

رەسۇللاھ:ـ الله سۇبھانى تائالا ئىككىڭلارغا بەرىكەت بەردى،دىدى.

كىين ئەبۇ تەلھە بىر پەرزەنتلىك بولدى ھەم ئۇنى رەسۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى،رەسۇللاھ ئۇنى خورما بىلەن

ئىبغىزلاندۇرۇپ بەردى ھەم :ـ الله سىلەرگە پەرزەنت بەركاتىنى بەردى دىدى.

ئەنسارلاردىن بىر كىشى،مەن ئەبۇ تەلھەنىڭ توققۇز ئوغلىنى كۆردۈم،ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھافىزى قۇرئان ئىدى،دەيدۇ.

ئەسھابىلەرنىڭ ھەممىسى مانا شۇنداق ئىدى، مال سەرىپ قىلسا ئەڭ ياخشىسىنى بىرەتتى، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا سەبرى قىلاتتى، جەڭ مەيدانىدا تەنلىرى پارە-پارە بۇلۇپ كەتسمۇ، جەڭدىن قايتمايتتى، قايسى مەيدانىدا ياخشى سۈپەت بولسا شۇنى ئىگىلەيتتى

بىز بۇ دەرسىمىزدە الله سۇبھانى تائالانىڭ كىتابىدىكى تەقۋا سۈپىتىنىڭ ئورنىنى ئۆگىنىپ ئۆتتۇق ھەم مۇتتەقىنلەرنىڭ تارىخىدىن ئىككى تەقۋا سۈپىتىنى ئۆگەندۇق،الله سۇبھانى تائالانىڭ بۇ سۈپەتلەرنى ئۆز ھاياتىمىزغا تەدبىق قىلىشقا ھەم بىزنى شۇ سۈپەتتىكى كىشلەردىن بۇلۇشقا نىسىپ قىلسۇن.

مۆئمىن ئادەم ئەگەر ئۆزىدە بۇ ئىسلامى ئەخلاقلارنى مۇجەسسەم قىلاسا،تەۋرەنمەس تاغقا ئوخشاش ئۇنى ھېچقانداق مۇسىبەت

تەۋرىتەلمەيدۇ،ئۇ مۆئمىن ھەم ھەممە مۇسىبەتتىن ئۈزىگە خۇلاسە چىقىرۋالىدۇ،بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتنىڭ ئىگىسى بولىدۇ،تەقۋا سۈپىتى بۈگۈنكى ھاياتىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغاچقا ئۇ ھەقتە كۆپرەك توختۇلۇپ ئۆتكىنىمىز مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

## 13.تەقۋانىڭ ماھىيتى ھەققىدە

ئالدىنقى دەرسىمىزدە الله تائالا ياخشى كۆرگەن سۈپەتلەردىن تەقۋا سۈپىتىنى ئۆگەنگەن ئىدۇق ھەم ئۇنىڭ ئىككىنچى تەئرىپىنى تاماملىغان ئىدۇق.

بۈگۈنكى دەرسىمىزدە ئۈچۈنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى تەئرىپلەرنى ئۆگىنىمىز.

الله سۇبھانى تائالا قۇرئاندا مۇتتەقىنلەرگە قىيامەتتە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلىرنى بايان قىلغاندىن كېيىن،

«الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ، الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالأَسْحَارِ»

يەنى،« ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ [16]. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (الله قا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر [17].»(سۈرە ئال ئىمران)

دەپ مۇتتەقىنلەرنىڭ شۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى بايان قىلدى، ئالدىنقى تەئرىپلەردە بۇ تىلغا ئېلىنغان بولدى۔ يۇ، ئەمما بۇ يەردە تەپسىلى بايان قىلىنغان بولدى.

بىرىنچى،الله سۇبھانى تائالا مۇتتەقىن بەندىلىرىنى

« الصَّابِرِينَ »

بەندىلەر دەپ سۈپەتلىدى،بۇ سەبىر ئالدى بىلەن مۆئمىن كىشىنىڭ ئىسلام يولىدا قىلىۋاتقان ئەمەلىگە بولغان سەبىر، جىسمىغا يەتكەن ئازاپ، ئازارلارغا بولغان سەبىر، مالىغا يەتكەن ئازارلارغا سەبىر ۋە روھى قىينچىلىقلارغا بولغان سەبىردۇر.

خۇلاسە شۇكى،الله تائالا بۇ سەبىرنى ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن قىلدى، سەبىر ئىمانغا نىسبەتەن ئىنساننىڭ جىسمىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، خۇددى بىر باشسىز ئىنساننى تەساۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، سەبىرسىز ئىماننى تەساۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، رەسۇللاھ سەللەلاھى ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ ھەدىسلىرىدە شۇنداق دېيىلگەن.

«وَالصَّادِقِينَ»

بىرىنچىدىن الله قا سادىق بولۇش،الله نىڭ بۇيرىقىنى ئۆزى قىلىش ۋە بايان قىلىش، مانا بۇ الله قا سادىقلىقتۇر.

ئىككىنچى تىلدىكى سادىقلىق، رەسۇللاھ سەللاھى ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ ھەدىسلىرىدە:

«ساداقەت(راستچىللىق) ئىنساننى كۆپ ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدۇ،كۆپ ياخشىلىق ئىنساننى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ،كىشى بىردەملىك راستچىللىقى بىلەن سادىق بولۇپ قالمايدۇ، كىشى ھەر بىر مۇئاملىسى، تىلىدە سادىق بولۇپ بېرىشىرىدۇ، ھەتتا الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا سىددىقلار سېپىدىن ئورۇن ئالىدۇ.» دەيدۇ.

مۇسا ئىبنى ئۆمەير ۋە ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئۇھۇد جېڭىدە شېھىد بولدى،ھەممىمىزگە مەلۇم ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىب رەسۇللاھ سەللەلاھى ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ تاغىلىرىدىن ئىدى، مۇسا ئىبنى ئۆمەير

ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى هازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، مەككىنىڭ كاتتا بايۋەتچىلىرىدىن ئىدى، ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، هېچكىمگە يىگۈزمىگەن تائامنى يىگۈزۈپ، هېچكىم كىيمىگەننى كىگۈزۈپ تۇرغان ئانىسى هەممە ئازارلارنى قىلىشقا باشلىدى، مانا مۇسا ئىبنى ئۆمەيردەك مەككىنىڭ بايۋەتچىسى بولۇپ يۈرگەن يىگىت ئۇهۇد جېڭىدە رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ،شۇ جەڭدە شېهىت بولدى،دەپنە قىلغاندا باشلىرىنى يۆگىسە ئاياقلىرى ئېچىلىپ قالدى،ئاياقلىرىنى يۆگىسە باشلىرى ئېچىلىپ قالدى،شۇندا رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىزخىر دىگەن دەرەختىن ئېلىپ كەلدى ـ دە،شۇنىڭ بىلەن ئاياقلىرىنى يۆگەپ قويدى،

«مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُم مَّن قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا»

يەنى،« مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا

چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله قا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق [23].»

دىگەن بۇ ئايەت كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەرنىڭ دىگىنىگە ئاساسلانغاندا ،ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ ،مۇسا ئىبنى ئۆمەير ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ساھابە ئىكراملار ھەققىدە نازىل بولغان ،الله بىلەن بولغان ئەھدىدە سادىق بولۇش ساھابىلەردە كۆپ تېپىلاتتى ،الله ۋە رەسۇللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ ،شۇ ئىماندىن شۈبھىلەنمىگەن ،ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەرنى الله سادىقلەر دىدى:

«إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي

سَبِيلِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ»

يەنى،« شۈبھىسىزكى، (ھەقىقي) مۆمىنلەر اﷲ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن اﷲ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر» [15].»(سۈرە ھۇجۇرات15ـ ئايەت)

ھەم سادىقلەرنى اﷲ تائالا مۇتتەقىنلەر دەپ سۈپەتلىدى،

« أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ»

يەنى،«ئەنە شۇلار راستچىل ئادەملەردۇر،ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەدۇر»(سۈرە بەقەرە177ـ ئايەت)

دىمەك،ئىنسان اﷲ بىلەن بولغان ئەھدىگە سادىق بولماي

تۇرۇپ، نامە-ئەمەللىرىدە سادىق بولماي تۇرۇپ تەقۋا دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ،

«وَالْقَانِتِينَ»

بۇ الله قا قەلبىدىكى لەززەت بىلەن ئىتائەت قىلىشتۇر، الله نىڭ بۇيرىقىغا «خۇزۇئ» ، يەنى لەززەت بىلەن ئىتائەت قىلىش«قانىت»دېيىلىدۇ، تەقۋا سۈپىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەر«خۇزۇئ»سۈپىتىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، تەقۋا سۈپىتىگە ئىگە بولالمايدۇ، الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا ھەۋا بىلەن ئەمەس،ئۇنى لەززەت بىلىپ ئىتائەت قىلىش تەقۋا سۈپىتىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر،

«وَالْمُنفِقِينَ»،

يەنى ئىنفاق بۇ ھەقتە بىز بۇرۇن توختالغىنىمىز ئۈچۈن بۇ

يەردە قىسقىچە توختىلىمىز،الله يولىدا ماللىرىنى ئىنفاق قىلالىغان كىشىلەرگىنە تەقۋا بولىشى مۇمكىن،بەزى كىشىلەر ئىلىم ئوقۇشقا تولىمۇ مۇستەھكەم، كەچقۇرۇن ئىبادەت قىلىشتا ھەم مۇستەھكەم، الله يولىدا جانلىرىنى ئايىماسلىققا ھەم تەييار، لىكىن مالى بىلەن بولغاندا ئۇ مەيداندا تېپىلمايدۇ.

« وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالأَسْحَارِ »

الله تائالا تەقۋا كىشىلەرنى سەھەرلەردە ئىستىغفار ئېيتقۇچى دەپ سۈپەتلىدى، ھازىر ھەم يەنى تەكرار ئېيتىمىز، كىشىلەردە ھەر خىل سۈپەتلەر تېپىلىدۇ، بەزى كىشىلەر مالىنى ھەم ئىنفاق قىلىدۇ،لىكىن سەھەرلەردە ئىستىغفار ئېيتىش سۈپىتى ئۇلاردا تېپىلمايدۇ، بۇ سۈپەتلەرنى الله تائالا بىر قاتار ئورۇندا كەلتۈرىدىكى، كىشى بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىمىگىچە تەقۋا سۈپىتىگە ئىگە بولمايدۇ.

«الله تائالا ھەر كېچىدە ،كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ،كىم دۇئا قىلسا دۇئالىرنى ئىجابەت قىلىمەن،كىم ئىستىغفار ئېيتسا گۇناھلىرنى مەغفىرەت قىلىمەن دەپ» .

ئەگەر ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن بىرەر ئادەم مۇشۇ يەرگە كېلىدىكەن دىسە، مالۇ دۆلەتتىن ئەرزىمەس بىرەر نەرسە بىرىدىكەن دىسە ھەممە ئادەم شۇ يەرگە ھازىر بۇلىدۇ،مۇشۇ ئىش بىر يىلدا بىر بولسا ھەم شۇنداق.

ئەمما الله سۇبھانى تائالا ھەر كېچىدە كىم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىمەن،كىم ئىستىغفار ئېيتسا مەغفىرەت قىلىمەن دەيدۇ،ئىنسان نۇرغۇن ساھەلەردە غەپلەتتە قالىدۇ،كىشىگە مالۇ دۆلەت ۋەدە قىلغان شۇ كىشى ئۇنى تۇنمايدۇ، ئەمما الله تائالا ئۇنى تۇنىيدۇ، ئۇ كىم، ئۇنىڭ نەسەبى ھەممىنى بىلىدۇ، مانا شۇنداق بىلىدىغان زات، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا، ئۇيقۇنىڭ شىرىن ۋاقتىدا نىدا قىلىدۇ.

« وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلاَّ عَلَى الْخَاشِعِينَ »

يەنى، «ناماز الله تىن قورققۇچىلاردىن (يەنى،كەمتەرلىك بىلەن الله قا بويسۇنغۇچىلار) باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر.»(سۈرە بەقەرە 45-ئايەت)

بەزى سۈپەتلەر تەكرار بولسا ھەم بىز داۋاملىق ئېيتىمىز، تۆتىنچى سۈپەت

«الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاء وَالضَّرَّاء وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ»

يەنى،«تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل-مال) سەرىپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇپ)

ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بۇزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر» (سۈرە ئال ئىمران134 ـ ئايەت)

ھاياتتىكى نۇرغۇن خاتالىقلارنى تەكشۈرۈپ كۆرسىڭىز ئاچچىقىنى يۇتالماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ،ئاچچىقىنى يۇتۇش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى، بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان ئاچچىقىنى يۇتۇش ئۈچ ئىبلىشقا قادىر، ھەر نەرسە قىلالايدىغان تۇرۇپ ئاچچىقىنى يۇتۇشتۇر.

رەسۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممىسى مۆئمىنلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئاچچىقىنى يۇتقۇچى كىشى بولغان، بۇنداق مىساللار تارىختا ئىنتايىن كۆپ، رەسۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزلىرى قانغا بۇياپ،ئۇنىڭغا شۇنچىلىك قاتتىق ئازار بەرگەن ۋاقىتتا، رەسۇللاھ يۈزلىرىدىن قاننى سۈرتىۋېتىپ:

«ئى **الله** خەلقىمنى كەچۈرگىن،ئۇلار بىلمەستىن ماڭا ئازار

قىلىۋاتىدۇ» دەپ دۇئا قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز سەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى:

«رەسۇلۇللاھ سەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتىم،ئۇستىدە نەجرانى بىر تون بار ئىدى،بىر ئەئرابى ئۇچراپ،ئۇنىڭ تونىدىن شۇنداق قاتتىق تارتتىكى،مەن تون ياقىسىنىڭ ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى قىزاتىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم،ئۇ:- ئى مۇھەممەد ئالدىڭدىكى الله نىڭ مالىدىن ماڭا بەر دىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاراپ كۈلدى-دە،بۇنىڭغا بۇ ماللاردىن بىر مەرھەمەت قىلىڭلار دىدى.»

بۇنداق مىساللار ناھايتى كۆپ،پەيغەمبىرىمىز سەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەپۇ قىلىش،ئاچچىقىنى يۇتۇش ھەققىدە ئەڭ ئالىي ئەخلاق بېرىلگەن ئىدى،ھەتتا باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇپ،الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىلەركى:

«سەدىقات مالنى كەمەيتىۋەتمەيدۇ، الله تائالا ئەپۇ بىلەن

ئىنسانغا ئىززەتنى زىيادە قىلىدۇ، بىر كىشى **الله** ئۈچۈن تەۋەززۇ قىلسا، **الله** ئۇنى كۆتىرىدۇ»

دەپ بۇ ئۈچ سۈپەتنى ئىنساننىڭ كامالىتىگە سەۋەب بولىدۇ دەپ بايان قىلدىلەر.

مۇتتەقىنلەرنىڭ يەنە بىر سۈپىتى:

«وَاللّٰهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ»

يەنى«**الله** ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى(مۇھسىنلەر) دوست تۇتىدۇ»مۇھسىنلەر كىم؟بىرىنچى،**الله** قا بولغان ئىبادەتتە مۇھسىن بولغانلار،ئىھساننىڭ نىمىلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم،بۇ ھەقتە رەسۇللاھتىن سورالغاندا:«ئىھسان **الله** نى كۆرۈپ تۇرغانداك ئىبادەت قىلىشىڭىز،ئەگەر **الله** نى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلالمىسىڭىز،**الله** مىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ **الله** قا سېغىنىشىڭىزدۇر دىدىلەر.»

پەيغەمبىرىمىز سەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىسلەردە

ئېيتىلەركى،

«الله ھەر بىر نەرسىگە ئىھسان قىلىشنى پەرىز قىلىدى، ھەتتا جەڭ مەيدانىدا كافىرلارنى ئۆلتۈرگەندە ھەم ئىھسان قىلىشنى كىتابەت قىلدى.»

ئىسلامدا جەڭ مەيدانىدا دۈشمەننىڭ بۇرۇن، قۇلاقىنى كېسىشكە يول قويۇلمايدۇ، ئەمما باشقا مىللەتلەر ئۆز دۈشمىنىگە نىمە خارلىق بولسا، ھەممىسىنى قىلىدۇ.

«كىم بىرەر ھايۋاننى سويسا ھەم ئۇنى چىرايلىق سويسۇن، سويىدىغان سايمىنىنى ئىتتىك قىلسۇن، سويىلىدىغان ھايۋاننى راھەتلەندۈرسۇن.»

ئىھسان مانا مۇشۇ ئەمەللەردىمۇ بولىشى كېرەك.

دىمەك ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، ھەتتا دەرەخلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە ئىھسان سۈپىتىنى قىلمىسا، مۇھسىن، تەقۋا بولۇش مۇقامىغا يىتەلمەيدۇ.

ئىھسان ھەتتا ئالدى-ساتتىدا ھەم بولمىقى كېرەك، رەسۇلۇللاھ:

«ساتقاندا،ئالغاندا ھەم قەرزىنى تەلەپ قىلغاندا كەڭ مۇئامىلدە بولغان كىشىگە الله نىڭ رەھمىتى بولسۇن»دىدى.

تەقۋا سۈپەتلىرىدىن يەنە بىرسى شۇكى:

«ئادەم ئەلەيھىسالامنىڭ ئەۋلادى كۆپ خاتا ئۆتكۈزگۈچىدۇر،خاتادا داۋام ئەتمەسلىك تەقۋا سۈپىتىدىندۇر.»

خاتادىن خالىي بۇلۇش تەقۋادارلىق ئەمەس بۇرادەرلەر،قۇرئانى كەرىمدە الله تائالا ماختىغان بەندىلەرنى خاتادىن خالىي بەندىلەر دەپ ماختىغىنى يوق،

«وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ»

يەنى،«ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ»(سۈرە ئال ئىمران135ـ ئايەت)

بىر خاتانى داۋاملاشتۇرمىغان كىشىلەر ئۆزىدە تەقۋا سۈپىتىنى مۇجەسسەملىگەن كىشىلەردۇر.

ئالتىنچى تەقۋا سۈپىتى غەيبپتە الله تائالادىن قورقۇش ۋە قىيامەتتىن قورقۇش،يەنى قىيامەتتىكى ئەھۋاللارنى ئېسىگە ئېلىپ قورقۇش بۇ ھەم تەقۋا سۈپىتىدىندۇر.

الله تائالا قۇرئاندا:

« وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى وَهَارُونَ الْفُرْقَانَ وَضِيَاء وَذِكْرًا لِّلْمُتَّقِينَ ، الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِالْغَيْبِ وَهُم مِّنَ السَّاعَةِ مُشْفِقُونَ»

يەنى،« بىز ھەقىقەتەن موسا بىلەن ھارۇنغا فۇرقاننى (يەنى ھەق بىلەن باتىلنى، ھالال بىلەن ھارامنى، ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنى ئايرىغۇچى تەۋراتنى)، نۇرنى، تەقۋادارلارغا (پايدىلىنىدىغان) ۋەز- نەسىھەتنى بەردۇق [48]. تەقۋادارلار پەرۋەردىگارىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ھەمدە ئۇلار قىيامەتنىڭ (دەھشىتىدىن) تىترىگۈچىلەردۇر [49].» (سۈرە ئەنبىيا)دەيدۇ.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ قورقىشى الله تائالادىن بولىشى كېرەك، مۇسۇلمان كىشى الله تىن باشقىدىن قورقمايدۇ.

يەنى،ئۆزىنىڭ سەلىم ئىماندا تۇرغاندا الله تىن باشقىدىن قورقمايدۇ.

ئەمما،سەلىم ئىماندىن تاشقىردا تۇرغاندا قورقىشى مۇمكىن. ئىنساندىكى غەيىپتىن قورقۇش بۇ غەرىزدۇر،ئەگەر ئىنسان بۇ غەرىزەسىنى توغرا يول بىلەن قاندۇرمىسا،ئۇنى باشقا بىر خاتا يۆنىلىش بىلەن قاندۇرىدۇ.

ھېچكىم كۆرمەيدىغان ئورۇندا الله تىن قورقماي يۈرگەن كىشىلەر كۆلەڭگىلەردىن، ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان پەس، رەزىل كىشىلەردىن ھەم قورقۇپ ياشايدۇ بۇرادەرلەر.

بۇ قورقۇشتىن ئىنسان قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھېچكىم كۆرمەيدىغان ئورۇندا الله تىن قورقۇش ئىنساننىڭ ھەركىتىنى توغرا يۆنىلىشكە سالىدۇ، ئىنسان ئەگەر قورقۇشتىن ئىبارەت شۇ غەرىزەسىنى توغرا يول بىلەن قاندۇرمىسا،ھېچ قورقۇشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەردىن قورقۇپ ياشايدۇ.

« إِنَّ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِالْغَيْبِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ »

يەنى،« پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ [12].»(سۈرە مۇلك)

الله تائالادىن يالغۇز قالغاندا قورقۇش، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئىمتىيازلىق سۈپەتلىرىدىن بولغان،

«الَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَالَاتِ اللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا اللَّهَ وَكَفَى بِاللَّهِ حَسِيبًا»

يەنى،« ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) الله نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، الله تىن قورقىدۇ، الله تىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ الله تىن غەيرىيدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)، الله (ھەممە ئىشلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر [39].»(سۈرە

ئەھزاب)

ھەقىقى ئىسلام ئۆلىمالىرى الله تىن قورقىدۇ،

« إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاء »

يەنى،« الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله تىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ،»(سۈرە فاتىر28-ئايەت)

ئەگەر ئالىم بۇلۇپ، الله تىن قورقۇش ھاسىل بولمىسا، بىلىڭكى ئۇ يۈزەكى ئالىم ئىكەن.

الله تىن ھەقىقى قورقۇش الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئۇلىمالارغا نىسىپ بولغان. ئۇلىمالىق سۈپىتىنى دەۋا قىلغان ئادەمدە ئەگەر الله تىن قورقۇش ھاسىل بولمىسا، ئۇنىڭدىكى ئىلىم يۈزەكى ئىلىم بۇلىدۇ.

خوپ. ھەممىمىز الله تىن قورقىمىز دەپ دەۋا قىلىمىز،ئەمما

الله تائالا ئۆزىنىڭ كالامىدا قورقۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بىر ئۆلچەم بىكىتتى،

« اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَابًا مُّتَشَابِهًا مَّثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ... »

يەنى،« الله سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز - نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن الله نىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى الله نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)... [23].»(سۈرە زۇمەر)

« لَوْ أَنزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ اللَّهِ »

يەنى،« ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ الله تىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ،»(سۈرە ھەشر21ـ ئايەت)

مانا بۇ ئايەتلەر الله تائالانىڭ ئەڭ گۈزەل بىر خەبەرنى چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنسا الله تىن قورققان كىشىلەرنىڭ تەنلىرى تىترەپ كېتىدۇ،قەلبى الله تەرەپكە مايىل بولىدۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغاندا بۇنىڭدىن بىر تەسىرلىنىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مايىللىق پەيدا بولىشى الله تىن قورقۇشنىڭ بەلگىلىرىدىندۇر.

مۇتتەقىنلەرنىڭ قىيامەتتىن قورقىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ:

بىرگە رەسۇللاھ بىر خۇتبە ئوقىدىلەر، مەن بۇنداق خۇتبىنى بۇرۇن ئاڭلىمىغان ئىدىم، رەسۇللاھ مۇنداق دىدى:

«ئەگەر مەن بىلگەن نەرسىنى بىلگىنىڭلاردا ئاز كۈلۈپ،كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار»

شۇندا ئەسھابىلەر يۈزلىرىنى تۇسۇۋالدى-دە، ئىسەدەپ يىغلاشتى. ئەسھابىلەرنىڭ ھەممىسى كەچقۇرۇنلىقى كۆپ يىغلىشاتتى، ئابدۇللا ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇللاھنىڭ ئىچىدىن قازان قايناۋاتقاندەك تاۋۇش چىقىپ تۇرغان ھالەتتە نامازدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم،دەيدۇ.

ئەسھابىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغاندا كۆپ يىغلىشاتتى، رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

«الله تىن قورقۇپ يىغلىغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ.»دىدىلەر.

«الله يولىدا چىققان توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتىنى

جەملەنمەيدۇ» دېدىلەر.

تۇزان الله يولىدا سەپەرگە چىقىپ،شۇ سەپەردە قونغان تۇپا ـ چاڭدۇر،رەسۇللاھ ئەنە شۇ تۇزان بىلەن بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتىنى جەملەنمەيدۇ دېدىلەر.

الله تائالا يەنە قىيامەتتە ئۆز ئەرشىنىڭ سايىسىدا سايىلاندۇرىدىغان يەتتە تائىپەنىڭ بىرىنى خالىي جايدا الله تىن قورقۇپ كۆز يېشى قىلغان كىشى دېدىلەر.

الله تائالا ئۈچۈن ئىككى قەتىر ۋە ئىككى ئىزدىن سۆيۈملىكراق نەرسە يوق،

بىرسى الله تىن قورقۇپ يىغلاپ تۆكۈلگەن ياش،

ئىككىنچىسى الله يولىدا تۆكۈلگەن شېھىدلىك قېنى، بىرسى الله يولىدا يۈرگەن ئىز،

يەنە بىرسى الله نىڭ پەرزىنى بىجىرش ئۈچۈن يۈرگەن ئىز .

مۇتتەقىنلەرنىڭ ئالتىنچى تەئرىپى توغرىسىدا الله سۈرە زارىياتتا

مۇتتەقىنلەرنىڭ جەننەتلەردە ۋە ئېقىپ تۇرىدىغان چەشمىلەر ئارىسىدا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن:

« إِنَّهُمْ كَانُوا قَبْلَ ذَلِكَ مُحْسِنِينَ»

يەنى،«ئۇلار بۇندىن ئىلگىرى (دۇنيادىكى ۋاقتىدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى.» دەيدۇ.

مۇھسىنلەرنىڭ تەئرىپىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق،ئۇلار:

«كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ ، وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ ، وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ»

يەنى،« ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى [17]. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى [18]. ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقىقا ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە

موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى) [19].»(سۈرە زارىيات)

بەزى ئايەتلەردە:

« وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّائِلِ»:« وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ»

يەنى،«ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىر ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرلارغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات)بېرىدۇ»(سۈرە مائارىج24ـ ئايەت)

دەپ كىلىدۇ، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كىشى تاپقان مۈلكىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئايرىپ ياشماقلىقى كېرەك بۇرادەرلەر، ئۆزى سودا، ھۈنەر ياكى باشقا ئىش قىلىدىغان بولسا،شۇنىڭدىن تاپقان نەرسىسىدىن سائىل(سورغۇچى) ياكى سوراشتىن ئويلىدىغان كىشلەرگە مەلۇم نىسبەتتە ئايرىپ ياشماقلىقى كېرەك.

مانا بۇ مۇتتەقىنلەرنىڭ سۈپىتى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەچقۇرۇندا ناھايىتى ئاز ئۇخلىغانلىقى توغرىسىدىكى تەئرىپلەر كۆپ،ئەگەر بۇ ھەقتە توختىلىدىغان بولسا ئىنسان خىجىل بولىدۇ،ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى:

«بىر كىچىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇدۇم،سۈرە بەقەرەنى باشلىدى،يۈز ئايەت ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن ئەمدى رۇكۇ قىلسا كېرەك دەپ كۈتۈپ تۇردۇم، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى، سۈرە بەقەرەنى بىر رەكەتكە ئوقۇسا كېرەك دەپ تۇردۇم، يەنە داۋام ئېتىپ سۈرە نىساغا ئۆتتىلەر، سۈرە نىسا تۈگەپ سۈرە ئال ئىمراننى باشلىدى، ئۇ تۈگىسە يەنە بىر سۈرە باشلىدى تەسبىھ ئايەتلىرىدە تەسبىھ ئوقۇدى، تىلەش توغرىسىدىكى ئايەتلەردە الله تىن رەھمەت تىلىدى، ئازاپ ئايىتى كەلسە ئازاپتىن پاناھ تىلىدى، كېيىن رۇكۇ قىلىدى،

رۇكۇدا ھەم قىيامدا تۇرغان مۇددەتتە تۇردى، رۇكۇدىن تۇرۇپ يەنە قىيامدا تۇرغانچىلىك تۇردى، ئاندىن سەجدە قىلدى، سەجدىدە ھەم قىيامدا تۇرغانچىلىك ئۇزۇن تۇردى.» بۇنى ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مانا بۇ كېچىلىرى قىيامدا تۇرغۇچى مۇتتەقىنلەرنىڭ كامىل سۈپىتى، رەسۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەچقۇرۇندىكى بۇ ھالىتى ئۇنى كۈندۈزدىكى جىھاتتىن توسمايتتى، ماللىرىدىن ئاجىزلارغا ئىنفاق قىلىشتىن توسمايتتى، پۈتۈن دۇنياغا مەكتۇپ يوللاش ھالىتىنى بۇزمايتتى، ساھابىلەر رەسۇللاھنى جىھات مەيدانىدا شىجائەتلىك، كەچقۇرۇنلىقى روھلۇق، ماللىرىدىن ئاجىزلار بەھرىمەن بولىدىغان كىشى ئىدى دەپ سۈپەتلىشەتتى.

رەسۇللاھ مانا بىزگە ئوخشاش زەئىپ، ئاجىز كىشىلەرگە ئېيتتىكى، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ:

«ئەگەر بىر كىشى ئۈز ئايالىنى ئويغىتىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا ياكى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا الله نى زىكىر قىلىپ تۇرىدىغان كىشلەر قاتارىغا كىرىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى: «بىر كىشى سۈبھىگىچە ئۇخلاپ قالغان كىشى توغرىسىدا سورغاندا،بۇ كىشى شەيتان ئىككى قۇلىقىغا ياكى بىر قۇلىقىغا بەۋىل قىلىپ (سىيىپ)قويغان كىشىدۇر دىدىلەر.»

ئەگەر بىر ئادەم شەيتانىنىڭ قۇلىقىغا بەۋىل قىلىپ قۇيىدىغانلىقىنى بىلسە، شۇ كىشى كىچىسى ئۇخلىمايدۇ، قۇلىقىغا ئەمەس بىرەر كىيىمىگە بەۋىل قىلىپ قۇيىشىنى بىلگەن كىشى ئۇخلىمايدۇ.

رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام مانا سۈبھىگىچە ئۇخلاپ قالغان كىشىنى شەيتان قۇلىقىغا بەۋىل قىلىپ قويغان ئادەم دىدىلەر.

بىز بۇنىڭ كەيپىياتىنى بىلمەيمىز بۇرادەرلەر،بۇ قۇلاقنى تازلاش

تىۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ تازلاش ئەمەس،بەلكى سۈبھىدىن

ئىلگىرى تۇرۇشتۇر بۇرادەرلەر.

رەسۇللا ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر ۋاقىئى ھالەتنى

سۆيەتلىدىلەركى،

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇخلىغان ۋاقىتتا شەيتان ئۈچ تۈگىنچە

بىلەن باغلاپ قۇيىدۇ،تۇرماقچى بولسا ئۇخلا تېخى كىچە ئۇزۇن

دەپ كىشىنى بىخۇتلاشتۇرىدۇ.

كىمكى تۇرۇپ الله نى زىكرى قىلسا بىر تۈگىنچە

يېشىلىدۇ،تاھارەت ئېلىش بىلەن ئىككىنچى تۈگىنچە

يېشىلىدۇ،ناماز ئوقۇش بىلەن ئۈچىنچى تۈگىنچە يېشىلىدۇ.

تۇرسا تەبئىتى تازا بۇلۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.تۇرمىسا تەبئىتى كىر

بۇلۇپ تۇرىدۇ.»

ئۇنىدىن كىيىن ھەر كۈنى شۇ ئەھۋال داۋاملىشىدۇ بۇرادەرلەر.

الله مانا سۈرە فۇرقاندا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرنى

كۆپ سۆيەتلىدى،بۇنى تەكرار بولسمۇ يەنە ئېيتىمىز،

«وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا»

يەنى،«مەرھەمەتلىك الله نىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ»

يەنى قاتىرمايدۇ. ھەتتا رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى، «نامازغا كەلسەڭلار ئالدىرىماي كىلىڭلار، تاپقىنىڭلارنى ئوقۇڭلار، تاپالمىغىنىڭلارنى تامام قىلىڭلار.»

شۇڭا نامازغا ئالدىرىماي كىلىش بۇ سۈننەت بۇرادەرلەر.

« وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا »

يەنى،« نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: ‹سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز› دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ) [63].»

نادان كىشىلەر بىلەن گەپ تالىشىش ھەم بىر نادانلىق بۇرادەرلەر،شۇنداق بىر ھېكايەت بار،بىر دانىشمەن كىشى كېتىۋاتقاندا بىر جاھىل كىشىنىڭ ئۇنىڭ ياقىسىنى تارتىپ جاڭجاللىشىۋاتقانلىقىنى كىشىلەر كۆرگەن،شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ بىر دانىشمەن كىشى ئىدى،جاھىل ئۇنى شۇ ئەھۋالغا قويۇپتۇ دېگەنلەردە: ئۇ كىشى دانىشمەن بولغاندا شۇ جاھىل بىلەن تەڭ بولۇپ ئۆزىنى شۇ ھالغا كەلتۈرمەستى دېگەن ئىكەنلەر.

« وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا»

يەنى،«ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن(يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ».[64]

« وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا»

يەنى،«ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سىنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ [65].»،

« إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا»

يەنى،« جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر» [66].»،

«وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا»

يەنى،«ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوت

ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ [67]» ،

«وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا»

يەنى ،« ئۇلار **الله** قا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، **الله** ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ [68].»

قىيامەتتە ئۇ خارلانغان ھالەتتە جەھەننەمدە ئەبەدى قالىدۇ،تەۋبە قىلىپ،ئىمان ئېيتىپ،ياخشى ئەمەل قىلغانلارنىڭ خاتالىقلىرنى **الله** تائالا ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ.

«وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ »

يەنى،«ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ،» (سۈرە فۇرقان72-ئايەت)

«الزُّورَ »نىڭ نىملىكى توغرىسىدا ئۆلىمالار بىر قانچە مەنا بەرگەن بولۇپ،بۇنى بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

«الزُّورَ »نىڭ بىرىنچى مەنىسى «غىنا»،يەنى ئۇلار مۇزىكا چېلىنىغان سورۇنلاردا ھازىر بولمايدۇ دېيىلگەن،يەنى ئۇنى پۇلغا سېتىۋېلىپ ئاڭلاش ئەمەس،بار جايغا ھازىر بولمايدۇ.

بۈگۈن قارىسىڭىز ناخشا-مۇزىكا ئېيتقۇچىلارغا كىشىلەر مال-دۆلەت ئېلىپ كىلىپ،ئۇلارغا تازىم قىلىپ،ئۆمرىدە ھېچكىمگە قىلمىغان،الله نىڭ بىرەر بىر دوستىغا كۆرسەتمىگەن ئېھتىرامنى قىلىشىپ يۈرىشىدۇ،توي-تۆكىنلەردە رۇخسەت قىلىنغان دىگەن كىچەككە كىرىۋېلىپ،ھاياتىدا بىرەر پەرىز ئەمەلگە قىلمىغان ئېھتىمامنى قىلىشىپ يۈرىشكىنىنى كۆرىمىز بۇرادەرلەر،ئەمما مۆئمىن،تەقۋا سۈپىتىگە ئىگە بولغان كىشى شۇ مەجلىسلەرگە ھازىر بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى،شېرىك بولغان مەجلىسلەردە هازىر بولمايدۇ، ئۇنىڭغا مال ـ دۆلەت سەرىپ قىلمايدۇ ئەمەس، بەلكى هازىر بولمايدۇ.

ئويۇن ـ تاماشالارغا پۇل سەرىپ قىلىپ قاتنىشىدۇ ئەمەس،بەلكى ئۇنىڭ روبۇ-روسىدىن چىقىپ قالمايدۇ. تەقۋا سۈپىتىدىكى كىشىلەرنىڭ هاياتى ئەنە شۇنداق بۇلىدۇ، ئۇلار هاياتىنىڭ جىددى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئۇلار كىزىب مەجلىسلىرىدە هازىر بولمايدۇ،ئۇلاردا مۇشرىكلەرنىڭ ئەيىپلىرى هازىر بولمايدۇ، ئۇلار پاھىشە سورۇنلىرىدا هازىر بولمايدۇ.

مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى«الزُّورَ»دۇر.

مۇئمىن كىشى مانا مۇشۇ «الزُّورَ»لارغا هازىر بولمايدۇ. ئىمامى بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىدە مۇتتەفەقۇن ئەلەي سۈرەتتە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغانكى،رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

« گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ئېيتىپ بېرەيمۇ دەپ ئۈچ مەرتە دېدىلەر،ئېيتىپ بېرىڭ ئى رەسۇلىللاھ دېدىلەر، الله قا شېرىك كەلتۈرۈش،ئاتا-ئانىغا ئاقىيلىق قىلىش(ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش) دېدى. ۋە يانپاشلاپ ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ،يالغان گۇۋاھلىق بېرىش دەپ الزُّور سۆزىنى رەسۇللاھ تەكرارلاۋەردىكى، رەسۇللاھنىڭ سۆزىگە مۇشتاق ساھابىلەر، ئەمدى توختاپ قالسىكەن دېگەن دەرىجىدە كۆپ دېدىلەر.»

يەنى،شاھەدەتى زۇرنى رەسۇللاھ چوڭ گۇناھلاردىن ساندى. كىمنىڭ قەلبىدە مەئسىيەتكە رىغبىتى بولسا، ئۇنى ئۆندىمەي قىلسۇن،ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزىگە بولسۇن، ئۇنى باشقىلارغا تەرغىب قىلماي قىلسۇن بۇرادەرلەر...

مەن دۇنيادىن كىتىپ قالىمەن،ئەمما سىلەرگە ئىككى ئېغىر نەرسىنى قويۇپ كىتىۋاتىمەن،ئۇنىڭ بىرى الله نىڭ كىتاۋى بۇنىڭدا ھىدايەت،نۇر بار ئۇنى مەھكەم تۇتۇڭلار دەپ الله نىڭ

كىتابىغا تەرغىب قىلدى ۋە كىيىن مەن ئەھلى بەيتىمنى سىزلەرگە ئەسلىتىمەن، مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن ئېھتىيات بولۇڭلار دىدىلەر.

زەيد ئىبنى ئەرقەمدىن ھۇسەيىن سوردىلەركى:

رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتلىرى كىملەر؟ ئۇنىڭ ئاياللىرى ھەم ئەھلى بەيتلىردىنمۇ؟ زەيد ئېيتتىكى:

ئاياللىرنىڭ ھەممىسى ھەم ئەھلى بەيتلىردىندۇر،لىكىن ئۇنىڭ ئەھلى بەيتلىرى رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كىيىن سەدىقە، زاكات، ئۆشرىدىن مەھرۇم بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار كىملەر؟ ئۇلار: ئەلى ئەبۇ ئىبنى تالىبنىڭ نەسەبلىرى، ئەقى،جەئفەر ۋە ئاباسنىڭ ئەمەكەلىرى مانا مۇشۇ كىشلەرنىڭ ئەۋلاتلىرنىڭ ھەممىسى رەسۇللاھنىڭ ئەھلى بەيتلىرى دىدىلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەدىقاتتىن مەھرۇم بولغان كىشىلەرمۇ؟ زەيد ئىبنى ئەرقەم: ھەئە دىدىلەر.

بەزى رىۋايەتلەردە،مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قۇيۇپ كىتىۋاتىمەن،ئۇنىڭ بىر الله نىڭ كىتابى،ئۇ الله نىڭ بەندىلىرى

بىلەن ئوتتۇرىسىدا تارتقان ئارقانى كىم ئۇنى چىڭ تۇتسا ھىدايەت ئۈستىدە بۇلىدۇ،كىم تەرك قىلسا شۇ زالالەتلەر ئۈستىدە بۇلىدۇ دىيىلگەن.

ئىككىنچىسى رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى،بۇ ئىككىلا نەرسە ھىدايەت يۇلىدۇر. رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن زەيىد ئىبنى ئەرقەم مانا شۇ نەرسىنى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىردىكى كۆپ نەسىھەتلىرى تەكشۇرۇپ كۆرۈلسە،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ كىتابى ۋە ئۆزىنىڭ سۈننەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى قويۇپ كىتىۋاتىمەن،دىگەنلىكى ئايان بۇلىدۇ.

سۈننەت بىلەن ھەدىسنىڭ پەرقى شۇكى،ھەدىس رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى،سۈننەت تۇتقان يوللىرىدۇر. سۈننەت رەسۇللاھنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە قىلغان ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ۋەسىيەت قىلغان يول مانا شۇدۇر.

كۆرىنىشلىگىدە قانداق يول بۇلىشتىن قەتئىنەزەر، بۇنىڭدىن

باشقىنى تەلەپ قىلىش زالالەت بۇلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بۈگۈنكىدەك دۇنيادا ئەجنەبىلەرنىڭ مەدەنىيتى تەسرىدە غەلەت كۆرنۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ قەلبىتە غەلەت كۆرنۈپ قىلىشىدىن ئېهتىيات قىلىش كېرەك،

«قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ»

يەنى، «(ئى مۇهەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەر **الله** نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، **الله** سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناهىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. **الله** ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېهرىباندۇر›[31]»(سۇرە ئال ئىمران).

رەسۇللاھ ئەلەيهىسسالامغا ئەگىشىش **الله** نىڭ ياخشى كۆرىشى ۋە گۇناهلارنىڭ مەغپىرەت بۇلىشىغا سازاۋەر بۇلۇشىنىڭ

يۈلىدۇر،بۇنىڭ ئۈچۈن بۇندىن باشقا يول يوقتۇر بۇرادەرلەر.

رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشى الله مېنى ياخشى كۆرىدۇ،گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىدۇ دەپ ئىشەنسە خاتا بولمىسا كېرەك.

ئەمما قىلغان ئىش قانچە گۈزەل ھەم ياخشى بولسۇن الله نىڭ ياخشى كۆرىشى،گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن باشقا يول بىلەن بولمايدۇ،بۇرادەرلەر.

الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇللاھنىڭ يۈلىدىن باشقا يوللارنىڭ ھەممىسى زالالەتتۇر. الله ھەممىمىزنى الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇللاھنىڭ يۈلىنى چىڭ تۇتۇشقا نېسىپ قىلسۇن.

ئەمدى بۇ يەردە يەنە شۇ نەرسىنى ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتمەكچىمەن،بەزىلەر ئۆزىنىڭ تۇتقان يۈلىنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ قالمىسۇن،چۈنكى بىزنىڭ تۇتقان يۈلىمىز،قىلغان ئىشىمىز ھەم دىگەن سۆزىمىز كىتابە سۈننەتكە تەققاسلىنىدۇ،توغرا بولسا ئېلىنىدۇ،ناتوغرا بولسا تاشلىنىدۇ،بىز ئەمەس ھەتتا تارىختا

ئۆتكەن ئەڭ كاتتا زاتلارنىڭ ئىشى ھەم شۇدۇر.

ئىمامى مالىك رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن:

«پەقەت مۇشۇ قەبرە ئىگىسىدىن باشقا،ھەممىنىڭ سۆزى ئېلىنىدۇ ھەم تاشلىنىدۇ.»شۇڭا،بىر دەۋىرلەر كىلىپ پالانچى مۇنداق دىگەن دىيىلسە،بۇ ھۆججەت بۇلالمايدۇ بۇرادەرلەر.ھېچكىم ھېچكىمگە ھۆججەت ئەمەس.

14ـ دەرىس ئىسلام شەرئىتىدىكى تۆت مەسلە توغرىسىدا

ئاۋالقى دەرسلىرىمىزدە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دەرسلەر تەرتىپ بويىچە ئۆگىنىلىشى شەرتتۇر.چۈنكى كىيىنكى دەرسلىرىمىزنى ئاۋۋالقى دەرسلىرىمىز ئاساسىدا سۆزلەۋاتىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن دەرسنى تۇساتتىن ئاڭلىغان كىشى ئاۋالقى

دەرسلەرنى ئۆگەنگەن بولىشى كېرەك. شۇڭا بىز دەرسلىرىمىزنى بۇرۇنقى دەرسلەرگە ئىشارە قىلغان هالدا داۋام ئەتتۈۋاتىمىز.

بۈگۈنكى دەرسىمىزنى باشقىچىراق بىر ماۋزۇ بىلەن باشلايمىز.

بىرىنچىسى ئىنسان ئۈچۈن ۋاجىپ بولىدىغان ئىشلار هەققىدە، يەنى ئىسلام شەرئىتىدىكى ئۈچ ئاساس هەققىدە بەهىس يۈرگۈزىمىز.

ۋاقتىمىز يەتسە يەنە «فىك»هەققىدە بىرئاز توختىلىمىز.

هەر بىر ئىنسانغا بىلىش زۆرۈر بولغان تۆت مەسىلىنىڭ بىرىنچىسى ئىلىم.

يەنى ئىلىم دىگەندە بىز **الله** نىڭ مەئرىفتى، **الله** نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مەئرىفتى ۋە دىنى ئىسلامنىڭ مەئرىفتىنى مەقسەت قىلىمىز.

يەنى ئىلىم **الله** نى تونۇش،**الله** نىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇش ۋە دىنى ئىسلامنى تونۇشتۇر.

ئىككىنچىسى بۇ ئىلىمگە ئەمەل قىلىش.

**الله** نى، پەيغەمبەرنى ۋە دىنى ئىسلامنى تونۇغاندىن كىيىن

بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

ئەھلى ئىسلاملار باشقا مىللەتتىن ئالدى بىلەن ئىلىم بىلەن پەرىق قىلىشىدۇ، باشقا مىللەتلەر الله نى تونۇش، الله نىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇش ۋە دىنى ئىسلامنى تونۇشنى ئاساسى ئىلىم دەپ چۈشەنمەيدۇ.

ئىسلام ئىستىلاھىدا باشقا ئىلىملەر مۇشۇ ئىلىملەرگە ئەگىشىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىلىمنى ماددى نەرسىلەرنى بىلىش دەپ چۈشىنىدۇ.

ماددى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش بۇ ئىسلامدا ئەيىپ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلام بۇيرىغان نەرسە، پۈتۈن ماددى ئىلىملەرنىڭ راۋاجلىنىشى ئىسلام كەلگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، تارىخ راستچىل ئۇستاز، ئۇ ھېچقاچان يالغان سۆزلىمەيدۇ.

تارىخنى بۇرمىلاش مۇمكىن ئەمەس، مەلۇم بىر مۇددەتتە بۇرمىلانسا ھەم ئۆزىنىڭ توغرىلىقنى ئېيتىپ تۇرىۋېرىدۇ.

ئىسلام كەلگەندىن كېيىن باشقا ئىلىملەر راۋاجلانغان.

دىمەك الله نى تونۇش، الله نىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇش ۋە دىنى ئىسلامنى تونۇش ئىلىمنىڭ ئاساسى بولىشى كېرەك،باشقا ئىلىملەر شۇنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغاندىلا ئىلىم ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەتىگە خىزمەت قىلىدۇ.بولمىسا ئىلىم ئىنسانىيەت ئۈستىدىكى بىر قاتتىق ۋاباغا ئايلىنىدۇ،هازىقى تارىخ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ مانا.

ئىنساننىڭ ئۆزى ئىختىرا قىلغان نەرسىلەر ئىنسانغا ۋەھشى بىر هايۋاندىن بەتتەر جىنايەت قىلىپ تۇرۇپتۇ مانا هازىر.

ئىككىنچى مەسىلە ئەمەل قىلىش.

ئىسلام دۇنيادىكى هەممە يوللاردىن ۋاقىئى ئىكەنلىكى بىلەن،يەنى ئىلىمگە ئەمەل قىلىشلىكى بىلەن پەرق قىلىدۇ.

ئىلىم ئىسلام ئىستىلاهىدا خىيالى نەزىرىيىۋى نەرسە بولۇپ قالمايدۇ. ئىسلام ئىلىمگە ئەمەل قىلىش بىلەن باشقا يوللاردىن پەرقلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا يوللاردىكى ئىلىم هېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. ماددى جەھەتتىن پايدا بەرگەن بولسا هەم مەنىۋى

جەھەتتىن قاششاق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئىلمگە ئەمەل قىلىش توغرىسىدا بىر ئاددى مىسال كەلتۈرىدىغان بولساق، مەس قىلغۇچى ئىچىملىك ئىچكەن كىشىنىڭ كۆلكىلىك ھالىتىنى سۈرەتكە ئېلىپ،ئۇنى خەلققە كۆرسەتكەن رەسسام، شۇ رەسىمنىڭ پۇلىغا مەس قىلغۇچى ئىچىملىك ئېلىپ ئۆزى مەس بولۇپ يۈرىۋېرىدۇ.

ئىلمگە ئەمەل قىلماسلىق ئىلمنى مانا مۇشۇنداق بىر مەسخىرىلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. كەشەندەلىكنى مەسخىرە قىلغان رەسسام، كەشەندىلىكنىڭ زەرەرىنى بىلدۈرىدىغان بىر رەسىمنى كەشەندەلىك قىلغان ھالەتتە رەسىمگە چىقىرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئىلمگە ئەمەل قىلماسلىق ئىلمنى ھەقىر،خار بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ،شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل قىلىش ئىلمنى بىلگەندىن كېيىنكى ئاساسى مەسىلە بولىشى كېرەك.

مىڭ ئەپسۇسلار بولسۇنكى بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ئىلمگە ئەمەل قىلمايۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى،ئىلمگە

ئەمەل قىلماسلىق نەتىجىسىدە بىز مۇسۇلمانلار باشقىلارغا ئىسلامنىڭ زەرەرىگە ھۆججەت بولۇپ قالدۇق.چۈنكى ئۇلار ئىسلامنى بىزنىڭ ئەمەلىمىزگە قاراپ بىلىشىدۇ،بىزنىڭ ئەمەلىمىز ئىسلامغا زىت بولغاچقا، مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ زەرەرىگە ئۆزىمىز ھۆججەت بولۇپ قالغان.

ئۈچۈنچى مەسىلە دەۋەت قىلىشتۇر. يەنى ئىلىمگە ئۆزى ئەمەل قىلغاندىن كېيىن باشقىلارنى بۇ ئىلىمگە چاقىرىشتۇر.

بۇ مەسىلە مىزاجى ئىختىيارى مەسىلە بولماسلىقى كېرەك. ئىسلامغا چاقىرىش،دەۋەت قىلىش ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش ئەمەس. بۇ يول ئازار يولى، مۇشەققەت يۇلىدۇر«جەننەت نەفسكە يېقىمسىز بولغان نەرسىلەر بىلەن،دۇزاخ بولسا نەفس خالايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئوراپ قويۇلغان.»نەفس خالىغان ئىشلارنى قىلىۋەرسىڭىز (الله ساقلىسۇنكى)دۇزاخ ئوتىغا كىرىپ قالىسىز.

نەفسىمىز خالىمىغان ئىشلارنى قىلىپ ياشىساق جەننەت

ئىشكى ئالدىدىن چىقمىز.

بىلىش زۆرۈر بولغان تۆتىنچى نەرسە ئىلىمگە دەۋەت قىلىغان ۋاقتىمىزدا بىزگە ئازار يېتىدۇ،تۆھمەت ،مۇسىبەت يېتىدۇ. خۇددى پەيغەمبەرلەر،ئۇ كىشىلەرگە ئەگەشكەن سەھابىلەر، ساھابىلەرگە ئەگەشكەن پىداكار تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ھەق يۇلىدا چىڭ تۇرغان ئەھلى ئىسلامغا شۇ يولغا دەۋەت قىلىش بىلەن ئازار يەتكەنگە ئوخشاش. چۈنكى ئۇلار ھېچقانداق كىشىگە ياللانما خىزمەتكار بولمايدۇ.

الله نىڭ، ھەقنىڭ يالانما خىزمەتكارى بۇلىدۇ. ئۇ ھەق قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆتىنچى قىلىپ بىلىشكە تېگىشلىك نەرسە ئازارلارغا سەبىر قىلىشتۇر.

بۇ نەرسىلەرنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئاندا ئۈچ ئايەتلىك قىسقا بىر سۈرە بار، ئۇ سۈرە «ئەسىر»دۇر، شۇ بىزگە دەلىل بۇلىدۇ .

« وَالْعَصْرِ ، إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ ، إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ»

يەنى:« زامان بىلەن قەسەمكى [1]، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر [2 ـ 3].»

الله تائالا تۆت مەسلىنىڭ ئىگىلىرىدىن باشقا، ئىنسانىنىڭ ھەممىسىنىڭ زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق دەيدۇ، بۇ مەسلىنىڭ بىرىنچىسى بايا ئېيتقان مەسلىمىز ، يەنى

«الَّذِينَ آمَنُوا »

«ئىمان مەسلىسى» دۇر.

بۇ دەرسىمىزدە بىز ئىلمىنى الله نى تونۇش، الله نىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇش ۋە دىنى ئىسلامنى تونۇش دىدۇق، بۇ

دەل ئىمان مەسىلىسىدۇر.

«الَّذِينَ آمَنُوا»

بىز بىلىشكە تىگىشلىك تۆت مەسىلىنىڭ ئىچىدىكى«ئىمان»مەسىلىسىدۇر.

ئىككىنچىسىنى «ئەمەل»دىدۇق،

«وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ»

يەنى«ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىلەر»

دىمەك ئىلىمدىن كىيىن ئەمەل كىلىدۇ،بۇيەردىكى ئەمەل سالىھ ئەمەلنى قىلىشنى كۆرستىدۇ. سالىھ ئەمەل-شەرئەت سالىھ دەپ كۆرسەتكەن ئەمەلنى كۆرستىدۇ.

ئىلىم ۋە ئەمەلدىن كىيىن **الله** ھەققە دەۋەت قىلىپ

چاقىرشنى تىلغا ئالدى،يەنى

« وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ »

«ئورتىلاردا ھەقنى ۋەسىيەتلەشكەن، ھەققە چاقىرغان»

مانا بۇ ئىلمگە بولغان دەۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى مەسلىنى ئازارلارغا سەبىر قىلىش دىدۇق،يەنى

« وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ »،

«بىر- بىرلىرىگە سەبىرنى تەۋسيە قىلغان كىشلەر».

مانا مۇشۇ تۆت سۈپەتتىكى كىشلەرگىنا زىياندىن مۇستەسنا بولىدۇ، ئۇندىن باشقا ئادەم ئەلەيھسسالامدىن تارتىپ زىمىندىكى ھەممە ئىنسان زىيان ئىچىدىدۇر.

مانا بۇ نەرسىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىز ئىسلامنى ئوتتۇراھال يول دەپ ئويلىماسلىقىمىز كېرەك، ئىسلام ئۆزگەرمەس بىر پۈتۈن نەرسىدۇر.

مانا بۇ تۆت مەسىلىنى ھەر بىر مۇسۇلمان كىشى بىلىشى كېرەك ۋە شۇندىن باشقا ئادەمنى شۈبھىلەنمەستىن زىيان ئىچىدە دەپ ئېيتىشى كېرەك. ئىمامى شافى رەھمەتۇللاھ ئەلايھى:

«ئەگەر الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىگە، ئىنسانلارغا، بەشەرىيەتكە ‹سۈرە ئەسىر› دىن باشقا سۈرىنى نازىل قىلمىغان بولسا،شۇ ھىدايەتكە كۇپايە بولغان بولاتتى» دىگەن ئىكەنلەر.

الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالانى بىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە دەلىل:

«فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ»

يەنى« بىلگىنكى، **الله** تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن،»(سۈرە مۇھەممەد19 ـ ئايەت)

دېمەك، ئەۋۋەل **الله** نى يىگانە دەپ بىلىشىمىز كېرەك، تەكرار ئېيتىمىزكى، مەككە مۇشرىكلىرى **الله** نى ئىنكار قىلمايتتى، **الله** نىڭ كائىنات ۋە يەرنى ياراتقانلىقىنى، ئۇنىڭ زىرىق بەرگۈچى زات ئىكەنلىكىنى، ئۆلتۈرىدىغان ـ تىرىلدۈرىدىغان زات ، كائىنات ۋە يەرنى باشقۇرىدىغان زات ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايتتى، لېكىن **الله** نىڭ يىگانە مەئبۇد ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشاتتى. ئۇلار ئېغىزىدىلا ئەمەس ئەمەللىرىدىمۇ ئىنكار قىلىشاتتى. ئۇلار سېغىنىلىدىغان زاتنى يىگانە **الله** دەپ بىلەتتى، لېكىن **الله** سۇبھانەھۇ ۋە تەئالاغا ئىبادەتتە باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىشاتتى، ئۇلار شۇ سەۋەپلىك مۇشرىك بولىشتىلەر، پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن 23 يىل كىلىشمىدى، شۇلار بىلەن جىهاد قىلىدى ھەم شۇلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلگەن كىشلەرنى شەھىد، شۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشلەرنى غازى دەپ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ **الله** نىڭ يەككىلىكىنى تەن ئېلىشى، **الله** نىڭ كائىنات ۋە يەرنى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى زات ئىكەنلىكى، ئۆلتۈرىدىغان- تىرىلدۈرىدىغان ، كائىنات ۋە يەرنى باشقۇرىدىغان زات ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشى ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزەلمىدى، ئۇلارنى ئىسلام سېپىگە كىرگۈزەلمىدى.شۇنىڭ ئۈچۈن

« فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ »

دىگەن بۇ ئايەتتە **الله** نىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلىڭ دىگىنى يوق،«**الله** »كەلىمىسى ئەرەپ ئىستىلاھىدا مەئبۇد دىگەن مەنىدە،**الله** بۇ ئايەتى كەلىمىدە«سېغىنىلىدىغان زاتىنىڭ يەككە- يىگانىلىقىنى بىلىڭ»دەيدۇ.

يۇقۇردا ئېيتقىنىمىزدەك ئىلىم ئۈنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

دىمەك ئىبادەتنى الله قا ھەم باشقا نەرسىگە تەڭ قىلىدىغان بولساق ھېلىقى تۆت مەسلىنىڭ ئىككىنچىسى يوقىلىدۇ.

بىز بۇ ئۇرۇندا بىلىپ ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك بولغان تۆت نەرسىنى ئېيتىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى الله سۇباھانەھۇ تەئالا بىزنى ياراتتى،بىزگە رىزىق بەردى،بىزنى يارىتىپ رىزىق بىرىپ خالىغىنىمىزنى قىلىدىغان ھالەتتە قويۇپ قويمىدى،بەلكى بىزلەرگە ئەلچى ئىبەرتتى، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمغىچە ئەلچى ئىبەرتتى، ئاخىرقى ئەلچى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم بولدى، بۇ كىشىدىن كىيىن الله بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەلچى يوق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. ئىنسانىيەت قىيامەتكىچە بۇ كىشىگە ئەگىشىشى كېرەك. كىم ئەگەشسە جەننەتكە كىرىدۇ، كىم ئەگەشمىسە

دوۇزاخقا كىرىدۇ.بۇنىڭغا دەلىل:

« إِنَّا أَرْسَلْنَا إِلَيْكُمْ رَسُولًا شَاهِدًا عَلَيْكُمْ كَمَا أَرْسَلْنَا إِلَى فِرْعَوْنَ رَسُولًا فَعَصَى فِرْعَوْنُ الرَّسُولَ فَأَخَذْنَاهُ أَخْذًا وَبِيلًا»

يەنى،« شۇبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەندەك، سىلەرگە (ئەمەللىڭلارغا) گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق [15]. پىرئەۋن پەيغەمبەرگە (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا) ئاسىيلىق قىلدى (يەنى پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماي، ئۇنى يالغانغا چىقاردى، ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغاندەك، پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان ئىدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق [16]»(سۈرە مۇزەممىل)

الله سىلەرگە ئەلچى ئېبەرتتىم دىدى، بۇ ئەلچى شاھىد

يەنى، بۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشى،ئېيتقان سۆزى ھەق، ھەققە گۇۋاھ.

بىلىش زۆرۈر بولغان ئىككىنچى نەرسە، **الله** تائالا ئۆزىگە قىلىنىدىغان ئىبادەتتە بىراۋنىڭ شېرىك قىلىنىشىغا رازى بولمايدۇ،يەنى بۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ،شېرىك قىلىنغان نەرسە مەيلى بىر ئۇلۇغ ئادەم بولسۇن، بىر پەيغەمبەر بولسۇن ياكى ۋەھىي ئېلىپ كېلىدىغان پەرىشتە بولسۇن،**الله** تائالا ئۆزىگە قىلىنىدىغان ئىبادەتتە بىراۋنىڭ شېرىك قىلىنىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا دەلىل:

« وَأَنَّ الْمَسَاجِدَ لِلَّهِ فَلَا تَدْعُوا مَعَ اللَّهِ أَحَدًا »،

يەنى« مەسجىدلەر **الله** قا خاستۇر، **الله** قا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار [18]. »(سۈرە جىن)

بىلىشىمىز زۆرۈر بولغان ئۈچىنچى مەسىلە،كىم رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلسا، **الله** نىڭ ۋەھدانىيىتىنى،يەنى بارلىغى ۋە يەككە-يىگانىلىقىنى تەن ئالسا، ئۇ ئادەمنىڭ **الله** ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قارشى بولغان ئادەمنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىمان«**الله** ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش،**الله** ئۈچۈن يامان كۆرۈشتۇر.»

بۇ ئورۇندا يەنە غەرىزە مەسىلىسىنى تەكرارلاپ ئۆتىمىز،بىزدە كۆپ غەرىزىلەر بولغان ئوخشاش ئاداۋەت غەرىزەسى بار، **الله** بۇنى تەبىئىتىمىزدە بار قىلدى. غەرىزەلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن بەزى غەرىزەلەرنى تەكرارلايمىز، يېمەك غەرىزەسى بۇلىدۇ، ئىسلام بۇ غەرىزەنى ھالال يېمەك-ئىچمەك بىلەن قاندۇرۇشنى بۇيرىدى، ئەگەر بۇ غەرزەنى ھالال بىلەن قاندۇرمىساق، ئۇ تەشنا بۇلۇپ ھارامغا مەجبۇر بۇلىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش بىزدە ئاداۋەت ھەم مۇھەببەت غەرىزەسى بار. بىز مۇھەببەت غەرىزەسى بىلەن **الله** نى ۋە ئۇنىڭ

رەسۇلىنى،پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن ساھابىلەر،تابىئىنلارنى ياخشى كۆرىمىز.

خۇلاسە الله نىڭ دوستلىرىنى ياخشى كۆرىمىز. ئاداۋەت غەرىزىسى ئۈچۈن الله شەيتاننى ئىبەرتتى،بۇ غەرىزە بىلەن شەيتاننى يامان كۆرىمىز ۋە شەيتانغا ئەگەشكەن شەيتانسىمان ئادەملەرنى يامان كۆرىمىز، بۇلارنى الله ۋە رەسۇلۇللاغا قارشى بولغان كىشىلەر دەپ بىلىمىز.

الله ۋە رەسۇلۇللاغا قارشى بولغان كىشىلەرنى دوست تۇتماسلىقنى بىلىش كېرەك، مانا بۇ ئۈچۈنچى مەسىلە.دەلىل:

« لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءهُمْ أَوْ أَبْنَاءهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ أُوْلَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ »

يەنى،« الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى - ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق -

تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ - دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى،»(سۈرە مۇجادەلە22 ـ سۈرە)

الله تائالا قۇرئانى كەرىمدە رەسۇلۇللاھنىڭ مىللىتى ئىبراھىمغا ئەگەشكەنلىكنى ئىلان قىلىشنى بۇيرىدى. مىللىتى ئىبراھىم دىگەندە بىز نىمىنى چۈشىنىمىز؟ دىننى الله سۇبھانەھۇ تەئالانىڭ ئۆزىگە خالىس قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ بۇ مىللىتى ئىبراھىمدۇر. بۇنىڭغا قۇرئانى كەرىمدىن دەلىل:

« وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ »

يەنى،«جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»(سۈرە زارىيات56 ـ ئايەت).

ئىبادەت قىلىش دېگەن نىمە؟

ئىبادەت قىلىش بىرىنچىدىن الله نى يەككە مەئبۇد دەپ تەن ئېلىشتۇر. تەۋھىد- ئىبادەتتە الله نى يەككە دەپ بىلىش ۋە الله سۇبھانەھۇ ۋە تەئالانى الله ئۆزى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سۈپەتلىگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەش، ئۇنى مەخلۇقاتقا ئوخشاشتىن پاك دەپ بىلىشتۇر.

الله بۇيرىغان نەرسە تەۋھىدۇر، يەنە تەكرار ئېيتىمىزكى، تەۋھىد- ئىبادەتتە الله نى يەككە دەپ بىلىش ۋە الله سۇبھانەھۇ ۋە تەئالانى الله ئۆزى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سۈپەتلىگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەش، ئۇنى مەخلۇقاتقا ئوخشاشتىن پاك دەپ بىلىشتۇر. الله قايتۇرغان نەرسلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى هازىرقى نەرسىنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ شىرىكتۇر.

شىرىك نىمە؟

شىرىك ـ **الله** قا سېغىنىش بىلەن بىرگە ،باشقىغا سېغىنىش ، ئىبادەتتە **الله** قا شىرىك ئىسبات قىلىشتۇر.

**الله** قۇرئاندا نۇرغۇن يەردە:

« وَاعْبُدُواْ اللّهَ وَلاَ تُشْرِكُواْ بِهِ شَيْئًا »

يەنى ،«**الله** قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شىرىك كەلتۈرمەڭلار» ،

« فَلاَ تَجْعَلُواْ لِلّهِ أَندَاداً »

يەنى ،«**الله** قا شىرىك كەلتۈرمەڭلار»دەيدۇ.

بىز ئەۋۋالقى بىلىشىمىز كېرەك بولغان ئۈچ نەرسىنى كۆرگەيتىمىز.

بىرىنچىدىن الله نى تونۇش، دىنىنى تونۇش ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تونۇش.

رەب تەئالنى تونۇشنىڭ مەنىسى- رەببىڭ كىم دىگەن ۋاقىتتا، مېنى ۋە پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان الله سۇبھانەھۇ تەئالا مېنىڭ رەببىمدۇر، بۇ رەببىم يىگانە مەئبۇددۇر، مەن ئۇچۇن سېغىنىلىدىغان باشقا زات يوق دەپ تەن ئېلىشتۇر.

بۇنىڭغا دەلىللەر كۆپ، بۇنىڭدىن ھەممىمىزنىڭ بىلىدىغىنى

«الْحَمْدُ للّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ»

ھەمدە ئېيتىش ئىبادەت، بۇنى پەقەت الله سۇبھانەھۇ تەئالانىڭ ئۆزىگىغىنا،پۈتۈن ئالەمنىڭ تەربىيىچىسى رەببىل ئالەمىنگە ئېيتىش كېرەكتۇر.

ئالەم دىگەندە،الله تىن باشقا نەرسىنى ئالەم دەپ چۈشىنىمىز، يەنى الله تىن باشقا نەرسە ئالەم بولسا، الله پۈتۈن ئالەمدىكى نەرسىنى تەربىيە قىلغۇچى زاتتۇر.

**الله** سۇبھانەھۇ ۋە تەئالانى **الله** نىڭ مەخلۇقاتلىرى ۋە **الله** نىڭ ئايەتلىرى بىلەن تونىيمىز.

**الله** نى كىچە ۋە كۈندۈز، ئاپتاپ، ئاي، ئاسمان، زېمىن، زېمىندىكى تىرىك ۋە جانسىز مەۋجۇداتلار بىلەن تونۇيمىز. بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى **الله** نىڭ ئەسىرى بولۇپ،بۇلار **الله** نىڭ بارلىقى ۋە يەككە ـ يېگانىلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

**الله** تەئالىنىڭ ئالەمدىكى ئىسپاتلىرى، كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئالەم **الله** قا دالالەت بولۇپ، بۇ ئالەم ئۆزلىكىدىن مەۋجۇت بولغان ئەمەس.

ھېچكىم دۇنيادىكى بىرەر نەرسىنى ئۆزى مەۋجۇت بولىدۇ دەپ ئېيتمايدۇ. ئەلۋەتتە بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئالەم بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقى ھەم بۇ ئالەمنىڭ بىر ياراتقۇچىنىڭ تەربىيىسىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىگە، ياراتقۇچىنىڭ قانۇنىغا بويسۇنىۋاتقانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ،بۇلاردىن بۇ زاتنىڭ يەككە سېغىنىلىۋاتقان زات ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ بۇ يەككە زاتقا تەن ئېلىشى زۆرۈردۇر.

مەئبۇد يىگانە بولسا، ئۇنداقتا ئىبادەتنىڭ مەنىسى نىمە؟

ئىبادەت بويسۇنۇش، مۇھەببەت قىلىش، ئىنقىراق قىلىپ ئېھتىساق،الله رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش ئىبادەتتۇر.

الله تائالا بۇيرىغان بەزى ئىبادەت تۈرلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىسلام(بويسۇنۇش)، ئىمان (ئىشىنىش)، ئىھسان (ئاللانى كۆرۈپ تۇرغاندەك سېغىنىش)، دۇئا (تىلەش)، خەۋپ (تەشۋىش بىلەن قورقۇش)، رىجا (ئۈمىد قىلىش)، تەۋەككۇل (سۈيۈنىش)، رىغبەت (مايىل بولۇش)، ھەيۋەتلىنىش، خۇشۇئ (قەلبىپ بىلەن ئىگىلىش)، خەششىيەت (تەزەررۇ بىلەن قورقۇش)، ئىنابەت (الله قا قايتىش)، ئىستىئانەت (يامانلىقتىن پاناھ ئىزلەپ،ياخشىلىقتىن ياردەم سوراش)، ۋەلئىستىئازە (يۈز بەرمىگەن ئىشلاردىن پاناھ تىلەش)، ئىسغافە (بېشىغا چۈشكەن ئېغىر مۇسىبەتتىن پەرياد قىلىپ،الله تىن ياردەم سوراش)، زەبھە (قۇربانلىق قىلىش)، نەزىر قاتارلىقلار، بۇلار

الله تائالا بۇيرىغان ئىبادەت جۈملىسىدىندۇر، بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە دەلىل كەلتۈرىمىز:

بىرىنچىسى پۈتۈن ئىبادەت الله ئۈچۈن بولۇش كېرەك

«وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ »

يەنى،« پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى... تەۋسىيە قىلدى» (سۈرە بەنى ئىسرائىل23ـ ئايەت)

يۇقۇردا دەپ ئۆتكەن ئىبادەتلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ الله تىن باشقىغا بۇلىشى شىرىك بۇلىدۇ.

شىرىك ئەملىنى قىلغان ئادەم مەيلى ناماز ئوقۇسۇن، رۇزا تۇتسۇن، ھەج قىلسۇن ۋە ياكى مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلسۇن ئۇ مۇشرىك، كافىر ئاتىلىدۇ.

بۇنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەك. شىرىك ئەملىنىڭ ھېچكىمدىن

ئەپۇ قىلىنمايدىغانلىقىغا دەلىل شۇكى،الله تەئالا ئۆز پەيغەمبىرىگە:

« لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ»

يەنى،«ئەگەر سەن ئاللە قا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمىلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ.»(سۈرە زۇمەر65-ئايەت) دىدى.

الله تائالا ئۆزى بىلەن بىرگە قوشۇپ باشقا نەرسىگە سېغىنغۇچىنى «كافىر»دەپ ئاتىدى ۋە ئۇلارنىڭ شەك-شۈبھىسىز نىجات تاپمايدىغانلىقىنى ئېيتتى

«وَمَن يَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ لَا بُرْهَانَ لَهُ بِهِ فَإِنَّمَا حِسَابُهُ عِندَ رَبِّهِ إِنَّهُ لَا يُفْلِحُ الْكَافِرُونَ»

يەنى،« كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا الله قا

قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ [117].»(سۈرە مۆئمىنۇن)

بەزى كىشىلەر الله تىن باشقىغا دۇئا قىلىۋاتقاندا،بىز ئىبادەت قىلىۋاتمايمىز دۇئا قىلىۋاتىمىز دېيىشىدۇ ياكى نەزىر قىلىۋاتقاندا بىز الله تىن باشقىغا ئىبادەت قىلىۋاتقىنىمىز يوق،نەزىر قىلىۋاتىمىز دېيىشىدۇ.

بەزى كىشىلەر قۇربانلىق قىلىۋاتقاندا بىز الله قا ئىبادەت قىلىۋاتقىنىمىز يوق، قوي سۇيىۋاتىمىز دېيىشىدۇ، لېكىن شۇلاردىن بۇ ئىبادەت بولمىسا مۇشۇ ئىشلارنى نېمىگە قىلىۋاتىسىز؟نېمىگە ئېرىشمەكچىسىز دەپ سورالسا، ئۇلار ساۋاپقا ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ، ھەتتا مۇشۇ ئارقىلىق گۇناھلىرىنىڭ يۇيۇلۇپ جەننەتكە كىرىدىغان دەرىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. بۇ ئىبادەت بولماي نېمە؟دۇئا ئىبادەتتۇر، الله سۇبھانەھۇ تەئالا :

« وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ»

يەنى،« پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ‹ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ› [60]. »(سۈرە غافىر60 ـ ئايەت)دەيدۇ،

دىمەك الله تائالا بۇ يەردە دۇئانى ئىبادەت دەۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا سەرىھ ئىبارە شۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام :

«دۇئا ئىبادەتنىڭ مېغىزىدۇر» دىگەن.

بەزى رىۋايەتلەردە «دۇئا ھەقىقى ئىبادەتتۇر» دىيىلگەن.

قۇرقۇش ئىبادەت، بىز ۋەھشى ھايۋانلاردىن قورقىمىز،زالىملاردىن قورقىمىز،بۇنىڭ بىلەن ئىبادەتنى باشقىلارغا قىلغان بولىمىزمۇ؟

ياق،ئەگەر قورقۇش الله نىڭ بۇيرىقىنى تەرك قىلىشقا سەۋەپ بولسا،بۇ ئىبادەتنى باشقىغا قىلغان بولىدۇ. الله سۇبھانەھۇ تەئالا:

« فَلاَ تَخَافُوهُمْ وَخَافُونِ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ»

يەنى،«ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار ،ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار»(سۈرە ئالئىمران175ـ ئايەت)دەيدۇ.

دىمەك بىراۋ شەرئەتنىڭ بۇيرىقىنى قىلىش يولىنى توسسا،شۇ تۇسۇق شەرئەتنىڭ بۇيرىقىنى قىلىشمىزغا سەۋەپ بولسا،ئىبادەتنى باشقىغا قىلغان بولىمىز.

ئەگەر ئەسھابىلەر «خەۋق»ئىبادىتىنى الله نىڭ ئۆزىگە قىلمىغان بولسا، دەۋەت، دىنى ئىسلام بۇ يەرگە يەتمىگەن بولاتتى

بۇرادەرلەر.

ئۇلار«قورقۇش» ئىبادىتىنى پەقەت الله قا قىلىشتىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆز سەپلىرىدە شېھىت بولسا ھەم توختىغىنى يوق.

ئۈمىد ئىبادەت، ئىنساننى ھەقىقى ئىسلام دەۋەت يولىدىن تۇسىدىغان نەرسە قورقۇش ۋە ئۈمىدتۇر.

دىن دۈشمەنلىرى ئۈمىدتىن ئىلگىرى قورقۇتۇشنى ئىشقا سالىدۇ، ئۇ پايدا بەرمىگەندىن كىيىن، قايسى نەرسىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىڭىزدىن پايدىلىنىپ «ئۈمىدنى مەندىن قىل»دەيدۇ.

ئۈمىد ئىبادەتتۇر،الله :

« فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا»

يەنى،«كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن [110].»دەيدۇ.

ئىبادەتنى يەككە الله قا قىلىشقا بىز مەجبۇرمىز،ئەگەر بىز ئۇمىدنى الله قا قىلىساق ئىبادەت قىلغان بۇلىمىز، ئەگەر باشقىغا قىلساق ئىبادەتنى باشقىغا قىلغان بۇلىمىز، بۇ يەردە بىرەر ئىشتا ئۇمىدنى بىرەر ئادەمگە قىلساق،ئۇنداقتا ئىبادەتنى باشقىغا قىلغان بۇلىمىزمۇ ؟دىگەن سۇئال تۇغىلىدۇ، ئەگەر بىزنىڭ ئۇمىدىمىز شەرىئەت ھۆكمىنى قىلماسلىقىمىزغا سەۋەپ بولسا، بۇ ئۇنداقتا ئىبادەتنى باشقىغا قىلغان بۇلىدۇ.

شۇنداق ئۇمىدلەر باركى،كىشىلەر مەرتىۋە، مال-دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈش ئۇمىدى بىلەن ياكى باشقىچە بىرەر ئۇمىدلەر بىلەن الله نىڭ بۇيرىقىنى تاشلىشىدۇ.

مانا بۇ ئىبادەتنى باشقىغا قىلىش ھەم شىرىك ئەمەلدۇر، بۇنىڭ بىلەن ئەمەل بىكارچى بۇلىدۇ.

تەۋەككۇل ئىبادەتتۇر،الله سۇبھانەھۇ تەئالا:

يەنى،«ئەگەر الله نىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە ئىشەنسەڭلار، الله قا تەۋەككۇل قىلىڭلار»(سۈرە مائىدە23ـ ئايەت)،

« وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ »

يەنى،«كىمكى الله قا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ.» (سۈرە تەلاق3ـ ئايەت)دەيدۇ.

تەۋەككۇل سۈپىتى بولمىسا ئىنسان ھاياتتا ھېچنىمە قىلالمايدۇ. بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن الله قا سۈيۈنىش كېرەك، ئۇ نەرسىنى قىلىش غەيىب بۇرادەرلەر ، ئۇ ئىش بۇلامدۇ بولمامدۇ ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز.

ئەگەر ئىنساندا تەۋەككۇل سۈپىتى بولمىسا ھەممە ئىشنى قىلمايدۇ،

مەسلەن ئىلىم ئۆگەنمەكچى بولسا مەن بۇنى قىلالمايمەن دەيدۇ،ئەمما الله قا تەۋەككۇل قىلىپ ھەركەت قىلسا ئىلىمنى ئىگەللەيدۇ،سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ھەممە ئادەم ئەنسىرەيدۇ،قورقىدۇ، قايسى بىر ئىشنى قىلماقچى بولساق ھەممىسىدە توسالغۇ بولىدۇ، ئۆي ئىچىدە ئولتۇرسا ھەم تام يىقىلىپ چۈشۈپ كەتسە ئۆلۈپ قالىدۇ دېگەن تەشۋىش بولىدۇ. ھاياتتا تەۋەككۇل سۈپىتى بولمىغان ئادەم ئۆزىگە ھەم مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

دېمەك بىز ھاياتتا ياشاش،ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تەۋەككۇلغا ھەم تەۋەككۇلدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىبادەتكە مۇھتاجمىز، بىز يا الله قا تەۋەككۇل قىلمىسا مۆئمىن بولمىز ياكى ھەم ھېچكىمگە پايدا ياكى زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغان باشقا بىر نەرسىگە سۆيۈنۈپ شۇنىڭغا تايىنىپ ياشايمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن دىن دۈشمەنلىرى الله نى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ، بەربىر يەنە باشقا نەرسىگە سۆيۈنۈپ ياشايدۇ، يا پۇلغا سۆيىنىدۇ، يا بىرەر بىر مەرتىۋىلىك ئادەمگە سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئىش قىلىدۇ ۋەياكى بىرەر مازارغا سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئىش قىلىدۇ،

ئىشقىلىپ ھەر قەلبنى بىر غەرىزىگە سۆيىنىدۇ، **الله** نى ئىنكار قىلغان ئادەملەر ھەم بۇ تەۋەككۇل غەرىزەسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ،

**الله** سۇبھانەھۇ تەئالا بۇ غەرىزەنى يېگانە ئۆزىگە سۆيۈنۈش بىلەن تەمىنلىدى، رىغبەت،قەلبىتىكى ھەيۋەت ۋە مايىللىق، خۇشۇئ بۇ نەرسىلەر ھەم ئىبادەتتۇر.

**الله** سۇبھانەھۇ تەئالا ئۆزىگە ھەيۋەتلەنگەن، ئۆزىگە مايىل بولغان، ئۆزىگە تەزەررۇ قىلغان بەندىلەرنى ماختاپ:

« إِنَّهُمْ كَانُوا يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا وَكَانُوا لَنَا خَاشِعِينَ»

يەنى،«(يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى [90].»دىدى.

«خاشىيەت» ،يەنى تەزەررۇ بىلەن قورقۇش، «خەۋف» تىن پەرقلىنىدۇ، ئۇمۇ ئىبادەتتۇر.

ئىنابەت، رۇجۇئ، قايتىش، بىر نەرسىگە رۇجۇئ قىلىپ مۇراجەت قىلىش ئىبادەتتۇر،

«وَأَنِيبُوا إِلَى رَبِّكُمْ وَأَسْلِمُوا لَهُ »

يەنى،«پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار»(سۈرە زۇمەر54 ـ ئايەت)

ئىستىئانەت ئىبادەتتۇر،

«إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ»

يەنى، «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا

ياردەم سوْرايمىز.» ،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىسى مۇبارەكلىرىدە:

«ياردەم سورماقچى بولساڭ الله تىن ياردەم سورا»دىدىلەر.

ئىستىئازە،يەنى پاناھ ئىزلەش ئىبادەتتۇر.

الله سۇبھانەھۇ تەئالا مانا رەسۇلۇللاھقا «فەلەق،ناس سۈرىلىرى»نى نازىل قىلىپ،الله تىنلا پاناھ ئىستەشنى بۇيرىدى .

ئىستىغافە، يەنى الله تىن پەرياد چىكىپ تۇرۇپ، ياردەم سوْراش.

« إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ »

يەنى،«ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ)پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار»

بۇ ئايەت شۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ.

بىرەر نەرسىنى قۇربان قىلىش ئىبادەت،دەلىل الله سۇبھانەھۇ تەئالا مانا رەسۇلۇللاھقا بۇيرۇپ:

« قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ »

يەنى،«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر [162].»(سۈرە ئەنئام)دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىسلىرىدە:

«الله تىن باشقىغا ئاتاپ قۇربانلىققا قىلغانغا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن» دىگەن.

الله تىن باشقىغا قۇربانلىق قىلغانلار مانا پۇل تېپىپ، مىھنەت قىلىپ يەنە الله نىڭ لەنىتىگە ئىرىشىدۇ.

نەزىر ئىبادەتتۇر، الله تائالا نەزىرىگە ۋاپا قىلغانلارنى قۇرئاندا ماختىدى:

«يُوفُونَ بِالنَّذْرِ وَيَخَافُونَ يَوْمًا كَانَ شَرُّهُ مُسْتَطِيرًا »

يەنى،« ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان ئىشنى ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈندىن) قورقىدۇ [7]. » (سۈرە ئىنسان).

بىلىشىمىز كېرەك بولغان ئۈچ ئاساسنىڭ بىرىنچىسى الله سۇبھانەھۇ تەئالانىڭ مەرىپىتى (الله نى تونۇش)،

ئىككىنچى ئاساس دىنى ئىسلامنى بىلىش، دىنى ئىسلامنى بىلىش الله سۇبھانەھۇ تەئالاغا تەسلىم بولۇش، ئىتائەت بىلەن بويسۇنۇش، شىرىك ۋە ئەھلى شىرىكتىن جۇدا بولۇشتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ مەرتىبىلىرى: ئىسلام، ئىمان، ئىھساندۇر.

ئىسلامنىڭ رۇكنى بەش بولۇپ،لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ دەپ شاھادەت ئېيتىش، نامازنى بەرپا قىلىش، زاكات بېرىش، رامازان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتۇر.

«لا ئىلاھە ئىللەللاھ» شاھادىتى: الله تەئالانىڭ يىگانە مەئبۇد ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش بولۇپ،دىنى ئىسلامنىڭ مەناسىنى بىلىش بىلەن گۇۋاھلىق مەناسىنى بىلىش كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى:

«الله نىڭ يىگانە مەئبۇد ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش»دەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئۇنىڭ تىلى ھەم ئەملى بىلەن بولىدۇ. قىلىۋاتقان ئىشى ئۇنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

دىمەك سېغىنىلىۋاتقان زاتنىڭ يىگانە مەئبۇد ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئەملى ۋە تىلىدىن بىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىمەك بۇنى بىلىش دىمەكتۇر.

« مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ »شاھادىتى، پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تەرىپىدىن ئىبەتىرىلگەن ئەلچىدۇر، الله تائالا ئۇ كىشنى رەسۇل،نەبى قىلىپ ئىبەرتتى، مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىش ئۇ بۇيرىغان نەرسىلەرگە ئىتائەت قىلىش، خەبەر بەرگەن نەرسىلىرىنى تەستىقلاش، چەكلىگەن نەرسىلەردىن چەكلىنىش.

الله قا بۇ پەيغەمبەرنىڭ قىلغىنىدىن باشقىچە ئىبادەت قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بىرشكە زىتتۇر.

كىم الله نىڭ يېگانە مەئبۇد ، رەسۇلۇللاھنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن مەنانى مۇشۇنداق چۈشەنسەك ھېچ قىينالمايمىز بۇرادەرلەر. ئاللا سۇبھانەھۇ تەئالانىڭ مانا:

« وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ»

يەنى،« ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر [5].»دىگەن

بۇ ئايىتىدىن ناماز ۋە زاكاتىنىڭ ئىسلامنىڭ بەش رۈكۈنىنىڭ ئىككىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. الله تائالا مانا:

« يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ»

يەنى،« ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى [183].»(سۈرە بەقەرە) سۈرىسى بىلەن رامىزاننى بىزگە پەرز قىلدى.

ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى:

« وَلِلّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ الله غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ»

يەنى،« قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ **الله** ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)،

شۈبھىسىزكى، **الله** ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر [97].»(سۈرە ئال ئىمران)

بۇلار ئىسلام...

ئىمان نىمە؟

ئىمان دىگەندە بىز ئىماننىڭ بىر تارماقلىرىنى چۈشىنىمىز،ئىمان بىر دەرەخ ،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ھەدىسلىرىدە شۇنداق دىگەن:

«ئىماننىڭ 72دىن كۆپ شاخچىسى بار،ئۇنىڭ ئەڭ ئالىيسى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئەڭ كىچىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن مۇسۇلمانغا ئازار بىرىدىغان نەرسىنى تازلاشتۇر.»

ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يولنى تازلاش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر

ھەيئەتلەرنى قۇرۇشقا ،بىرەر بىر ئۇل مۇئەسسەلەرنى قۇرۇشقا ھاجىتى چۈشمىدى، ھازىرقى مەدەنىيەتنى داۋا قىلغان تائىپىلەر پەخىرلىنىپ يۈرگەندەك مۇئەسسەلەرگە ھاجىتى چۈشمىدى ،مۇئمىن كىشىلەر ئىماننىڭ ئەڭ كىچىك شاخچىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن مۇسۇلمانلارغا ئازار بىرىدىغان نەرسىنى تازلاشقا بۇيرىلدى. لىكىن ھازىرقى مۇئمىنلەرگە ھەم ھازىرقى كافىرلەرنىڭ تەسىرى ئۆتكەچكە، بىزدىكى بۇ سۈپەتلەر يۇقۇلۇپ كەتتى.

ئىماننىڭ رۇكنى ئالتە: الله قا ئىمان كەلتۈرۈش، پەرشتىلەرگە ،كىتاپلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ،قىيامەت كۈنگە ۋە ياخشىلىق، يامانلىقنىڭ الله نىڭ قەدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش.

ئۈچۈنچى مەرتىبە يەنى،ئىھسان. بۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«الله نى كۆرۈپ تۇرغاندەك سېغىنماقلىقىڭ، ئەگەر روھىڭدا الله نى كۆرۈپ تۇرغاندەك سېغىنىشلىككە قۇۋۋەت يېتىشمىسە، الله مېنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ دىگەندەك سېغىنماقلىقىڭ» دەپ چۈشەندۈردى.

الله قۇرئانى كەرىمدە يەنە:

« إِنَّ اللّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَواْ وَّالَّذِينَ هُم مُّحْسِنُونَ »

يەنى،« الله ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [128].»(سۈرە نەھل)دىدى.
مانا يۇقۇردا دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىبىسىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق، بۇنىڭ دەلىلى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مەشھۇر ھەدىس:

«پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىدۇق، كىيملىرى

ئىنتايىن ئاق(پاكىزە) ،چاچلىرى قاپ-قارا بىر كىشى كىرىپ كەلدى، بۇ كىشىدە سەپەرنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى، بۇ كىشىنى ھېچكىم تونىمايتتى، ئۇ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كىلىپ، تىزلىرىنى ئۇنىڭ تىزلىرىغا تىرەپ، قوللىرىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئى مۇھەممەد ئىسلامنىڭ نىمىلىكىنى ئېيتىپ بىرىڭ دىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام الله نىڭ يىگانە مەئبۇد ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىش، نامازنى بەرپا قلىش، زاكات بىرىش، روزا تۇتۇش، بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش دىدى.

ئۇ كىشى توغرا ئېيتتىڭ دىدى، بىز ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەجەپلەندۇق، ئاندىن ئۇ ئىمان نىمە؟ ئېيتىپ بىرىڭ دىدى.

رەسۇلۇللاھ الله قا، پەرىشتىلەرگە، الله نىڭ كىتاپلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەتكە ۋە ياخشىلىق-يامانلىقنىڭ الله نىڭ قەدەرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشىڭ دىدى.

ئاندىن ئېھسان نېمە؟ ئېيتىپ بېرىڭ دېدى، رەسۇلۇللاھ الله نى كۆرۈپ تۇرغاندەك سېغىنماقلىق، ئەگەر الله نىڭ كۆرۈپ تۇرغاندەك تەسەۋۋۇر قىلالمىسىڭىز، الله مېنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ دەپ سېغىنماقلىقىڭىز دېدى.

قىيامەتتىن خەبەر بېرىڭ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سۇئالغۇچى سورغۇچىدىن ئالىمراق ئەمەس دېدىلەر.

ئۇنداقتا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ دېگەندە، چۆرىلەرنىڭ ئۆز خوجىلىرىنى تۇغىشى (بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ خىزمەتكارىغا ئايلىنىپ قېلىشى دەپ كۆرسەتتىلەر، ھازىرقى ئاز ساندىكى ئائىلىلەردىن باشقىلارنى شۇنداق دېسەك خاتالاشماسلىقىمىز مۇمكىن، ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ خىزمەتكارىغا ئايلىنىپ قالغان بۇرادەرلەر)، يالاڭئاياق كەمبەغەللەرنىڭ كاتتا بىنالاردا پەخىرلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرسىڭىز قىيامەتنى كۆتۈڭ دېدى (بۇ يەردە ئىسلام ئۇنداق بىنالارنى سېلىپ ئولتۇرۇشنى گۇناھ دېگەن ئەمەس،لېكىن پەخىرىنى شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە

قۇرۇپ قويغان ئادەملەرنى قىيامەتنىڭ بەلگىسى دېگەن. الله :

« قُلْ بِفَضْلِ اللّهِ وَبِرَحْمَتِهِ فَبِذَلِكَ فَلْيَفْرَحُواْ هُوَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ»

يەنى،« ئېيتقىنكى، ‹ئۇلار الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا ـ ماللىرىدىن) ياخشىدۇر› [58]. »(سۈرە يۇنۇس)دەيدۇ.

دىمەك بىز الله نىڭ پەزلى، رەھمى بىلەن پەخىرلىنىمىز. لېكىن ئۆزى سېلىپ قويغان بىنالىرى بىلەن پەخىرلىنىپ ياشاشلىك ئىنسانىيەتنى زالالەتكە باشلايدۇ.) شۇندا بۇ كىشى كەتتى، ئازغىنا تۇردۇق، رەسۇلۇللاھ ئى ئۆمەر بۇ سۇئال سورىغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟دەپ سورىدى،الله نىڭ رەسۇلى بىلگۈچىراقتۇر دىدۇق.

رەسۇلۇللاھ : ئۇ جىبرىل ئەلەيھىسسالام،ئۇ سىلەرگە دىنى ئىشىڭلاردىن تەلىم بىرىش ئۈچۈن كەلدى ـ دىدى» .

دىمەك دىنى ئىسلام دىگەندە بىز ئىمان، ئىسلام، ئىھسانىنى

چۈشىنىشىمىز كېرەك.

مانا مۇشۇنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن جىبرىل ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بۇيرىقى بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدىلەر.

بۇ ئىككىنچى ئاساس.

ئۈچۈنچى ئاساسىمىز پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھنى تونۇشتۇر.

بۇ كىشى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ ئىبنى هاشىم،ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبلىرىدىن،ئۇنىڭ ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن نەسەبلىرى ئەدنانگە تۇتىشىدۇ،بۇ جەھەتتە شەك ـ شۈبھە يوق، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆمرى63 ياش بولدى،40 ياشتا پەيغەمبەرلىك نازىل بولدى،23يىل نەبى ۋە رەسۇل بولدى، «ئىقرائ سۈرىسى»نازىل بولغاندا نەبى بولدى،«مۇددەسىر سۈرىسى»نازىل بولغاندا رەسۇل بولدى، رەسۇلىمىز توغرىسىدا بىلىدىغان قىسقىچە مەلۇماتلار مانا مۇشۇنداق بولىشى كېرەك.

الله تائالا ئۇ كىشىنى شىرىكتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋھىدكە چاقىرىش ئۈچۈن ئىبەرتتى، قۇرئانى كەرىمدىكى «مۇددەسىر

سۈرىسى»دە مانا:

« يَا أَيُّهَا الْمُدَّثِّرُ ، قُمْ فَأَنذِرْ»

يەنى،«ئى (ۋەھى نازىل بولغاندا)كىيىمگە چۆمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)، تۇر ئىنسانلارنى **الله** نىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر!» ،

« وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ»،

«پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا [3].»

« وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ»،

« كىيىمىڭنى پاك تۇت [4].»

«وَالرُّجْزَ فَاهْجُرْ »،

«ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول [5].»

« وَلَا تَمْنُن تَسْتَكْثِرُ »

« كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى بىر كىشىگە بىرەر سوۋغا بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تەمە قىلما) [6]،» ،

«وَلِرَبِّكَ فَاصْبِرْ »،

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى) ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل [7].»

ئادەملەر مالى يولىدا سەبىر قىلىدۇ،مالغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممە خارلىقلارغا سەبىر قىلىدۇ،بىرەر يەر ئېلىپ، شۇ يەرگە ئىمارەت قىلىۋالسام دەپ شۇنىڭ يولىدا سەبىر قىلىدۇ.ئادەملەر ھەر خىل ئىشلار ئۈچۈن سەبىر قىلىشىدۇ،ھەتتە خارلىق يولىدا ھەم سەبىر قىلىشىدۇ. ئەمما الله تائالا:

« وَلِرَبِّكَ فَاصْبِرْ»

يەنى، «پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى) ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل [7].»دەيدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مانا بۇ سۈپەتلىرىنى بىلىشىمىز كېرەك، پەيغەمبىرىمىزنى تونۇش مۇشۇنداق بولىشى كېرەك، بۇ كىشى مەككە مۇھىتىدا ئون يىل بۇتلاردىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلدى،مىراج كېچىسى بەش ۋاخ ناماز پەرز قىلىندى، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەئمۇر بولدى ھەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

بۇئەسلى شىرىك دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا قىلىنغان ھىجرەت ئىدى. بۇ يەردە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ،رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ كىتىشكە ھېچ كىشى رازى ئەمەس ئىدى،ئۇلار ھەممە نىمىسىدىن ۋاز كەچكەنلەر ئىدى، ئۇلار پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئازار يىتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىشەتتى، ئەمما الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرىقى ئۇلارنىڭ قەلبىگە شۇنداق ئورنىغان ئىدىكى،ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يالغۇز قېلىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىڭلار دىگەن بۇيرۇقنى ئۆز جىسمىدىن ئەۋزەل كۆرۈشتى. ئۇلار پەقەت الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرىقى بىلەن ھىجرەت قىلىپ كەتتى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجرەتتە ئون يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ الله نىڭ دەرگاھىغا كەتتىلەر،دۇنيادا قانداق ياخشىلىق بولسا ئۇممەتنى شۇ ياخشىلىققا بۇيرىدىلەر،قانداق يامانلىق بولسا شۇ يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇردى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممەتنى بۇيرىغان

ئەڭ كاتتا ياخشىلىق تەۋھىدتۇر، يەككە الله نى مەئبۇد دەپ، ئىبادەتنى پەقەت الله قا قىلىشتۇر. ئۇ كىشى ئاگاھلاندۇرغان يامانلىقنىڭ ئەڭ كاتتىسى شېرىكتۇر.

الله سۇبھانەھۇ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىر قەبىلىگە، يات بىر تائىپىگە، يات بىر ئەسىردە ياشىغان ئىنسانغا ئەۋەتكىنى يوق، بەلكى قىيامەتكىچە بولغان پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىبەرتتى، ئىسلام ئىستىلاھىدا ئۆزبەك، تاجىك، قىرغىز، قازاق، تۈركمەن دېگەندەك مىللەت يوق، ئىسلام ئىستىلاھىدا ئىسلام مىللىتى ۋە كۇفىر مىللىتىدىن ئىبارەت ئىككىلا مىللەت بار.

ھازىرقى ھەممە قەۋملەر ئىچىدىكى ھەر تائىپە ئادەملەردىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر ئۇنىڭ رەڭگى، قېنى، مىللىتى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلام مىللىتى سېپىگە كىرىدۇ، جەننەتكە داخىل بولىدۇ. ئەمما ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلمىسا، ئىسلامنىڭ بۇيرىقىنى بىجا كەلتۈرمىسە، قانداق ئادەم بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ مەيلى ئۆزبەك، ھەتتا ئەرەپ

بولسۇن، دوُزاخقا كىرىدۇ. بۇنى شۇنداق بىلىشىمىز كېرەك.

ئىسلامنى الله سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىزگە چۈشۈردى، ئۇ كىشى ئىنسان تائىپىسىگىلا ئەمەس جىنلارغا ھەم پەيغەمبەردۇر.

الله سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن دىنى ئىسلامنى كامىل قىلدى، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە قوشۇشقا ھاجەت قويمىدى، بىر كىشىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن دىنى ئىسلامغا بىر نەرسىنى قوشۇشى ھەم ئېلىپ تاشلىشى گۇناھ زالالەتتۇر.

الله سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا كالامىدا:

« الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِينًا »

يەنى،« بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»(سۈرە مائىدە3ـ ئايەت)دىدى،

شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق كىشىنىڭ دىنى ئىسلامغا بىر نەرسىنى قوشۇشقا ھەققى يوق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپتى،ئەمما ئۇ كىشىنىڭ دىنى باقىيدۇر،الله قۇرئانى كەرىمدە:

« إِنَّكَ مَيِّتٌ وَإِنَّهُم مَّيِّتُونَ ، ثُمَّ إِنَّكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عِندَ رَبِّكُمْ تَخْتَصِمُونَ »

يەنى،« سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ [30]. ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر [31].»(سۈرە زۇمەر)دەيدۇ.

بىز ئىسلام دىنىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن خەبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلايمىز، الله قۇرئانى كەرىمدە:

« وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا »

يەنى،« پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار» (سۈرە ھەشر)دەيدۇ.

بىز ئىسلام شەرىئىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭ ئەقلىمىزگە مۇۋاپىق بولىشى بىلەن قوبۇل قىلمايمىز، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن كەلگەن دىنى ھۆكۈمنى شەرتسىز قوبۇل قىلىمىز، مانا بۇ «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»دەپ شاھادەت ئېيتقان ئىمانىمىزنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن كىم پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلسا،ئۇنى كاززاپ دەپ بىلىمىز.

پۈتۈن ئىماملارنىڭ ھۆكمىدە شەرئى جەھەتتىن بۇنداق كىشى قەتلى قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىماملارنىڭ قارىشى بىردەك بولۇپ، پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغۇچى قەتلى قىلىنىدۇ.

يۇقۇردا دىنى ئىسلامدىكى تۆت مەسىلە ۋە ئۈچ ئاساس ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇق،بۇلار ئىسلامدىكى بىلىش زۆرۈر بولغان

مەسىلىدۇر. بۇنى بىلىش ياكى بىلمەسلىك ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق يوق بۇرادەرلەر،شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەرسىمىزنىڭ قەدرىگە يېتىش كېرەككى، ھەر بىر كىشى ئۇنى كۆپ تەكرارلاپ، بۇ ھۆكۈملەرنى قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى كېرەك.

باشقا مىللەتلەر بىلەن ئەھلى ئىسلامنىڭ پەرقى ئىلىمگە ئەمەل قىلىشتۇر،ئەھلى ئىسلام ئىلىمگە ئەمەل قىلىدۇ، باشقىلار ئىلىمگە ئەمەل قىلماسلىق بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئىبادەتتە رەسۇلۇللاھ تۇزۇپ بەرگەن يول بويىچە ئىبادەت قىلىش بىلەن يەھۇدى، ناسارالار ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىدۇ، بولمىسا مۇتلەق ئىبادەت قىلىش بىلەن پەرىقلەنمەيدۇ بۇرادەرلەر.

ئىبادەتنى ھەممە مىللەتلەر قىلىدۇ،ئەمما ئۇلار يەككە الله قا قىلمايدۇ. ئەھلى ئىسلام بولسا يەككە الله قا ئىبادەت قىلىدۇ ۋە الله نىڭ رەسۇلى تۇزۇپ بەرگەن بۇيىچە ئىبادەت قىلىدۇ،مانا بۇ ئىبادەتنىڭ توپ مەنىسىدۇر. الله سۇبھانەھۇ تەئالا دەرسىمىزنى

قەلبىمىزگە ئورناتسۇن.

پەتىۋا:

س: **الله** نىڭ ئىرادىسى بىلەن قەرز ئالغۇچى ھەم قەرز بەرگۈچى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئورنىدا بولسا قەرز قالغان، قەرزدارنىڭ پەرزەنتلىرى بار، ئەمما ھەقدارنىڭ ھېچكىمى يوق، بۇ يازمىدىن قەرزدارنىڭ پەرزەنتلىرى بار، ئەمما ھەقدارنىڭ ھېچكىمى يوق دەپ چۈشەندىم. ئەمدى شۇ قەرز ئالغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرى نىمە قىلىشى كېرەك؟

ج: ھەقدارنىڭ ھېچكىمىسى بولمىسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بارلىق نەسەپ قېرىنداشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك، ناۋادا ھېچقانداق بىر نەسەپ قېرىندىشى تېپىلمىسا،بۇ مال مۇسۇلمانلارنىڭ مالى بولۇپ،بەيتۇل مالغا بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئەكسى ھەم قەرز بەرگۈچىنىڭ قېرىنداشلىرى بار، ئەمما قەرز ئالغۇچى ئادەمنىڭ ھېچكىمى يوق، مالى ھەم يوق بولسا،ئۇنىڭ قەرز مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇل مالىدىن تۆلىنىدۇ. پايدا-زەرەر

بەيتۇل مالغا بۇلىدۇ.

مىراستا ھەم شۇنداق بۇلىدۇ، بىر كىشىنىڭ مىراسخورى يوق مالى قالغان بولسا،بۇ مىراس ھەم بەيتۇل مالغا تاپشۇرىلىدۇ.

قەرزدار ئادەم قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مانا شۇنداق قىلىش كېرەك. ئەمدى مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇل مالى قەيەردە بۇلىدۇ؟ شۇنى بىلىۋالساق دىگەن سۇئال تۇغىلىشى مۇمكىن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتى بولمىغان ئىكەن،ئۇلارنىڭ بەيتۇل مالى ھەم بولمايدۇ. ئۇ مەلۇم بىر ئۆلىمالاردىن بولغان شۇرالارغا تاپشۇرۇلسا بۇلىشى مۇمكىن. بۇ مېنىڭ قارىشىم، ۋاللە ئەئلەم

توغرا بولسا الله تىن، خاتا بولسا ئۆزۈمدىن.

## 17.گۇناھى كەبىرلەر توغرىسىدا

الله تائالا قۇرئانى كەرىمدە :

« إِن تَجْتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم مُّدْخَلاً كَرِيمًا»

يەنى،« ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز [31].» (سۈرە نىسا) دەيدۇ .

ئىنسان نۇرغۇن گۇناھلاردىن قايتۇرۇلغان ، لىكىن شۇ گۇناھلارنىڭ چوڭلىرى ، يەنى گۇناھى كەبىرلەر بار ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەدىسى مۇبارەكلىرىدە ئاشۇ گۇناھلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتىلىرىغا ئىشارە قىلىپ شۇنداق دەيدۇ ، بۇ ھەدىس سەھىھ ھەدىسلەردىن بولۇپ ئىمامى بۇخارى ،ئىمامى مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىدە كەلتۈرۈلگەن :

«گۇناھى كەبىرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى، **الله** قا شىرىك كەلتۈرۈش(بۇ يەردە شىرىك گۇناھى كەبىر دىيىلمىگەن،گۇناھى كەبىرلەرنىڭ كاتتىسى **الله** كەچۈرمەيدىغان گۇناھتۇر)، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش(**الله** تائالا بۇنى ھەم كەچۈرمەيدۇ،چۈنكى **الله** قۇرئاندا مۇنداق دىگەن:

« وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُ جَهَنَّمُ خَالِدًا فِيهَا وَغَضِبَ اللّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُ وَأَعَدَّ لَهُ عَذَابًا عَظِيمًا»

يەنى،« كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ] 93»

ئاتا-ئانىغا ئاسىي بۇلۇش (يەنى ئاتا-ئانىنىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلماسلىق،كاتتا گۇناھ بۇلىدۇ)، يالغان گۇۋاھلىق بىرىش( يالغانچىلىق ئورۇنلىرىدا گۇۋاھچى بۇلۇپ تۇرۇش، بىرەر ئادەمنىڭ زەرەرىگە يالغان گۇۋاھلىق بىرىش)»

مانا بۇلار گۇناھى كەبىرلەرنىڭ كاتتىسى ھىساپلىنىدۇ. گۇناھى كەبىر دىگەندە فۇقاھالار: الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاسىي بولغان ، دۇنيادا ھەد يۈرگۈزلىدىغان ۋە ئاخىرەتتە ئازاپ بۇلىدىغانلىقى ئايەت-ھەدىسلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان گۇناھلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ تەبىر بىرىشكەن. گۇناھى كەبىرلەرنىڭ سانى ھەققىدە ئابدۇللا ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :

«يەتتە هالاك قىلغۇچى نەرسىدىن چەكلىنىڭلار» دىگەن هەدىسكە ئىشارە قىلىپ، «گۇناهى كەبىرلەر يەتتىدىن كۆرە يەتتە يۈزگە يېقىنراق» دىگەن ئىكەنلەر.

گۇناهى كەبىرلەر كۆپ، لىكىن گۇناهى كەبىرلەر «ئىستىغفار بىلەن كىتىدۇ.» يەنى، بىر ئادەم گۇناهى كەبىرىنى قىلدى هەم ئۇنى سادىر قىلغانلىقىنى بىلىپ ئىستىغفار ئېيتسا، ئۇ گۇناهى كەبىرە بولمايدۇ. گۇناهى كەبىرىلەردىن باشقا گۇناهى سەغىرىلەر، يەنى كىچىك گۇناهلار بار،گۇناهى سەغىرىلەرنى داۋاملىق قىلغاندا ئۇ گۇناهى سەغىرە بولماي، گۇناهى كەبىرىگە ئايلىنىپ كىتىدۇ.

دىمەك گۇناهى كەبىرىنى سادىر قىلىپ ئىستىغفار ئېيتسا ئۇ يوق بۇلىدۇ،لىكىن گۇناهى سەغىرىنى كىچىك ساناپ ئۇنى داۋاملىق قىلسا، ئۇ گۇناهى كەبىرىگە ئايلىنىپ كىتىدۇ.

گۇناهى كەبىرنىڭ دەرىجىلىرىدە پەرقلەر بار، شۇلارنىڭ بەزىلىرى هەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئۆتكەنكى دەرىسلىرىمىزدە بىز ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ساناپ

ئۆتكەن، لېكىن بىز بۇ يەردە دەلىللەرنى كەلتۈرمەستىن، گۇناھى كەبىرلەرنىڭ بەزىلىرىگە ئىشارە قىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغىنى ئۈچۈن گۇناھى كەبىرلەر قاتارىدا كەلگەن.

گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەقىدىدە، بەزىلىرى ئىنسانىنىڭ ئەقلىدە، بەزىلىرى مالدا، بەزىلىرى ئىبادەتتە، بەزىلىرى نەسەپكە تەئەللۇق بولغان ئىشلاردا يۈز بېرىدۇ.

ئەقىدىدىكى گۇناھى كەبىرلەر، باشتا گۇناھى كەبىرىلەر ئىستىغفار بىلەن كەچۈرلىدۇ دىدۇق، ئەمما كەچۈرۈلمەيدىغان گۇناھى كەبىرىلەر باشتا زىكىر قىلىنغان. ئۇ الله قا شىرىك كەلتۈرۈش.الله قا شىرىك كەلتۈرۈش ئەڭ كاتتا گۇناھلاردىن بولۇپ، ئۇ كەچۈرۈلمەيدۇ.الله قۇرئاندا:

« إِنَّ اللّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاء وَمَن يُشْرِكْ بِاللّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْمًا عَظِيمًا»

يەنى ،« الله ھەقىقەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ [48].»(سۈرە نىسا)دىگەن.

«دۇئا ئىبادەتنىڭ مېغىزىدۇر»(ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دىمەك دۇئانى الله تىن باشقىغا قىلىش بۇ شىرىكتۇر،الله ئۇنى كەچۈرمەيدۇ.

ئەقىدىگە تەئەللۇق بولغان بەزى گۇناھى كەبىرلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. ئىلىمنى بىكىتىش،يەنى شەرئى ئىلىملەرنى بىكىتىش گۇناھى كەبىرلەردىندۇر. ئىلىمگە،مالغا،ئەھدىگە خىيانەت قىلىش،ئومۇمەن خىيانەت قىلىش بۇگۇناھى كەبىرلەردىندۇر .

بۇنىڭ ھەربىرىگە ھۆججەت كەلتۈرۈشكە ۋاقىت يەتمەيدۇ بۇرادەرلەر، الله سۇبھانەھۇ تائالا ئەھلى ئىلىملەردىن ئىلىمنى بىكىتمەيسىلەر، بايان قىلىسىلەر دەپ سۈرە ئال ئىمراندا

ئەھدى- پەيمان ئالدى ۋە خىيانەت توغرىسىدا قۇرئانى كەرىمدە:

«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ»

يەنى،« ئى مۆمىنلەر! **الله** قا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار [27].»(سۈرە ئەنفال)دىدى.

ھەممىسىگە ھۆججەت بار، ئەمما ھەممە ھۆججەتلەرنى كەلتۈرمەيمىز بۇرادەرلەر. كاھىننى تەسدىقلاش ، سېھرىگەرنى تەسدىقلاش، مۇنەججىملەرنى يەنى يۇلتۇزغا قاراپ خەبەر بەرگۈچىلەرنى تەسدىقلاش، **الله** تىن باشقىنىڭ نامىگە بىرەر ھايۋاننى سويۇش،**الله** تىن باشقىغا نەزىر قىلىش، سېھرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىش، **الله** نىڭ نامىدىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم ئىچىش بۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھى كەبىرىدۇر، ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى ئادەملەر بۇنىڭ سىرتىدا،

قايسى بىر مۇسۇلمان الله نىڭ نامىدىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم ئىچسە بۇ گۇناھى كەبىرىدۇر.

ئۆزىنىڭ شەرىپى، پەرزەنتى، پەرشتىلەر، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ نامى ياكى بىرەر تاغ، دەرەخنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىشنىڭ ھەممىسى گۇناھى كەبىرىدۇر. مۇسۇلمان كىشىگە لەنەت ئېيتىش، مۇسۇلمان كىشىنى دەلىلسىز كافىر دېيىش، كافىرلىقى ئېنىق ئادەمنى كافىر ئەمەس دېيىش ھەم گۇناھى كەبىرىدۇر. چۈنكى الله ۋە رەسۇللاھ كافىر دېگەننى كافىر دېيىشتە شەك-شۇبھە قىلماسلىق كېرەك.

الله ۋە رەسۇللاھنىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەش، مەۋزۇئ ھەدىسلەرنى يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم تەرپىدىن سەھىھ بولمىغان بىرەر سۆزنى ئېيتىش بۇ يالغانچىلىقتۇر، گۇناھى كەبىردۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مانا ھەدىسدە :

«مەن ئېيتمىغان سۆزنى دەۋا قىلغان ئادەم ئۆزىگە دۇزاختىن

بىر كىشلىك ئۇرۇن ھازىرلايدۇ»دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرادەرلەرگە بۇ ئۇرۇندا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، ھەدىس شەرىف ئوقۇپ بىرىلگەندە ھەدىسنى رىۋايەت قىلىنغان كىتاپنى تۇتۇپ تۇرۇپ ھەم ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسىنى دەپ تۇرۇپ سۆزلەشنى ئادەت قىلىش كېرەك.

بىزنىڭ دەرسلىرىمىزدە ئوتتۇرغا قويۇلغان ھەدىسلەرنىڭ ھەربىرىنى كىتاپقا قاراپ دىققەت بىلەن ئېيتىپ بىرىۋاتقانلىقىمىز، دەل رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقلىرىدىن بىرەر ھەرپىنى ئۆزگەرتىپ قويمايلى دېگەننى مەقسەت قىلغانلىقتىندۇر.

ھەممىمىز ھەم ھەدىس رىۋايەت قىلغاندا شۇ ھەدىسنى كىم رىۋايەت قىلغان،قايسى كىتاپتا كەلتۈرۈلگەن،ھەدىس سەھىھمۇ شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

الله نىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم بولۇش گۇناھى كەبىرىدۇر.

ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن يىغلىغاندا ئۆزىنى شاپىلاقلاپ ئۇرۇش،

ئاۋاز سېلىپ يىغلاپ الله رازى بولمايدىغان سۆزلەرنى ئېيتىش گۇناھى كەبىرىدۇر، خەبەرنى ئىنكار قىلىش، ھەر خىل تۇمارلار، كۆزمۇنچاقلارنى ساقلىغۇچى دەپ ئىتقاد قىلىپ، ئۆيگە، پەرزەنتىگە ئېسىپ قويۇش بۇ گۇناھى كەبىرىدۇر.

بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىم بىرەر نەرسىدىن ئەجەپلەنسە ياكى ئۆيگە كىرىپ خۇرسەن بولسا: «ماشاالله ، لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللا»دىسۇن دەپ تەلىم بەرگەن.

قۇرئانى كەرىم سۈرە كەفتە مانا:

« وَلَوْلَا إِذْ دَخَلْتَ جَنَّتَكَ قُلْتَ مَا شَاءَ اللَّهُ لَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ »

يەنى،« سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: الله نىڭ خالىغىنى بولىدۇ، الله نىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. دېسەڭچۇ!»(39 ـ ئايەت)

دەپ ،بېغى ياكى ئۆيى ئەجەپلەندۈرسە مۇشۇ كەلىمىنى ئېيتىشنى بۇيرىيدۇ.

خۇلاسە شۇكى بۇرادەرلەر ، رەسۇلۇللاھ قايسى ئىشقا بۇيرىسا بىز شۇنى تاشلىغانمىز، قايسى ئىش گۇناھ بولسا شۇنى ئالغانمىز .

كىشىنىڭ جىسمى ۋە ئەقلىگە تەئەللۇق بولغان گۇناھى كەبىرلەر:

ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئىنساننى ۋە ياكى بىرەر ھايۋاننى كۆيدۈرۈپ ئازاپلاش، ئاجىز كىشىلەرگە زوراۋانلىق قىلىش مانا بۇ ئىنساننىڭ جىسمى ۋە ئەقلىگە تەئەللۇق بولغان گۇناھلاردۇر.

ئاجىزلارغا كىملەر كىرىدۇ؟ يېتىملەر، ئۆز ئائىلىسى، خىزمەتچىلىرىگە ھېچنەرسە دىيەلمەيدۇ دەپ ئۇلارغا زوراۋانلىق قىلىش،زۇلۇم قىلىش گۇناھى كەبىرىدۇر.

ھەتتا مىنىدىغان ھايۋانلارغا ھەم زوراۋانلىق، زۇلۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

غەيۋەت، چېقىمچىلىق، پىتنە تېرىش بۇلار گۇناھى كەبىرىلەردىندۇر.

نامىنىڭ نىمە بولىشىدىن قەتئىنەزەر مەس قىلىغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش، ھاياتتىن بىزار بولۇپ زەھەر ئىچىش، زۆرۈرىيەتسىز ھالەتتە توڭغۇز گۆشى يېيىش(بۇنى دەرسلىرىمىزدە ئەسكەرتتۇق، ئىنسان ئاچلىقتىن ئۆلىدىغان ھالەتكە كەلگەندە، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا توڭغۇز گۆشى يېيىش ھالال بولىدۇ) بۇلار گۇناھى كەبىرىدۇر.

بۇ گۇناھى كەبىرلەرنىڭ ئىچىگە ئەيىۇن، دۇخار قاتارلىق ھەممە كەشەندىلىكلەر كىرىدۇ،بۇلارنىڭ ئىنسانغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى مۇسۇلمان،كافىر تىۋىپلارنىڭ ھەممىسى تەن ئېلىشقان.

ئۆمۈر بويى كەشەندىلىك قىلىۋاتقان ئادەم ھەم بۇنىڭ زەرەرىنى

بىلىپ تۇرۇپ كەشەندىلىك قىلىدۇ. خۇسۇسەن بۇلارنى گۇناھى سەغىرە دەپ دەۋام قىلىش بىلەن گۇناھى سەغىرىلەر ھەم گۇناھى كەبىرىگە ئايلىنىدۇ.

باتىل بىلەن جىدەل ـ جاڭجال قىلىش، ئۆز رەيىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ھەققە ناھەق بىلەن قارشى چىقىش، ئادەملەرگە زۇلۇم قىلىش، ھەقنى ئىنكار قىلىش، ھەققە غەزەپلىنىش گۇناھى كەبىرىدۇر. مۇسۇلمانلارغا لەنەت ئېيتىش، ساھابىلەرنى سۆكۈش، تەكەببۇرلۇق قىلىش، ھاكىم ئالدىدا بىرەر مۇسۇلمانغا ئازار بىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىدىن يامان گەپ قىلىش، تىمسال ۋە سۈرەتلەر بۇلارنىڭ زۈرۈرىيەت بولغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى گۇناھى كەبىرىدۇر، بۇرادەرلەر.

مالدىكى گۇناھى كەبىرىلەر: يېتىمنىڭ مالىنى يېيىش، قىمار (مەيلى ئۇنىڭ ناملىرى قايسى تىلدا بولسۇن)،ئوغرۇرلۇق، يول تۇسۇش، مالنى زوراۋانلىق بىلەن تارتىۋېلىش، پارىخورلۇق، ئۆلچەمدە كەم بىرىش، بىرەر مال ياكى مەرتىۋىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن الله نىڭ نامىدىن يالغان قەسەم ئىچىش،

بەيئى ئالدى ـ ساتتىدا ئالداش، ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلماسلىق، يالغان گۇۋاھلىق بىرىش، ھەددىدىن تاشقىرى ئىسراپ قىلىش بۇلارنىڭ ھەممىسى مالغا تەئەللۇق بولغان گۇناھى كەبىرىدۇر.

ۋەسىيەت بىلەن زەرەرلەندۇرۇش، مەسىلەن: ئۆزىنىڭ بىر قەرزى يوق تۇرۇپ، قەرز بار دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇش بۇ ۋەسىيەت بىلەن زەرەرلەندۇرۇشكە كىرىدۇ.

گۇۋاھلىقنى بىكىتىشلىك، ئەرلەرنىڭ ئالتۇندىن يۈزۈك تېپىدىكى نەرسىلەرنىڭ تاقىشى، كىيىم ـ كېچەكنى ئۇشۇقىدىن ئاشقان دەرىجىدە سۆرەپ كىيىش بۇلار گۇناھى كەبىرىدۇر.

ئىبادەتلەردىكى گۇناھى كەبىرىلەر: نامازنى تەك ئىتىش، ئۆزۈرسىز نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋتىش، زاكات بەرمەسلىك، رامازاندا ئۆزۈرسىز روزا تۇتماسلىق، ھەجكە قادىر تۇرۇپ ھەج قىلماسلىق، الله يۈلىدكى جىھادتىن قېچىش (يەنى مال بىلەن،جان بىلەن ۋە تىل بۇلىدىغان جىھاتتىن قېچىش) جۈمە نامىزىنى تەرك ئىتىش،ئەمىر ـ مەئرۇپ،نەھى ـ مۇنكەرگە قادىر بولغان ئادەمنىڭ تەرك ئىتىشى، بەۋىلدىن ئېھتىيات قىلماسلىق

(بەۋىلىنىڭ تۈرى كۆپ ،بىر ئادەمنىڭ تازلانماسلىقى ھەم شۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ)، جامائەت نامىزىنى ئۆزرىسىز تەرك ئېتىش (چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: بىر كىشىنى ئىماملىققا تەيىنلەپ، ئاندىن جامائەتكە چىقمىغانلارنىڭ ئۆيىگە ئوت قۇيۇۋەتسەم دېگەن). بۇلارنىڭ ھەممىسىگە دەلىل كەلتۈرسەك ۋاقىت ئۇزۇن كېتىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، بەزىلىرىگە دەلىل كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلەندۇق.

ئائىلە،نەسەبكە تەئەللۇق گۇناھى كەبىرىلەر: زىنا (ئۆزىنىڭ شەرئى نىكاھىدا بولمىغان ئايال بىلەن جىنسى ئالاقىدە بولۇشتۇر)، لىۋات (نەئۇزۇبىللاھ، بۇ ئەركەكلەرنىڭ ئۆز-ئارا جىنسى ئالاقىدە بولىشىدۇر)، پاكىزە مۇئمىن ئاياللارنى ناپاكلىققا نىسبەتلەش (يەنى، پاك ئايالنى زىنا بىلەن تۆھمەتلەش)، ئايال كىشىنىڭ زىننەتلىرىنى مەھرەملەردىن باشقىلارغا كۆرسىتىپ يۈرىشى، ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىگە ئوخشىۋېلىشى، ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىگە ئوخشىۋېلىشى، ئاتا-ئانىغا ئاقپىلىق

قىلىش (گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا، ئەگەر ئاتا-ئانىنىڭ بۇيرىقى گۇناھ ئىش بۇلىدىغان بولسا، ئىتائەر قىلىنمايدۇ)، الله بۇيرىغان يېقىن قېرىنداشلىرىدىن ۋاز كېچىش، ئايال كىشىنىڭ ئۆزرىسىز ئۆز ئېرىگە ئىتائەت قىلماسلىقى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ھىلە-نەيرەڭ ئىشلىتىش بۇلار گۇناھى كەبىرلەردۇر.

مىسالغا ئالساق: ئايال كىشى ئۈچ تالاق قىلىنغاندىن كىيىن،ئۇ باشقا تۇرمۇشلۇق بولمىغىچە ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ، بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز، مانا شۇنىڭغا ھىلە ئىشلىتىش يا كى شەرىئەتنى ئۇيۇن قىلىپ ھىلە-نەيرەڭ ئىشلىتىش مانا بۇ گۇناھى كەبىردىندۇر.

ئايال كىشىنىڭ تۇرمۇش ئورتىقى، يەنى ئۆز ئېرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئىنكار قىلىشى گۇناھى كەبىردۇر.

بۇنى بىر ئېيتىپ ئۆتىشىمىز كېرەك، ناھايەت بىر ئايال كىشى بۇ قانداق گۇناھى كەبىرە بولسۇن؟ دەپ قېلىشى مۇمكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىلەركى:

«سەدىقە قىلىڭلار،چۈنكى دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكىنى ئاياللاردىن كۆردۈم دېگەندە،بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ دەپ سورالغاندا، كۇفرىلىق قىلىدۇ دېدىلەر، يا رەسۇلۇللاھ ﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا كۇفرىلىق قىلىشامدۇ؟ دەپ سورالغاندا،- ياق ئەرلىرىگە كۇفرىلىق قىلىشىدۇ، دېدىلەر، بۇنىڭ مەنىسى نىمە ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلارغا ئۆمۈر بويى ياخشىلىق قىلساڭ، ياخشىلىقڭنى ئىنكار قىلىشىدۇ،- دېدى.»

بۇ جەھەننەمگە سەۋەپ بولىدىغان گۇناھلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى گۇناھى كەبىرىلەردىن سانايمىز.

بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاتىسىدىن باشقىغا نىسبەتلەش (شۇنداق ئادەملەر بولىدۇكى بۇرادەرلەر، بىرەر دۆلەتمەن ئادەمنىڭ مىلىنى مىراس ئېلىش ئۈچۈن ، ئۇنى دادام بولىدۇ داۋا قىلىشىدۇ. بۇنىڭ ئەجەپلىنىش بىھاجەت، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس بۇرادەرلەر)، ئۆز ئەھلىنىڭ زىنا بىلەن يۈرىشىگە رازى بولۇش، قوشنىغا ئازار بىرىش، ئايالالارنىڭ قاشلىرىنى تىرىشى، چاچ ئۇلىشى،

چىشلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ زىنىنەتلەش مانا بۇ گۇناھى كەبىرىلەردىندۇر .

يۇقۇردا بەزى گۇناھى كەبىرلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتتۇق، بۇ گۇناھى كەبىرلەردىن ئىشتىراپ قىلىش بىلەن الله سۇبھانەھۇ تەئالا باشقا گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

بۇ يەردە تىلغا ئالغانلىرىمىز گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، ۋاقتىنىڭ قىسلىقى سەۋەپلىك بۇ يەردە بەزى گۇناھى كەبىرىلەرنى تىلغا ئالمىدۇق. بەزىلىرىدە ئاۋۋالقى دەرسلىرىمىزدە سۆزلىگەنلىرىمىز بىلەن كۇپايىلەندۇق،

مەسىلەن غىنا ۋە مۇزىكا گۇناھى كەبىرىلەردىندۇر. الله سۇبھانەھۇ تەئالا سۇرە لوقماندا:

« وَمِنَ النَّاسِ مَن يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ»

يەنى،« بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن، (كىشىلەرنى) الله

نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالدۇ ۋە
الله نىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خار قىلغۇچى
ئازابقا دۇچار بولىدۇ [6].»دەيدۇ.

مۇفەسسىرلەرنىڭ كۆپلىرى:

« لَهْوَ الْحَدِيثِ »

تىن مۇراد غىنا ۋە مۇزىكىدۇر دېيىشكەنلەر.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ئۇنى غىنا دېگەن، ھەسەن بەسرى بۇ
ئايەتنى غىنا ھەققىدە نازىل بولغان دېگەن.

الله قۇرئاندا يەنە شەيتانغا خىتاب قىلىپ:

« وَاسْتَفْزِزْ مَنِ اسْتَطَعْتَ مِنْهُمْ بِصَوْتِكَ »

يەنى، « ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن، »(سۈرە بەنى ئىسرائىل64 ـ ئايەت) دىگەن.

مۇجاھىد مۇشۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە ئىشارە قىلىپ، بۇنىڭدىن مۇراد «غىنا»دىگەن ئىكەنلەر.

مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ئىنساننىڭ جىسمىنى كاردىن چىقارسا، غىنا ۋە مۇزىكا ئىنساننىڭ روھىنى كاردىن چىقىرىدۇ.

ھاياتنى بىر ھەزەلى نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ،ھاياتتىكى ھەممە نەرسىنى ئەستىن چىقىرىدۇ. غىنا مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ياكى ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىك يىرى بارمۇ؟ بەزى ئىلىم ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ غىنا، مۇزىكىنى ياخشى كۆرگەنلىكى سەۋەپلىك، ئۇنىڭغا كىچە ـ كۈندۈز دەلىل ئىزدەپ، بىلمەستىن ئۇنىڭغا ھۆججەت بار دەپ قويماسلىقى ئۈچۈن مەن بۇ يەردە شۇ ھەقتە بىر نەرسە ئوقۇپ بەرمەكچىمەن.

غىنانى مۇمكىن دىگەن كىشىلەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى دەلىل قىلىشىدۇ :

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوجۇرىسىغا كىردىم،ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئىككى جارىيە بار ئىدى (ئەرەپ تىلىدا بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن بالا جارىيە دىيىلىدۇ)، ئۇ ئىككىسى دۇپ ـ دۇپ دەپ چېلىدىرما ئۇرۇپ تۇرۇشقان ئىدى،ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىردى ـ دە،مالامەت قىلدى، شۇندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قوي. ھەر بىر قەۋمنىڭ ھېيتى بايرىمى بولىدۇ ،بىزنىڭ بايرىمىمىز شۇ كۈن ـ دىدى» .

بۇ ھەدىس ئىمامى بۇخارىينىڭ جامئى سەھىھلىرىدە كەلتۈرۈلگەن، ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىس باركى:

«ھالال بىلەن ھارامنى ئاجىرتىپ تۇرغۇچى نەرسە دۇپ(يەنى يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك)چېلىش ۋە نىكاھ ۋاقتىدا بەزى

تاۋۇشلارنى چىقىرىپ(يەنى شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان بەزى شېئىرلارنى ئېيتىپ تۇرۇش)تۇرۇشتۇر» .

جاپالىق ئىش ئۈستىدە بەزى ئىسلامى نەشىدلەر ۋە ئىسلامى روھنى ئىپادىلىگۈچى شېئىرلارنى ئوقۇش شەرئەتكە مۇۋاپىق ئىشتۇر .

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى قىلغان .

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەك كولىۋاتقاندا ئىشلىگەن كىشلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئابدۇللا ئىبنى راۋاھىنىڭ «ئى الله ياشاش ، ھايات پەقەت ئاخىرەت ھاياتىدۇر ، ئاخىرەتتىكى ياشاش ھەقىقى ياشاشتۇر ، ئەنسارلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ گۇناھىنى ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغىن»دىگەن شېئىرنى ئوقىدىلەر ، ئەنسارلار بۇنى ئىشىتىشىپ

««مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن جىھادقا بەيئەت قىلغانلار بىزمىز ، قاچانكى ھاياتتا تىرىك بولساق»

دەپ شېئىر بىلەن جاۋاپ قىلىشتى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەك كولىۋاتقاندا يەنە ئابدۇللا ئىبنى

راۋاھىنىڭ بۇ شېئىرىنى ئوقىدى:

«الله قا قەسەمكى، الله نىڭ ھىدايىتى بولمىسا بىز ھىدايەتلەنمەستۇق، روزا ھەم تۇتمىغان بولاردۇق، ناماز ھەم ئوقۇماستۇق، بىزگە ئاراملىق چۈشۈرگىن، دۈشمەنلەر بىلەن روبىرو بولغىنىمىزدا، قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن، مۇشرىكلار بىزگە تاجاۋۇز قىلىشتى، ئەگەر دىنىمىزدىن بىزنى ئالدىماقچى بولسا بىز باش تارتىمىز »، رەسۇلۇللاھ «باش تارتىمىز»دىگەنلىرىدە ساھابىلەر« باش تارتىمىز ، باش تارتىمىز »دىيىشەتتى (مۇتتەفەقۇن ئەلەي).

مانا بۇ بىزگە بەزى جاپالىق ئىشلاردا الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى زىكرى قىلىدىغان بەزى شېئىرلارنى ئوقۇشقا رۇخسەتنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىشلەۋاتقان كىشلەرنىڭ ئىشىنى يەڭگىللىتىدۇ. رۇخسەت بىرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەر مانا مۇشۇلاردۇر.

بۇنى پۈتۈن شەيتانى يىغىلىشلارغا ئاساس قىلىش توغرا ئەمەس

بۇرادەرلەر. بىر كىشى بۇنى ياخشى كۆرۈپ قىلماقچى بولسا، ئۇنى شەرىئەتكە باغلىماستىن مېنىڭ تەبىئىتىم شۇ قىلىۋەرسۇن، بىزنىڭ شۇنى قىلىۋاتقان ئادەم بىلەن ئىشىمىز يوق، ئەمما ئۇ ئىسلامنىڭ شۇ ھەققىدىكى جاۋابىنى بىلمەكچى بولسا، جاۋاپ مانا شۇ.

تەسۋىر ۋە تىمساللار ھەققىدە(يەنى سۈرەت ۋە جانلىق نەرسىلەرنىڭ شەكىللىرى ھەققىدە): ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سۈرە نۇھتا تىلغا ئېلىنغان بۇتلارنىڭ ھەممىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىكى سالىھ كىشىلەرنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ شەكىللىرى قىلىنىپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە ئېيتىپ ئۆتكەنمىز.

« وَقَالُوا لَا تَذَرُنَّ آلِهَتَكُمْ وَلَا تَذَرُنَّ وَدًّا وَلَا سُوَاعًا وَلَا يَغُوثَ وَيَعُوقَ وَنَسْرًا »

يەنى،« ئۇلار: ‹مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار،

ۋەدنى، سۇۋائنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار› دېدى [23].»(سۈرە نۇھ)

ۋەد ، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدە ئۆتكەن سالىھ كىشىلەرنىڭ ناملىرى بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلاتلار بۇلارغا ئىبادەت قىلىشىۋالغان.

بۇ يەردە سۈرەت ھەققىدە شۇنى ئېيتىمىزكى، ھەدىس شەرىفلەردە پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا بىرەر بىر جانلىق نەرسىنىڭ شەكلىنى كۆرسەڭىز تىكىسلەپ كېتىڭ ۋە قەبرىلەرنى پەسلەپ يەرگە يېقىن قىلىپ كېتىڭ دەپ بۇيرىدىلەر.

يەنە بىر رىۋايەتتە بىرەر سۈرەت كۆرسەڭىز بۇيىۋېتىپ كېتىڭ دېدىلەر. چۈنكى بۇ سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزلەرنى شىرىككە ئېلىپ بارىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇلەركى:

ئايىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر رەخت سېتىۋالدى، بۇنىڭدا سۈرەتلەر بار ئىدى‌لەر،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى كۆرگەنلىرىدە دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ ، ئۆيگە كىرمىدى ھەم چىرايىدا يېقىمسىزلىق كۆرۈلدى، ئايىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا تەۋبە قىلىمەن نىمە گۇناھ قىلدىم؟دەپ سورىدى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىمە ماتا؟ دەپ سورىدى،

ئايىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئۇنى سىزگە تۆشەك قىلىپ بېرىش ئۈچۈن سېتىۋالدىم- دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: شۇ سۈرەت ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى ئۆزەڭلار ياراتقان شۇ نەرسىگە جان كىرگۈزىڭلار دەپ ئازاپلىنىدۇ، سۈرەت بولغان ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ دىدى(مۇتتەفەقۇن ئەلەي).

ئىمامى بۇخارى كەلتۈرگەن باشقا ھەدىسلەردە : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈيىدە سۈرەتلەرنى كۆرگەندە،شۇ

سۈرەت يوقىتىلمىغىچە ئۆيىگە كىرمىگەن. بۇندىن باشقا

ھەدىسلەر يەنە بار.

بۇ سۈرەتلەر يەنى،بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان سۈرەتلەر ھاياسىز سۈرەتلەر ئەمەس ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا مۇشۇنداق سۈرەتلەر بولغان ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ دىگەن.

ھازىر بولسا تارقىلىۋاتقىنى ھاياسىز سۈرەتلەردۇر. بۇ نەرسىلەر بۇرادەرلەر ئەۋۋەلدە جىنايەت ئىدى، مۇبادا بىر كىشىنىڭ ھاياسىز سۈرەتلەرنى كۆتۈرۈپ كىلىۋاتقانلىقى بىلىنسە جىنايى جاۋاپكارلىققا تارتىلاتتى.

ھاياسىز ئويۇنلار ھەم جىنايى جاۋاپكارلىققا تارتىلاتتى، بۇ نەرسىلەرنىڭ دىنىغا بولغان قاتتىق زەرەرىنى ھېچكىم بىلمىگەچكە، بىزگە قارشىلىق بولمىغان، بۇ نەرسىلەرنىڭ دىنىنىڭ ئاساسىنى يۇقىتىدىغانلىقى بىلىنگەندىن كىيىن، بىزگە كۆپ جايلاردا رۇخسەت بۇلۇپ كەتتى بۇرادەرلەر.

سەھۇنىيە مانا مۇشۇنداق سۈرەتلەر ئارقىلىق دىننى ئادەملەرنىڭ قەلبىدىن يوق قىلىپ تاشلىدى، ھاياسىز سۈرەتلەرنى كۆرۈش بىلەن زوقلانغان قەلبتە الله نىڭ مۇھاببىتى بولمايدۇ بۇرادەرلەر.

سۈرەت بار ئۆيگە رەسۇلۇللاھ كىرمىسە، ئەمدى ئۇ سۈرەتلەر بۆگۈنكى كۈندىكىگە ئوخشاش پۇلغا سېتىۋېلىنسا ھەم ئۆيگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېلىپ كىرىلسە ۋە تاماشا قىلىش ئۈچۈن سائەتلەپ كۆرۈلسە، ئۇنداق ئۆيدە پەرىشتە بولماسلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق بۇرادەرلەر.

ئۇ يەردە پەقەت سۈرەت ۋە شۇ سۈرەتكە ئوخشىغان مەخلۇقلار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياسىز سۈرەتلەرنى شەرئى جەھەتتىن چەكلەنگەن دەپ بىلىشىمىز كېرەك.

ھەم بۇجەھەتتە رەسۇلۇللاھتىن ئۆگىنىشىمىز كېرەككى، رەسۇلۇللاھ سۈرەت يۇقتىلمىغىچە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمىگەن. ئۆلىمالار ئادەملەر نامازدا بەش مەرتىۋىلىك بولىدۇ دىگەن ئىكەنلەر،ئۆزىمىزنى تەربىيلەيدىغان نامازنى بىلىش ئۈچۈن شۇ نەرسىنى ئوقۇپ بەرمەكچىمەن. بىرىنچى مەرتىۋە ئۆزىگە زۇلۇم

قىلغان نامازخاننىڭ مەرتىبىسىدۇر.

قۇرئانى كەرىمدە الله تائالا:

« فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ ، الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ ، الَّذِينَ هُمْ يُرَاؤُونَ»

يەنى،« شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ [4-5]. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ [6].»(سۈرە مائۇن)دەيدۇ..

بۇنداق كىشىلەر نامازنىڭ پۈتۈن رۇكۇنلىرىغا رىئايە قىلىدۇ، تاھارەتكە ھەم رىئايە قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ۋەسۋەسە بىلەن كۈرەشمەيدۇ،نىمە خىيال بولسا ئۆزىنى قويۇپ بېرىدۇ، بۇندىن مۇراد خىيالغا بىر نەرسە كەلمەيدۇ دىگەنلىك ئەمەس،ئىنسانلا بۇلىدىكەن قەلبىگە بىر نەرسە كىلىشكە شەيتان ۋەسۋەسە قىلىدۇ،لېكىن بۇنداق كىشىلەر دەل شۇ خىل ۋەسۋەسە بىلەن كۈرەشمەيدۇ،خىيالىغا نىمە كەلسە قويۇپ

بىرىدۇ.

مانا بۇ ئىككىنچى ئادەم بىرىنچى ئادەم ئازاپلىنىدۇ بۇرادەرلەر،ئىككىنچى ئادەم ئۆزىدىكى ۋەسۋەسە بىلەن كۆرەشمىگەنلىكى ئۈچۈن ھىساپ بىرىدۇ.

ئۈچۈنچىسى نامازنىڭ ھۇدۇدلىرى، رۇكۇنلىرى ۋە ۋاقتىغا رىئايە قىلغان، ۋەسۋەسىنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن شەيتان بىلەن كۆرەشكەن ئادەم بۇلۇپ،شەيتان ۋەسۋەسىنى توختاتمايدۇ،ئۇ كىشى شەيتانغا قارىشى مۇجادىلىنى توختاتمايدۇ،بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى شەيتان بىلەن دائىم مۇجادىلە قىلغاچقا، ئۇ ھەم نامازدا ھەم جىھاتتىدۇر.

تۆتىنچى ئادەم نامازنىڭ ھۇدۇدلىرى ۋە رۇكۇنلىرنى كامىل قىلغان ھالەتتە نامازغا تۇرىدۇ، قەلبىنى پۈتۈن ھۇدۇدلارغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن بېغىشلايدۇ،بىرەر بىر نەرسىنى زايە قىلىپ قويمايدۇ،پۈتۈن مەقستى بىلەن نامازنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن

تىرىشىدۇ،مانا بۇنداق ئادەم رەب تەئالاغا ھەقىقى ئەب بۇلۇشۋاتقان كىشىدۇر،بۇ ئادەم ئەلۋەتتە ساۋاپلىنىدۇ.

بەشىنچى تائىپە نامازغا تۇرىدۇ،ئۆزىنى گوياكى الله نىڭ ھوزۇرىدىكىدەك ھىس قىلىدۇ، الله سۇبھانەھۇ تەئالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىدۇ، الله نىڭ مۇھابىتى ۋە ئەزىمىتىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ۋەسۋەسە بولمايدۇ، مانا بۇ ئادەم الله قا مۇقەررەپ (يېقىن) بولغان ئادەم ھىساپلىنىدۇ.

ئاۋۋالقى ئىككى نامازخان بىلەن ئاخىرىقى ئىككى نامازخان بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىنى بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مەشرىق بىلەن مەغرىپچە پەرق بار بۇرادەرلەر،كىمكى ئاخىرىقى ئىككى ھالەتنى ئۆزىدە پەيدا قىلالىسا،نامازدا قۇۋۋانچ پەيدا بۇلىدۇ. خوددى الله بىلەن مۇلاقەت بولغاندەك بىر لەززەت،خۇشاللىق بىلەن نامازدىن چىقىدۇ. شۇڭا بۇرادەرلەر بىز ئۆمرىمىزنى ھەرخىل سەپسەتە بىلەن ئۆتكۈزىشنىڭ ئورنىغا شۇ بەش ۋاخ ناماز بىلەن ئۆزىمىزنى تەربىيلەشنى غەنىمەت بىلىشىمىز

كېرەككى ئۇ هاياتىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

ئەگەر نامازغا رىئايە قىلىنسا،ئادەم ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى

ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

سورالغان سوئاللارغا جاۋاپ:

بۇ يەردە بىر كىشى ئىماننىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە سوراپ بىر خەت يېزىپتۇ. ئىماننىڭ ھەقىقىتى توغرىسىدا بەزى كىشىلەر ئاڭ،تەپەككۇر ھەققىدە بەھس يۈرگۈزىشكەنلەر، شۇڭا ئۇلار ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى ئارلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ.

بىز تۆۋەندە ئىماننىڭ ھەقىقىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ھەققىدە رەيىمىز بويىچە ئەمەس،كىتابى سۈننەتكە قاراپ تۇرۇپ چۈشەنچە بەرمەكچىمىز.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھارىس ئىسىملىك ساھابىگە:«قانداق تاڭ ئاتتۇردىڭىز؟ ئى ھارىس» دىگەندە،ئۇ:«ھەقىقى مۇئمىن بولۇپ تاڭ

ئاتتۇردۇم» دېدىلەر.

شۇندا رەسۇلۇللاھ: «ئىمانىڭىزنىڭ ھەقىقىتى نىمە؟» دەپ سوردى، ھارىس ئېيتتىكى: «ئەگەر مەئسىيەت ئۈستىدە بولسام، جەھەننەم ئەھلى ئارىسىدا ئىكەنلىكىمنى تەسەۋۋۇر قىلماقچى بولسام ئۇنى تەساۋۋۇر قىلالايمەن،يەنى خۇددى جەھەننەم ئىچىدە ئازاپلىنىۋاتقاندەك ھالەتنى تەساۋۋۇر قىلالايمەن، الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلغىنىمدا جەننەتتە تۇرغىنىمنى تەساۋۋۇر قىلماقچى بولسام،جەننەتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ تەساۋۋۇر قىلالايمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ:«ئىمانىڭ ھەقىقىتىنى تېپىپسىز مەھكەم تۇتۇڭ» دېدىلەر.

ئىمانىڭ ھەقىقىتىنى كېڭەيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئىمانىڭ ھەقىقىتىنى ئاڭ، تەپەككۇر دىگەندەك بەزى بىر پەلسەپۋى پىكىرلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش توغرا بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر ئۇلۇغ ساھابە ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن بىر سۆھبەتتۇر (بۇ كىشى ھەققىدە كۆرگەنلەر ئېيتىدۇكى: بۇ كىشىنى كۆردۈم،

ئۇنىڭ پېشانىسى ئۇزاق سەجدىلەردە تۇرغاچقا تۆگىنىڭ كۆزەسىگە ئوخشاپ كەتكەن ئىدى).

ساھابىلەرنى- رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيمىز، تابىئىنلارنى- رەھمىتۇللاھى ئەلەيھى دەيمىز. چۈنكى ساھابىلەر قۇرئانى كەرىمدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردە ئەزان بىلەن تەكبىر ئوتتۇرىسىدىكى ناماز توغرىسىدا سۆرىلىپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم :

«ئىككى ئەزان(ئەزان بىلەن تەكبىر)نىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز بار دەپ ئۈچ مەرتە ئېيتىپ بولۇپ، ئاخىرىدا خالىغان كىشىگە دىدىلەر.»

بىر ئادەم خالىسا ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا بولىدۇ، بۇ مەجبۇرى ئەمەس. شۇڭا ئوقۇغانلار،ئوقۇمىغانلارغا غەلىتە نەزەر بىلەن قارىمايلى،ئەمدى بەزى كىشىلەر شام نامىزىنىڭ پەرز،سۈننەتلىرى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كىيىن يەنە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ، ئەمما بۇ ھەقتە بىرەر ھەدىس كۆرگىنىمىز يوق،بۇنى ئوقۇغانلاردىن سوراپ

بېقىش كېرەك.

بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى تىلغان ئېلىنغاندا ئىگىلىپ تازىم قىلىش توغرىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. بۇرادەلەر بۇ نەرسىنى بىز توغرا چۈشىنىشىمىز، دەرسلىرىمىزدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. بەزى نەرسىلەرنىڭ روھىنى چۈشەنمىسەك كۈپۈنچە ھالدا خاتا چۈشىنىپ قالىمىز.

ئىمامى مالىك بىرەر ھەدىس رىۋايەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھنى تىلغا ئالغاندىن باشلاپ چىرايى ئۆزگىرىشكە باشلايدىكەن،ياكى بىرەر كىشى ھەدىس سۆزلەپ رەسۇللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا چىرايى ئۆزگىرىپ،ھالىتى باشقىچە بولىدىكەن، ھەتتا بۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغاندا،باشقىلار ئۇنى رەسۇللاھنىڭ نامىنى ئاڭلىسا ئۆزگىرىپ قالىدۇ دەپ ناھايتى ئېھتىيات قىلىشىدىكەنلەر،باشقىلار ئۇنىڭدىن نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مەن كۆرگەن نەرسىنى كۆرگىنىڭلاردا بۇنىڭدىن ئەجەپلەنمىگەن بولاتتىڭلار دىگەن ئىكەنلەر.

سەئىد ئىبنى مۇنزىر بولسا كېرەك، ئۇ كىشى ھەدىس رىۋايەت قىلغاندا رەسۇللاھقا بولغان مۇھابىتىدىن يىغلاپ ئېڭىشىپ قالاركەنلەر،مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەزى مۇھابەتلەر باشقىچە روھتا بۇلىدۇ، شۇڭا ھەربىر نەرسىنىڭ زاھىرىغا قاراپ باھا بىرىشكە بولمايدۇ بۇرادەرلەر.

ئىمامى مالىك بىر ھەدىس رىۋايەت قىلسا تاھارەتلىك بۇلۇپ،قىلىبگە قاراپ، ئۈستى باشلىرىنى ئوڭشاپ، خۇشبويلىنىپ تۇرۇپ ئاندىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدىكەنلەر،يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىگە شۇنچىلىك ھۆرمەت كۆرسەتكەن ئىكەنلەر.

ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمەت ئالدى بىلەن ئۇ كىشىگە ئەگىشىش بىلەن بۇلىدۇ، ئۇ زاتلار ھەممە جەھەتتە رەسۇلۇللاھقا ئەگەشكەنلەر، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۇ ھالىتى قەلبىدىكى مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسىدە ئىختىيارسىز يۈسۈندا بولغان، شۇڭا بىز مۇئمىن ھەققىدە ياخشى گۇماندا بۇلىمىز،ئۇ كىشى بەلكى رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھابىتى سەۋەپلىك شۇنداق

ئىگىلىگەن بولىشى مۇمكىن. خەتنى ئوقۇيالمىغاچقا بەزى سوئاللارغا جاۋاپ بەرمىدۇق.

## .18ئىلىم توغرىسىدا

الله سۇبھانەھۇ تائالا ئىنساننى زېمىندا ياراتتى ۋە ئىنساننى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتمەي،ئۆزى بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزىدىغان ئەلچى قىلىپ پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانىنىڭ جىنسىدىن تاللىدى، بۇ ئەلچىلەرگە دىنىنى ۋەھى بىلەن چۈشۈردى، بۇ دىن ئىسلام دىنىدۇر

«إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللّهِ الإِسْلاَمُ »

يەنى،«ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام دىنىدۇر» .

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز دەۋرىدىكى ساناقلىق كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن دىن ئىسلام دىنى ئىدى، ئىنسانىيەت ئەينى دەۋرىدە گۆدەكلىك باسقۇچىدا بولۇپ، ئومۇمى ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىكىنى ئېتىبارغا ئالساق،شۇ زاماندا ئۇلارنىڭ ئەقىل ۋە

ئىدراكلىرىغا مۇۋاپىق بولغان ھەق ئىبەرتىلگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئىنسانىيەت خۇددى ئىنسان كامالەت يېشىغا يەتكەندەك كامال تاپقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسلام ھەم كامال تاپقان.الله قۇرئاندا:

« الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِينًا »

يەنى،« بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تامامىلدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»(سۈرە مائىدە3ـ ئايەت)دەيدۇ.

دىمەك ئىسلام دىنى رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە كامال تاپتى ۋە كامال تاپقانلىقى ئۈچۈن قىيامەتكىچە باقى قالدى، الله سۇبھانەھۇ تائالا ئۆزى زىمىنغا مىراسخور بولغىچە بۇ ئىسلام دىنى كامىل سۈرەتتە باقىي قالىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا:

«ئى ئادەملەر لائىلاھە ئىللەللاھ»دەڭلار دەپ خىتاپ

قىلدى، «لائىلاھە ئىللەللاھ» دىنىمىزنىڭ ئاساسى، يەنى الله تىن باشقا مەئبۇدنى ئىنكار قىلىش، پەقەت الله نىڭ يىگانى مەئبۇدلىقىنى ئىسپات قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئېيتقانىكەنكى:

«الله سۇبھانەھۇ تەئالا بەندىلەرگە ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› نى تونۇتۇپ قويۇشتىن ئارتۇق نېئمەتنى بەرمىدى، ئەگەر بىركىشى ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› كەلىمىسىنى تونۇش نېئمىتىگە سازاۋەر بولغان بولسا، شۇ ئادەم ئەڭ كاتتا نېئمەت ئىگىسى بولغان بولىدۇ، چۈنكى ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› كەلىمىسىنى تونۇش بىلەن ئىنسان الله ئىنسانىيەتنى قايتۇرغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان شىرىكتىن ئازاد بولىدۇ ۋە ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› كەلىمىسىنى كىم ئېيتسا، شاھادەتكە يەتسە جەننەتكە سازاۋەت بولىدۇ.»

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› كەلىمىسىنى

بىلىشلىككە مەئمۇرمىزكى، ئۆتكەن دەرسلىرىمىزنىڭ كۆپى مانا شۇ نەرسىلەر ئۈستىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ كەلىمىنى بىلىش ئاساسىدا بىلىشىمىز زۆرۈر بولغان مەسىلە تۆت بولۇپ، بىرىنچىسى ئىلىمدۇر. بۇ ئىلىم- الله نى تونۇش، الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇش،دىنى ئىسلامنى دەلىللىرى بىلەن تونۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى مەسىلە بىز ئىلىمگە ئەمەل قىلىش بىلەن باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىمىز،ئىلىم ئەلۋەتتە پەرقلىنىدۇ، باشقىلار ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەسىدە ھەركەت قىلغان بىلەن بۇ ئىلىمنىڭ مەركىزى بولغان الله سۇبھانەھۇ تەئالانى تونۇشتىن بىبەھىر بولۇپ ياشايدۇ. يەنى ئىلىمنىڭ مەقستىنى بىلمىگەن ھالەتتە ئىلىم دەرياسىغا كىرمەكچى بولىدۇ. ياراتقۇچى بولغان زاتنى تونىمايدۇ، ئۆزىنىڭ سېغىنىدىغان مەئبۇدىنى تونىمايدۇ، شۇ مەئبۇدىن تەرىپىدىن بولغان ئەلچىنى تونىمايدۇ ۋە ئۆزىگە ئىبەرتىلگەن دىنى ئىسلامنى تونىماستىن ياشايدۇ.

ئىسلامنىڭ ئەسلى مەناسى بويسۇنۇش، ئىككىنچى جەھەتتە ئىسلامغا ئەمەل قىلىش بىلەن پەرقلىنىمىز،شۇڭا ئىككىنچى نەرسە ئەمەلدۇر بۇرادەرلەر.

ئۈچۈنچىسى ئىلىم ۋە ئەمەلگە چاقىرىش،

تۆتىنچىسى بۇ شەرىئەت ئىلمىگە، ئەمەلگە چاقىرىش يولىدا كۆپ ئازار بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەك ھەم بۇنى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ياش ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇپ قويىشىمىز كېرەك. خۇددى لوقمان ھېكىم ئۆز پەرزەنتىگە ئاگاھلاندۇرغاندەك:

« يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ»

يەنى،« ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن)

ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر». [17].

لوقمان ھېكىم ئۆز ئوغلىغا ناماز ئوقۇسىڭىز،ياخشىلىققا بۇيرۇپ،يامانلىقتىن توسسىڭىز ئىشىڭىز پۈتىدۇ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئابرويلۇق بولۇپ ياشايسىز ياكى سىزگە ياخشى بىر دۇنيالار نىسىپ بولىدۇ دېمىدى،بەلكى

« وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ»

يەنى،«ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)»دېدى.

لوقمان ھېكىم ئوغلىغا مانا مۇشۇنداق نامازنى بەرپا قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە ئۇنىڭغا سەبىر قىلىش بۇ مىجازى مەسىلە ئەمەس، بۇ بىر قايتىش مۇمكىن بولمىغان جىددى ئىش دەپ تەلىم بەردىلەر.

بىزگە ئوخشاش ئىلىمنى مۇكاپات ئۈچۈن ئۆگەنمەسلىك كېرەك، مەن بۇيەردە مۇكاپات تەيىن قىلماسلىقنى تەرغىپ قىلماقچى ئەمەسمەن، ھايات پەقەت مۇكاپات ئۈچۈن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مۇكاپات ئۇ بىر دۇنياۋى نەرسە، مەسىلەن:

بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئىلىمنى مەلۇم بىر دۇنياۋى نەرسە ئۈچۈن ئوقۇشىدۇ. لوقمان ھېكىم بۇ يولدا كىلىچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى ھەم بايان قىلىپ قويىدۇ، ئازارغا سەبىر قىلىش بىر بىلىشكە تىگىشلىك تۆت نەرسىنىڭ بىرىدۇر، بۇ تۆت مەسىلىنىڭ ھەممىسى سۈرە ئەسىردە جەملەنگەن بولۇپ:

« وَالْعَصْرِ ، إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ، إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ»

يەنى،« زامان بىلەن قەسەمكى [1]، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر [2 ـ 3].»

الله تائالا زامانغا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، تۆت نەرسىنىڭ ئېگىلىرىدىن باشقا بارلىق ئىنسانلارنىڭ زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، ئىمان ـ بۇ ئىلىم مەسىلىسىدۇر.

ئىمان نىسىپ بولمىغان ئادەمنى بىز ئىككىلەنمەستىن جاھىل دەپ ئېيتىمىز. چۈنكى ئەۋۋەلدە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇ ئىلمىدىن بىبەھرى ئادەمدۇر.

«وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ»

بۇ ئەمەل، يەنى ھەققە ۋەسىيەتلەش بۇ دەئۋەت ۋە مۇشۇ يولدا

ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىشتۇر.

ئىمامى شافى رەھمەتۇللاھ ئەلھى:«الله سۇبھانەھۇ تەئالا خەلقىگە شۇ سۈرىدىن باشقا ھۆججەت چۈشۈرمىگەندە شۇ سۈرە كۇپايە قىلار ئىدى» دىگەنلەر.

بۇ سۈرە ھۆججەتلىكتە بىزگە كۇپايە قىلىدۇ،مەن شەرئەتنى بىلمەيتىمەن، الله نىڭ بۇيرىقلىرىنى بىلمەيتىمەن دىمەسلىكىمىزگە شۇ سۈرە كۇپايە قىلىدۇ، چۈنكى الله قەسەميات قىلىپ تۇرۇپ:

«ئىنسانلا بۇلىدىكەن زىيان ئىچىدىدۇر»دەيدۇ. بۇرادەرلەر، زىيان مەنىسىنىڭ نىملىكىنى بىلىپ قالايلىكى، زىيان-ھازىرقى ئەسرىنىڭ پىكرىدە پەقەت ئىقتىسادى زىيان دەپ ئويلىنىدۇ،چۈنكى بىز ئىقتىساد ئىلاھ سۈپىتىدە سىغىنىلىدىغان پەلسەپىدە ئۆسكەنمىز،شۇنىڭ ئۈچۈن زىيان دىيىلسە بىز ئىقتىسادى زىياننى چۈشىنىمىز، پايدا دىسە ھەم ئىقتىسادى

پايدىنى چۈشىنىمىز.

الله تائالا قەتئىي قىلىپ ئىنسانلا بۇلىدىكەن ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى تۆت سۈپەت تېپىلمىسا ئۇ مەيلى ئەر بولسۇن،ئايال بولسۇن، ياش بولسۇن ياكى قېرى بولسۇن،ئالىم ياكى جاھىل بولسۇن ھەممىسى زىيان ئىچىدە دەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن الله سۇبھانەھۇ تەئالا سۈرە ئەسىر بىلەن ئۈستىمىزدە كۈچلۈك بىر ھۆججەتنى بەرپا قىلدى.

الله سۇبھانەھۇ تەئالا ئىسلام ئاساسلىرىدىن ئۈچ نەرسىنى بىلىشىمىزنى لازىم قىلدى، بىرىنچى ئاساس الله سۇبھانەھۇ تائالانى تونۇشتۇر.

بىز الله نى قىسقا سۈرەتتە، ئىجمالى سۈرەتتە تونىماقلىمىز كېرەك، رەببىم الله سۇبھانەھۇ تائالا، مېنى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆز نېمەتلىرى بىلەن تەربىيە قىلغان زاتتۇر، مېنى ۋە پۈتۈن ئالەمنى تەربىيە قىلغان زات مېنىڭ مەئبۇدۇمدۇر، بۇ مەئبۇدتىن باشقا مەئبۇد يوق دەپ ئېتىقاد قىلىشىمىز كېرەك.

رەببىمنى رەببىمگە دالالەت قىلغۇچى ئالامەتلەر بىلەن

تۇنىيمەن. الله سۇبهانەهۇ تائالا قۇرئاندا:

« وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ »

يەنى،« كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي الله نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر،»(سۈرە فۇسسىلەت37ـ ئايەت) دىگەنگە ئوخشاش ئايەتلەر بىلەن دەلىل كەلتۈرىدۇ.

الله سۇبهانەهۇ تەئالانى الله نىڭ مۇشۇ ئالامەتلىرىدىن تۇنۇيمەن دەپ ئېتىقاد قىلىش كېرەك. الله ئۆز ئايەتلىرىدە كۆپ ئىشارە قىلدى،

« إِنَّ رَبَّكُمُ اللّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومَ مُسَخَّرَاتٍ بِأَمْرِهِ أَلاَ لَهُ الْخَلْقُ وَالأَمْرُ تَبَارَكَ اللّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ»

يەنى،« شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله كېچە بىلەن (كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ): الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر [54].»(سۈرە ئەئراف)

مانا بۇ ئايەتلەر الله سۇبھانەھۇ تەئالانى ئالامەتلەر، بىشارەتلەر بىلەن ھەقىقى رەب تەئالا دەپ تونۇشقا دالالەت قىلىدۇ. رەب تەئالانى كۆرىدىغان كۆز زىمىندا يارىتىلمىغان، مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالىغا:

« رَبِّ أَرِنِي»

يەنى ،«ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن» دېدى ، **الله** سۇبھانەھۇ تائالا :

« لَن تَرَانِي»

يەنى ،«ھەرگىز كۆرەلمەيسەن» دېدى .

زېمىندا **الله** تائالانى كۆرىدىغان كۆز يارىتىلمىغان،لېكىن قىيامەت كۈنى **الله** سۇبھانەھۇ تائالانى **الله** خالىغان بەندىلەر كۆرىدۇ.

« وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاضِرَةٌ ، إِلَى رَبِّهَا نَاظِرَةٌ»

يەنى ،«بۇ كۈندە(سائادەتمەنلەرنىڭ)يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ ،

(ئۇلار)پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ»(سۈرە قىيامەت22ـ 23ـ ئايەت).

الله سۇبھانەھۇ تائالا مانا بۇ سۈرىدە الله نى كۆرۈشلىكنى ئىشارە قىلدى.

دېمەك، الله خالىغان بەندىلەر قىيامەتتە الله نى كۆرىدۇ.

ئىنسان ھاياتتا رەببىنى ئايەتلىرى بىلەن تونۇيدۇ. رەب سۇبھانەھۇ تائالا پۈتۈن ئالەمنىڭ تەربىيەت كۈنىدىغىنا مەئبۇد بولۇشنى لايىق كۆردى،

«يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ»

يەنى،« ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار [21].»

ﷲ تائالا تامامى ئىنسانلارنى ئىبادەتكە بۇيرىغان ۋاقتىدا، رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار دەپ تەربىيەت كۆنەندىنىڭ سۈپەتلىرنى بايان قىلدى، ھېچقانداق يەردە ﷲ نىڭ يارىتىشىدىن مۇستەسنا ھېچبىر مەۋجۇدات يوقتۇر.

ﷲ سۇبھانەھۇ تەئالا ياراتتى، يارىتىش مەناسى بۇرادەرلەر، ھازىرقى كۆندە ئىلمنى دەۋا قىلغان بەزى تائىپىلەر يارىتىش كەلىمىسنى ئىستىمال قىلىدۇ، ئۇلار يارىتىش كەلىمىسنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇلارنى جاھىل دېيىشكە بولىدۇ. يارىتىش ئەسلىدە يوق بولغان نەرسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش دىگەنلىكتۇر. بىر ماددىنى باشقا بىر ماددىغا قوشۇش ئارقىلىق يېڭى بىر ماددىنى پەيدا قىلىش مۇمكىن، بىر دەرەخنى بىر دەرەخكە ئۇلاپ مىۋىگە كىرگۈزۈشنى يارىتىش دىگىلى بولمايدۇ بۇرادەرلەر.

ﷲ تائالا ئىنسانغا بەرگەن بۇ ئىمكانىيەت، يەر خىلاپەتلىكىنى ئۆتەش قابىلىيتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يارىتىش يوق نەرسىنى بار قىلىشلىكتۇر. ﷲ سۇبھانەھۇ تائالا ئىبادەتكە بۇيرۇپ

«رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار» دىگەندە «ياراتقۇچى بولغان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار» دىدى.

دىمەك ياراتقۇچى **الله** سۇبھانەھۇ تائالادۇر. زىمىندىكى ھەممە مەۋجۇدات جەملەنسە ھەم پاشىنى يارىتالمايدۇ بۇرادەرلەر.

بىز بۇيەردە ئىبادەت كەلىمىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

**الله** سۇبھانەھۇ تائالا بۇيرىغان ئىبادەتلەردىن ئىسلام، يەنى بويسۇنۇش، ئىمان ـ ئىشىنىش، ئىھسان ـ ئىخلاس، دۇئا، تىلەش، خەۋپ ـ قورقۇش، رىجا ـ ئۈمىد، تەۋەككۇل، سۈيىنىش، رىغبەت، مايىل بۇلۇش، خۇشۇئ، قورقۇپ يالۋۇرۇش، ئىنابەت ـ **الله** قا قايتىش، ئىستىئانەت ـ ياردەم سۇراش، ئىستىئازە ـ بىرەر مۇسىبەتتىن پاناھ ئىستەش، ئىستىغافە ـ پەرياد چىكىپ ياردەم سۇراش، زەبھ ـ قۇربانلىق قىلىش، نەزىر ـ بىر نەرسىنى ئاتاش ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

بۇ ئىبادەتلەر پەقەت **الله** سۇبھانەھۇ تائالاغا بۇلىشى كىرەك.

كىمدە ـ كىم بۇ ئىبادەتلەرنى **الله** سۇبھانەھۇ تەئالادىن باشقىغا قىلسا مۇشرىك بولىدۇ، يەنى **الله** قا قىلىدىغان ئىبادەتنى باشقىنى شرىك قىلىپ تۇرۇپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئەملى بىكار بولۇپ كىتىدۇ. ھەج قىلغان بولسا ھەجى بىكار بولىدۇ.

يەنە تەكرار ئېيتىمىزكى،ناماز ئوقۇش ئىبادەت بىر ئادەم بىرەر نەرسگە مەيلى دەرەخ،مازار ياكى تاغقا سېغىنىۋاتقان ۋاقتىمدا ياكى شۇنىڭغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا مەن ناماز ئوقۇۋاتقان ئەمەس دىمىسۇن.

قۇربانلىق قىلىش ئىبادەت بۇرادەرلەر،ئەگەر ئۇ شۇنداق دىسە سۇرايمىزكى، ئۇ قۇرئانى كەرىمدە:

« قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ، لاَ شَرِيكَ لَهُ »

يەنى،« (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **الله**

ئۇچۇندۇر [162]. الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، »(سۇرە ئەنئام)

دەپ ئېيتىشۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇندىن تاشقىرى يەنە سۇرايمىزكى،قۇربانلىق قىلىشنى ئىبادەت ئەمەس دىگەن ئادەمنىڭ قۇربانلىقدىن مەقسەت نىمە؟ ئۇ ساۋاپ، ئۇمىد قىلىش ۋە بىرەر زەرەرگە كافارەت قاتارلىق شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسە دەپ جاۋاپ بىرىدۇ.

شۇنداق كىشىدىن سېنىڭ شۇ قىلىۋاتقان ئىشىڭدىن بىر ساۋاپ ئۇمىد قىلىشىڭ ئىبادەت بولماي نىمە؟دەپ سۇراش كېرەك.

ئۇنىڭ ساۋاپ ئۇمىد قىلىشىڭ ئۆزى ئىبادەت تۇرسا، ئۇ شۇ قۇربانلىق قىلىش بىلەن ئەمدى گۇناھلىرىم تۆگىدى، جەننەتنىڭ ھەممە دەرۋازىدىن كىرىشكە ماڭا رۇخسەت بولدى دەپ قارىسا ئۇلار ئىبادەتتە يوق بولغان جاھىل كىشىلەردۇر.

قىلغان ئىشىڭ ئىبادەت ئەمەس،شىرىك بولدى دىسە، ياق دەپ تۇرۇپ ئاندىن يەنە يەر-زىمىندىكى ئىنسان،جىن تاپالمايدىغان ساۋاپنى تاپتىم دىسە مۇشۇ گەپلىرىنىڭ ئۆزى

ئۇنىڭ زەرىرىگە ھۆججەت بولىدۇ.

بۇنىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاۋۋالقى دەرسىمىزدە ئېيتقانىمىز، «ئىبادەتنىڭ ھەممىسىنىڭ پەقەت **الله** تائالاغىلا بولۇش كېرەكلىكى»، «دۇئا ئىبادەتنىڭ مېغىزى»ئىكەنلىكى، **الله** تائالا خەۋپ ھەققىدە

«فَلاَ تَخَافُوهُمْ وَخَافُونِ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ»

يەنى،«ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار [175]»(سۈرە ئال ئىمران)

ئۈمىد ھەققىدە

« فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا »

يەنى،« كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد

قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. »(سۈرە كەھف110 ـ ئايەت)

تەۋەككۇل ھەققىدە:

«وَعَلَى اللّهِ فَتَوَكَّلُواْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ»

يەنى،« ئەگەر (الله نىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، الله قا تەۋەككۇل قىلىڭلار»(سۈرە مائىدە 23 ـ ئايەت)

« وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ »

يەنى،« كىمكى الله قا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ،»(سۈرە تەلاق3 ـ ئايەت)

رىغبەت، رەھبەت، خۇشۇئ ھەققىدە

« إِنَّهُمْ كَانُوا يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا وَكَانُوا لَنَا خَاشِعِينَ»

يەنى،« ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى [90].» (سۈرە ئەنبىيا90 ـ ئايەت)دېگەن.

الله تائالا ئىبادەت قىلغۇچى بەندىلەرنى مانا مۇشۇ سۈپەتلەر بىلەن زىكرى قىلغان. الله نىڭ بۇيرىقىنى قىلىش بىلەن ئىنسان ئىبادەت قىلىدۇ،ئىبادەتنىڭ يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتىلگەن تۈرلىرى پەقەت الله تائالاغا بۇلىشى كېرەك.

ئىككىنچى ئاساس ئىسلامدۇر. ئىسلام دىنىنى دەلىل بىلەن بىلىش، بىرىنچىدىن الله سۇبھانەھۇ تەئالاغا تەۋھىد بىلەن بويسۇنۇش، ئىتائەت بىلەن بويسۇنۇش، شېرىكتىن بىزار بۇلۇش بىلەن بويسۇنۇش. ئىككىنچى ئاساس بولغان بۇ ئىسلام

ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلامنىڭ رۇكۇنلىرى بەش.

بىرىنچى «ئەشھەدۇئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»دەپ شاھادەت ئېيتىش، نامازنى بەرپا قىلىش، زاكات بىرىش، رامىزاندا روزى تۇتۇش ۋە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش.

بىز ئادەم ئۆزىنى مۇسۇلمان دىيىشى ئۈچۈن بۇ بەش رۇكۇن ئۇنىڭدا تېپىلىشى كېرەك، بۇ بەش رۇكۇن تېپىلمىغان ئادەمنىڭ ئىسلامنى دەۋا قىلىش ھەققى يوق.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز بىلەن زاكاتنىڭ پەرقىنى قىلغانلارغا جەڭ ئىلان قىلغان. يەنى كىشلەر زاكات بىرىشنى رەت قىلغاندا، ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكاتنى رەت قىلغان كىشلەرگە جىھاد ئاچقاندا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئۇ كىشگە ھۆججەت كەلتۈرۈپ:

«نىھايەتكى، سىز زاكات بەرمىگەنلەر بىلەن جىھاد قىلامسىز؟» دېگەندە ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەركى بىر ئايال كىشى يىتلەپ يۈرگەن بىر ئۆچكىسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەن قىلمىغۇچىلىك جەڭ قىلىمەن» دېدى. بۇيەردە ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشلەرنى ئىسلامدىن قايتقان كىشلەر دەپ قارىدىلەر. بۇندىن كېيىن زاكات ھەققىدە ئويلاپ قويىشىمىز كېرەك.

ئىمان، بۇ ھەقتىكى دەلىللەر مانا بىرىنچىسى شاھادەت كەلىمىسى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن، نامازنى بەرپا قىلىش ۋە زاكاتنى بېرشلىككە دەلىل :

« وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ »

يەنى،« ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر [5].»(سۈرە بەييىنە)

رامازان رۇزىسى ھەققىدە دەلىل:

« يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ »

يەنى،« ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى [183].»(سۈرە بەقەرە)

ھەج توغرىسىدا (الله ھەجگە ماڭغان كىشىلەرنى پەرزلەرنى ئۆتەپ كېلىشكە نىسىپ قىلسۇن)

« وَلِلّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ الله غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ»

يەنى،« قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ **الله** ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، **الله** ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر [97].»(سۈرە ئال ئىمران).

ئىماننىڭ رۇكنى ئالتە بولۇپ، ئۇلار: **الله** قا ئىمان كەلتۈرۈش، پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، كىتاپلارغا ئىمان كەلتۈرۈش (**الله** ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە مۇقەددەس كىتاپلارنى نازىل قىلغان)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، قىيامەتكە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ياخشىلىق-يامانلىقنىڭ قەدەردىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش،بۇنىڭ دەلىلى:

« لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ

وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ»

يەنى،« سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى **الله** قا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى **الله** نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش.... يا خشى ئەمەلگە كىرىدۇ.»(سۈرە بەقەرە177ـ ئايەت)

قەدەرنىڭ دەلىلى:

«إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ»

يەنى،« بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق [49]»(سۈرە قەمەر).

ئۈچۈنچى مەرتىبىنى ئېيتىشتىن ئىلگىرى، ئىماننىڭ

شاخچىلىرىنى بىلىشىمىز كېرەك،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئىماننىڭ 72دىن كۆپ تارمىقى بار دىدىلەر، يەنى ئىمان بىر دەرەخ بولسا ئۇنىڭ 72 دىن كۆپىرەك تارمىقى بار،ئۇنىڭ ئەڭ ئالىيسى لا ئىلاھە ئىللەللاھ بولسا ئەڭ كىچىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن ئازار بىرىدىغان نەرسىنى يوق قىلىشتۇر.»

دىمەك، ئىمانلىق كىشىدىن بۇ نەردىلەر تېپىلىشى كېرەك.

ئۈچۈنچى مەرتىبە ئىھساندۇر. ئىھساننىڭ رۇكنى بىردۇر، يەنى«الله سۇبھانەھۇ تەئالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىش، ئەگەر كۆرۈپ تۇرغانلىقنى تەسەۋۋۇر قىلالمىساق، الله سۇبھانەھۇ تەئالا مىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دىگەن ماقامدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش ئىھساندۇر».

دىن دىگەندە ئىسلام، ئىمان، ئىھساننى باراۋەر چۈشىنىشكە ئېتىبار بىرىشىمىز كېرەك،چۈنكى:

« وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء»

يەنى،« ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى.»

بىزدىكى ئىسلامنىڭ ناۋادا قالغىنى بولسا پەقەت بىرلا رۇكنى قالدى بۇرادەرلەر،ئىماننىڭ ئالتە رۇكۇنىنى بىلدۇق،لېكىن بۇ ئەمەللەرنى بىجىرىشتىكى ئىھسان، يەنى ئىخلاس يوقالغان بۇرادەرلەر، شۇنىڭ ئۇچۈن قىلىۋاتقان ئەمەللىرىمىز بىرگە نۇر بولالمايۋاتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇلەركى:

«بىز رەسۇلۇللاھ سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتۇق، كىيىملىرى ئاپئاق، ساچلىرى قاپ ـ قارا ئۇستى ـ

بېشىدا سەپەر ئالامىتى يوق،ئارىمىزدىن ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ تىزلىرىغا تەككۈزۈپ، ئىككى قولىنى رەسۇلۇللاھنىڭ يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ،ئى مۇھەممەد ئىسلامنىڭ نىمىلىكىنى ئېيتىپ بىرىڭ، ـ دىدى،

رەسۇلۇللاھ ئىسلامنىڭ بەش رۇكنىنى ئېيتتى،توغرا ئېيتتىڭىز دىدىلەر، شۇندا بىز ئۆزى سوراپ، يەنە توغرا ئېيتتىڭىز دەپ قويىدىغۇ دەپ ئەجەپلەندۇق (چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن بىراۋ سوئال سوراپ، توغرا ئېيتتىڭىز دىمەيتتى)، منى ئىماندىن خەبەردار قىلىڭ ـ دىدىلەر،

شۇندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىماننىڭ ئالتە رۇكنىنى ئېيتتىلەر، ئىھسان نىمە؟ ئېيتىڭ دىدىلەر(بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتەيلىكى، كىشىلەر ئىھساننى بىر كىشىنىڭ داستۇرخانىنى مول تەييارلىشى دەپ چۈشەنگەن بولۇپ،بىراۋدىن ئىھسان نىمە؟ دەپ سورالسا،شۇ داستۇرخانىنى مول تەييارلىغان

ئادەمنى ئىنسان قىلىدى،ھاتەم ساھىب دەپ ئاتايدۇ،مانا بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىھسان نىمە؟ دەپ سورالغاندا) الله قا الله نى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلماقلىقلىق، كۆرۈپ تۇرۇپتۇ دەپ ئىبادەت قىلالمىساڭ،الله مىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئىبادەت قىلىشىڭ دەپ جاۋاپ بەردىلەر، (دىمەك ئىھسان بىز يۇقاردا چۈشەنگەندەك نەرسە ئەمەس) شۇندا يەنە قىيامەتتىن خەبەر بىرىڭ دىدىلەر،

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: سورالغۇچى سورغۇچىدىن ئالىمراق ئەمەس دىدىلەر.

بەلگىلىرنى ئېيتىپ بىرىڭ دىدىلەر،

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: چۆرىنىڭ ئۆز خوجىسىنى تۇغىشى(بۇ ھەدىسنى شەرھىيلىگەنلەر، بۇنىڭغا ھەر خىل مەنە ئېيتقانلەر،بۇنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، دەۋىرلەر كىلىپ ئانىلار ئۆزى پەرزەنتلىرگە چۆرىگە ئوخشاش خىزمەتكار بۇلۇپ قالىدۇ، ھازىرىقى ۋاقىتنى شۇ دەۋىر دىسەك بەلكىم خاتالاشمىغان بۇلىمىز، مانا ھازىرقى ئانىلار۔ئاتىلار ئەڭ كاتتا خىزمەتتە، يەنە

ئۇلارنىڭ زىممىسىگە نەۋرىلىرىنى بېقىش ۋەزىپىسى چۈشكەن، مانا بۇنەرسىلەرنى ئويلاپ كۆرسەك، ئاتا ـ ئانىلار ئۆز خوجىسىنى تۇققىنى بىلمىگەن)، هاياتىدا چوپان بولۇپ ياشىغان يالاڭئاياقلارنىڭ بىنالاردا زاباندارلىق قىلىپ كىرىلىپ يۈرىشىنى كۆرىشىڭ (يەنى،چوپانلىق قىلغان، يالاڭئاياق ئادەمنىڭ بىنالاردا كېرىلىپ يۈرىشى بىهاجەت ئىدى، چۈنكى چوپانلار كۆچمەن يۈرىيدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا مۇنداق زاباندارلىق قىلىشقا ئۇرۇن يوق ئىدى) مانا بۇلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن دىدىلەر.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم چىقىپ كەتتىلەر، بىز خامۇش هالەتتە ئولتۇراتتۇق، شۇندا رەسۇلۇللاھ: ئى ئۆمەر، ئۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دەپ سوردىلەر،

الله نىڭ رەسۇلى بىلگۈچىراقتۇر دەپ جاۋاپ بەردۇق، رەسۇلۇللاھ: ئۇ جىبرىئىل، سىلەرگە دىنىڭلاردىن تەلىم بېرىش ئۈچۈن كەلدى دىدىلەر».

دىمەك، بۇ يەردە ئىمان، ئىسلام، ئىهسان ۋە قىيامەتنىڭ

غەيىپ ئىكەنلىكىنى بىلىشنى دىن دىدىلەر. دىنىنى ئۆگەنمەكچى بولغان كىشى مانا مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشى كېرەك.

ئۈچۈنچى ئاساس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تونۇماقلىق.

بۇنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ ئىبنى ھاشىم بولۇپ،بۇ كىشىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى ھەم قىسمەن بىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ سەۋەبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان دىگەن ئېتىقادتا بولىشىمىز كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبلىرى ھەم ئىلان قىلىنىدۇ، ئۇ كىشى 63 يىل ئۆمۈر كۆرگەن،40 يېشىغىچە پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى ئۆمۈرى ھىساپلانسا،23 يىل نەبى ۋە رەسۇل بولۇپ ياشىدىلەر.

ئۆلىمالار شۇنداق دەيدۇكى، پەقەت ۋەھيي نازىل بولغان، ئەمما

كىتاپ نازىل بولمىغان كىشى نەبىي دىيىلىدۇ، ۋەھىي ھەم كىتاپ نازىل بولغان كىشى رەسۇل دىيىلىدۇ.

خۇلاسە الله رەسۇلۇللاھقا

«اقْرَأْ»

يەنى،«ئوقۇ»دەپ بۇيرىدىلەر، نەبىي بولدىلەر،

«يَا أَيُّهَا الْمُدَّثِّرُ ، قُمْ فَأَنذِرْ»

يەنى،«ئى(ۋەھىي نازىل بولغاندا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر)، تۇر ئىنسانلارنى ئالله نىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر»دەپ بۇيرىدىلەر ئەلچى رەسۇل بولدىلەر،

«اقْرَأْ»

دېگەن بۇيرۇقنى ئۆزى ئوقۇشقا مەئمۇر بولدى.

دېمەك نەبىي بولدىلەر،

«يَا أَيُّهَا الْمُدَّثِّرُ ، قُمْ فَأَنذِرْ، وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ، وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ، وَالرُّجْزَ فَاهْجُرْ»

يەنى،«ئى(ۋەھيي نازىل بولغاندا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر)، تۇر ئىنسانلارنى الله نىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر،پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا،كىيىمىڭنى پاك تۇت،ئازابتىن(يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن)يىراق بول»دەپ بۇيرىدىلەر، رەسۇل بولدىلەر.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككى مۇكەررەمدە 13 يىل ياشىدى، مۇشۇ 13 يىلنىڭ 10 يىلىدا تەۋھىدكە چاقىردىلەر،10 يىلدىن كېيىن الله تائالا ئۆزىنىڭ مىراج مۆجىزىسىنى كۆرسەتتى، شۇ مىراج مۆجىزىسى نىسىپ بولغان

سائەتتە بەش ۋاق ناماز پەرز قىلىندى.

شۇندىن باشلاپ بەش ۋاق ناماز ئوقۇلدى، بەش ۋاق ناماز پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان نامازنى ئوقۇپ يۈردى،ئۇندىن كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى ھەم مەدىنىدە 10 يىل ياشىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قالغانلىرىغا بۇيرىدى .

زاكات،رۇزا،ھەج، مەدىنىدە پەرز بولدى،ئەزاننىڭ مەشرۇر بۇلىشى مەدىنىدە بولدى،مەسجىد مەدىنىدە قۇرۇلدى،جىھاد ، ئەمىر ـ مەئرۇپ، نەھيي مۇنكەر ۋە شەرىئەتنىڭ باشقا بۇيرۇقلىرنىڭ ھەممىسى مەدىنىدە بولدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام 23 يىل پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى پەيغەمبەر بۇرادەرلىرى ۋاپات بولغانغا ئوخشاش ۋاپات بولدى. الله تائالا رەسۇلۇللاغا:

«إِنَّكَ مَيِّتٌ وَإِنَّهُم مَّيِّتُونَ ، ثُمَّ إِنَّكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عِندَ رَبِّكُمْ تَخْتَصِمُونَ»

يەنى،«سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ [30]. ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر [31].»(سۈرە زۇمەر)

دەپ خەبەر بەرگەن ئىدى. ئۇ كىشىدىن دىن باقى قالدى، قۇرئاننىڭ دۈشمەنلىرى كۆپ بولۇشقا قارىماستىن، الله قۇرئانى كەرىمنى قىيامەتكىچە ساقلاش توغرىسىدا ۋەدە قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممەتىنى قانداق ياخشىلىق بولسا شۇنىڭغا يوللىدى ۋە قانداق يامانلىق بولسا شۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم يوللىغان ياخشىلىقلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى تەۋھىدتۇر ۋە الله سۇبھانەھۇ تائالا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەردۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ياندۇرغان نەرسە

شېرىكتۇر، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى يامان كۆرىدىغان نەرسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنلىرى كامىل بولدى، بىرەر كىشىنىڭ بۇ دىنغا بىر نەرسە قوشۇپ قويىشى بىلەن ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ تاشلىشىنىڭ پەرقى يوقتۇر. دىنغا بىر نەرسە قوشۇش بۇ دىن كامىل ئەمەس دېگەننى دەۋا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خۇددى دىندا بىر نەرسىنى ئارتۇقكەن دەپ ئېلىپ تاشلاشنى دەۋا قىلغاندەك.

شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«دىنىمىزدا يوق نەرسىنى كىم ۋۇجۇتقا كەلتۈرسە،ئۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ»دەپ ئاگاھلاندۇردى

ھازىرىقى دەرسىمىز ئىجمالى سۈرەتتە قىسقا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دىنىنىڭ مېغىزلىرىدىندۇر، شۇنداقلا دىننى دەۋا قىلغان كىشىنىڭ بىلمەسلىكىگە ئۆزرە يوق بولغان نەرسىلەردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بايان قىلىنغان نەرسىلەر ئاددى بايان قىلىنغان بولسا ھەم ئۇنى مۇكەممەل بىلىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولدى، بۇ كىشىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە ئۆتكەن دەرسلىرىمىزدە توختالدۇق، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنىڭ كېڭىشىشى بىلەن خەلىپە بولۇپ سايلاندى،ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەيىنلىشى بىلەن خەلىپە بولدى،ساھابىلەر بۇنى قۇبۇل قىلىشتى.

دېمەك ئىسلامدىكى خىلافەت كېڭىشىش ئاساسىدا بولىشى مۇمكىن ھەم ئەۋۋەلقى خەلىپە ئۆزى مۇناسىپ كۆرگەن كىشىنى تەيىنلىسە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇبۇل قىلىشى بىلەن ھەم بولىشى مۇمكىن.

پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدا نۇرغۇن سۆزلەرنى ئېيتتى،جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

قىلىندۇكى،رەسۇلۇللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مەن چۈشۈمدە جەننەتكە كىرگەنلىكىمنى كۆردۈم،چۈشۈمدە رۇمەيزانى كۆردۈم (رۇمەيزا ئەبۇ تەلھەنىنىڭ ئايالى ئىدى)،شۇندا بىر ئاياق تاۋۇشىنى ئىشىتتىم، كىم بۇ؟ دىسەم بۇ بىلال دىدى،بەزى رىۋايەتلەردە دىيىلىدۇكى، ئى بىلال ئەڭ ئۈمىدلىك ئەمىلىڭنى ئېيتقىن، چۈنكى مەن جەننەتتە ئاياق تاۋۇشۇڭنى ئىشىتتىم دىدىلەر،بىلال ئېيتتىكى: يا رەسۇلۇللاھ مېنىڭ بىر ئۈمىدلىك ئەمىلىم يوق، ئەمما بىر داۋام قىلىدىغان بىر ئەمىلىم باركى قاچانكى بىر تاھارەت ئالسام ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيمەن- دىدى. رەسۇلۇللاھ شۇ بولسا كېرەك دەپ قويدى. بىر قەسىرنى كۆردۈم ئۇ قەسىرنىڭ ئالدىدا بىر ياش ۋە قىز تۇرۇپتىكى،بۇ قەسىر كىمنىڭ؟ دەپ سورسام ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ دىيىشتى، بۇ قەسىرنى چىرايلىقلىقىدىن كۆرمەكچى بولدۇم- يۇ، ئۆمەرنىڭ غەيۇرلىكىنى ئەسكە ئېلىپ كىرمىدىم- دىدىلەر،بەزى رىۋايەتلەردە كىلىدۇ، شۇندا ئۆمەر : ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ، ساڭا غەيۇرلىك

قىلارمىدىم؟دەپ يىغلىدىلەر.

پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىلەركى،چۈشۈمدە سۈت ئىچتىم، بۇ سۈتنى شۇنداق ئىچتىمكى، بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغانلىقىم ھەتتا، تىرناقلىرىمدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كېيىن سۈتنى ئۆمەرگە بەردىم- دېدى، شۇندا ئۆمەر يا رەسۇلۇللاھ بۇ چۈشنى نىمىگە تەۋىل قىلدىڭىز؟ دەپ سوردى. رەسۇلۇللاھ: ئىلىمگە - دېدى،يەنى، شەرئەت ئىلمىنى مەندىن كېيىن ئۆمەرگە بەرگەنمەن- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئېيتتىلەركى، چۈشۈمدە مەن بىر قۇدۇق بېشىدا پەقىر بىلەن سۇ تارتىپ تۇرۇپتىمەن،شۇندا ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى، ئۇ كىشى ھەم پەقىردە سۇ تارتتى،بىر- ئىككى پەقىر ئېلىپ توختاپ قالدى،الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلسۇن، كېين ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى، شۇندا پەقىر بىردىن كاتتا سەتىرگە ئايلاندى، ھاياتىمدا بۇنداق

جۇرئەت بىلەن قۇدۇقتىن سۇ تارتقان ئادەمنى ھېچ كۆرمىگەنمەن- دېدى، پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى تەئۋىللىرىدە بۇنىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەتلىرىنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىغا ئىشارە قىلغانلىقى زىكرە قىلىنىدۇ.»

سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى،

« ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قۇرەيش ئاياللىرى يۇقىرى ئاۋازلار بىلەن پەتىۋا سوراپ ئولتۇرغاندا، كىرىشكە رۇخسەت سوردى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ كىرىشكە رۇخسەت سورىغانلىقىنى ئاڭلىغان قۇرەيش ئاياللىرى چۆچۈشۈپ، ھىجاپلىرىغا ئورنىپ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈپ جىملىشىپ قالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى، ئۇكىردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ ئولتۇراتتى،شۇندا ئۆمەر

ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

الله سىزنى ياشارتتىرسۇن، كۈلۈشلىرىدىن خۇرسەن بولدۇم، كۈلۈشلىرىنىڭ سەۋەبى نىمە؟ دەپ سورغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم:

مەندىن سۇئال سوراۋاتقان بۇ ئاياللاردىن تەئەججۈپلەندىم، مىنىڭ ئالدىمدا يوقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەۋاتاتتى، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپلا، ھەممىسىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ ھىجاپلىرىغا ئۇرىنىشۋالدى- دىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەيبەتلىنىشكە سىز ھەقلىقسىز يا رەسۇلۇللاھ -دىدى. ئاندىن ئاياللارغا قاراپ: ھەي ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى، مەندىن ھەيبەت قىلىسلەرۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەيۋەت قىلماماسلەر- دىدى، ئاياللار شۇندا:

سىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قاتتىق قول،قوپالراق سىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن قورقىمىز - دىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: ئۇ ئۆمەر

ئىبنى خەتتاپ جىنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى،شەيتان سىزگە بىر يولدا روبىرو ھالەتتە ئۇچراشسا، شەيتان سىزنىڭ كىلىشىڭىز بىلەن باشقا يولغا چىقىپ كىتىدۇ.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

«سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئىچىدە ئىلھاملىك كىشىلەر بولغان(يەنى **الله** سۇبھانەھۇ تائالا بىر نەرسىنى ئىرادە قىلسا،شۇ كىشىلەرگە ئىلھام قىلىپ،شۇ ئارقىلىق ئۆزى ئىرادە قىلغان نەرسىنى جارى قىلغان)، ئەگەر ئۈممىتىمدىن ئاشۇنداق ئىلھاملىنىدىغان كىشى بولسا، ئۇ ئۆمەردۇر»دىگەن. چۈنكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئۆزى ھەم رەببىم ماڭا تۆت نەرسىدە مۇۋاپىقەت قىلدى دەپ پەخىرلىنەركەن.

بۇلارنىڭ بىرى، ئۇ كىشى ماقامى ئىبراھىمدا تۇرۇپ«يا رەسۇلۇللاھ، مۇشۇ ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىپ ئىككى رەك ناما ئوقۇمايلىمۇ؟»دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى

ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مەن بۇنىڭغا بۇيرۇلمىدىم» دەپ تۇردى، شۇندا:

«وَاتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًّى»

يەنى، «(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق).»(سۈرە بەقەرە125ـ ئايەت)ئايىتى نازىل بولدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھىجاپلىنىشىنى، ھەيۋەتتە بۇلىشنى ئارزۇ قىلار ئىكەنلەر ھەم رەسۇلۇللاھنىڭ غەيۇرلىكى تۇتۇپ ھەم ئاياللىرنى ھىجاپقا بۇيرىسا دەپ سەۋدا ئانىمز كىتىۋاتقاندا: «سەۋدا سىنى كۆردۇق ھەم تۇنىۋالدۇق» دىگەن ئىكەنلەر، نەتىجىدە الله تائالا ھىجاپنى نازىل قىلدى.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپ نەرسىلەردە بۇ كىشى رەببىم تۆت

نەرسىدە مەن بىلەن مۇاپىقەت قىلدى دەپ پەخىرلەنگەن.

بولار ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىلھاملىق كىشىلەردىن ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتتىلەركى:

«بىر چوپان ئۆزىنىڭ قويى بىلەن تۇرغان ۋاقىتتا، بۆرە ھۇجۇم قىلدى ھەم ئۇنىڭدىن بىر قوينى ئېلىپ قاچتى، چوپان بۆرىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنى قوغلاپ ماڭدى ھەم ئۇنىڭغا يېتىشۋالدى،بۆرە چوپانغا قاراپ ‹مەن چوپان بولۇپ، باشقا يىرتقۇچلارنى ئېلىپ قاچىدىغان چاغدا بۇ قوينى كىم قۇتقۇزۇۋالاركىن؟› دىدى، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ‹ئاجايىپ ئىش تە› دەپ ھەيران بولدىلەر، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹مەن، ئەبۇبەكرى ھەم ئۆمەر بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىمىز، مەگەركى ئابابەكرى ھەم ئۆمەر ئاشۇ ۋاقىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە ھەم› دىدى.» يەنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئابۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانىنى ئۆز ئىمانى بىلەن يانمۇ-يان زىكرى قىلدى بۇرادەرلەر، بۇ يەردە

ئىماننى بىر شەرھىيلىشىمىز كېرەك، ئىمان ئالدى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسسەللەم يەتكۈزگەن خەبەرنى ئەقلىنى بىر يانغا ئېلىپ قويۇپ، ئەقىلقلىق قىلماي تۇرۇپ تەستىق قىلىشتۇر.

مانا بۇ ئاقىلنىڭ بىرىنچى مەرتىبىسى، بۇنىڭدىن شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئەقىلگە زىت دىگەن نەرسە كىلىپ چىقمايدۇ،لىكىن ئۇنىڭ ئەقىلگە توغرا كەلمەسلىكى بىلەن ئۇنى ئەقىلگە زىت دىيىش بىئەقىللىقتۇر. چۈنكى دىيىلگەن بىر كەلىمە سۆزنى ئەقلىمگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دىيىشىڭىز، يەركۈررەسىدىكى تامامى ئەقىل مەندە بار دەپ دەۋا قىلغىنىڭىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئۇ.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغا ئىسرا نىئمىتى بىرىلىپ بىر كىچىدىلا مەسجىدىل ھەرەمدىن مەسجىدىل ئەقساغا بېرىپ قايتىپ كىلىۋىتىپ، جىبرئىل ئەلەيھىسسالامغا : «ئى جىبرىئىل بۇ خەبەرنى ئېيتسام كىشىلەر تەسدىق قىلمايدۇ» دىگەندە، جىبرئىل ئەلەيھىسسالام:

«ئابۇبەكرى تەسدىق قىلىدۇ »دېگەن ئىكەنلەر.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سابىت بولغان خەبەرنى ئەقىلگە توغرا كېلىش ـ كەلمەسلىكىنى تەكشۈرمەستىن تەسدىقلاش ئىماننىڭ بىرىنچى مەرتىبىسىدۇر.

ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«چۈشۈمدە ئۈممەتلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا روبىرو بولۇپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قەمىس (يەنى ياقىلىق،كۆكرەكلىرى ئېتىلگەن ئۇزۇن كىيىم)بار ئىدى، بەزىلەرنىڭ سىدىيىسى كۆكرەكلىرىگە چۈشەتتى، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن كىيىنگەن ئۈممەتلىرىم ھەم كۆرسىتىلدى، ئۆمەر ماڭا روبىرو ئېلىپ كېلىندى، ئۇنىڭ ئۈستىدە سۈدرە كەبى ئۇزۇن كىيىم تۇرۇپتۇ دېگەنلىرىدە، بۇ چۈشنى نىمىگە تەئۋىل قىلىدىڭىز؟ دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ: دىنغا دەپ جاۋاپ بەردى.»

بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ دىيانەتلىك ئىنسان ئىدى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شېھىت بولدى،ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىر مەلئۇن ئۇنىڭغا خەنجەر ئۇردى،ئۇنىڭغا خەنجەر ئۇرۇلغان ھالەتتە تېزلا ئۇنىڭغا سۈت ئىچۈردى،سۈت خەنجەر ئۇرۇلغان جايدىن چىقىپ كەتتى،بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋاپات بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ئۇ كىشىنى سەبىرلەندۈرۈپ:

«ئۇ ئەمرۇل مۇئمىنىن بۇ ئىش سىزنىڭ بېشىڭىزغا ھازىر كەلگەن بولسا،رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەتداش بولدىڭىز ھەم ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقى دوست بولۇپ ياشىدىڭىز،رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سىزدىن رازى بولغان ھالدا دۇنيادىن كەتتى،كېيىن ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن سۆھبەتداش بولدىڭىز ھەم سۆھبەتداشلىقنى خوپ جايىغا كەلتۈردىڭىز،ئۇ كىشى ھەم سىزدىن رازى بولغان ھالدا دۇنيادىن كەتتى. تابىئىنلار بىلەن سۆھبەتداش بولدىڭىز ئۇلار بىلەن ھەم سۆھبەتداشلىقنى خوپ جايىغا كەلتۈردىڭىز،ئۇلاردىن جۇدا بولىۋاتقان شۇ سائىتىڭىزدە ھەممە ساھابىلەر سىزدىن رازى

بولۇپ تۇرۇشپتۇ-دىدى ، شۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقاندا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ:

رەسۇلۇللاھ بىلەن سۆھبەتداش بولغانلىقىم ھەم ئۇنىڭ مەندىن رازى بولغانلىقى، الله نىڭ ماڭا بەرگەن مەرھىمىتى(يەنى بۇ ئىختىيارىم بىلەن بولغان ئەمەس بۇ الله نىڭ ماڭا بەرگەن نېئمىتى دىدى)،ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن سۆھبەتداش بولغىنىم ھەم الله نىڭ مەرھەمىتى، شۇ سائەتتە دۇنيادىن بىرەر ساۋابىم ھەم گۇناھىم بولماستىن كەتكىنىمدە ئۆزۈمنى بەختلىك دەپ بىلەر ئىدىم دىگەن ئىكەنلەر.»

ھاياتىدا شۇنچە ئەمەللەرنى قىلىپ ياشىغان زات شۇنداق دىگەن ئىكەنلەر.

ھەتتا بەزى رىۋايەتلەردە كىلىدۇكى، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرنى زىكرى قىلىۋاتقانلىرىدا :

«ئى ئابدۇللا ئىبنى ئاباس مېنىڭ ئالدىمدا قىيامەتتە الله نىڭ

ھوزۇرىدا ئېيتالمايدىغان سۆزنى ئېيتمىغىن، يەنى مېنى ماختىما (قىيامەت كۈنى ھازىر ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىڭنى ئېيتالايدىغان بولساڭ ئېيتقىن)،شۇ تاپتا ئەگەر زىمىن توشقىدەك ئالتۇنۇم بولغاندا شۇنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە بېرىپ الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلار ئىدىم دېگەن ئىكەنلەر.»

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتىدا خەسساس بولۇپ ياشىغان ئۇلۇغ ساھابىلەردىن ئىدى، ئۇ ھاياتىدا شۇنچىلىك كۆپ ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە يەنە دائىم نىفاقتىن تەشۋىشلەنگەن ئىكەنلەر، ھۇزەيفەتۇل يەمانى پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆپ سىرلىرىنى بىلەر ئىكەنلەر،شۇنداقلا مۇنافىقلارنىڭ كىملىكىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزەيفەتۇل يەمانىغا ئېيتىپ بەرگەن ئىكەنلەر،بىركۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئۇنىڭدىن:

«الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى مۇنافىقلار قاتارىدا سانىدىمۇ يوق ئېيتقىن» دېگەن ئىكەنلەر،ھۇزەيفەتۇل يەمانى: «ئەلھەمدۇلىللاھ

،يەنى ياق»دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنچە كۆپ ئەمەللىرى بىلەن نىفاقتىن قورققان ئىكەنلەر.

فىتنە ھەققىدە ئېيتقىن دېگەندە، فىتنە كىشىنىڭ دىنىدىكى فىتنىسى، مالىدىكى فىتنىسى دەپ ھۇزەيفەتۇل يەمانى فىتنىلەرنى سانىغاندا،ئۇنى سورىغىنىم يوق،ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان فىتنە ھەققىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نىمىلەرنى ئاڭلىغان ئىدىڭ شۇنى ئېيتىپ بەر دېگەندە،«فىتنىنىڭ دەرۋازىسى بار»دېگەن ئىكەن، شۇندا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

« فىتنىنىڭ دەرۋازىسى سۇندۇرۇلامدۇ، يېقىلامدۇ؟» دەپ سورىغاندا: «سۇندۇرىلىدۇ»دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەنلەر.

بەزى ساھابىلەر ھۇزەيفەتۇل يەمانىدىن شۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ فىتنىنىڭ دەرۋازىسى ئىكەنلىكىنى شۇندىن ئىلگىرى بىلەمتى؟ دەپ سورىغاندا، ھۇزەيفەتۇل يەمانى كۈنىنىڭ يورۇقلىقىدا بىر نەرسىنى

ئېنىق كۆرۈپ بىلگەندەك بىلەتتى دەپ جاۋاب بەرگەن.

«فىتنىنىڭ دەرۋازىسى» دېگەنلىك «فىتنىنى توسۇپ تۇرغۇچى» دېگەنلىك بولۇپ، «فىتنىنىڭ دەرۋازىسى سۇندۇرۇلىدۇ» دېگىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىد بولىدىغانلىقىغا ئىشارە قىلىنغان ئىدى.

ھۇزەيفەتۇل يەمانى مانا مۇشۇنداق سىرلارنى ھەم قەلبىگە سىغدۇرۇپ ساقلاپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇشۇلاردىن ھەم خەبەر بېرىپ كەتكەن ئىدى.

فىتنە مانا مۇشۇنداق دۇنيادىكى ئەزىز كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە سەۋەب بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن زامانىمىزدا بولۇۋاتقان فىتنىلەرگە ئەھمىيەتسىز قارىماسلىقىمىز كېرەك.

كۆپلىگەن ئادەملەر فىتنىنى يوقاتماقچى بولىدۇ، فىتنىنىنى يوقۇتۇش كېرەك ئەلۋەتتە، ئەمما بۇلار ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولىشى كېرەك. ئۇ ئارزۇ بىلەن يوقالمايدۇ. جەننەت، جەھەننەم باقىيدۇر، ياخشىلىق ـ يامانلىق، ھەق ـ باتىل باقىيدۇر. چۈنكى جەننەتكە لايىق كىشىلەر ھەققە ئەمەل قىلىپ

ياشايدۇ، جەھەننەمگە ئوتتۇن بولىدىغانلار باتىل ئىشلارنى قىلىپ، جەھەننەمگە لايىق ھالدا ھەق ئۈستىدىكىلەرگە زۇلۇم قىلىپ ياشايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق بىلەن بىرلىشىمىز، باتىل بىلەن بىرلەشمەيمىز. مانا بۇ مەسىلەرنى بىلىپ قويىشىمىز كېرەك.

ھەركىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىدادى ۋە خۇسۇسىيتى بولىدۇ. ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغان مەزگىلدىكى خۇتبىلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئابابەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولۇپ مۇنبەرگە چىققاندا:

«سىلەرگە باش بولدۇم، بۇ ماڭا نىسبەتەن ياخشىلىق ئەمەس،ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەر ھەق ئۈستىدە بولۇپ مەزلۇم بولسا ماڭا نىسبەتەن ئۇ ئەڭ كۈچلۈكتۇر، ئۇنىڭغا ھەقنى ئېلىپ بىرىمەن، ئاراڭلاردىكى كۈچلۈك دەپ سىلەر قورقۇپ يۈرگەنلەر ئەگەر زالىم بولسا مېنىڭ ئالدىمدا ئۇ زەئىپتۇر، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالىمەن» دىگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ خۇتبىلىرىدە بولسا:«مەن بىلەن

ئەرەپلەرنىڭ مىسالى بىر ئۆجرەت تۇگە بىلەن ئۆجرەت تۇگىنىڭ ئىگىسىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، كەئىبىنىڭ ئىگىسى الله قا قەسەمكى ،مەن سىلەرنى ئىسلام يولىغا مەجبۇر قىلىمەن» دىگەن. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق شىددىتىنى نامايەن قىلىپ سۆزلىگەن ئىدى. هەر بىر كىشى ئۆزىگە خاس شىددىتى ۋە قابىلىيىتى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن خەلىپىلەر، ساهابىلەر ۋە تائىبىنلارغا الله نىڭ رەهمىتى بولسۇن، شۇلار قاتارىدا هەم هەممىمىزگە الله نىڭ رەهمىتى بولسۇن(ئامىن).

## 19. .نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشىلەر توغرىسىدا

ئۇلۇغ الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئەلاغا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى ، مانا دەرىسىمىزنى بۈگۈندىن باشلاشقا الله يەنە نىسىپ قىلدى.
ھازىرقى دەرىسىمىزدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىس ـ شەرىفلىرىدىكى ئىمامى ئەھمەد ۋە باشقىلار ھەدىس توپلاملىرىدا كەلتۈرۈلگەن بىر ھەدىس شەرىفنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا توختىلىمىز.
ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاگاھ بولۇڭلاركى،سىزلەردىن ئىلگىركى ئەھلى كىتابلار 72

پىرقىگە ‹تائىفەگە› بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى، بۇ ئۇممەت73 تائىفەگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ھەممىلىرى ئۆزىنى مۇسۇلمان مەن دەيدۇ، ئەمما 72 تائىفەسى دوۋزاختا، قالغان بىرى جەننەتتە بولىدۇ» (ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇسنەدلەرىدە ۋە باشقا ھەدىس توپلاملىرىدا شۇنداق كەلتۈرۈلگەن)، ئىمامى تىرمىزى رىۋايەتلىرىدە بولسا:

«ھەممىسى دوۇزاختا،مەگەر بىر مىللەت جەننەتتە، ئۇلار مېنىڭ ۋە ئەسھابىلىرىمنىڭ يولىنى تۇتقانلار» دېيىلگەن.

ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇسنەدلەرىدە رىۋايەت قىلغان ۋە ئىمامى نەسائى «سۈنەن»لىرىدە كەلتۈرگەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولغاندا پۈتۈن مىللەت تارقاق چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئىدى. ھەممە خەلقلەر تۈرلۈك كۆز قاراش ۋە پىكىرلەر بىلەن ياشايتتى. كۆپىنچىلىرى مىللەتچىلىك

‹دەۋاسىدا› ئىدى. مىللەتچىلىك جاھىلىيەت ئالامەتلەرىدىندۇر، ھازىرقى ۋاقىتتا ھەم خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى مىللەتچىلىك دەۋاسى بىلەن ياشاۋاتىدۇ . يەنى ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار، تاجىك، قازاق، تۈركمەن ۋەھاكازا باشقا مىللەتچىلىك روھىدا ياشاۋاتىدۇ.

ئىسلام كەلگەن ۋاقىتتا ھەم ئەنە شۇ مىللەتچىلىك يەنى جاھىلىيەت روھى ئادەملەرگە ھۆكۈمران بولغان ئىدى . شۇنىڭدەك بۇنىڭغا ئوخشىغان پىكىرلەر كۆپ ئىدى . ئىسلام كەلدى ـ دە:

«كىمكى مىللەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىققا چاقىرغان بولسا بىزدىن ئەمەس»دىگەن شۇئارنى ئېلان قىلدى .

ھەم«كىم ئەسەبىيەت ئاساسىدا جەڭ قىلغان بولسا بىزدىن ئەمەس.» دېدى.

ھەر بىر ئەسەبىيەت،ئىرقچىلىق روھىنى كۆتۈرۈپ تاشلىدى.

مانا شۇندىن باشلاپ ئەسەبىييەت روھى كۆتۈرۈلدى،ئىسلام روھى بەرپا بولدى،مىللەتچىلىك كەتتى، ئىسلام شۇ روھ پىكرى بىلەن يەر يۈزىگە تارقالدى بۇرادەرلەر.

مانا بۇ بىزنىڭ دىيارىمىزغا ئىسلامنىڭ تېز كىلىشىنىڭ سىرى،چۈنكى ئادەملەر بۇ ئىسلام دىنىگە كىرىشى بىلەن ئۆزلىرىدە ھېچقانداق ھاقارەتنى ھىس قىلمىدى.

ھەر قانداق مىللەت بۇ دىنغا كىرىپ ،شۇ دىندا ئۇلۇغ بولالايدىغانلىقىنى چۈشۈنىشتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مانا شۇ روھ بىلەن بۆلىنىش يوقالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنى بۆلىۋىتىش،يەنى،ئىسلام كەلگەن ۋاقىتتا تۇنجى يوقاتقان نەرسىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن مەقسەتلىرىگە يەتتى.

بۇ نەرسە قەۋمىيە،يەنى مىللەتچىلىك روھى ئىدى. مانا شۇ مىللەتچىلىك روھىنى ئېلىپ كەلدى . شۇ مىللەتچىلىك روھى بىلەن كىشىلەر،ئۆزلىرى مۇسۇلمان بولۇپ تۇرۇپ، باشقا مۇسۇلمان بولغان مىللەتلەردىن ئايرىلىپ ياشاش پەيدا بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام روھى بىلەن ھەممە بىر پۈتۈن كىشىگە ئايلاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىگە قاراپ ئادەملەر مۇسۇلمانلار بىرلىشەلمەيدىغان مىللەت دەپ ئېيتمىسۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى تەرىپىدىن ئېيتىلغان بۇ گەپلەرنى تەكرار قىلىپ يۈرمىسۇن. چۈنكى بۇ خەلقلەرنى ئىسلام بىرلەشتۈرگەن، خەلقلەرنى بۆلۈۋەتكەن نەرسە ھەقىيقى ئىسلام روھىنىڭ خەلقلەردىن كۆتۈرۈلگەنلىكى خالاس. ھەقىقى ئىسلام خەلقلەر ئارىسىدا چۈشىنىشلىك بولسا ھېچقانداق بۆلىنىش بولمايدۇ.

مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ھەدىسنى ئېيتقاندا ،مۇسۇلمانلارنىڭ تارقىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرلۈپ كەتكەن يەنى، ئۇلار بىر پۈتۈن مىللەتكە ئايلانغان ئىدى.

رەسۇللاھ ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئاگاھلاندۇرۇپ:

«ئاگاھ بۇلۇڭلاركى،سىزلەردىن ئىلگىركى ئەھلى كىتابلار 72 پىرقىگە ‹تائىفەگە› بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى،بۇ ئۈممەت

73تائىفەگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ،ئۇلار ھەممىلىرى مۇسۇلمان مەن دەيدۇ،ئەمما 72 تائىفەسى دوۋزاختا،قالغان بىرى جەننەتتە بولىدۇ»دىدىلەر.

شۇ سۆز ئېيتىلغان ۋاقىتتا،ئۇلار بىر پۈتۈن مىللەت ئىدى؛ئەمما رەسۇللاھ ئەشۇ مىللەت يەنى،ئۆزىنى مۇسۇلمان مەن دەپ ئاتىغان مىللەتنى 73تائىفەگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۇلار جامائە دېدى.

ئىمام تىرمىزى رىۋايەتلەرىدە:

«ھەممىسى دوزاختا، مەگەر بىر مىللەت جەننەتتە»دېيىلگەن.

كىم ئۇ؟ دېگەندە جاۋاب بىرىلىپ:

« مېنىڭ يولۇمنى تۇتقانلار ۋە ئەسھابىلىرىمنىڭ يولىنى تۇتقانلار نىجات تاپقان مىللەت» دېدى .

بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئاساسنى بايان قىلىپ قويىدى.

بۇ ھەدىس شەرىفنى ئېيتقاندا مىللەت بىر مىللەت ئىدى . ئىككىگە بۆلۈنگەن ئەمەس ئىدى بۇرادەرلەر. ھەتتا بۆلۈنۈشنى بۇلار ئەجەپ ساناشقان ئىدى.چۈنكى ئىسلاملا بۇلىدىكەن بۆلۈنىشلىكنىڭ ھېچ ئىلاجى ‹يولى› يوق ئىدى قېرىنداشلار، ئىسلام روھى يوقالدى،نامى قالدى.

بۇنىڭ بىلەن بىز خالايلى-خالىمايلى، بۇ مىللەتنى بىلەيلى ياكى بىلمەيلى مىللەت 73پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى بۇرادەرلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرغان نەرسە ،دۇنيادا ۋۇجۇتقا كەلدى . ئەمما بىر مىللەت قىيامەتكىچە داۋام ئېتىدۇ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ بىشارەتىنى بەرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا جەننەتتە قىلىدىغان ئەشۇ يىگانە مىللەتتىن بولۇش ئۈچۈن كۆزىمىزنى ئېچىشىمىز كېرەك.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۈممىتىمنىڭ بىر تائىفەسى ھەقتە غالىب بولۇپ كېتىۋېرىدۇ، يەنى دائىم ھەقنىڭ ئۈستىدە بۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ھەقلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ،ئۇلارغا ئۇلارنى تاشلاپ

كەتكەن ئادەملەر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» ،

چۈنكى ھەقتە تۇرغانلار بىلەن تۇرۇش ھەر كىمگە نىسىپ بولمايدۇ،قېرىنداشلار.

ھەممە ھاۋايى- ھەۋەستىن ۋاز كېچىش كېرەك .ھەتتا الله نىڭ بۇيرىغى يەنى ئۆلۈم كەلگۈچە ئۇلار ھەقتە زاھىر بولۇپ داۋام قىلىۋېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىمنىڭ بىر تائىفەسى شۇنداق بولۇپ قالىدۇ دېدى، مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشارەتلىرى . بۇ تائىفە الله نىڭ ھۆججەتىدۇر .

شۇ ھۆججەت بىلەن ئادەملەرگە قىيامەت كۈنى ئازاپ بېرىدۇ، شۇ ھۆججەت بىلەن ئەھلى جەننەتنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، شۇ ھۆججەت بىلەن ئەھلى دوۋزاخنى دوۋزاخقا كىرگۈزىدۇ ، شۇ ۋاقىتتا مەن ھەقنى قىلالمىدىم دىگۈچىلەرگە مانا بۇ تائىفەنىڭ شۇ دەۋرىدە ھەقتە ئىكەنلىكىگى ھۆججەت بولىدۇ ، قېرىنداشلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا بۇ ھەدىسى مۇبارەكنى ئوقۇدى.

شۇندا قولى بىلەن يەرگە بىر سىزىق سىزدى، ھەم بىر توغرا

سىزىق سىزىپ بۇ الله نىڭ توغرا يولى دېدى ۋە شۇ توغرا سىزىقنىڭ ئىككى يېنىغا ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرگە كۆپ سىزىقلارنى سىزىپ چىقتى، مانا بۇ ئىككى چەتتىكى ھەر بىر يولنىڭ ئۈستىدە بۇياققا دەپ چاقىرىپ تۇرىدىغان شەيتان بار دېدى ھەم بۇلار ئىچىدە شەيتاندىن خالى بولغان يول يوق،ئۇلار دائىم چاقىرىپ تۇرىدۇ، ئۇ شەيتان ئۇخلاپ ياكى بىپەرۋا تۇرمايدۇ. يەدئۇ ئىلەيھى دائىم چاقىرىپ تۇرىدۇ. يەنى الله نىڭ توغرا يولنىڭ ئەتراپىدا چىققان يوللارنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ يولى دېدى ۋە كېيىن:

«وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلاَ تَتَّبِعُواْ السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِ ذَلِكُمْ وَصَّاكُم بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ»

يەنى،« بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (الله نىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن

ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدۇ [153].»(سۈرە ئەنئام)

دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتنى ئوقۇدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز نىجات تاپقۇچى جامائە ھەققىدىكى بەزىبىر ئالامەتلەرنى بىلىشىمىز كېرەك.

مەن شۇ ئورۇندا ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىلىرى ناملىرىنى زىكىر قىلىپ، ئىسلامغا زىت تامامى نەرسىلەرنى نىسبەت بېرىپ يۈرگەن ۋە ئۇ كىشى تەۋھىدكە چاقىرغان تۇرسا شۇ كىشىگە تۆھمەت بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەرگە ئىشىنىپ يۈرگەن بىر كىشىنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشنى مۇناسىپراق دەپ بىلىمەن .

ئابدۇلقادىرى جىيلانى ھاياتىدا يەككە الله قا ئىبادەت قىلىشقا ،تەۋھىدكە چاقىرغان زاتتۇر. بۇ كىشىنىڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن«غۇنىيە»دېگەن كىتابلىرى بار، ئابدۇلقادىرى

جىيلانى بىزنىڭ دىيارلىرىمىزدا غەۋسۇل ئەزەم نامى بىلەن ئاتالغان. ئابدۇلقادىرى جىيلانى ئادەملەرنى يىگانە الله قا چاقىرغان، شىرىكتىن توسقان زاتتۇر.

مانا شۇ زات فىرقى نازى ھەققىدە «غۇنىيە»كىتابىدا:

««رەسۇللاھ سەللەلاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان 73 تائىفەنىڭ ئىچىدە ئەھلى جەننەت بولغان تائىفە،يەنى نىجات تاپقۇچى تائىفە ئەھلى سۇننەت ۋەلجامائەدۇر،ئەھلى سۇننەت ۋەلجامائەتنىڭ بىر نامىدىن باشقا نامى يوق،ئۇلار ئەسھابۇلھەدىيس يەنى،ھەدىسكە ئەمەل قىلغانلاردۇر» دىگەن.

قېرىنداشلار، ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئەھلى سۇننەت ۋەلجامائە مەن دەيدۇ، دەرەخكە سېغىنىشقان كىشلەر ھەم ئۆزىنى ئەھلى سۇننەت ۋەلجامائەت دەيدۇ.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىكى دەۋالىرىگە قارىساق، دۇنيادا ئەھلى سۇننەت ۋەلجامائەتتىن باشقا ئادەم قالمايدۇ .

ئابدۇلقادىرى جىيلانىيدىن الله رازى بولسۇنكى، ھەممە ئۆزىنى ئەھلى سۇننەت ۋەلجامائەت مەن دەۋا قىلىپ يۈرگەندە، الله بىلدۈرگەن ئىلىم بىلەن مانا شۇ سۆزنى ئېيتىدۇكى، ئەھلى سۇننەت كىم؟

ئەھلى سۇننەت ۋەلجامائەتنىڭ بىر نامىدىن باشقا نامى يوق، ئۇلار ئەسھابۇلھەدىيس يەنى، ھەدىسكە ئەمەل قىلغانلاردۇر.

ئابدۇلقادىرى جىيلانى بۇ ئەھلى سۇننەت ۋەلجامائەت ـ رەسۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر سەھىھ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغاندا، بۇ ھەدىسنى ئېلىپ ھەممە رايىدىن،ھەممە ئادەملىك پىكرىدىن ۋاز كېچىپ، شۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلغان كىشىلەر نىجات تاپقۇچى كىشىلەردۇر دەپ ئېيتقان ئىكەن.

ئابدۇلقادىرى جىيلانىيگە تۆھمەت بىلەن شىرىك كەلىمىلىرىنى نىسبەتلىگەن، تۆھمەت قىلغان كىشىلەر قىيامەتتە جاۋاب بىرىدۇ.

ئادەملەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلىشىپ ،ئۇ كىشىنىڭ ئانىلىرىغا ئىبادەت قىلىشىپ كەتكەن،مانا ناسارالەر ھەممىلىرى ئىيسا

ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىندىن ۋاز كېچىپ بۇ كىشىگە ۋە ئانىلىرىگە ئىبادەت قىلىشقا شۇنچە سىغىنىپ كېتىشكەن .

ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى **الله** دېگىنى يوق،بەزىلەر **الله** نىڭ ئوغلى دىيىشتى.

بەزى ناسارالەر **الله** بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىزگە شاپائەت قىلىپ ھىمايە قىلىدۇ دېيىشتى.

توغرا، پەيغەمبەرلەر قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىشىدۇ.

رەسۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن شاپائەت قىلىدۇ،پەيغەمبەرلەر **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن **الله** مەرتىبە بەرگەن زاتلار ئەھلى تەۋھىدلەرنى شاپائەت قىلىدۇ.

شىرىك ئەھلىنى بولسا ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ، قېرىنداشلار .

شېرىك سادىر بولغان كىشىگە ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ.

**الله** شېرىكنى ھېچقاچان كەچۈرمەيدۇ.

فىرقى نازىيەھ- نىجات تاپقۇچى جامائەت تەۋھىدنى ئەڭ

بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئىبادەتتە، الله دىن ياردەم سوراشتا ،دۇئا قىلىشتا ،گاھ قاتتىقچىلىق گاھ يۇمشاقلىق ۋاقىتلاردا بىرەر قۇربانلىق قىلىشتا ،نەزىر قىلىشتا ،تەۋەككۈل قىلىشتا بۇلاردا الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ يەككە ئۆزىگە ئىبادەت قىلىدۇ.

يەنى الله قىلا ئىبادەت قىلىدۇ، الله تىنلا ياردەم سورايدۇ، الله قىغىنا دۇئا قىلىدۇ، الله قىگىنە قۇربانلىق قىلىدۇ، الله قىگىنا نەزىر قىلىدۇ، الله قىگىنە تەۋەككۈل قىلىدۇ ۋە الله چۈشۈرگەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئىبادەت مەنىسىنىڭ ھەممىلەرىنى يەككە الله قىگىنا قىلىدۇ.

مانا بۇ نىجات تاپقۇچى جامائەنىڭ بەلگۈلىرىنىڭ بەزىسىدۇر.

نىجات تاپقۇچى جامائە رەسۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈننەتلىرىنى ئىھيا قىلىشىدۇ، ئىبادەتلىرىدە ، سۈلۈكلىرىدە ۋە يۈلىنىشلىرىدە، ھاياتلىرىدا ۋە شۇ سۈننەتلەرنى ئىھيا قىلىش بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا غېرىپ بولۇپ قالىدۇ.

ئۇلار ھەقىيقى سۈننەتنى ئىھيا قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدە

مەسخىرىلەرگە دۇچار بولىدۇ.

«ئىسلام غېرىبلىك بىلەن باشلانغان ۋە غېرىپلىككە قايتىدۇ»(ئىمامى مۇسلىم رىۋايەتلىرى)

ئىسلام غېرىبلىك بىلەن باشلانغان. ئىسلام كەلگەن ۋاقىتتا ھەممە ئادەم كۆلدى،پەقەت يەككە الله قا ئىبادەت قىلىشقا بىزنى چاقىرىپ كەلسە قوبۇل قىلدۇق. ئۇلار شامالغە دەرەخلەرگە،يامغۇرغا، قارگە،ئالاھىدە يەرگە،ئاسمانغا ھەممە نەرسىلەرگە بىردىن ئىلاھ تەيىن قىلىشۋالغان ئىدى. شامال چىقسا شامال خۇداسىگە، يامغۇر ياغسا يامغۇر خۇداسىغا سېغىنىشاتتى. ھەر بىر جاھىلىييەتتە مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز مەۋسۇملەرىگە خاس بىر ئەمەللەرى بارئىدى.

رەسۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم :«ئىسلام تەۋھىدنى ئېلىپ كەلگەندە غېرىب بولدى ۋە غېرىپلىككە قايتىدۇ.»دېدى، ھازىر ھەم يىگانە الله قا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىنىدىغان بولسا، ئىنسان غېرىب بۇلۇپ قالىدۇ، نىھايەتكى سەن بىلىپ

پۈتۈن خەلقلەر بىلمەمدۇ؟ دېيىلىدۇ. غېرىب كىم؟

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەتلىرىنى ئىھيا قىلغان كىشى بىدئەت ئەھلىلەرنىڭ ئىچىدە غېرىب بولۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

غېرىب كىم؟

غېرىب الله نىڭ ئۆزىگىغىنا ئىبادەت بىلەن بولۇۋاتقان يىگىتكى،پۈتۈن ھەۋا ئەھلىلەرنىڭ ئىچىدە كىيىم ـ كىچەك باشقا ھەممە نەرسىدە ئىسلامگە ئەگەشمەستىن، ئادەملەر تۈزگەن يوللارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە، ئىسلام ھەر بىر سائەتتە نىمىنى ھۆكۈم قىلغان بولسا ھەممىسىنى قىلىمەن دەپ تۇرغان ياش يىگىتلەر خۇسۇسەن غېرىبتۇر.

ئىسلام شۇ غېرىبلىككە قايتىدۇ، دېدىلەر. ھازىر ئىسلام ھەقىيقەتتە غېرىب بولدى قېرىنداشلار، ھەقىيقى ئىسلامنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن كىشى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا غېرىبتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم :

«غېرىبلەرگە مۇبارەك بولسۇن ،جەننەت بولسۇن دەپ دۇئا

قىلدىلەر»

بەزى رىۋايەتلەردە:«ئادەملەر بۇزۇلغاندا ئۆزىنى سالاھىيەتلىك قىلىپ، ئوڭلاپ يۈرگەن غېرىبلارغا جەننەت بولسۇن»دېدىلەر.

نىجات تاپقۇچى جامائە الله نىڭ كالامىنى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەئسۇم بولغان سۆزلىرىنى مەھكەم تۇتىدۇ.

باشقا ئادەملەرگە نىسبەتەن:«ئادەم پەرزەنتى بولسا خاتا قىلغۇچى،خاتا قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلار»دەپ ئېتقاد قىلىدۇ .

ئىمام مالىك ئېيتقىنىدەك: «ھەممە ئادەمنىڭ سۆزى ئېلىنىدۇ ياكى تاشلىنىدۇ، ئەمما پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى ئەلبەتتە ئېلىنىدۇ.»

بەزى رىۋايەتلەردە: «قەبرىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىكەن،بۇ قەبرى ئىگىسىنىڭ سۆزى ئەلبەتتە ئېلىنىدۇ» دېگەن ئىكەن.

نىجات تاپقۇچى جامائەنىڭ بەلگىلەردىن يەنە بىرى، مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ ھەممەسىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ھەممە مۇجتەھىد

ئۆلىمالارغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ،بىرسىگە ھۆرمەت بىلە قاراپ،باشقىسىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلمايدۇ.

بىزنىڭ دىيارلىرىمىزدە بولسا بىر ئىمامغا ھۆرمەت بىلە قاراپ باشقىلارغا ھۆرمەتسىزلىك بىلەن قارايدۇ. ئۇندىن تاشقىرى ئۇ ھۆرمەت ھەم جاھىلانە ھۆرمەتتۇر.

ئۇ كىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان سۆزنى ھېچ تەكشۈرمەيدۇ.

ئۆزى ئاڭلىۋالغان نەرسىنى بىلگەن قىلىپ شۇنى ئىمامغا نىسبەتلەپ ئىشىنىۋېرىدۇ .

ھەممە مۇجتەھىد ئىماملارغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ. مانا شۇ يەردە بىر توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن،نىجات تاپقۇچى جامائەلەر بەزى بىر دىيارلارگە بارغاندا، مۇسۇلمان مەن دەپ يۈرگەن كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەممە مۇجتەھىد ئىماملارغا ئېھتىرام قىلغانلىقىنى بەلگىسىنى كۆرسىتىشمەيدۇ.

ناۋادا ئۆزى ھۆرمەت قىلىپ تۇرغان ئىمامدىن باشقىغا ئىقتىدا قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا ئىقتىدا قىلماستىن ياشاۋېرىدۇ.

ھەممە ئىماملارغا ئەگىشىمىز دېگەن سۆزى بىلەن ئىقتىدا

قىلماسلىقى مۇتلەق بىر ـ بىرىگە زىت نەرسىدۇر قېرىنداشلار.

مانا بۇ نەرسە ئىسلام مىللەتنى بۆلۈپ تاشلىغان نەرسە. نىجات تاپقۇچى تائىفە ھەممە مۇجتەھىد ئۆلىمالارغا، مۇجتەھىد ئىماملارغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ.

ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ھەممىلىرىگە ئىقتىدا قىلىپ ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ مەنىسى نېمە؟

بەزىبىر كىشىلەر ھەممە مەزھەبلەرگە ئۇنايمىز دەيدۇ،لېكىن باشقا مەزھەپتىكى كىشىنى كۆرسە ئىقتىدا قىلمايدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىن كاتتا ھۆرمەتسىزلىك بارمۇ قېرىنداشلار؟

نىجات تاپقۇچى جامائە مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، مۇنكەردىن قايتۇرىدۇ. بىدئەت يوللىرىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە مىللەتنى بۆلۈپ تاشلايدىغان جامائەلەرنى ئىنكار قىلىدۇ.

ھەممە جامائەلەر كىتابى سۈننەتكە چاقىرىمىز دەپ تەشكىل تاپىدۇ قېرىنداشلار،لېكىن تەشكىل تېپىش ھەقىيقى بىر كىتابى سۈننەتكە چاقىرىدىغان بولسا، ئوتتۇرلاردا قارمۇ ـ قارشى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم نىجات تاپقۇچى جامائەنى: «مېنىڭ ۋە ئەسھابىلىرىمنىڭ يولىنى تۇتقان كىشىلەر» دېگەنلەر.

نىجات تاپقۇچى جامائەنىڭ بەلگىلەردىن بىرى الله نىڭ ھۆكمىنى ھەقىقى ھۆكۈم دەپ بىلىدۇ.باشقا ئادەملەر تەرىپىدىن ھۆكۈم قىلىنغان ھۆكۈملەرنى تەن ئالمايدۇ.
بۇلار بىلەن بولغان ھۆكۈمنى شېرىك دەپ بىلىدۇ.الله نىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشلىك بۇ ھەقىقى ئىسلام دەيدۇ.الله قۇرئاندا:

« وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ »

يەنى،«كىمكى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كافىرلاردۇر»(سۈرە مائىدە44ـ ئايەت)

« وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ »

يەنى،« الله نازىل قىلغان بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر [45].»(سۈرە مائىدە45 ـ ئايەت)

« وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ »

يەنى،« الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر [47]» (سۈرە مائىدە47 ـ ئايەت) دېدى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئېتقاد قىلىدۇ. ئادەملەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنى باتىل دەپ بىلىدۇ، الله تەرىپىدىن كەلگەن ھۆكۈمگىنا ھەقىيقى ھۆكۈم ۋە ئىسلام دەپ بىلىدۇ. نىجات تاپقۇچى جامائەنىڭ بەلگىلىرى تەۋھىدكە تىلى، قەلبى ۋە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ھەممىنى شۇ تەۋھىدكە چاقىرىدۇ . پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەر بەرگەن مۇسۇلمانلار ئۈتتۈرىسىدا سادىر بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر

بىرىپ:

« ئۇممىتىمدىن بولغان بىر نەچچە قەبىلىلەر مۇشرىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتمىگۈنچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، يەنى ئۇممىتىمدىن كۆپ قەبىلىلەر مۇشرىكلارغا قۇشۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇممىتىمدىن كۆپ قەبىلىلەر ئەۋسان بۇتلەرگە سىغىنىپ كېتىدۇ.» دىگەن.

بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بۇتلەرنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇرادەرلەر.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بۇتلەر **الله** نى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ رەمزى(ھەيكەل، ئابىدىسى)ئەمەس، بەلكى سالىھ كىشىلەرنىڭ رەمزلەرى (ھەيكەل ئابىدىسى)ئىدى.

جاھىلىيەتتىكى ۋەد، سۇۋلا، يەغۇس يەئۇق، نەسىر مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە **الله** سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا نىجات بەرگەن كېمىدە سالامەت قالغان سالىھ كىشىلەرنىڭ رەمزى(ھەيكەل، ئابىدىسى)ئىدى.

كىشىلەر مانا بۇ رەمزلەرنى قىلىشىپ شۇلارغا ئىبادەت قىلىشقان ئىدى. بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كېلىپ بۇتلەرنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ بارماقتا، قېرىنداشلار.

بۇتلارنىڭ شەكلى ھەرخىل بولىدۇ.بەزى كىشىلەر بۇت دەپ بۇلاقلارغا، دەرەخلەرگە ، قۇياشقا ۋە باشقىغا سېغىنسا،بەزى دىنسىز ئادەملەر مۇتلەق الله نى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىز شەكىلللەرگە سېغىنىدۇ،ئۇندىن باشقا يەنى سالىھ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ شەكىلللەرگە ھەم سېغىنىپ كېتىۋاتىدۇ .

بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر سەپكە قويۇپ ھەممىسىنى بۇت دەيمىز .

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەر بەرگەنكى: «ئۇممىتىمنىڭ بىر نەچچە قەبىلىلەرى شۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ كېتىدۇ.»

نىجات تاپقۇچى جامائە مانا بۇ نەرسىلەرنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

نىجات تاپقۇچى جامائەنى كۆپ ئادەملەر دۈشمەن

تۇتىدۇ، قېرىنداشلار.

ئۇلارغا بوھتان قىلىنىدۇ.كىشىلەر ئۇلارنى ھەرخىل لەقەملەر، ناملار بىلەن ئاتىشىدۇ.

نىجات تاپقۇچى جامائە نىجات تاپقۇچى جامائەگە ۋە رەسۇللاغا ئەگەشكەنلىكى سەۋەبلىك، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ساھابىلارغا تۆھمەت بىلەن ئېيتىلغان ناملار بىلەن ھەم ئاتىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كىشىلەر مەجنۇن، ساراڭ دېيىشەتتى.

شۇ ئەبۇ كەبشەنىڭ ئوغلىغا ئەگىشىمىزمۇ دېيىشەتتى. ئەبۇ كەبشە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تەربىيىسىگە ئالغان ئۆيدىكى كىشىنىڭ نامى ئىدى ۋە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سابىھ يەنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ يولىدىن ۋاز كەچكەن دېيىشەتتى.

پەيغەمبەرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى شۇ ناملار ۋە باشقا ناملار بىلەن ئاتىشاتتى .

ئەبۇ هامىدىن غاززالى:بىر ئادەم خەلق ئارىسىدا ساراڭ، مەجنۇن دەپ ئاتالمىسا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلما،يەنى ئېتىبارىڭنى قاراتما دېگەن ئىكەن.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنى ئادەملەر ساراڭ،مەجنۇن دېيىشتى-يۇ، ئەگەر كىم ھەقىيقى **الله** نىڭ بەندىسى بولۇپ، ھەقىيقى ئىسلامنى ھاياتىغا تەدبىق قىلسا مانا شۇ نامنى ھاياتىدا ئالىدۇ دېگەن ئىكەن.

ھەقىيقەتتە ھەم پەيغەمبىرىمىز سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ يوللىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر شۇ ناملارنى ئالغان قېرىنداشلار.

ئۆلىمالارنىڭ بەزىلەردىن نىجات تاپقۇچى جامائە كىم؟ دەپ سورالغاندا، ئېيتقان ئىكەنكى:

«سەلەف سالىھىنلەرنىڭ يوللىرى ئاساسىدا يۈرگەن ھەر بىر كىشى نىجات تاپقۇچى جامائەدۇر، سەلەف سالىھلەر، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ۋە ئەسھابىلارنىڭ يوللىرىدا يۈرگەن كىشىلەر نىجات تاپقۇچى جامائەدۇر»دېگەن

ئىكەن.

پەيغەمبەرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسى مۇبارەكلەرىنى ھازىر ئېيتىپ ئۆتتۇق:

«ئۇممىتىمنىڭ بىر تائىفەسى ھەق ئۈستىدە بولىدۇ، ئۇلارغا ئۆلۈم كەلگۈچە،بۇلارنى تاشلاپ كەتكەن كىشىلەر ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.»

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك:« نىجات تاپقۇچى جامائە مېنىڭ پىكرىمدە ھەدىس ئەھلللەرى» دېگەن ئىكەن .

ئىمام بۇخارى ئەلىي ئىبنى مەدىنىدىن رىۋايەت قىلىپ:

«نىجات تاپقۇچى جامائە ئەسھابۇلھەدىيس»دېگەن ئىكەن.

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل :«ئەگەر نىجات تاپقۇچى تائىفە ئەساھابۇلھەدىيس بولمىسا،ئۇلارنىڭ كىملىكىنى مەن بىلمەيمەن»دېگەن ئىكەن.

مانا بۇ نىجات تاپقۇچى جامائەنىڭ ئالامەتلىرىدىن بەزىلىرىدۇر.

الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئەلا ھەممىمىزنى ھەم نىجات تاپقۇچى

جامائەلەردىن قىلسۇن .(ئامىين)

نىجات تاپقۇچى جامائەلەرنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرىنچىسىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق ،ئۇلار يەككە الله قا ئىبادەت قىلىشىدۇ ۋە الله قا نە ئىنسان ،نە جىن ،نە ئاي ،نە كۈن ،نە دەرەخ ،نە تاش ۋەھاكازا نەرسىلەردىن بىرەر بىر نەرسىنى شېرىك قىلىشمايدۇ ۋە بۇ شېرىكنى ئىماننى، ئىسلامنى سۇندۇرغۇچى نەرسە دەپ بىلىشىدۇ.

بىز ئەمدى شېرىكنىڭ بەزىلىرى ئۈستىدە توختالماقچىمىز.

خۇددى تاھارەتنى سىندۇرغۇچى نەرسىلەر بولغىنىدەك، ئىمان، ئىسلامنى ھەم سىندۇرۇپ، يوقاتقۇچى نەرسە بولىدۇ. بۇ نەرسە ئىنساندا سادىر بولىشى بىلەن،تاھارەتنى سىندىدىغان نەرسە سادىر بولغان كىشىگە تاھارەت يېڭىلىشى زۆرۈر بولغاندەك، ئىمان ۋە ئىسلامغا زىت بولىدىغان نەرسىلەرنى قىلغان كىشى ئىماننى يېڭىلىماقلىقى كېرەك.

ئىمانغا زىت بولىدىغان نەرسىلەر تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۆت قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

بىرىنچى: رەب سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ ۋۇجۇدىنى (بارلىقى)ئىنكار قىلىش.

ئىككىنچى: مەئبۇد الله نىڭ يىگانىلىقىنى ئىنكار قىلىش ياكى شېرىك بىلەن ئىبادەت قىلىش.

يەنى بىرىنچى، ئالەمنى تەربىيەت قىلغۇچى زاتنى ئىنكار قىلىش. بۇ شېرىك كۇفرىدۇر .

ئىككىنچى،يىگانە مەئبۇدنى ئىنكار قىلىش ياكى شۇ يىگانە مەئبۇدقا ئىبادەتتە باشقا نەرسىنى ھەم شېرىك قىلىشتۇر.

ئۈچىنچى،الله نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى (ئەسمائۇلھۇسنا) بولارنى ئىنكار قىلىش.

يەنى،الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ئۆز كالامىدە ئىسپات قىلغان سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىش.

تۆتىنچى،مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى ئىنكار قىلىش. مانا بۇ نەرسلەر قايسىبىر ئىماننى دەۋا قىلغان كىشىدىن سادىر بولسا ئىمان ئىسلام بۇنىڭدا قالمايدۇ. خۇددى تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان نەرسلەر سادىر بولغاندا تاھارەتنى يېڭىلاش

كېرەك بولغىنىدەك ئىماننى يېڭىلىشى لازىم بولىدۇ.

رەب تائالانىڭ ۋۇجۇدىنى ئىنكار قىلىش،نەئۇزۇبىللاھ (الله ئۆزۈڭ بۇنىڭدىن ساقلىغايسەن) بۇ ئاتېزىمچىلارنىڭ ئىنكارىدۇر، يەنى ئۇلار ياراتقۇچىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىنكار قىلىشىدۇ، ئالەمنى ۋە هاياتنىكى تاساددىبى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن دېيىشىدۇ.

يارىتىلىش ۋە ئالەمدە سادىر بولىۋاتقان ھەممە نەرسىنى تەساددىپىيلىق ۋە تەبئى ئۆزگىرىش يەنى تەبىئەتكە تەئەللۇق دەپ بىلىشىدۇ.

بۇنداق ئادەمدە ئۇ مەيلى ئەللامىلەر خانىدانىدا تۇغۇلغان بولسا ھەم ئىمان بولمايدۇ .

ئالەمنىڭ باشقۇرۇلىشىنى تەبىئەتكە ۋە تەساددىپىيلىققا نىسبەتلىگەن، رەب تائالانى خالىقنى ئىنكار قىلغان ئادەمدە ئەگەركى ئۇ سەللە كىيىۋالغان بولسا ھەم ئىمان يوق، پەرقى شۇنچىلىك بولىدۇكى ئۇ سەللەلىك كافىر بولىدۇ،شۇنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

ياراتقۇچىنى ئىنكارقىلغان،ئالەمدىكى قانۇنىيەتلەرنى **الله** تائالانىڭ باشقۇرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ئادەم كىم بولىشىدىن ،قايسى خانىداندا بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ كافىرلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق. قۇرئانى كەرىمدە:

«ھەممە شەيئىنى الله ياراتتى» ،«ئۇ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتتى»دېيىلىدۇ.

بۇنداق ئادەم ھالۋىدىن بۇت ياساپ قارنى توقلىقىدا ئىبادەت قىلىپ ئاچ ۋاقتىدا يىۋالغان، بىرەر جايدىن تۆت دانە تاش تاپسا چىرايلىقراقىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ،قالغان ئۈچىنى يەر ئۈستىگە قويۇپ قارا قازان ئېسىپ ،تاماق قىلغان،ياكى ئۇنى ھەم تاپالمىسا،قوينىڭ سۈتىنى سېغىپ شۇنىدىن لاي ياساپ بىر بۇت شەكلىدە بىر نەرسىنى قىلىپ شۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ يۈرگەن ياكى سۈتىنى تاپالمىسا ئۇنىڭ بەۋلى بىلەن لاي قىلىپ شۇنىڭغا بىر نەرسە ياساپ ئىبادەت قىلىپ يۈرگەن مۇشرىكتىن

ھەم بەتتەرراقتۇر . چۈنكى بۇ مۇشرىكتىن ئالەمنى كىم تەربىيە قىلىدۇ؟دەپ سورالسا **الله** دەپ جاۋاب بېرىدۇ .

كائىنات ۋە يەرنى كىم ياراتقان؟ دېسە **الله** دەيدۇ.

كائىنات ۋە يەرنى كىم باشقۇرىدۇ؟دېسە **الله** دەيدۇ.

ئۇ خىل كىشىلەر مانا شۇ جاھىل مۇشرىكتىن ھەم بەتتەرراقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇنۋانى كاتتا ئىلمى ئۇنۋان بولسا پەرق شۇكى،ئۇ ئەقىللىق كافىر دەپ ئېيتىلىدۇ. پەرقى شۇ . پۈتۈن ئەقلىنى جاھالەتكە سەرپ قىلغان.چۈنكى،ئۇ مۇشرىكلەردىن:

« وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَهُمْ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ »

يەنى،«ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم ‹ا**الله** › دەيدۇ،»

(سۈرە زۇخرۇف87 ـ ئايەت)

ئۇلار سېغىنغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرى بىلەن **الله** نىڭ

ئوتتۇرىسىدا ۋاستە دەپ بىلىشەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشرىك بولغان . ئۇلار بەلكى بۇ شەيتاندىن

ھەم بەتتەرراقتۇر .چۈنكى شەيتان ئۆزىنى الله ياراتقانلىقىنى

ئېتىراپ قىلغان

« أَنَاْ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِي مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُ مِن طِينٍ »

يەنى،« ئىبلىس: ‹مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى

لايدىن ياراتتىڭ› دېدى [12].»(سۈرە ئەئراف)

يەنى شەيتان يارىتىلغانلىقىنى تەن ئالدى.

بۇ بىرىنچى قىسىم ئەلھەمدۇلىللاھى راببىل ئالەمىين ئىمانىنى

دەۋا قىلىپ يۈرگەن كىشىلەردە كەم تېپىلىدۇ.

يەنى بۇ بىزنىڭ خەلقىمىزدە بەكمۇ كەم تېپىلىدۇ. لېكىن

ئىككىنچى قىسىم يىگانە مەئبۇدنى ئىنكار قىلىش ياكى يىگانە

مەئبۇدقا ئىبادەت قىلىپ باشقا نەرسىنى شېرىك قىلىش،مانا بۇ

ئىسلام مىللىتى دەپ ئاتالغان خەلقلەر مۇپتىلا بولغان نەرسىدۇر.

بۇ يەردە باشقا نەرسىنى شېرىك قىلغان كىشىلەر تۈرلىكدۇر.

بەزىلەر كۈنگە ئىبادەت قىلىدۇ. بەزىلەر ئايغا ئىبادەت قىلىدۇ.

بەزىلەر يۇلتۇزغا، دەرەخكە، جىنگە، گوياكى باشقا ھېلى

ئېيتىپ ئۆتكەن مەخلۇقاتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ.

ئۇلار پايدا ھەم زىيان يەتكۈزمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت

قىلىشىدۇ.

بۇ ئىبادەتلەر ئەۋۋەلدە قۇرئانى كەرىمدە مانا **الله** سۇبھانەھۇ

ۋەتەئەلا:

«كۈنگە سەجدە قىلماڭلار، ئايغا سەجدە قىلماڭلار، دەرەخكە

سەجدە قىلماڭلار، يۇلتۇزلارغا سەجدە قىلماڭلار، تاغلارغا

سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارغا سېغىنماڭلار ،بەلكى بۇلارنى ياراتقان

يەككە **الله** قا سەجدە قىلىپ ئىبادەت قىلىڭلار»دېدى.

مانا بۇ نەرسىدە ھەتتا ئەۋۋەلقى ۋاقىتتىكى مۇشرىكلەر ھەم

هازىردىكى مۇشرىكلەر بېشىغا ئېغىر مۇسىبەتلەر يەتكەن ۋاقتتا يەككە الله قا ئىبادەت قىلىشىدۇ.

باشلىرىگە بىر مۇسىبەت چۈشۈپ قالسا، بىر ماشىنىدا ياكى بىر كاتتا كېمىلەردە كېتىۋاتقان ۋاقتتا بىر ھالاكەتنىڭ دەھشىتى كەلسە،يەككە الله قا سېغىنىشىدۇ ھەم پەقەت ئۆزىگىدىن باشقا پاناگاھىم يوق دەيدۇ، ئۇ مۇسىبەتتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن باشقا نەرسىلەرگە سېغىنىپ كېتىۋېرىدۇ، بۇ ھەقتە اللا تائالا قۇرئاندا:

« فَإِذَا رَكِبُوا فِي الْفُلْكِ دَعَوُا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ فَلَمَّا نَجَّاهُمْ إِلَى الْبَرِّ إِذَا هُمْ يُشْرِكُونَ»

يەنى،«ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، الله قا كامالى ئىخلاس بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ، الله ئۇلارنى ئامان ـ ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا (بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغان الله نى ئۇنتۇپ)، ناگاھان (الله قا) شېرىك كەلتۈرىدۇ [65].»(سۈرە ئەنكەبۇت)دەيدۇ.

كېمىدە كېتىپ بارسا كېمىنى دەھشەت باسقاندا، كاتتا بىر سۇدا پىستە پۇرچاقتەك تۇرغان ئىنساننىڭ ئىسگە بىرەر بىر نەرسە كەلمەيدۇ. ھاياتىدىكى سىغىنىپ يۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىدۇ.

نىجات تاپقاندا بولسا،قۇرۇقلۇقتىكى مۇشرىكلىكنى داۋام ئېتىشىدۇ.

شۇڭا، ئەگەر ئۇلار قىينچىلىق يوق ۋاقتىدا ھەم يىگانە الله نى سىغىنىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشمىسە، قىينچىلىق ۋاقتىدىكى يىگانە الله قا سىغىنىشلىك بىلەن ئىنسانلار كامىل مۇئمىن بۇلالمايدۇ.

بەزىبىر كىشلەرگە شىرىك بايان قىلىنسا،بىز بۇنى الله دەپ سىغىنمايمىز، ياراتقۇچى دەپ سىغىنمايمىز، ئۆزىمىز بىلەن الله نىڭ ئوتتۇرسىنى يېقىن قىلىدۇ دەپ سىغىنىشىمىز دېيىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارغا: ‹مۇشرىكسىلەر › دەپ جاۋاب قىلىمىز.الله قۇرئاندا:

« وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى إِنَّ اللَّهَ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ فِي مَا هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ كَاذِبٌ كَفَّارٌ»

يەنى،« **الله** نى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى **الله** قا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ). **الله** ھەقىقەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، **الله** ھەقىقەتەن يالغانچىنى، (**الله** نىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ [3].»(سۈرە زۇمەر)دەيدۇ.

دېمەك ئۆزى بىلەن **الله** نىڭ ئوتتۇرسىنى يېقىن قىلىدۇ دەپ ئىبادەت قىلىشنىڭ ئۆزى مۇشرىك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا شۇ كىشىلەر بىلەن 23يىل كېلىشمىدىلەر،ئەساھبىلەر ھەم ھاياتىدا مۇتلەق كېلىشمىدىلەر،بۇرادەرلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشمىگەن ئاشۇ كىشىلەر **الله** نى

ئىنكار قىلمايتتى،ئۇلار الله نى بار ياراتقۇچى دەپ ئېتىراپ قىلىشاتتى، الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا كائىنات ۋە يەرنى باشقۇرىدۇ دەپ بىلىشەتتى،الله رىزىق بېرىدۇ دېيىشەتتى.

هازىرقى ۋاقىتتىكى ئادەملەر ھەتتا رىزىقنى الله قا نىسبەتلەشمەي قويىدى . ئۇ مۇشرىكلەر الله رىزىق بېرىدۇ، الله ئۆلتۈرىدۇ، الله تىرىلدۈرىدۇ دېيىشەتتى.

لېكىن ئۆزلىرى بىلەن الله نىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشرىك بولدى ۋە شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن جىھاد قىلدى،شۇنىڭدا ئۆلگەن كىشىلەر شېھىت بولدى،ئۆلتۈرگەن كىشىلەر ئاسىي بولۇشتى .

الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى 23يىل كېلىشمىگەن نەرسىلەر شۇ شېرىك بولدى . ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ھەم پۈتۈن قەۋمنى يىگانە مەئبۇدقا سېغىنىشقا دەۋەت قىلدى.

بىز مانا شۇنى ياخشى ئاڭلىماقلىقىمىز كېرەك .الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلاغا دۇئا قىلىش ئىبادەت،شۇ دۇئانى باشقىغا قىلىش ئىبادەتنى باشقىگە قىلىشتۇر .

«دۇئا ئىبادەتنىڭ جۇملىسىدىندۇر»(ئىمام تىرمىزى رىۋايەتلىرىدە ھەدىس شەرىفتە)ھۆكۈم ئىبادەتتۇر،الله قۇرئاندا:

« إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ»

يەنى،« ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى(بۇنى) بىلمەيدۇ [40].»(سۈرە يۈسۈف)دەيدۇ،

دېمەك ھۆكۈم الله نىڭ ھۆكمىدۇر . باشقا ئادەملەرنىڭ ھۆكمىنى تەن ئېلىش، ئىتراپ قىلىش بۇ شېرىكتۇر .

ئەگەر الله نىڭ ھۆكمىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ، ئىنكار قىلغان ھالەتتە ھۆكۈم قىلسا دىندىن چىقىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن بىر رىۋايەت باركى:«الله سۇبهانەھۇ ۋەتەئەلا چۈشۈرگەن ھۆكۈمنى ئىنكار قىلسا كافىر بولىدۇ،ئىقرار بولۇپ تۇرۇپ،باشقا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلسا، زالىم فاسىق بۇلىدۇ» .

« الله سۇبهانەھۇ ۋەتەئەلا چۈشۈرگەن ھۆكۈمنى ئىنكار قىلسا كافىر بولىدۇ»دېگەننى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ تەفسىرى بىلەن تەئۋىل قىلىشىدۇ.

يەنى كىمكى ئۆزى ئىقرار بولۇپ،ئۆزى قىلالماستىن الله نىڭ ھۆكمىنى مەن قىلالمىدىم ئىقرار مەن دېگەن ۋاقىتتا زالىم ۋە فاسىق بولىدۇ.

ئەگەر ئىنكار قىلسا،ئەمدى قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرى بۇ دەۋىرگە ماس كەلمەي قالدى (نەئۇزۇبىللاھ)،باشقا ھۆكۈملەر كېرەك دېسە،بۇنىڭ كافىر بولىشىدا شەك-شۈبهە يوق. بۇنى ياخشى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

ئىماننى يوقىتىشقا يەنى، سۇندۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان

نەرسىلەرنىڭ بىرى،الله نىڭ ھۆكمىگە رازى بولماسلىق ياكى الله نىڭ ھۆكمى بولغان ۋاقىتتا قەلبى ۋە يۈرەكىنىڭ سىقىلىشىدۇر.الله قۇرئاندا:

« فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا»

يەنى،« (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ [65].»(سۈرە نىسا)دەيدۇ.

الله ھەم سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ ھۆكمىنى ياقتۇرماسلىقى بۇ ھەم ئىمانغا زىت بولۇپ، ئىماننى سۇندۇرىدۇ، ئىماندىن

چىقىرىدۇ.

تاھارەتنى سۇندۇردىغان نەرسىلەر تاھارەتنى سۇندۇرۇپ يېڭى تاھارەت ئېلىش كېرەك بولغىنىغا ئوخشىغاندەك، ئىماننى سۇندۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى الله نىڭ ھۆكمىنى يامان كۆرۈشتۇر. الله قۇرئاندا:

« وَالَّذِينَ كَفَرُوا فَتَعْسًا لَّهُمْ وَأَضَلَّ أَعْمَالَهُمْ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَرِهُوا مَا أَنزَلَ اللَّهُ فَأَحْبَطَ أَعْمَالَهُمْ»

يەنى،« كاپىرلارنى الله ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ياخشى ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ [8]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار الله نازىل قىلغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) يامان كۆرۈش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى [9].»(سۈرە مۇھەممەد)دەيدۇ.

الله نىڭ ھۆكمىنى يامان كۆرۈش بىلەن الله تەئەلا ئۇنىڭ ئەملىنى بىكار قىلىدۇ. كافىرلار الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا

ئۇلارغا

« فَتَعْسًا لَّهُمْ»

يوقالسۇن ئۇزاق بولسۇن دەپ ئۇلارغا ھالەكەتنى دۇئا قىلدى .

« وَأَضَلَّ أَعْمَالَهُمْ »

الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى غايىب قىلىدۇ، يوقىتىپ تاشلايدۇ.

الله چۈشۈرگەن ھۆكۈمنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، الله تەئەلا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلغان.

الله نىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش،بۇ ئىمانغا زىت بولغان ئۈچىنچى نەرسىدۇر .

مۇئمىن كىشى الله نىڭ ئىسىملىرىنى ۋە كىتابى سۈننەتتە يەنى سەھىيھ ھەدىسلەردە سابىت بولغان سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلسا

بۇ ئادەم ئىماندىن چىقىدۇ.

مانا بۇ نەرسىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك . الله ئۆزىنىڭ كالامىدە ئۆزىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى زىكىر قىلدى. بۇلارنى بىز ھېچقانداق تەئۋىل قىلماستىن قوبۇل قىلىمىز،

الله ھەربىر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ كالامىدە ياد قىلدى.الله ھەر بىر نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ دەپ ئىمان كەلتۈرۈش، مەخپى نەرسىلەرنى بىلمەيدۇ دېيىشلىك (نەئۇزۇبىللاھ) ئىمانغا زىتتۇر، ئىماندىن چىقىدۇ.

بىزدە الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانى كۆپراق تەئۋىل بىلەن چۈشىنىپ يۈرگەن تائىفىلەر كۆپ ،بىز مۇشۇ تەئۋىللەرنى يوقىتىشىمىز كېرەك.

الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ قادىر ئىكەنلىكى، تىرىك ئىكەنلىكى، ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى ئىكەنلىكى، مۇتەكەللىم سۆزلىگۈچى كەلام سۈپىتى ۋە ھەمدۇل ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئەرشىدە يەنى ئالىي ئىكەنلىكى مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرىمىز ۋە الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا نىڭ دۇنيا

ئاسمىنىگە كېچىنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدە چۈشىشى ھەققىدە ئىمان كەلتۈرىمىز، چۈنكى بۇ ھەدىيسلەردە سابىتتۇر. الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلاگە

« يَدُ اللَّهِ فَوْقَ أَيْدِيهِمْ »

يەنى، «الله نىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىدۇر»(سۈرە فەتھىنىڭ10 ـ ئايىتى)

دەپ قول ئىسپات قىلىنغانلىقى،

« يَوْمَ يُكْشَفُ عَن سَاقٍ وَيُدْعَوْنَ إِلَى السُّجُودِ »

يەنى، « ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئىش قىيىنلىشىدۇ. ئۇلار (ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن) سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، »(سۈرە قەلەم42 ـ ئايەت)

دەپ «سَاقٍ»كەلىمىسى،بىزنىڭ تىلىمىزدا بالدۇر دەپ ئېيتىمىز ۋە ھەمدە باشقا سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسپات قىلىمىز،لېكىن ئۇ ئاڭلاش ،كۆرۈش ئەزاسى بىز بىلگەن ئەزا دەپ بىلمەيمىز ،ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەيمىز بۇ كەيپىيات بىزگە قاراڭغۇ دەپ ئىتقاد قىلىمىز،لېكىن سام ئاڭلىغۇچى سۈپىتىنى ئىنكار قىلىمىز،ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىگە لايىق سۈپەت بىلەن ئاڭلايدۇ،ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىغا لايىق سۈپەت بىلەن سۆزلەيدۇ،ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىغا لايىق سۈپەت بىلەن كۆرىدۇ،لېكىن بىز بۇلارنى تەئۋىل قىلمايمىز .

«الله دىن باشقا تەئۋىلىنى بىلىدىغان يوق» دەپ بىلىمىز.

مانا بۇ نەرسىلەردە الله نىڭ كالامىدە ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىيھ ھەدىسلەرىدە سابىت سۈپەتلەر، ئىسىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسپات قىلىمىز، بىرەرسىنىمۇ ئىنكار قىلمايمىز.

بۇلارنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش ، بۇ ئىمانغا زىتتۇر

قېرىنداشلار. مانا بۇ نەرسىلەرنى بىز مۇكەممەل بىلمەكلىكىمىز لازىم. لېكىن بىز بۇلارنىڭ كەيپىياتىنى بىلمەيمىز، الله تەئەلا ھەربىر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى، قانداق كەيپىياتتا بىلىدۇ، بۇنى بىز بىلمەيمىز .

تەۋىيل(مۇلاھىزە قىلىپ ئويلانمايمىز) قىلمايمىز. الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا بەزى خۇسۇسىي سۈپەتلەرگە خاس بولدى،بۇنىڭغا ھېچبىر مەخلۇقاتنى شېرىك قىلمىدى.

غەيب مەسىلىسىدە الله قۇرئاندا:

« وَعِندَهُ مَفَاتِحُ الْغَيْبِ لاَ يَعْلَمُهَا إِلاَّ هُوَ»

يەنى،« غەيبنىڭ خەزىنىلىرى الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا الله بىلىدۇ،»(سۈرە ئەنئام59 ـ ئايەت)دەيدۇ.

غەيبنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، خۇسۇسەن بەش غەيبنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەزى غەيبلەرنى ئۆزىنىڭ رەسۇلىگە

بىلدۈرىدۇ،رەسۇل الله تەرىپىدىن كىتاب نازىل قىلىنغان پەيغەمبەردۇر .

نەبي بىلەن رەسۇل نىڭ پەرقىدە مانا نەبي الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا تەرىپىدىن كىتاب چۈشمىگەن،رەسۇل الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا تەرىپىدىن كىتاب ،سۇھۇف چۈشكەن پەيغەمبەردۇر.

پەقەت رەسۇلغىنا الله ئۆزى بىلدۈرگەن بەزى غەيبنى بىلىدۇ دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا ھۆججەت الله نىڭ قۇرئاندىكى:

« عَالِمُ الْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَى غَيْبِهِ أَحَدًا ، إِلَّا مَنِ ارْتَضَى مِن رَّسُولٍ فَإِنَّهُ يَسْلُكُ مِن بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ رَصَدًا»

يەنى،« الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ [26]. پەقەت الله ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ

[27].»(سۈرە جىن) ئايىتىدۇر.

ئېتقادىمىز شۇ غەيبنى ھېچكىم بىلمەيدۇ،بىلسە الله بىلدۈرگەن رەسۇلغىنە مەلۇم غەيبنى بىلىدۇ.ئەمما بەش غەيبنى: قىيامەت كۈنىنىڭ قاچان بولىشى، يامغۇرنىڭ يېغىش ۋاقتى، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالا قانداق، ئەتە نېمە ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئىنساننىڭ قەيەردە ئۆلىشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.پەيغەمبەر ھەم بىلمەيدۇ،بۇ الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ ئۆزىگىغىنا خاس بولغان ئىلىمدۇر .

مانا بۇ بەش غەيبنىڭ ھەممىسىنى الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ ئۆزىگىغىنە خاس دەپ بىلىمىز ۋە بۇنىڭغا ھېچكىم شېرىك ئەمەس دەيمىز .

باشقا بەزى غەيبلەرنى ئۆزىنىڭ رەسۇلىگىغىنا كۆرسىتىدۇ،رەسۇلىدىن باشقا ھېچكىمگە غەيبنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ نەستۇر قېرىنداشلار.

ئەگەر بىرەر كىشى بىرەر بىر ئەۋلىيا غەيبنى بىلىدۇ دېسە،شۇ ۋاقىتتا دىندىن چىقىدۇ قېرىنداشلار،مانا بۇ نەرسىنى بىز

مۇكەممەل بىلىشىمىز كېرەكتۇر .

بۇ الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدۇر .الله رەسۇلىگە بەزىبىر غەيبنى بىلدۈرىدۇ. بىلدۈرگەن سائەتتە شۇنى بىلىشى بىلەن باشقا غەيبنى بىلىدۇ دەپ ئېتقاد قىلىش خاتادۇر .

مەن شۇيەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ۋەقەسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىمەن.

ئەسھابى كىرەملەر ئوتتۇرىسىدا بولغان بۇ ۋەقە بىر ئېغىر بولغان ۋەقە ئىدى .كىشىلەر بىزنىڭ ئەجدادىمىز بۇنداق بولغان ئىكەن، ھەتتا ئەجدادلىرىنىڭ تىرىكلەرنى بىلىشتىن تاشقىرى، قەبرىلەردە ھەم ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

بۇلار ھەم ھەممىسى شېرىكتۇر قېرىنداشلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله بەزى غەيبلەرنى بىلدۈردى. بىلدۈرمىگەن سائەتتە ئۇ ئىنسان بولۇپ ياشىدىلەر . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئايالى ئائىشە سىددىق

ئانىمىزگە بۆھتان بولدى،سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل دېگەن ساھابىگە نىسبەتلەپ بوھتان بولدى قىرىنداشلار .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ئامانەتلىك بولغانلىقلىرى ئۈچۈن بىرەر بىر چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ يەتكۈزۈپ كېلىدۇ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى لەشكەرنىڭ ئارقىسىدا ماڭغۇزاتتى.

ئائىشە سىددىق ئانىمىز ئۇزاق جايغا تاھارەتكە بارغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزلەرنىڭ تاقىنچاقلىرىنى، مەرمەرلىرنى يوقىتىپ قويىدى ۋە شۇنى ئىستەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالدى. ئۇ كىشى سىلىنغان ھەۋدەج ھىجاب بىلەن ئورالغان ئىدى. كۆتۈرۈپ ئاپارغان كىشلەر ھەۋدەجنىڭ ئىچىدە ئائىشە سىددىق ئانىمىز بار دەپ ئويلاپ ، ھەۋدەجنى كۆتۈرۈپ تۆگىنىڭ ئۈستىگە سېلىپ قويىدى، رىۋايەت قىلىنىدۇكى،ئۇ ۋاقىتتىكى ئاياللار ئۇنداق بەدەنلىرى ناھايىتى يوغان ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىي خانىدانلىرىدا ئوت

يېقىلمىغان (تاماق ئىتىلمىگەن) ھالەتتە ياشايتتى،يا ئائىشە سىددىقى نېمە يەيسلەر؟ دېگەندە ئەسۋادەن خورما بىلەن سۇ دېگەن ئىكەن .

ئائىشە سىددىق ئانىمىز ھەۋدەجگە كەلسە ھېچكىم يوق،شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يوقلىقىمنى بىلسە ئادەم ئەۋەتىدۇ دەپ ئورنىدىن قىمىرلىماستىن تۇردى. سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل كېلىپ بىر ئايال كىشىنىڭ قارىسىنى كۆردى،شۇئان تۆگىنى چۆكتۈردى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن، تۆگىگە بۇ ئايالنى مىندۈرۈپ يېتىلەپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېچ ئەيىب،چاتاق تېپىشالماستىن تۇرغان مۇنافىقلەر مانا ئەمدى ئائىشە سىددىق ئانىمىز ھەققىدە بوھتان قىلىشتى.

شۇ بوھتانگە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ سەييىدى بۇ كىشى ھەيران بولۇپ قالدى.

ھەيران بولۇپ قالغىنىدىن بىر ئاي ئائىشە ئانىمىزغا گەپ قىلمىدى. ئائىشە ئانىمىز بۇ بۆھتاننى ئاڭلاپ كېسەل بولۇپ

قالدى.

كېچە ـ كۈندۈز يىغلىدى. رەسۇللاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتمىدى، ھەممە ساھابىلەرگە مەسلەھەت سالدى. بۇ كىشى ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇ كىشى بۇنى تەستىقلىغىنى يوق ياكى يالغان دېگىنى يوق،ھەيران بولۇپ قالدى.

ئائىشە سىددىق ئانىمىز ئاغرىپ قالغانلىقى سەۋەپلىك بۇ بۆھتاننى كېيىنراق ئاڭلىغان ئىدى، ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقىدەك مەرھەمەت كۆرمىگەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ـ كېلىشكە رۇخسەت سورىدى،رۇخسەت بىلەن باردى.

ئۇممۇ مىستەھ دېگەن ئايال ئائىشە سىددىق ئانىمىزگە بوھتاندىن شۇ چاغدا خەۋەر بەردىكى، ئائىشە سىددىق ئانىمىز بۇنىڭدىن ھەيران بولىدى ـ دە، شۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتكۈل بەدىنى تىترەپ كېچە ـ كۈندۈز يىغلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىز بىلەن ئاجراشماقچى بولدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا بەزىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىشقا

باشلىدى ،ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپقا مەسلىھەت قىلدى .

«ئائىشىدىن باشقا ئاياللار كۆپ يا رەسۇلۇللاھ »دېدى.لېكىن ئەڭ ئامانەتلىك يەنى ئىشەنچىلىك كىشلەرگە مەسلىھەت سالدى .يا رەسۇلۇللاھ بۇ پاك ئەھلىڭىز ، بۇ خانىداندا تەربىيە تاپقان ئەھلىڭىز دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تەرىپىدىن ۋەھيىنى كۈتتى.

شۇندا ئائىشە سىددىق ئانىمىز يېنىغا كىردى.ئېيتتى: ـئى ئائىشە،ئەگەر بىر گۇناھ ئىش سەندىن سەندىن سادىر بولغان بولسا الله قا تەۋبە قىلغىن الله تەۋبەڭنى قوبۇل قىلىدۇ،ئەگەر بۇنداق گۇناھ ئىش قىلمىغان بولساڭ ، الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ئەلۋەتتە سىنى ئاقلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى پاك بىر ئىنسان ئاڭلاشقا بەرداشلىق بىرىدىغان سۆز ئەمەس ئىدى .

يەنى بىر ئادەم پاك بولسا شۇ بىر گۇناھنى سەن قىلدىڭ دېگەن گەپنى ئاڭلاشقا ئادەم تاقەت قىلالماستى.شۇندا ئائىشە سىددىق ئانىمىز ئېيتتىكى: ـمەن ئەگەر گۇناھ ئىش قىلدىم دېسەم

تەستىقلايدىغان ، گۇناھ ئىشنى قىلمىدىم دېسەم تەستىقلىمايدىغان ھالەتتە بولۇپ قېلىپسىلەر،مېنىڭ ئىشىم ئەمدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: ياخشى سەبىرنى ئېلىش، مەن ھېچكىمگە بۇ ھەقتە ئېيتمايمەن دەپ ئورنىدىن باشقا ياققا قاراپ يىغلىغان ھالەتتە يېتىۋالدى.

شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامگە سۈرە نۇرنىڭ:

« شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [11].»دىگەن ئايىتى نازىل بولدى.

الله ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا بۇ بوھتاننى سىلەرگە زىيان ئەمەس،مەنپەئەت بولىدۇكى،ئىنسانلار شۇنداق پاك ئىنسانلارغا بوھتان بولىشى مۇمكىنلىكىنى، قىيامەتكىچە بولغان بەشەرىييەت ئىنسانلار جامائەسى بىلىۋالسۇن.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پاكىزە بولغان ئائىشە سىددىق ئانىمىزدەك ئاياللىرىغا ھەم بوھتان بولىشى مۇمكىنلىكىنى، ئەنە شۇنداق پاك ئىنسانلارغا ھەم بوھتان بۇلىدىغانلىقىنى ئىنسانىيەت ئاڭلىۋالسۇن، دىدىلەر بۇنى تەستىقلاشتىن ئېھتىيات بولىشقا بىر كاتتا مەنپەئەت ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامگە ئايەت نازىل بولسا يۈزلىرى ئايدىن ھەم چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى،يۈزلىرى ھەم چىرايلىق بولۇپ كۈلۈپ قىلغان بىرىنچى سۆزلىرى شۇ بولدى:

ـئى ئائىشە،تۇغۇلغىنىڭىزدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى كۈن بىلەن خۇرسەن بولۇڭ، الله تەرىپىدىن پاكلىكىڭىزنى ھىمايە قىلىدىغان ئايەت نازىل بولدى.

شۇندا ئانىلىرى ئېيتتى:ـ تۇر قىزىم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامگە

تەشەككۇر ئېيتقىن دېدى

.

ئائىشە سىددىق ئانىمىز :ـ ياق،الله تىن باشقىغا تەشەككۇر بىلدۈرمەيمەن، مېنى الله پاكلىدى دېدى.

سىزلەرگە بۇنى ئېيتىپ بېرىشىمدە،بەزى ۋاقىتتا ئۇ كىشىگە الله غەيىبنى بىلدۈرگەن ئىدى.

شۇ سائەتتە رەسۇلگە غەيىبنى بىلدۈردۇ. باشقا خۇسۇسىي سائەتتە غەيىبنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەنە بىلدۈرمىسە ئىنسان شۇنداق كاتتا كىشى ئۆزىنىڭ پاكىزە ئائىلىسى ھەققىدە ھەيران بولۇپ قېلىۋەرگەن .

ھەممە ئادەمنىڭ ئەجدادى ھەممە نەرسىنى بىلىدىغان قىلىپ رىۋايەت قىلىشىدۇ بۇ نەرسىدىن قورقماقلىقىمىز كېرەك قېرىنداشلار.

غەيىبنى بىلىدۇ دېگەن نەرسىدىن كاتتا شېرىك يوق قېرىنداشلار. غەيىبنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، رەسۇل بىلىدۇ

دىگەندىمۇ مەخسۇس سائەتتە الله بىلدۈرگەن غەيبنىلا بىلدۇ.

الله بىلدۈرمىسە ئاددى ئىنسان بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ قېرىنداشلار، بىزگە مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ هاياتلىرىدا ئۆتكەن بۇ مىسال كۇپايە قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا الله بىلدۈرمىگىچە ئۆزىنىڭ قوينىلىرىدا بولغان ئەڭ سۆيۈملۈك ئايالى ھەققىدىكى بوھتاننىڭ ھەقىيقىتىنى بىلەلمەي قالدى، الله بىلدۈرگەن سائەتتە ئاندىن بىلدى.

غەيب توغرىسىدا كىمدىن سورىسىڭىز ھەممىنىڭ ئەجدادى سىناپ كۆرۈلگەندە بىر مۇشۈكنى سويۇپ پىشۇرۇپ قېنى نېمە قىلاركىن دەپ ئاشنىڭ ئۈستىگە سېلىپ كەلگەن بولسا،تۇر جانىۋار دېسە تۇرۇپ كەتكەن ئىكەن .

بۇ ئەپسانە سىزنىڭ ئەجدادىڭىزدىن ھەم چىقىدۇ . مېنىڭ ئەجدادىمدىن ھەم چىقىدۇ. ھەممە ئادەم شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ. شۇنچىلىك قۇۋۋەتى بولسا مۇشۇكنى تىرىلدۈرۈپ نېمە قىلىدۇ؟

ئادەملەرنىڭ ھىدايىتىگە سەۋەب بولمايدىمۇ؟ ئادەملەرگە

شېرىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەت بولسا بىلدۇرمەيدىمۇ؟

مانا بۇ نەرسە بىلىپ قويۇڭلار، بىز شېرىك بىلەن ھېچقاچان مۇرەسسە قىلماسلىقىمىز كېرەك . غەيبنى بىلدۇ دېگەن نەرسنى بىز ھەرقانداق ھالەتتە ئىنكار قىلىشىمىز كېرەك.

دېمەك بىزنىڭ ئېتقادىمىز غەيبنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . رەسۇل يەنى كىتاب ،سۇھۇف نازىل بولغان پەيغەمبەر الله بىلدۇرگەن غەيبنىلا بىلىدۇ، بىلدۇرمىسە ئاددى ئىنسان بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

غەيبكە نىسبەتەن، ئەۋلىيالار مۇتلەق غەيبنى بىلمەيدۇ. ئۇلاردىن كارامەتلەر خۇسۇسىي سائەتتە سادىر بولىدۇ . ئۇ غەيبنى بىلەلمەس قېرىنداشلار. بىز پەيغەمبەرلەر موجىزىسىنى ئىسپات قىلىمىز. بىزنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ ئېتقادى،نىجات تاپقۇچى جامائەنىڭ ئېتقادى. ئەۋلىيالار تەرەپىدىن سادىر بولغان كارامەتلەرنى ئىسپات قىلىمىز. لېكىن ئۇلار غەيبنى بىلىشمەيدۇ دەپ ئېتقاد قىلىمىز. چۈنكى ئەۋلىيالارغا ۋەھيي نازىل بولمايدۇ. غەيب پەقەت ۋەھى

ئارقىلىقلا بىلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە نەبىي غەيبنى بىلىدۇ،دېمىدى.

نەبىيگە كىتاپ سۇھۇفلەر نازىل بولمايدۇ قېرىنداشلار ،شۇنىڭ

ئۈچۈن ئىستىسنادە:

« عَالِمُ الْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَى غَيْبِهِ أَحَدًا ، إِلَّا مَنِ ارْتَضَى مِن رَّسُولٍ »

يەنى،« الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ [26]. پەقەت الله ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)،»(سۈرە جىن) دەپ كېلەچەكتە نەبىيلەر ياكى باشقا ئەۋلىيالار غەيبنى بىلىدۇ دەپ قالمىسۇن دەپ ئىنسانلارنى مىرراسۇلىن دەپ تەكىت قىلغان.

كىمكى غەيبنى بىلىشلىكنى دەۋا قىلسا، بىلگەن، بىلدىم دېسە شۇنى تەستىق قىلسا ،ئىمانىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«كىم كاھىن(كاھىن دەپ ئەرەب

ئىستىلاھىدە غەيبنى بىلىشنى دەۋا قىلغان ئادەمنى ئېيتىمىز)

نىڭ ئالدىغا كەلسە ،ئەرراف دەپ ئېيتىقان سۆزىنى تەستىقلىسا

، الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن

نەرسىگە كافىر بولىدۇ»دىگەن .

مانا بۇ پالچىلەر، دەججاللار بۇلارنىڭ ھەممىسىدە سادىر

بولۇۋاتقان نەرسە ، ھەممىسى شەيتان ۋەسۋەسلىرىدۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلاشنى شىرىك دەپ بىلىمىز،ئەگەر

بۇلار غەيبنى بىلسە يەر ئاستىدىكى كانلارنى چىقىرىپ

بىرىشسۇن، يەھۇد ـ ناسارالارنىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇيۇشتۇرغان

تەدبىرلىرىنى ئېيتىپ بەرسۇن.

ئىماننى سۇندۇرغۇچى نەرسىلەردىن تۆتىنچىسى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى ئىنكار قىلىشتۇر . پەيغەمبىرىمىز

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالەتلىرىنى ئىسپاتلاش ئىمان

ئاساسلىرىدىندۇر .

كىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ

سادىقلىقىغا شۈبهه قىلسا،ئۇ كىشىنىڭ ئامانەتدارلىقى، پاكلىقىنى ئىنكار قىلسا ، ياكى پەيغەمبەرنى سۆكسە، مەسخىرە قىلسا ، ياكى شۇنى يەڭگىل سانىسا ، سەھىيه ھەدىسلىرىنى ئىنكار قىلسا، مانا دەججالنىڭ كۆرىنىشى، چىقىشى ھەققىدە بەزىبىر خەۋەرلەرنى بەرگەنلەر، يەنى قۇرئان كەرىمدە، ھەدىسلەردە سابىت بولغان نەرسىلەرنىڭ خەۋەرىنى بەرگەنلەر،مانا مۇشۇلارنى ئىنكار قىلسا، مەسخىرە قىلسا بۇنداق ئادەمدە ئىمان يوقىلىدۇ.

ھەتتا بەزى ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سابىت بولغان سەھىيه ھەدىسنى مەسخىرە قىلىپ قويسا ئىماندىن چىقىدۇ دېگەن ئىكەن.

مىسال قىلىپ ئېيتىمىز: كۆپراق ھازىرقى ۋاقىتتا ماددىۋى پەلسەپەدە ئۆسكەن، ئەقىللىرىگە سىڭىپ ياشىغان كىشىلەر، ئۆزلىرىنى مۇستەھەب قىلماستىن تۇرۇپ پاكىزە سانىغان ئادەملەر كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق ئادەملەرگە زىباب ھەدىسنى ئېيتىپ كەلتۈرۈلسە،زىباب ھەدىسى سەھىيه

ھەدىسلەردىن، يەنى پاشا چىۋىن بىرەر تاماققا بىر قاناتى بىلەن چۈشسە ئىككىنچى قانىتىنى ھەم چۈشۈرۈپ پاتۇرۇپ چۆكۈرۈپ تاشلاڭلار، ئۇ كېسەللىك قانىتى بىلەن چۈشىدۇ، دەۋا قانىتى بىلەن چۈشمەيدۇ دېدى.

بىر قانىتى كېسەللىك بولسا ئۇنىڭ ئىككىنچى قانىتى دەۋا ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىپ ھەدىيسدە كەلتۈرۈلدى، شۇ ھەدىيسنى ھازىرقى ۋاقىتتا ھەممە كېسەللىكنى پاشا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ دېگەن پەلسەپىدىكى كىشىلەر، ئۇنى بىر ئادەم تەبىئەتەن ئىچمەسلىكى باشقا گەپ، لېكىن بۇ ھەدىيسنى ئىنكارقىلىپ مەسخىرە قىلسا ئىماندىن چىقىدۇ قېرىنداشلار، مەن شۇنداق مىسالنى كەلتۈرمەكچىمەن، مىسۋاك ھەققىدىكى ھەدىيسلەر مۇتەۋاتىر بولغان ھەدىيس مىسۋاكنى كەلتۈرسە بىر مىسۋاكنى مەسخىرە قىلىشتىن ئېھتىيات بولىشىمىز كېرەك قېرىنداشلار .

مانا ھازىرقى پەن بۇنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ، پاشىنىڭ بىر قانىتى بىلەن چۈشكەن كېسەللىككە دۇنيادا ئىككىنچى قانىتىدىن

باشقا ھېچقانداق دەۋا يوق دېيىشىۋاتىدۇ. بىز بۇ نەرسىنى بۇ ئىلمى كەشىپ ئۈچۈن تەستىقلىمايمىز قېرىنداشلار ،بىز بۇ ئىلمى كەشىپ بولغاندىن كىيىن بۇ نەرسە توغرىكەن دېمەيمىز، بىز بۇنىڭ توغرىلىقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن ئىسپاتلايمىز،بىز ئەگەر ئىلىمگە مۇھتاج بولغىنىمىزدە ،ئەقىلگە مۇھتاج بولغىنىمىزدە ھىدايەت يوللىرىدا ئاددى نەرسىلەرنى بىلىشىمىز ئۈچۈن 1400يىللارغا مۇھتاج بولاردۇق،بىزنى **الله** تائەلا بۇنداق ئەقىلگە مۇھتاج قىلىپ قويمىدى، بۇنداق سائادەت يوللىرىنى تېپىشىمىزدا بىزنى ھەرخىل ئىلىملەرگە، بۇگۈن ئىسپاتلاپ ئەتىگە ئىنكار قىلىدىغان، ھەقىر، بىتەنىز ئىلىمگە مۇھتاج قىلىپ قويمىدى. بۇنداق ئىلىملەر كېچە ئىسپاتلىغان ئىلىملىرىنى كۈندۈز ئىنكار قىلىپ،بۈگۈن ئىنكار قىلغان نەرسىنى ئەتىگە ئىسپات قىلىپ تۇرىۋېرىدۇ. بۈگۈن ھەقىقەت دەپ تۇرغان نەرسىنى ئەتىگە باتىل دەپ تۇرىدۇ. بۈگۈن تۈزىدۇ ئەتىگە باتىل دەپ تۇرىدۇ . ئىلىم شۇنداق بىتەنىز نەرسە قېرىنداشلار، بۇنىڭغا ئىلىم ياكى

ئەقىل ئۇيالمايدۇ ، مەن ئەۋۋەل بۇنى ئىنكار قىلغان ئىدىم مەن نادانلىقمنى تەن ئالاي دېمەيدۇ، قېرىنداشلار مەن شۇ ئىشلاردە سىلەرنى نادانلىق يولىغا باشلىغان دەپ ئېيتمايدۇ. ئىلىم يەنى پۈتۈن ئىلىم يامان نەرسە ئەمەس، ئىلىم ياخشى نەرسە لېكىن ئىلىم بەشەرىييەت سائادەتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەرسە ئەمەس ، ئەقىل ئىنسانىيەتىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخىت - سائادەتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەرسە ئەمەس، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخىت - سائادىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەرسە يىگانە ۋەھيىدۇر. يىگانە ۋەھيي الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە نازىل بولغان ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئامانەت بىلەن يەتكۈزۈشكەنلەر.

مانا شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سابىت بولغان نەرسىنى ئىنكار قىلىش بۇ ئىماندىن چىقىرىدۇ . شۇ جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىيسىنى ئېيتىش كېرەك دەپ بىلىمەن:

«بىر كىشى ئۆرە تۇرۇپ ئىچسە قەي قىلىۋەتسۇن»دېگەن.

يەنى، سۇيۇقلۇقنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچسە قەي قۇسۇپ

ياندۇرۇۋەتسۇندىگەن. بۇنى هارام دېمىدى، قەي قىلىۋالسۇن چىقىرىۋەتسۇن دېدى.

بۇ سۆزنىڭ دەقىيقلىقىنى قاراڭ ،دەۋىرلەر نۇرغۇن زامانلار ئۆتىشى بىلەن پەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى،ئۆرە تۇرۇپ ئىچىشلىك نەتىجىسىدە كورشەك پەيدا بولارئىكەن،چۈنكى ئاشۇ كورشەك تىكە تۇرۇرغان ۋاقىتتا سۇيۇقلۇق بىلەن كىرىشى، كورىشەك ئىچىلىپ قېلىپ سۇيۇقلۇق شۇ تەرەپكە يۈرۈپ،كىيىن ئىشىك بۇ سېسىپ ئاغرىق پەيدا بولۇپ كېيىنچە شۇنى كېسىپ تاشلاشقا مۇهتاج بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش هارام دېمىدى،دېمەك هارام ئەمەس ئىكەن ،شۇنى قايتۇرۇپ چىقسۇنكى شۇ بىر زىيان كەلتۈرىدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ تىكە تۇرۇپ ئىچىش هارام دېيىشكە هەققى يوق ، هېچقانداق هارام ئەمەس،لېكىن تىكە تۇرۇپ ئىچىكەن نەرسىنى قەي قىلىۋالسۇن دېگەنلەر،شۇ نەرسە زىيان قىلىدۇ .

بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئىسلامدىكى نىئمەت شۇكى، بىزنى بۇنى 1300نەچچە يىلدا 20نەچچە ئەۋلات ئۆتۈپ كەتكەندىن ئاندىن بىلىشكە مۇھتاج قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاددى سۆز بىلەن كىم تىكە تۇرۇپ ئىچسە قەي قىلىۋالسۇن دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن سەھىيە ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىش، مەسخىرە قىلىش يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، ئىماندىن چىقىرىدۇ. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئامانەتدارلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ .

شۇ ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىم ئۆيىدە ئۆزىگە ئىت باقسا ئەملى بىكار بولىدۇ»دېدى .

يەنى بۇ تەھدىد قورقۇتتىلەر.بۇندىن تاشقىرى ئەمەلى ھەبەتە بولىدۇ .چۈنكى ئىت باققان ئادەملەرنىڭ كېسەللىكىرىنى ئىت باققان ئادەملەر ئۆزى ئېيتىپ بىرىۋاتىدۇ. ھاياتىدا ئىتنى بالىسىدىن ياخشى كۆرگەنلەر زىيانلىرىنى بايان قىلىۋاتىدۇ .ئىسلام بىزنى مانا بۇنداق ئىسپات قىلىدىغان

ئىلىملەرگە مۇھتاج قىلىپ قويمىدى . ئىلىم شۇنداق نەرسىكى، بۈگۈنكە ئىسپاتلاپ ئەتىگە بىتەبىز بولۇپ تۇرىدۇ.

سەن كېچە بۇنى ئىسپات قىلغان ئىدىڭ ئەمدى ئىنكار قىلىۋاتىسەن دېيىشكىز . ئىلىم دېگەن شۇنداق دەپ تۇرىدۇ .

ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە **الله** سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ مەرھەمتى شۇكى ئۆزگەرمەس مەنھاج يول ئەۋەتتى، بۇ ئىسلام يولى، بىز بۇنىڭدا ھېچ تەۋرەنمەيمىز بىزگە بۇرۇن ئۆتكەن ئەۋلاد بىلەن كېلەچەكتىكى ئەۋلادلار بىر خىل يولدا كېتىۋېرەدى.

**الله** سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا رەسۇلىنى ئەۋەتكەنلىكىگە شۇنداق بەك مىننەت قىلىدۇ .

شۇ ئورۇندا شۇنى مىسال قىلىشنى ئورۇنلۇق مۇۋاپىق دەپ بىلىمەن،پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئىلىمنى ئەگەر چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن دۇنيا خەرىتىسىگە ئوخشاتساق، دۇنيا خەرىتىسىگە ئۇدۇللىساق دۇنيادىكى ئەڭ چوڭقۇر ئوكيانۇس مانچە كېلومىتىر، ئەڭ بەلەن تاغ بولسا مانچە كېلومېتېردىن ئارتۇقراق دەپ يېزىپ قويغان، سەھرالارنىڭ مەيدانى شۇنچە

ئورمانلارنىڭ كۆلىمى شۇنچە ۋاھاكازە،بۇيەردە تۆمۈر كانى ،بۇ يەردە كۆمۈر كانى بۇ يەردە بۇ نەرسە، بۇ يەردە مىس كانى ھەممە نەرسىنى يېزىپ قويغان.

دۇنيا خەرىتىسى شۇنداق بىر يېزىپ قويغان دەپ دەرھال تەن ئېلىپ ئىچىگە چۈشۈش ئۈچۈن ئون كېلومىتېرغا تەييارلىق كۆرىسىز،ئۆزىڭىزنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن غەۋغاسلىق ئىلمىنى ئۆگىنىسىز ـ دە ، ئىچىدىكى مەرۋايىتلەرنى تىرىپ چىقىسىز.

مانا بۇ نەرسىگە بىزنى ئىسلام بۇيرۇدى، ئۇنىڭغا تەييار ئىلىم كەلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ مىسالى دۇنيا خەرىتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مانا بۇ ئوكياننىڭ چوڭقۇرلىقى ئون كېلومېتىر دېسە ياق مەن بۇ نەرسىنى ئىنكار قىلىمەن، سىلەردە بىر مېتىرلىق ئەسۋاب بولسا مەندە بەش مېتىرلىق ئەسۋاب بار.شۇنى ئۆلچەپ چۈشمىگىنىمچە بولمايدۇ دەپ شۇنىڭغا چۈشۈشلىككە ھەرىكەت قىلغان، چوڭقۇر يەنى بىر غەۋغاسلىق ئىلمىنى ئىختىرا قىلىپ چۈشۈپ ئۆلچەپ چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ، ئۆمۈر بويى شۇنداق مۇشەققەت بىلەن

ئۆلچەپ چىقسا شۇ خەرىتىگە يېزىپ قويۇلغان ئون كىلومېتىر چىققان، ئاخىرى مىلڭ ئەپسۇسلەر بولسۇنكى،پۈتۈن ئۆمرۈمنى شۇ خەرىتىگە يېزىلغان نەرسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىپتىمەن، ئەگەر شۇنىڭغا تەن ئالغىنىمدا قانچە مەرۋايىتلار ئىگىسى بولار ئىدىم ،مانا بۇ يەرنىڭ تىگىدە ئالتۇن كانى دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ،شۇ ئالتۇن كانى بارلىقىنى تەستىقلىگىنىمدە شۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈپ ،ئالتۇنلارنى ئېلىپ چىققان بولاردىم دەپ ئەپسۇسلانغان قاتتىق پۇشايمان قىلغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.

نەچچە مىڭ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن،مەس قىلغۇچى ئىچىملىكنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ تۇرغان ئادەم ،ئىسلام كىشىسىنىڭ كىچىككىنە بالىسى بىلەن باراۋەردۇر، بەلكى ئۇنىڭدىن قالاقراقتۇر، ئۆمۈر بويى سەرپ قىلىپ شۇ مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنىڭ زىيىنىنى بىلىپتۇ خالاس، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇنىڭ زىيىنىنى دىققەتسىزلىكتىن ئۇنى ئىچىپ تەكشۈرگەن،ھاياتى بويىچە ئىچىپ تەكشۈرگەن ئەنە بۇ نەرسە

ھاياتىنى بەربات قىلغان، ئىسلام ئەھلىدەك بەخت ـ سائادەتلىك كىشلەر يوقتۇر قېرىنداشلار.

دۇنيا خەرىتىسىنىڭ مسالىغا ئوخشاتساق چۈشۈنىشلىك بولىدۇكى، شۇنداق بىزگە ئىسلام چۈشىنىشلىك ئىلمنى ئېيتىپ قويدى،كۆپ ۋاقىتلاردا بىلىدىغان ئىلملەرنى ئاددى قىلىپ ئېيتىپ قويدى ، مەرۋايىت ئالتۇنلەرنى تېرىشكە بىزنى بۇيرۇپ قويدى ئۇ ھەقتە بەھىس يۈرگۈزىشتىن بىزنى ئازات قىلدى، مانا بۇ نىجات تاپقان كىشلەر ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئىزاھلاش ئۈچۈن بەزى سۆزلەرگە مۇھتاج بولدۇق . الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ھەممىمىزنى نىجات تاپقان جامائەلەردىن قىلسۇن ئامىين.

ھەممە ئادەمنى نىجات تاپقان جامائەدىن دەپ دەۋا قىلىپ ،شۇلارغا زىت بولىدىغان ئىشلارنى قىلىپ سالىدىغان كىشلەردىن بولۇپ قېلىشتىن الله ئۆزى ساقلىسۇن ئامىين.

## 20 ـ تەۋھىد ھەققىدە

ھۇزەيفەتۇل يەمانى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلۇغ ساھەبىلىرىدىن بىرى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى « پەيغەمبىرىمىزنىڭ سىرى» دەپ ئاتىشاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كىشىگە بەزى سىرلارنى بايان قىلاتتى، ئۇ كىشى بۇ سىرلارنى مەھكەم ساقلاپ ھېچكىشىگە پاش قىلمايتتى.

سىرنى پاش قىلماسلىقتا ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدۇ، پەقەت ئۇنى باشقىلارغا دېمىسلا بولىدۇ بۇرادەرلەر، لېكىن دېمەككە ئاسان بولغاندەك قىلغىنى بىلەن بۇ قۇۋۋەت ئەك كاتتىا قۇۋۋەتلەردىن ھىساپلىنىدۇ. ئۆزىڭىزگە بىر سۇئال قىلىپ ھاياتىمدا بىرەر كىشىنىڭ سىرلىرىنى ساقلاپ ئۆتتۈپ كەتتىممۇ ـ يوق دەپ سورسىڭىز، بۇنىڭغا«ياق»دەپ جاۋاپ بىرىسىز، ناۋادا ساقلىغان بولسىڭىز، پەقەت ئۆزىڭىزنى خەلق ئارىسىدا شەرمەندە قىلىدىغان سىرلارنى ساقلىغان بولىسىز.

دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمنىڭ سىرىنى ساقلاپ كىتەلمىگەن، ئەمما الله سۇبھانەھۇ تەئالا شۇنداق قۇۋۋەتنى ئاتا قىلغان كىشىلەر شۇنداق قىلالىغان. قارىماققا، بۇ بىر ئاددى ئىش بولۇپ، شۇ سىرنى ئېيتمىسىڭىزلا ئۇ سىر ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەمما مۇشۇنىڭغا لايىق كىشىلەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ھۇزەيفەتۇل يەمانىگە الله تائالا مۇشۇ خۇسۇسىيەتنى بەرگەن. رىۋايەتلەرگە كۆرە ھۇزەيفەتۇل يەمانى ھەتتا مەدىنىدە نەچچە مۇنافىق بار شۇلارنى بىلەتتى.

ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ كۆرنىشنى قوبۇل قىلىپ، قەلبلىرنى الله قا تاپشۇرغان ئىدى. ئەمما رەسۇلۇللاھ ھۇزەيفەتۇل يەمانىغا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بايان قىلىپ قويغان دىگەن رىۋايەتلەر بار.

ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇزەيفەتۇل يەمانى مەدىنىدە بولۇپ تۇرۇپ بىرەر بىر جىنازا نامىزىغا بارمىسا، بۇ مۇنافىقنىڭ جىنازىسى بولىشى مۇمكىن دەپ شۇ جىنازە نامىزىغا بارماس ئىكەنلەر.

بۇ كىشىدىن يەنە بىر خۇسۇسىيەت ، كىشىلەر دائىم

رەسۇلۇللاھتىن ياخشىلىق توغرىسىدا سورىشاتتى، ئەمما ئۇ ياماتلىق قىلىپ سالماي دەپ دائىم ياماتلىق توغرىسىدا سورايتتى.

ئۇ رەسۇلۇللاھتىن شۇنداق سوردۇم دەيدۇ:

«بىز جاھىلىيەتتە ياشاپ ئۆتتۇق،ھاياتىمىز ياماتلىق بىلەن ئۆتتى، الله سۇبھانەھۇ تائالا بىزگە ياخشىلىق بولغان ئىسلامنى ئېلىپ كەلدى،ياخشىلىق كەلدى ياماتلىق كەتتى، ئەمدى مۇشۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە ياماتلىق بارمۇ؟

رەسۇلۇللاھ ـ ھەئە،دەپ جاۋاپ بەردى، شۇ ياماتلىقتىن كېيىن يەنە ياخشىلىق كېلەمدۇ؟ رەسۇلۇللاھ ـ ھەئە كېلىدۇ، ئازغىنا بىر پاسات بىلەن بىرگە كېلىدۇ دىدى.

بۇ پاسات نىمە؟ رەسۇلۇللاھ ـشۇنداق تائىپىلەر كېلىدۇكى، مېنىڭ سۈننىتىمدىن باشقا يول تۇتىدۇ، بەزى ئىشلارنى كۆرۈپ بۇ ئىسلامدىن دىيىشىدۇ، بەزى ئىشلارنى كۆرۈپ بۇ ئىسلامدىن ئەمەس دىيىشىدۇ (يەنى ئىسلامدىن بولغان ئىشلارنى ھەم كۆرىسەن،ئىسلامغا زىت بولغان ئىشلارنى ھەم كۆرىسەن)، بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە ياماتلىق بارمۇ؟

رەسۇلۇللاھ – ھەئە دەپ جاۋاپ بەردى، جەھەننەم دەرۋازىلىرىنىڭ ئۈستىدە جەھەننەمگە چاقىرغۇچى كىشىلەر بولىدۇ، كىم ئۇلارغا ئەگەشسە ،شۇلارنى جەھەننەمگە يۇلاقتىرىدۇ. ئى رەسۇلۇللاھ ماڭا شۇلارنى كىم ئىكەنلىكىنى بىر سۈپەتلەپ بىرىڭ؟

رەسۇلۇللاھ ئېيتتىكى: ئۇلار بىزنىڭ تىرىمىزدىن بولغان، بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن سۆزلەيدىغان كىشىلەردۇر (يەنى ئۇلار ئىسلامنى ئىنكار قىلىدىغان تائىپىلەردىن ئەمەس،يەنى ئۇلار ئىسلام ئىستىلاھى بىلەن سۆزلىشىدۇ). يا رەسۇلۇللاھ شۇ دەۋىرگە ئۇچۇرشۇپ قالسام نىمە قىلىشىم كېرەك؟دەپ سوردۇم.

رەسۇلۇللاھ: مۇسۇلمانلار جامائەسى ۋە پىشىۋالىرىنى چىڭ تۇتقىن- دىدى . مەن يەنە سوردۇم: شۇ مۇسۇلمانلار جامائەسى ۋە ئىماملىرى بولمىسا قانداق قىلىمەن؟ رەسۇلۇللاھ :

شۇ تائىپىلەرنىڭ ھەممىسىدىن چەكلەن،مەگەركى دەرەخنىڭ يىلتىزىنى چىشلەپ بولسا ھەم ئۇلاردىن ساقلان (يەنى ھېچبىر

نەرسىگە ئارلاشما)،ھەتتا ئۆلۈم سىنى تاپقۇچە دىدى.»

بۇ ھەدىس شەرىفتىن بىز ئۆزىمىزگە شۇ خۇلاسىنى چىقىرىشىمىز كېرەككى، دۇنيادىكى ھەممە يول زالالەت،پەقەت الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ روھى ئاساسىدىكى يول توغرا يول دەپ بىلىشىمىز كېرەك. بۇندىن باشقا يول ھەممىسى خاتا بۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوق دەپ بىلىشىمىز كېرەك. رەسۇلۇللاھ ھۇزەيفىنىڭ سوئالغا جاۋاپ بەرگەندە، پاسات مېنىڭ يولۇمدىن باشقا يولنى تۇتۇش بىلەن باشلىنىدۇ دەپ ئېيتتى. مانا بۇ نەرسىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچبىر يامانلىق ھىدى بولمىغان شارائىتتا ئاگاھلاندۇرغان.

دەۋرى قىيامەتكىچە سۈننەتكە زىت يوللار پەيدا بولىشىرىدۇ بۇرادەرلەر، الله نى ئىنكار قىلىدىغان يوللارنى بىلمەك ناھايتى ئاسان بولىدۇ، تارىختىن بۇيان ئۇ ئاشكارە بىلىنىپ كەلدى. ئەمما بۇ خىل يول ئىسلامغا زەرەر يەتكۈزەلمىدى، مۇسۇلمانلار بۇ يولدا ئىسلامنى مەھكەم تۇتتى،شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامغا قارىشى يول ئىچىدە ئالدى بىلەن كۆرۈنىشىدە دىنى ئىسلامغا يول

بىرىشلىك بىلەن بولغان يولدىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك.

ئىسلامدىكى بەزى بىر ئىبادەتلەرگە رۇخسەت قىلىپ، ھەقىقى ئىسلامنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە قارشى بولغان يولدىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ ئادەم خۇددى تۈتۈننى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى كۆرەلمىگەنگە ئوخشايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلام بىلەن روبىرو قارشىلىشىشنىڭ ھېچقانداق پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىشكەن.

بىز بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر قانداق يولنى كىتابى سۈننەتكە تەققاسلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭغا زىت يولنىڭ كىم بولىشىدىن قەتئىنەزەر باتىل يول ئىكەنلىكىدىن ئىككىلەنمەسلىكىمىز كېرەك.

بۇنداق يول بىزنىڭ تېشىمىزدىن پەيدا بولمايدۇ، ئۇ بەلكى مۇسۇلمان، ئىسلام نامى بىلەن پەيدا بولىدۇ. ئىسلامغا ئىمان كەلتۈرگىنىمىزگە ئوخشاش، ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىگە بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە ئىمان كەلتۈرىشىمىز ۋە شۇنى ھاياتىمىزغا

تەدبىق قىلىشىمىز كېرەك.

ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنىڭ ئىچىدا تۇرۇپ ئىسلامنى دەۋا قىلىشىمىز كاززاپلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىس شەرىفتىن ھەممىمىز ئۆزىمىزگە بىر خۇلاسە چىقىرىۋېلىشىمىز كېرەككى، الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا بىزلەرنى بىكارغا تاشلاپ قويىدىغان خەلق قىلمىدى، الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا بىزلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇ كىشى ئارقىلىق قۇرئاننى نازىل قىلدى ھەم ئۇ كىشى ئۆز سۈننەتلىرى بىلەن قۇرئانى كەرىمنى ئىزاھلاپ بەردى، ئۇ كىشىدىن ساھابىلەر ئېلىشتى، قۇرئانى كەرىمنى ساھابىلەر،تابىئىنلار ۋە بۇ كىشىلەرگە ئەگەشكەن كىشىلەر چۈشەندۈرگەن ئاساستا چۈشىنىمىز، قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىسى مۇبارەكتىن باشقا يوللارنى ئىككىلەنمەستىن باتىل دەيمىز. ئىمان شۇنداق بولىشى كېرەك.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىرەتلىرى، ھايات يوللىرى ۋە ھۆكۈملىرىدە بىز كۆپراق ھۆكۈمنى ئەستىن

چىقىرىپ قويىمىز، مانا شۇ ھالەتلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بۇيىچە بولىشى كېرەك.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرى تەۋھىد بىلەن

باشلانغان،بىزنىڭ سۆھبەتلىرىمىز تەۋھىدنى زىكرى قىلماستىن

ئۆتمەسلىكى كېرەك. الله سۇبھانەھۇ تەئالا پۈتۈن ئالەمنى ئۆزى

ئۈچۈنغىنا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى.

« وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ »

يەنى،« جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش

ئۈچۈنلا ياراتتىم [56].»(سۈرە زارىيات)

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن

ئىبەرتتى، قۇرئانى كەرىمدىكى ئەڭ كۆپ توختالغان تىما تەۋھىد

تىمىسىدۇر.

الله يەنە پۈتۈن ئىنسانلارغا شىركنىڭ زەرەرىنى بايان

قىلدى،ئۇنى دۇنيادىكى ھالاكەتنىڭ ،دۇزاختا ئەبەدى

قىلىشىنىڭ سەۋەبى دەپ كۆرسەتتى ھەم الله نىڭ شىرك گۇناھىنى كەچۈرمەيدىغانلىقىنى كالامىدا ياد قىلدى.

« وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ»

يەنى،« (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق [25].»(سۈرە ئەنبىيا)

ھەممە پەيغەمبەرگە شۇ نەرسە نازىل بولغان،يەنە بىرەر پەيغەمبەر ئىبەرتىلگەن بولسا ئۇنىڭغا ۋەھيي نازىل قىلىنىدى، بۇ ۋەھيي ۋەھدانىيەتكە چاقىردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 13يىل مەككىدە تۇردى، خەلقلەرنى يەككە الله قا ئىبادەت قىلىشقا ۋە «لا ئىلاھە ئىللەللاھ » كەلىمىسىنى ئېيتىشقا چاقىردى.

«لا ئىلاھە ئىللەللاھ»كەلىمىسىنى ئەرەپ كىشى ياخشى چۈشىنىدۇ. بۇ كەلىمىنى ئاڭلىغان ئەرەپلەر الله نى ئىنكار قىلمايتتى، الله نى بار دېيىشەتتى، كائىناتنى ۋە يەرنى كىم ياراتقان؟ دىسە الله دېيىشەتتى. كائىناتنى، يەرنى كىم باشقۇرىدۇ ؟دىسە ئەۋلىيا، قۇتۇبلار باشقۇرىدۇ دىمەيتتى،بەلكى الله باشقۇرىدۇ دەيتتى، ئۇلار ھازىرىقى مۇشرىكلاردىن تۈزۈك ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئى ئادەملەر لا ئىلاھە ئىللەللاھ»دەڭلار دىگەن كىشلەر،الله كائىنات ۋە يەرنى ياراتقان، الله كائىنات ۋە يەرنى باشقۇرىدۇ دەپ بىلىشەتتى.

رىزىقنى الله بىرىدۇ دەپ بىلەتتى ھەم رىزىقنى الله تىن تىلىشەتتى. الله ئۆلتۈرىدۇ ھەم تىرىلدۈرىدۇ دەپ بىلىشەتتى.

« قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ السَّمْعَ والأَبْصَارَ وَمَن يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيَّتَ مِنَ الْحَيِّ وَمَن يُدَبِّرُ الأَمْرَ فَسَيَقُولُونَ اللّهُ فَقُلْ أَفَلاَ تَتَّقُونَ»

يەنى،«(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): «الله » دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «الله تىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن الله نىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟ [31].»(سۈرە يۇنۇس)

شۇنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەككى،الله نى بار دېيىشلىكىمىز، الله نى رىزىق بىرىدۇ، الله كائىناتنى، يەرنى ياراتقان دەپ بىلىشىمىز بىزنى جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ بۇرادەرلەر.

بىز بۇنى شۇنداق دەپ بىلىمىز، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىبادەتنى پەقەت الله نىڭ ئۆزىگىغىنا قىلىشىمىز كېرەك.

مانا بۇ «لا ئىلاھە ئىللەللاھ»كەلىمىسىنىڭ مەنىسىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئى ئادەملەر لا ئىلاھە

ئىللەللاھ» دەگىلار دىگەن كىشىلەرنىڭ ئىمانى مانا شۇ دەرىجىدە ئىدى، ئەمما ئۇلار ئىبادەتلىرىدە **الله** قا باشقا نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىشقان ئىدى.

شۇنداقلا بۇ ۋاستىلەرنى ياراتقۇچى دەپ تەن ئالمايتتى،پەقەت ئۇنى **الله** بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ۋاستە بۇلىدۇ دەپ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مۇشرىك بولدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن جەڭلەشتى ۋە شۇ جەڭدە ئۆلگەن كىشلەر شېھىت بولدى، مانا بۇ نەرسىلەرنى بىلىشىمىز كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەۋھىد ئاساسىدا:

« قُلْ إِنَّمَا أَدْعُو رَبِّي وَلَا أُشْرِكُ بِهِ أَحَدًا»

يەنى،«(ئى مۇھەممەد! دىنىڭدىن يېنىپ كېتىشىڭنى تەلەپ قىلغان بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن» [20].»(سۈرە جىن)دىدى.

«دۇئا ئىبادەتنىڭ مېغىزى» ،ئەرەپ تىلىنى بىلگەن كىشىلەر

«إِنَّمَا أَدْعُو رَبِّي »

يەنى،« پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن »نىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ،

قۇرئانى كەرىم شۇ كەلىمىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلەنمىدى،بەلكى ئارقىدىنلا تەكىت بولۇپ

« وَلَا أُشْرِكُ بِهِ أَحَدًا»

يەنى،« ئۇنىڭغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن»نى كەلتۈردى.

ﷲ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغا «ئېيتىڭ» دەپ خىتاپ قىلدى،يەنى كىملەرگە ﷲ نى بار،ﷲ نى رىزىق بىرىدۇ، ﷲ كائىناتنى،يەرنى ياراتقان دېگەن كىشىلەرگە « پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن» دەپ ئېلان قىلىڭ دېدى.

يەنە« أَحَدًا» كەلىمىسگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئۇلار شىرك كەلتۈرگەن نەرسىلەر بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى مۇشرىكلەر شىرك كەلتۈرگەن نەرسىلەردەك پەس نەرسىلەر ئەمەستى،ئۇ دەۋرىدە شىرك قىلىنغان نەرسىلەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى توپاندىن ھايات قالغان پاكىزە كىشىلەرنىڭ رەمىزلىرى ئىدى،ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن كېمىدە ھايات قالغان ئۇلۇغ، كاتتا كىشىلەرنىڭ رەمىزلىرىنى ﷲ بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ۋاستە قىلىپ سېغىنىشاتتى.

«أَحَدًا»نىڭ ئەكسىچە ئۇلار كۆپ ئادەملەرنى شېرىك قىلىشقان ئىدى، ئادەملەرنىڭ ئەڭ سالىھلىرىنى شىرك قىلىشقان بولۇپ،

ناسارالار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى ، يەھۇدلار ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنى شېرىك قىلىشقان ئىدى.

الله مانا مۇشۇ كىشىلەرگە رەببىمگىنىنا دۇئا قىلىمەن، ئۇنىڭغا ئىبادەتتە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايمەن دەپ ئېلان قىلىش دەيدۇ.

مانا بۇ نەرسىنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

تەۋھىد بۇ نىجات سەۋەبىدۇر. ئەگەر تەۋھىد تېپىلمىسا، ئەمەللەر شېرىك بولۇپ قالسا ھەممىسى ھەبەتە بولىدۇ. الله قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق خىتاپ قىلىدۇكى:

« لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ »

يەنى،«ئەگەر سەن الله قا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمىلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ»(سۈرە زۇمەر65ـ ئايەت).

رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز تائىبلىرىغا

كىچىكىدىن باشلاپ تەۋھىد ئاساسىدا تەربىيە قىلاتتى، ھاممىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات تاپقاندا تېخى ياش ئىدى،ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تاھارىتىگە سۇ ئاپىرىپ بەرگەن ۋاقىتلىرىدا تېخى بەش ياشتا ئىدى، مانا شۇ كىشىگە قىلغان نەسىھەتلىرىدە «بىر نەرسە سورساڭ الله تىن سورا، ياردەم تەلەپ قىلساڭ الله تىن تەلەپ قىل»دىگەن(ئىمامى تىرمىزى رىۋايەتلىرى). رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەتتا ساھابىلەرنى بىرەر جايغا ئىبەرتكەنلىرىدە ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى چاقىرىدىغان نەرسىسىنىڭ تەۋھىد بولىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز ئىبنى جەمەلنى يەمەنگە ئىبەرتكەندە :

«ئۇلارنى ئالدى بىلەن لا ئىلاھە ئىللەللاھقا چاقىرغىن (ئۇلار تەۋرات چۈشكەن،تەۋراتنى ياد ئالغان ھەم تەۋراتقا ئەمەل قىلىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلغان ئەھلى كىتاپ، ئەھلى ئىلىملەر ئىدى، مانا مۇشۇ كىشىلەرنى ئالدى بىلەن چاقىرىدىغان

نەرسىگىز تەۋھىد بولسۇن دىدىلەر)»

ئۇلار الله نىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۆزلىرىنى بىز ئەھلى كىتاپ دەيتتى، ئەرەپ قۇرەيشلىرنى بولسا جاھىللار دەپ ئەيىپلىشەتتى، مانا مۇشۇنداق ئىلىمنى دەۋا قىلغان كىشلەرگە قىلىدىغان تۇنجى دەۋىتىڭىز لا ئىلاھە ئىللەللاھ بولسۇن دىدىلەر.

ئەگەر ھازىر بىرەرىمىز خەلقلەرگە«ئى ئادەملەر! لا ئىلاھە ئىللەللاھ»دەڭلار دەپ پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئېيتساق، ئۇلار: بىز لا ئىلاھە ئىللەللاھ دىمەپتۇقمۇ؟ دىيىشىدۇ. بىز لائىلاھە ئىللەللاھ كەلىمىسىنى ھاياتقا تەدبىق قىلىشقا چاقىرىشىمىز كېرەك.

شاھادەت كەلىمىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. بىرىنچى چاقىرىدىغان نەرسىگىز لائىلاھە ئىللەللاھ بولسۇن. گۇۋاھلىق دەپ نىمىگە ئېيتىمىز؟ بىز كىشى بىر ئىش ئۈستىدە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ ھەركىتى گۇۋاھلىقنى دالالەت قىلىشى كېرەك.

مەسىلەن:

بىر كىشى ئۆزىنى ئوغرى ئەمەسمەن دىسە ئوغرى ئەمەسلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىشى كىرەك، ئەمما بۇ گۇۋاھلىق تىل بىلەنلا بولمايدۇ،يەنى شۇ كىشى ھەقىقەتتە ئوغرى بولسا، ئوغرى ئەمەسمەن دىيىشى بىلەنلا ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى ئۆتمەيدۇ بۇرادەرلەر. گۇۋاھلىق- بىر ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان ھەر بىر ئىشىنىڭ ئېيتىۋاتقان سۆزىگە ماس كىلىشىدۇر.

دىمەك، لائىلاھە ئىللەللاھ كەلىمىسىنى ئېيتسا- يۇ، دۇئانى باشقا نەرسىگە قىلسا بۇ گۇۋاھلىق ھىساپلانمايدۇ، بۇنى پەقەت شۇ كەلىمنى ئېيتمىغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى دىيىشكە بۇلىدۇ. لائىلاھە ئىللەللاھ دىسە- يۇ، نەزىرنى باشقا نەرسىلەرگە قىلسا، بۇ لائىلاھە ئىللەللاھ قا بولغان شاھادەتنىڭ ئەكسىدۇر.

لائىلاھە ئىللەللاھ دىسە ياردەمنى باشقىدىن سورىسا، بۇ لائىلاھە ئىللەللاھ نىڭ ئەكسىگە بولغان شاھادەتتۇر، لائىلاھە ئىللەللاھ دىسە، ئەمما الله نىڭ ھۆكۈمىنى قۇبۇل قىلماستىن،الله نىڭ ھۆكۈمى ئەمدى زامانغا لايىق بولماي قالدى دىسە، بەشەر ھۆكۈمنى قۇبۇل قىلسا،ئۇنىڭ ئېيتىۋاتقان سۆزى يالغان بۇلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەۋھىدنىڭ مەنىسىنى قۇرئاندىكى:

« الَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُواْ إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ أُوْلَئِكَ لَهُمُ الأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ »

يەنى،« ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر [82].»(سۈرە ئەنئام)

ئايىتى بۇيىچە چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بۇ ئايەت نازىل بولغاندا بۇ مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى ، چۈنكى بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى«ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارلاشتۇرمىغان بولسا»بولۇپ، ئەسھابىلەر «بىرەر زۇلۇم قىلمىغان ئادەم بارمۇ؟ھېچبولمىسا ئىنسان ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدۇ»دېيىشتى، شۇندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بۇ يەردىكى زۇلۇمدىن مۇراد ـ شېرىكتۇر»دېدى. مانا لوقمان ھەكىم ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت قىلغاندا:

«يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ»

يەنى،« ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، الله قا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى [13].» (سۈرە لوقمان)

دېمەك، شېرىك كاتتا زۇلۇم، ئىمان كەلتۈرۈپ ئىماننى شېرىككە ئارلاشتۇرمىغان كىشلەر ئاخىرەتتە ھەقىقى خاتىرجەم بولىدىغان، ھەممە ئادەم قورقۇنچ ئىچىدە قالغاندا خاتىرجەم بۇلىدىغان كىشلەردۇر ۋە ھاياتتا ھەقىقى ھىدايەتلىك بولغان كىشلەردۇر. بەزى ۋاقىتلاردا كىشلەرنى پەقەت الله سۇبھانەھۇ تائالاغىلا سىغىنىشلىككە، الله تىنلا مەدەت تىلەشكە، الله تىنغىنا

ياردەم سوراشقا ۋە الله قىغىنا قۇربانلىق قىلىش، نەزىر قىلىشقا چاقىرغان ۋاقتتا، بىز تەرەپتىكى كىشىلەر كۆپراق شەيخ ئابدۇل قادىر جىلانىنى مىسال قىلىشىدۇ،ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ كىشىنىڭ كىتاپلىرنى كۆرمىگەن.

ئەگەر ئابدۇل قادىر جىلانىنىڭ تەۋھىدكە بولغان چاقىرىقلىرنى ئوقۇشقانلىرىدا، ئۇ كىشى پەقەت يەككە الله قا ئىبادەت قىلىشقا ئۈگەتكەنلەر.

ئۇ كىشىنىڭ«ئەلفەتھۇل رەببانى»دىگەن كىتاپلىرى بار، بۇ كىتاپلىرىدا ھەم كىشلەرنى پەقەت بىر الله قا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان.

«ئەلفەتھۇل رەببانى»دە كەلتۈرۈلگەن بىر سۆزنى ئوقۇپ بەرمەكچىمەن، چۈنكى بىز تەرەپتە ھەممە كىشى بۇ كىشگە سېغىنىشنى ئىبادەت دەپ بىلىدۇ،ئۇلار قىيامەتتە مۇشۇ قىلمىشىدىن ھساپ بېرىدۇ.

بۇ كىشى «ئەلفەتھۇل رەببانى»دە:«الله تىن سوراڭلار، باشقىدىن سورماڭلار، الله تىنغىنا ياردەم سوراڭلار، باشقىدىن

ياردەم سورماڭلار» دېگەن. ئۇيەنە:«ئى شورى قۇرىغۇر،ھالىڭغا ۋاي،ئەتە قايسى يۈزۈڭ بىلەن رەببىڭگە روبىرو بۇلىسەن؟دۇنيادا رەببىڭنىڭ ھۆكمىنى قىلماستىن ، رەببىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، رەببىڭنىڭ خەلقىنى رەببىڭگە شېرىك كەلتۈرۈپ ياشاپ، رەببىڭگە قانداق يۈز كەلتۈرىسەن؟ ئۆزىڭلار بىلەن رەببىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىلەرنى يوق قىلىڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ بۇ ۋاستىلەر بىلەن تۇرۇشىڭلار ھەۋەس، يەنى مەناسىزلىكتۇر، پادىشاھلىق، سولتانلىق، ھەقىقى ئەزىزلىك الله ئەززە ۋە جەللەگە خاستۇر، سەن ھەق بىلەن بول ، ھەر بىر ئىشتا الله بىلەن بولغىن، مەخلۇق بىلەن بولمىغىن، يەنى ھاجەتلىرىڭنى مەخلۇقتىن ئەمەس، الله تىن تىلىگىن» دېگەن.

مانا بۇلار ئابدۇل قادىر جىلانىنىڭ سۆزلىرى. ئەمدى بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويىمىزكى، ئىنسان قادىر بۇلىدىغان ئىشلاردا ھايات كىشلەردىن ياردەم سوراش شېرىك ئەمەس. ياخشى ئىشلاردا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش، ئورتاقلىشىش الله

تائالانىڭ بۇيرىقىدۇر:

« وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبرِّ وَالتَّقْوَى وَلاَ تَعَاوَنُواْ عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ»

يەنى،« ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلا» (سۈرە مائىدە2-ئايەت).

يەنى «تەئەۋۋۇل» بىلەن«ئىستىئانەت»ئوخشمايدۇ، «ئىستىئانەت»- ئىنسان قادىر بولالمايدىغان ئىشلاردا ياردەم تەلەپ قىلىشنى كۆرستىدۇ، الله تىن تەلەپ قىلىندىغان ياردەمنى ئىنساندىن تەلەپ قىلىش بۇ شىرىكتۇر.

«تەئەۋۋۇل»- سىز قادىر بۇلالمىغان نەرسگە مىنىڭ ياردەم بىرىشىم، مەن قادىر بولالمايدىغان نەرسگە سىزنىڭ ياردەم بىرىشىڭىزدۇر.

بۇ خىل ياردەمنى الله تائالا بىزگە مەئمۇر قىلغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

«الله بەندىگە ياردەم بېرىدۇ، مادامىكى بەندە بىرەر قېرىنداشىغا ياردەم قىلسا» (ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئۆز-ئارا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەر ھەممىمىزگە مەلۇم مانا.

دەرسلىرىمىزدە بەزى سورالغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ ئۆتتۇق. مانا بەزى بۇرادەرلەر قۇرئاندىكى پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى بايان قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ئوقۇش نەتىجىسىدە قەلبى تەسكىن تاپمىغانلىقى سەۋەپلىك بەزى سۇئاللارنى سوراشتى. ھازىرقى ۋاقىتتا ئەرەپ تىلىدىن باشقا تىلدا چىقىرىلىۋاتقان كىتاپلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام كىشىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مۇستەسنا بولغاچقا ، كىتابى سۈننەتكە زىت بولغان كىتاپلار كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئوقۇيدىغان كىتاپنى قەلبىڭلار تەسكىن تاپىدىغان،كىتابى سۈننەتنى بىلىدىغان، قۇرئانى كەرىمنىڭ مەنالىرىدىن خەبەردار، ھەدىس شەرىفنى بىلىدىغان كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ئوقۇش كېرەك بۇرادەرلەر .

مانا سورالغان بۇ سوئالدا قۇرئانى كەرىم قىسسەلىرىدىكى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كىتابى سۈننەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە توغرا كەلمەيدىغان سۆزلەرنىڭ بايان قىلىنغانلىقى سورىلىپتۇ.

بۇ ئەرەپ تىلى، ھەتتا تەپسىرلەرنىڭ كۆپىدە ھەم نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ناتوغرا يول بىلەن يەتكۈزۈلگەنلىكىنى، قۇرئانى كەرىم، ھەدىسى مۇبارەكنىڭ روھىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئاجىرىتىۋېلىشىدۇ.

بىز قۇرئانى كەرىمنىڭ الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىمىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا قانداق ھۆرمەت بىلدۈرىشىمىز كېرەك؟ ئۇنىڭ ھەققىدىكى ۋەزىپىمىز نىمە؟

1 .ئۇنى ھەقىقى تىلاۋەت قىلىشىمىز كېرەك.قۇرئانى كەرىمدىكى:

« الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَتْلُونَهُ حَقَّ تِلاَوَتِهِ أُوْلَئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِ »

يەنى،« بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.»(سۈرە بەقەرە 121 ـ ئايەت)

ئايىتى توغرىسىدا ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقانكەنكى:«جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى،قۇرئاننى ھەقىقى تىلاۋەت قىلىش قۇرئان ھالال دېگەن نەرسىنى ھالال دەپ، ھارام دېگەن نەرسىنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە قۇرئان نازىل قىلىنغانىدەك تىلاۋەت قىلىش،بىرەر كەلىمىنىڭ مەنالىرىنى ئۆزگەرتمەستىن بايان قىلىش، قۇرئان تەئۋىل قىلغان ئۇسلۇپتىن باشقا ئۇسلۇپ بىلەن تەئۋىل قىلماسلىقتۇر» .

قۇرئانى كەرىمنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابە ئىكراملار چۈشەنگەنىدەك چۈشىنىشىمىز كېرەك، رەسۇلۇللاھ قۇرئانى كەرىمنى سۆزلىرى ۋە پېئىللىرى بىلەن بايان قىلدى، بىز ئۇنى خالىغانچە چۈشىنىشكە جۈرئەت قىلماسلىقىمىز

كېرەك. قۇرئان دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

2.قۇرئانغا ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك.قۇرئانغا ئەمەل قىلىشنىڭ بىرىنچىسى قۇرئان بىلەن بىر نەرسە تېپىپ يېمەسلىكتۇر.

ھەدىس شەرىفلەردە «بىر قەۋملەر كېلىدۇ، قۇرئان بىلەن قۇرئاننى سېتىپ يەيدۇ» دەيدىغان ھەدىسلەر بار بۇرادەرلەر،مانا مۇشۇ يەردە داۋۇد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا كەلگەن سۈرە سادىتىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى سۆزمۇ-سۆز ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن، قۇرئاننىڭ روھى قۇرئاننىڭ ئۆزى بىلەن تەپسىر قىلىنسا چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئاۋۋال يامانلىق ئېيتىلمىسا ياخشىلىق چۈشىنىلمەيدۇ بۇرادەرلەر، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئىسرائىلىياتلارغا سۈيىنىپ قالغان كىشىلەر شۇ ئايەتنىڭ تەپسىر ھەققىدە ئۇ كىشىنىڭ 99 ئايالى بولغان، ئۇ ھەتتا ئۆز ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ ئايالى يۇيىنىۋاتقاندا كۆرۈپ قېلىپ، شۇ ئەسكەر باشلىقىنى جەڭگە ئەۋەتىپ، جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئايالىنى ئەمرىگە ئالغان دىگەندەك رىۋايەتلەرنى بايان

قىلغان.

قۇرئانى كەرىمدە بۇنداق نەرسە يوق بۇرادەرلەر، بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ھازىر بايان قىلىمىز، الله تائالا ھەر بىر پەيغەمبەرگە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنى بەرگەنگە ئوخشاش بۇ كىشىگە تاغنى، قۇشلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، داۋۇد ئەلەيھىسسالام تاغلار ۋە قۇشلار بىلەن بىرلىكتە اللهقا تەسبىھ ئېيتقان، داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئىبادەتلىك كىشى ئىدى، ئايەتتىن شۇ نەرسە مەلۇمكى بۇ كىشى ھاياتىنى الله تائالاغا مېھراپتا ئىبادەت قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشقا بېغىشلىدىلەر، الله تائالا قۇرئاندا :

« وَشَدَدْنَا مُلْكَهُ وَآتَيْنَاهُ الْحِكْمَةَ وَفَصْلَ الْخِطَابِ»

يەنى،« داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا ھېكمەت

ۋە (ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان) روشەن سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاتا قىلدۇق [20].»(سۈرە ساد)دەيدۇ.

لېكىن ئىنسان ھەرقانچە ئىلىملىك بولسا ھەم ئۇنىڭ ئىنسان بولۇپ قېلىشىنى ئىرادە قىلىپ ئىمتىھان قىلدى.

« وَهَلْ أَتَاكَ نَبَأُ الْخَصْمِ إِذْ تَسَوَّرُوا الْمِحْرَابَ»

يەنى،«(ئى مۇھەممەد!) دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (داۋۇد ئىبادەت قىلىۋاتقان) مەسجىدنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشتى [21].»

« إِذْ دَخَلُوا عَلَى دَاوُودَ فَفَزِعَ مِنْهُمْ قَالُوا لَا تَخَفْ خَصْمَانِ بَغَى بَعْضُنَا عَلَى بَعْضٍ فَاحْكُم بَيْنَنَا بِالْحَقِّ وَلَا تُشْطِطْ وَاهْدِنَا إِلَى سَوَاءِ الصِّرَاطِ»

يەنى،« ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار داۋۇدنىڭ يېنىغا كىردى. داۋۇد

ئۇلاردىن قورقتى، ئۇلار (داۋۇدقا): «قورقمىغىن، بىز بىرىمىز - بىرىمىزگە چېقىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى [22].» ،

« إِنَّ هَذَا أَخِي لَهُ تِسْعٌ وَتِسْعُونَ نَعْجَةً وَلِيَ نَعْجَةٌ وَاحِدَةٌ فَقَالَ أَكْفِلْنِيهَا وَعَزَّنِي فِي الْخِطَابِ»

يەنى ،«(ئۇلارنىڭ بىرى) «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ 99 ساغلىقى بار، مېنىڭ بىر ساغلىقىم بار، قېرىندىشىم ئۇ بىر ساغلىقىنىمۇ ماڭا بەرگىن دەيدۇ، (ئارىمىزدا بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرە بولۇپ) ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويدى» دېدى [23]. »

مانا مۇشۇنداق سائەتتە ھەر قانداق بىر كىشىگە مۇشۇنداق بىر ئىش ھۆكۈم قىلىشقا ئېلىپ كېلىنسە، شۇئان غەزىپى كېلىپ «ئى نائىنساپ 99 قويۇڭ بار ئىكەنۇ، يەنە نىمە دەپ ئۇنىڭ

بىر تال قوينى ئېلىۋالسەن»دېيىشى ئىنىق، ئىنسانلا بولىدىكەن ھەق شۇ بىر تال قويى بار ئادەم تەرەپتە ئويلايدۇ،چۈنكى ئىنسانلار مەزلۇملارغا يان بېسىپ ئادەتلىنىپ قالغانمىز، داۋۇد ئەلايھىسسالام:

« قَالَ لَقَدْ ظَلَمَكَ بِسُؤَالِ نَعْجَتِكَ إِلَى نِعَاجِهِ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنْ الْخُلَطَاء لَيَبْغِي بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَقَلِيلٌ مَّا هُمْ وَظَنَّ دَاوُودُ أَنَّمَا فَتَنَّاهُ فَاسْتَغْفَرَ رَبَّهُ وَخَرَّ رَاكِعًا وَأَنَابَ »

يەنى،« داۋۇد ئېيتتى: «ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستلا سېنى بوزەك قىلىپتۇ، نۇرغۇن شېرىكلەر (يەنى دوستلار)، شۇبھىسىزكى، بىر ـ بىرىگە چېقىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا (بىر ـ بىرىگە چېقىلمايدۇ) بۇلار ئازدۇر». داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى. پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، سەجدىگە باردى. (الله قا) تەۋبە

قىلدى [24].» ، يەنى بۇ ئىككەيلەن الله تەرىپىدىن داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى سىناش ئۈچۈن ئىبەرتىلگەن پەرىشتىلەر ئىدى ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھۆكۈم قىلىشتا خاتالىشىپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا بىر تال قويى بار كىشىنى زۇلۇمغا ئۇچراپتۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن غايىپ بولدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ شۇئان سەجدىگە بېرىپ الله قا ئىستىغپار ئېيتتى.شۇنىڭ بىلەن الله تائالا :

« فَغَفَرْنَا لَهُ ذَلِكَ »

يەنى،« بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق،»دىدى، يەنى ئىنسان خاتالىقىنى تونۇپ تەۋبە قىلسا الله گۇناھلارنى شۇئان ئەپۇ قىلىغۇچىدۇر. بۇ ئايەتتىن شۇ مەلۇمكى، ئەسلى ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام 99 قويى بار تەرەپنىڭمۇ سۆز قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما

ئۇنداق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇنداق كىچىككىنە بىر ئىشنىڭمۇ ھەققە ھۆكۈم قىلىشتا خاتالىققا سەۋەپ بولىدىغانلىقىنى بىرلدۈرۈش ئۈچۈن ئىمتىھان قىلدى. مانا بۇلار قۇرئاندا بايان قىلىنغان نەرسە، ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ ھىلىگەرلىك بىلەن بىزنىڭ نەشىر ئەپكارلىرىمىزغا كىرىپ قىلغان تۇقۇلمىلىرىغا ئالدىنىپ قالغان كىشىلەر زالالەتكە كىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرئاننى توغرا چۈشىنىشىمىز كېرەك، الله داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى«مېنىڭ نىمە دىگەن ياخشى بەندەم بۇ»دەپ ماختىنغان.

ئەگەر كىمكى ئۇ ھەقتە ئۇ كىشىنىڭ 99 ئايالى بولغان، ئۆز ئەسكەر باشلىقلىرنىڭ ئايالى يۇيىنىۋاتقاندا كۆرۈپ قېلىپ، شۇ ئەسكەر باشلىقىنى جەڭگە ئەۋەتىپ، جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەندىن كىيىن، ئايالىنى ئەمرىگە ئالغان دىگەندەك گەپلەرنى قىلسا ئۇ بۆھتان بولىدۇ بۇرادەرلەر،

ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى، الله نىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى، الله تائالا «مېنىڭ نىمە دىگەن ياخشى بەندەم

بۇ»دەپ ماختىغان زات، الله تائالا «مەن ھىكمەت بەردىم»دىگەن زات، مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يازغان كىشىلەر بىلمىسە ئىستىغفار ئېيتىشى كېرەك،ئەگەر بىلىپ يازغان بولسا ئۇنىڭ دىنىدىن چىقىشىدا شەك ـ شۈبھە يوق بۇرادەرلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرئاننى ئاۋۋال قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىمىز،كىيىن ھەدىس بىلەن تەپسىر قىلىمىز،ساھابىلەر، تابىئىنلارنىڭ سۆزى بىلەن تەپسىر قىلىمىز، سەلەپ سالىھلار چۈشەنگەندەك چۈشىنىمىز. قۇرئاننى رەيىمىز بىلەن، جۆمىلىدىن يەھۇدىيلارنىڭ تۇقۇلمىلىرى بىلەن چۈشەنمەيمىز بۇرادەرلەر.

الله تائالا قۇرئاننىڭ لەبزى ۋە مەناسىنى ساقلىدى، سەھىھ ھەدىسلەرنى ساقلاپ بايان قىلىدىغان ئۆلىمالارنى ياراتتى،شۇنىڭ ئۈچۈن زاھىرىدە زۇلۇم بولغان نەرسە توغرا بولمايدۇ، مېنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەم كەمبەغەلپەرۋەرلىك بار،چۈنكى بىز كەمبەغەلپەرۋەر بولغان پەلسەپىدە ئۆسكەنمىز،نىمە ئۈچۈن ھەققەت دائىم كەمبەغەل تەرەپتە بولىشىدۇ؟ ھەق پادىشاھتىمۇ، كەمبەغەلدىمۇ بىلمەيمىز،

شۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى بايغا يان بېسىش خاتا بولغانغا ئوخشاش كەمبەغەلگە يان بېسىش ھەم خاتا. بىز ھەققە يان بېسىشىمىز كېرەك، كۆرۈنىشتە ناھايىتى كۆپ زۇلۇم بولغان نەرسىلەر باركى،مەسىلەن بىر ھالال كەسىپ قىلىپ بېيىغان بىر كىشى بىلەن بىر ئاچ-يالىڭاچ نامرات بولسا، ئەگەر شۇ نامرات بۇ باي نەرسىلىرىمنى ئوغرىلىدى دىسە، سېنىڭ ھېچنىمەڭ بولمىسا بۇ باي تۇرسا قاندىقىسىگە ئۇ سېنىڭ نەرسىلىرىڭنى ئوغۇرلايدۇ دىيىشىمىز ناتوغرا، چۈنكى ئۇنىڭ ئوغۇرلىق قىلىش مۇمكىن -دە،شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرئانى كەرىمنى ئالدى بىلەن قۇرئاننىڭ ئۆزى بىلەن چۈشىنىشىمىز كېرەك،مانا بۇ ئايەتنىڭ داۋامىدا الله تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا:

« ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ،»(سۈرە ساد26-ئايەت)دەپ خىتاپ قىلىدۇ.

دىمەك يەر يۈزىگە خەلىپە بولىدىغان كىشى، يەنى ئىنسان پەقەت بىر تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ھۆكۈم قىلىشى خاتا ، گەرچە ھۆكۈم بۇيرۇپ بىرىلگەن تەرەپ ھەققە ئوخشاپ تۇرسا ھەم. سوئال سورالغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن شۇنى ئېيتماقچىمەن بۇرادەرلەر،دىني ئۆزبەكچە كىتاپلاردىن قەلبىڭلار تەسكىن تاپمىسا، ئۇنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزەڭلار ئىشىنىدىغان ئۆلىمالارغا مۇراجەت قىلىشىڭلار، يەنى كىتابى سۈننەتنى بىلىدىغان كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈشىڭلار كېرەك.

ربنا تقبل منا انك انت السميع العليم

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين.